نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرى ـ 6



# سەن بىزنى باي قىلدىڭ
# خوتەن قاشتېشى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرى

شەھلا كۆز
قوشتاغدىكى مۇشائىرە
باھاردىكى كۆز يېشى
دېھقان شائىر روزى سايىت
تاغنىڭ ئۇ تەرپىدە
سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى

ISBN 978-7-80744-500-5
9 787807 445005 >
（民文）定价: 48.00 元

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرمۇھەممەت توختى

# سەن بىزنى باي قىلدىڭ
# خوتەن قاشتېشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

让我们变富的和田玉：维吾尔文 / 努尔麦麦提·托合提著. 一 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2009.12

(努尔麦麦提·托合提作品选：6)

ISBN 978 - 7 - 80744 - 500 - 5

Ⅰ.①让… Ⅱ.①努… Ⅲ.①报告文学一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I25

中国版本图书馆CIP数据核字 (2009) 第243127号

丛 书 名　努尔麦麦提·托呼提作品选 - 6
书　　名　让我们变富的和田玉
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　努尔麦麦提·托呼提
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克、海来提·阿比提
特约编辑　艾合买提·买买提
责任校对　买哈巴·铁外库
特约校对　阿不都热依木·阿布力米提
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经技术开发区科技园路 5 号
邮　　编　830011
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　880×1230mm　1/32
印　　张　15.25
版　　次　2009年12月第1版
印　　次　2014 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN　978 - 7 - 80744 - 500 - 5
定　　价　48.00 元

(书中如有缺页, 错页及倒装请与工厂联系)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

«ساقال ھەققىدە پاراڭ» نى ئوقۇغاندىن كېيىن... 1
كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراش 7
20 ـ ئەسىر ئەسلىمىسى 18
خوتەن مەدھىيەسى 57
مۇبارەكنامە 81
ئات «تۇلپار» غا ئايلانسۇن 107
ئىككى پارچە خەت 118
كىتاب 144
سانتانا ۋە بەخت 154
ئىزدەش داۋاملىشىدۇ 172
خوتەندە چىشلار غۇچۇرلايدۇ 177
خوتەندە سەيلە ـ ساياھەتچىلىك 191
تاماخورلۇق ھەققىدە پاراڭ 201
سەگىتىپرەك يىقىلدى 209
ئەدەبىياتتىكى تەسىر ۋە نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ تەسىرگە
ئۇچراش مەسىلىسى 223
ئۇل كىمدۇر كۆپلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان 237
ئەلۋىدا، جاپپار ئاكا 263
چۆلنىڭ ئۆزى بىر تىراگېدىيە 273
ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى 292
سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى 339

# «ساقال ھەققىدە پاراڭ» نى ئوقۇغاندىن كېيىن...

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، مەمتىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ «ساقال ھەققىدە پاراڭ» ۋە «پالتا ئوغرىسى» دېگەن ئىككى ھېكايىسى بىراقلا بېسىلدى. ھەر ئىككىلا ھېكايە ئىنتايىن قىسقا يېزىلغان بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن خۇددى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان «بىر مىنۇتلۇق ھېكايە»لەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ھېكايىلەر راۋان، شۇنداقلا يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە باي تىل بىلەن يېزىلغانلىقتىن، كىشىنى ئۆزىگە ئوبدانلا جەلپ قىلىدۇ. مەن تۆۋەندە شۇ «ئىككى ھېكايە» توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

«ساقال ھەققىدە پاراڭ» دا ئاپتور، يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىۋاتقان، لېكىن شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان بىر دېھقاننى يازغان. ھېكايىدىكى «مەن» ئۇ ئايدىن بۇ ئايغىچە چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتمايدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيغۇزمايدۇ. ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى خۇددى «قۇدۇق ئەتراپىدىكى چىم ـ قىياقتەك ئاغزىلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ.» ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بولسا، «ياغچىنىڭ ماي قاپىقىمۇ ئۇنچىلىك بولماس» دېگەندەك تولىمۇ كىر ۋە مەينەت. ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياسىتىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشنى بىر خىل چاكىنىلىق دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ مانا شۇ خاتا تۇرمۇش كۆزقارىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى

تاشلىۋېتىشىگە ، ماددىي ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا پاسكىنا لاتا ـ پۇتىلار ئارىسىدا هايات كەچۈرۈشكە نەزەرىيە جەھەتتىن زېمىن هازىرلاپ بەرگەن.

مەن ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «مەن» نى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ۋە كەڭ يۇرتداشلىرىم ئارىسىدا ئەتىگەندىلا كۆرگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىلا تۇرمۇش قاراش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قالغاندەك تەسىراتقا كەلدىم. ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، ھېكايىدىكى «مەن» گە ئوخشاش قىياپەتتىكى كىشىلەرنى ھەركۇنى كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىدىغانلىقىمىز ئايان بولىدۇ. «تامچە شەبنەمدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتىدۇ» دېگەن گەپ بار. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھېكايىنى تىپىك تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسىتىشتە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دېيىشكە بولىدۇ.

ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرۈشكە ئېتىبار بەرمەسلىك — ئۇيغۇر يېزا ھاياتىدىكى بىر خىل يامان ئادەت. ئاپتور مانا شۇنداق كەڭ ئىجتىمائىي ئادەتتىكى مىڭلىغان كىشىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «مەن» گە يىغىنچاقلاپ چىققان. جانلىق ئوبراز — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ قېنى ھېسابلىنىدۇ. بىز «مەن» دىن ئىبارەت بۇ تىپىك ئوبراز ئارقىلىق شۇ خىلدىكى كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىتنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، تارىنىپ ـ ياسىنىپ يۈرۈشكە ماددىي ئىمكانىيەت بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە ئىمكانىيەت بولمىغان ئىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرا بولمايدۇ. خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا تارىنىپ ـ ياسىنىپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىسمۇ، لېكىن بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بۇنداق زامانلار كەلمەسكە كەتتى! قىسقىغىنا ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئارقىمۇئارقا مول ھوسۇل ئېلىش ئارقىلىق خېلى ئوبدان ماددىي تۇرمۇش

شارائىتتىغا ئىگە بولۇپ قالدى. ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق شارائىتتىن پايدىلىنالمايۋاتقان، يانچۇقى خېلى توم بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۈزەپ يۇرۇشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، زامان ۋە دەۋر كاپالەتلەندۈرگەن ماددىي تۇرمۇشتىن لايىقىدا لەززەت سۈرەلمەيۋاتقان كىشىلەر يەنىلا خېلى كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. ياسىنىپ - تارىنىپ يۇرۇشكە ماددىي ئىمكانىيەت يوق دېگەن گەپ ئەمدى ئاقمايدۇ. گەپنى ئوچۇق ئېيتقاندا، ياسىنىپ - تارىنىپ يۇرۇشكە ئېتىبار بەرمەسلىك، شەخسىي تازىلىققا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، گۈزەللىككە ھەۋەس قىلماسلىق، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىر خىل يامان ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. بەزى كىشىلەرنىڭ ھەتتا تومۇز ئىسسىقىدىمۇ تەلپەك - تۇماق كىيىۋېلىشلىرى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىمۇ ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان بىر خىل قىلىق. «ئىسسىقتا تۇماق كىيسە سالقىنلىق بەخش ئېتىدۇ» دېگەن گەپنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. ئۇيغۇر خەلقى ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ۋە كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناھايىتى بۇرۇنلا شىلەپىگە ئوخشايدىغان قالپاق چىچاقلارنى كىيىشنى بىلەتتى.

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئاپتور «ساقال ھەققىدە پاراڭ» دا يۇقىرىدا دېيىلگەن ياسىنىپ - تارىنىپ يۇرۇشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان، تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، پاكىز، رەتلىك ۋە چىرايلىق كىيىنىشكە سەل قارايدىغان يامان ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ماددىي تۇرمۇش كاپالەتتە بولغان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنىپ، كاپالەتلەندۈرۈلگەن ماددىي تۇرمۇشتىن لايىقىدا لەززەتلىنىڭلار، دەپ خىتاب قىلىدۇ. ھېكايىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلىلەر دەل مۇشۇ. ئاپتور «مەن» ئۈستىدىن كۈلۈش ئارقىلىق يامان ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىپ، يېڭىچە تۇرمۇش ئادىتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نۆۋەتتە

ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تۆتتە گۈزەل بولۇش» ئىدىيەسىنى ئالغا سۈردۇ.

مېنىڭچە، بىرەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭدا يېڭى مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياكى قويۇلمىغانلىقى، بۇ يېڭى مەسىلىنىڭ ئوبدان ھەل قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىش كېرەك. «ساقال ھەققىدە پاراڭ» دا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزۇندىن بېرى ساقىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇنداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەسىلە تېخى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا تەكىتلىنىشكە ئېرىشەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى يېڭى ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتور بۇ يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياخشى ۋە توغرا ھەل قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ساقال ھەققىدە پاراڭ» نى يېتەرلىك قىممەتكە ئىگە ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ مانا شۇنداق يېڭى تېمىسى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى بىرىنچى ئامىل.

«ساقال ھەققىدە پاراڭ» نىڭ تىلى راۋان، چۈچۈك، شۇنداقلا ئېغىز تىلىغا تولىمۇ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىگە ئاللىقانداق بىر خىل لەززەت تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ. ھېكايىدە گەرچە بىرەر قىزىقارلىق تەپسىلاتلار بولمىسىمۇ، لېكىن تىلىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يېتەرلىك دەرىجىدە بولغانلىقتىن، كىشى ئەسلا زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. «ساقال ھەققىدە پاراڭ» نى «قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى تارىخىدىكى ئەڭ تاتلىق تىل بىلەن يېزىلغان ھېكايە دەپ قاراش، مېنىڭچە ھېچقانداق ئارتۇق كەتكەنلىك بولمىسا كېرەك.

باشقىلار ئاللىقاچان ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سەلبىي تىپلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا ئومۇمەن بىر خىل مودىغا ئايلىنىپ قالدى.

بولۇپمۇ ياش يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىدە دائىم شۇنداق بولۇپ كەلدى. مەن بۇ يەردە، سەلبىي تىپلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى يازماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن يازغاندا ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى يېتەرلىك سەۋەبلەر بىلەن ئاساسلاش كېرەك. قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئۆزگەرتىدىغان قىلىپ يازماسلىق، ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنى تولۇق ۋە يېتەرلىك ئىزاھلاش لازىم، دېمەكچىمەن. ئۆزگىرىش جەريانى تەبىئىي بولسۇن، تولىمۇ ئاددىي بولۇپ كەتمىسۇن، تەبىئىي بولمىسا ياكى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قالسا، كىشىدە بىر خىل مەسخىرە تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ قويىدۇ ياكى تازا قايىل قىلالمايدۇ. ئەگەر «ساقال ھەققىدە پاراڭ» دا يېتەرسىزلىك بار دېيىلسە، بۇ يېتەرسىزلىكنى مانا شۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى تولىمۇ ئاددىي قىلىپ قويغان دەپ قاراش كېرەك. ساقال - بۇرۇتنى ياساپ يۇرۇشنى، پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنىشنى بىر خىل چاكىنىلىق دەپ قارايدىغان، ھەتتا بۇ جەھەتتە «كاتتا داۋلىلىرى» بار بىر ئادەم ئۆزىنىڭ رەسىمىدىكى قىياپىتىنى كۆرۈپ، بىراقلا ئۆزگىرىشى ناتايىن. شۇنداقلا ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزىنى سىلاپ كۆرمىگەن بولۇشى، ئەينەككە قاراپ بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بولۇشىمۇ ناتايىن. ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى قىياسەن بولسىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدىغان كىشى بار دېسە، ئەلۋەتتە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

ئەنە شۇنداق بەك ئاددىي ئاخىرلاشتۇرۇلغان بۇ نۇقتا، گەرچە «ساقال ھەققىدە پاراڭ» ئۈچۈن بىر نۇقسان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۇنىڭ يارقىن ھۆسنىگە ئەلۋەتتە داغ چۈشۈرەلمەيدۇ. مەن بۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋە ياخشى ھېكايىلەرنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

كېيىنكى ھېكايە «پالتا ئوغرىسى»مۇ تۇرمۇشتىكى ئاددىي

بىر ئىش يېزىلغان كىچىك ھېكايە بولۇپ، «گۇمانخورنىڭ يۈزى سۆرۈن» دېگەن مەزمۇن يېڭى ۋە تولۇق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىلگەن. بۇ ھېكايىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىۋاتقان گۇمانخورلۇق بىلەن ھەسەت، ئىچى تارلىق بىلەن ئاغزى يامانلىق، غەيۋەت بىلەن پىتنە ـ پاساتلارغا بېرىلگەن ئۇنۇملۇك تەنقىد. لېكىن مەن «پالتا ئوغرىسى» ھەققىدە تەپسىلىي توختالماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى «ئوغرى» نىڭ پات يېقىندا قورسىقى يېرىلىپ ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. پەقەت ھېكايىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقىغا ئاپىرىن ئىزھار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىمەن.

ئۆزۈم بىر كىتاب ئوقۇغۇچى، يەنە كېلىپ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان بىر ئوقۇغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، يۇقىرىقى قاراشلىرىمدا مۇۋاپىق بولمىغان جايلار بولۇشى مۇمكىن. يولداشلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى، تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كەيىنگە بۇرۇلۇپ قاراش

## I

شاھانە سوۋغات توققۇز قېتىم توققۇز بويىچە سۇنۇلىدۇ. مەلۇم ھەرىكەت توققۇز قېتىم توققۇز تەكرارلانغاندا خاسىيەتلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ. «غەربكە ساياھەت» تە مۇقەددەس ئىش يولىدىكى قىيىنچىلىق ۋە تۇسالغۇمۇ توققۇز قېتىم توققۇز سادىر بولغانلىقى قەيت قىلىنغان.... ئاران سەكسەن بىر، شاھانە سوۋغات توققۇز قېتىم توققۇزدىن ئېشىپ كەتسە، نىمە بولماقچى؟ شاھنىڭ تۇقسانى تولارمۇ؟ پەيمانى توشارمۇ؟ خۇراپات دېگەن مانا شۇ.

مەن ئون قېتىم ئون سوۋغاتقا ئېرىشتىم. باشقىلارمۇ ئون قېتىم ئون سوۋغاتقا ئېرىشتى. ھەممىمىزنىڭ ئېرىشكىنى ئوخشاش، ئېسىل، سۈزۈك، نۇرانە «قاشتېشى». خوتەندە، قاشتېشى ئىزدىگەنلەر ، قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلار تىز پۇرسەتتىلا بايغا ئايلىنىدۇ. ئون قېتىم ئون «قاشتېشى» سوۋغاتقا ئېرىشكەن بىز، باي ھېسابلانمايمىزمۇ؟ بايلىقىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا، ھاكاۋۇرانە گىدىيىشقا، پەشتاققا چىقىپ شادلىق ناغرىسى ئۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىق بىز:

«ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى تىللادىن.»

بۇ يەردە بۇنى ئەلۋەتتە سەل ـ پەل ئۆزگەرتىش كېرەك.

«ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى قاشتېشى.»

مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇللا بارات (مەجنۇن) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ھېلىقى پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتلار» غا سېلىشتۇرغاندا، بىز ھەقىقەتەن باي. قولىمىزدا ئون ئون «قاشتېشى» تۇرۇپتۇ. تولۇق يۈز... بۇ سىزگىمۇ تەئەللۇق سۆز. سىزمۇ ئاشۇنداق ئېيتالايسىز. بىز ھەممىمىز ئون ئون «قاشتېشى» ئىگىسى بولغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق!

## 2

جاھاندا نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا كونىراپ تۇرىدۇ. ئەتىۋارلىقتىن بىئەتىۋارلىققا ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەڭ قەدىمىي، مەڭگۈ كونىرىمايدىغان ۋە دائىمىي يېڭى نەرسە يەنىلا قاشتېشىدۇر. قاشتېشىنىڭ ئەڭ قەدىمىي قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكى مۇنازىرىسىزدۇر. يارانقۇچى ئالەمنى بىنا قىلغاندا، قاشتېشى تەڭ ئاپىرىدە بولغانمۇ ياكى كېيىن قارا - قۇرۇمدا سىرلىق تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدا ئاستا - ئاستا شەكىللەنگەنمۇ، ئاپتورنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك ۋە گېئولوگىيەلىك بىلىملىرى كەم بولغانلىقتىن، بۇلارغا ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىز. لېكىن شۇ نەرسە روشەنكى، قاشتېشى ئەلمىساقتىن بېرى ئەتىۋارلىقتىن قالغىنى يوق. ئۇ ئىزدىگەنلەرگە ئۇچراپ تۇردى. ئەتىۋارلىغۇچىلارنىڭ ئىلكىدە دائىم ئەتىۋارلىنىپ كەلدى. بۇنى نېمىگە تەقفاس قىلىش مۇمكىن؟

ئۇيغۇرلاردا خېلى قەدىمىي دەۋرلەردىلا ئاللىقاچان يېتۈك سەنئەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇ

كىتاب ئورىكتى www.uyghurix.com

خۇددى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىدىكىدەكلا، يۇرتتىن ـ يۇرتقا كۆچۈپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يۆتكىلىپ راۋاجلىنىۋاتتى. قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئېپوسلار، قىسسەلەر، قوشاقلار مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ يەردە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى، «بۆرە توتېمى» رىۋايىتىنى، «ئىككى تېگىن» رىۋايىتىنى، «كۆچ» رىۋايىتىنى، «چاشتانى ئىلىكبەگ» قىسسەسىنى، ھۇنلار ۋە ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلارنى، «تۇرا» قوشىقىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ قەدىمىيدۇر ۋە ياشناپ كېلىۋاتقان ئەدەبىياتتۇر، قاشتېشى قەدىمىيلىكىگە تىمسالدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىلىقى ـــ قاشتېشىنىڭ دائىمىي يېڭىلىقىغا تەققاستۇر.

ئەمما، شۇنچە ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ھېچكىم بۇ ئەدەبىياتقا مەتبەئە ـ نەشرىيات قۇرۇپ بېرەلمىدى. سەلتەنەتلىك شاھلار خەتتات ـ كاتىپلارنى ياللاپ، ئەدەبىياتىمىز نەمۇنىلىرىنى ئېغىزدىن يېزىققا ئالغان بولۇشى، نۇسخا ـ نۇسخا كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چاغلاردا تېخى مەتبەئە ـ نەشرىيات قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. كېيىنرەك ئىدىقۇتتا دەسلەپكى مەتبەئە مەيدانغا كەلدى. بۇددا نوملىرى كۆپەيتىپ بېسىلغان بولسىمۇ، گېزىت ـ ژۇرنال تەسىس قىلىنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالمىدى. مىڭلىغان شائىر ـ يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. پەقەت خوتەن ھەققىدە يازغان، خوتەندە تۇرغان، خوتەندە ياشىغانلارنى مىسالغا ئالساق، ھەزرىتى مىر ئەلىشىر «نەۋايى»، بابارەھىم «شاھ مەشرەپ»، مۇھەممەد سىددىق «زەلىلىي»، «نەۋبەتىي»، «قەلەندەر»، «مەھزۇن خوتەنى»، ئەھمەدشاھ «قاراقاشى»، «قارىي»، توختاخۇن «غېرىبى»، ئىسمايىل ھاجىم، مۇھەممەت قاسىم تۇردى ئوغلى «زوھۇرى»، مەتروزاخۇن داموللام «شەھىدى»، ساۋۇت

ئاخۇن ئوغلى «داۋۇت»، قادىرخان غوجا «يېتىمى»، مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن «ھەزنى»، موللا ئىمىن «تەسپايى»، «فىنايى»، تېخى يېقىندىلا باقىي ئالەم سەپىرىگە ئاتلانغان مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىم... قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇ جۈملىدىن، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېچىلمىغان بۇلاق مەۋج ئۇرۇپ چىقالمىغاندەك، قىنى يوق ئېقىن دالالاردا سىڭىپ كەتكەندەك، راسا دولقۇنلىنالمىدى. تار دائىرىدىكى موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ ئىجاد قىلىشى ۋە تەسەررۇپ قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۆلكە مەركىزىدە گېزىت، گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بېتى ۋە ئەدەبىي ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنىڭ پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما، بىزنىڭ خوتەندە...

خوتەن قاشتېشى بەكمۇ قەدىمىي. ئەمما، ئەدەبىي ژۇرنال «قاشتېشى» نىڭ يورۇق جاھانغا نازىل بولۇشى ـــ مىلادىيە 1978 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىش. بۇ ، ئۇيغۇرلار خوتەننى يۇرت قىلىپ ئاچقاندىن بېرىكى نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا، مۇشۇ ئەتلەستەك گۈزەل، زىلچا گىلەمدەك كۆركەم دىياردا تۇنجى نەشر قىلىنغان ژۇرنال. دۇنيادا تۈرلۈك مەزمۇندىكى، تۈرلۈك قەرەلدىكى، تۈرلۈك شەكىلدىكى، تۈرلۈك تىراژدىكى ژۇرناللارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا نەشر قىلىنىپ كەلگىنىگە 3 ـ 4 يۈز يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزدە، بىزنىڭ خوتەندە ئەدەبىي قەرەللىك ژۇرنالنىڭ چىقىرىلىشى تېخى ئەمدى. بۇنى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك، تارىخ چاقى يۇقىرىغا دومىلاپ، خوتەندە ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىلىدىغان نۇقتىغا يېتىپ بارغان دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىش ـــ ئاقىلانىلىك ئەمەس. بۇنى ئوبدانلا تەرىپلەشكە، مەدھىيەلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۇنجى سانى چىقىرىلغاندىلا، «ئات تويى» نى ئۆتكۈزۈشمىز، تەنتەنە قىلىشمىز كېرەك ئىدى. ھەيهات، بۇ تەنتەنە 100 ـ ساندا قىلىنىسمۇ كېچىكمەس...

قاشتېشى نۇرلىنىپ، قىممىتىگە قىممەت قوشۇلدى.

ئەدەبىياتىمىز يۇرۇققاش ۋە قاراقاشتەك ئېقىن ھاسىل قىلدى. ئون قېتىم ئون يۈز سان «قاشتېشى» قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. نەشرىيات ـ مەتبۇئاتچىلىق گۈللەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى بوپتۇ. بۇنى مۇشۇ بىر ئەۋلاد خوتەن قەلەمكەشلىرىنىڭ ئامىتى دېمەي يەنە نېمە دەيمىز؟ شۇنداق، مەن ھەقلىق يوسۇندا ۋارقىرايمەنكى، 100 سانىڭغا مۇبارەك «قاشتېشى !» سەن ئېسىل، نۇرلۇق، سۈزۈك «قاشتېشى» بولۇشقا مۇناسىپ.

### 3

قاشتېشى — ئەسىرلەردىن بېرى خان ـ خاقانلارنى، خانىش ـ دىلرەبالارنى، باي ـ زەردارلارنى، سودىگەر ـ كارۋانلارنى، سەيياھ ـ تەۋەككۈلچىلەرنى، نامراتلارنى ھەتتا خۇدا بەرگەنگە شۈكۈر قىلىدىغان مۆمىنلەرنىمۇ پەرۋانە نەزىرىدىكى ئوتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۇنىڭغا قىزىقمىغان، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمىگەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى چۈشەكمىگەن ھېچكىم قالمىدى. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، «سەئىدىيە» نىڭ ئەڭ شۆھرەتلىك شاھى ئابدۇرېشىتخان «مەلىك ئاۋات» نىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، غايەت زور قاشتېشىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىپ، قايتىشىدا «جامەدار» دېگەن يەردە «شامال» تېگىپ قازا قىلغانىكەن. «شامال» تېگىپ قازا قىلدىمۇ ياكى ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى ئوردىغا يۆتكەپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغانلىقتىن «ھەسرەت چېكىپ» ئۆلۈپ كەتتىمۇ، بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېمەك تەس. ئېيتىلىشىچە، مانجۇلار دىيارىمىزنى تەسەررۇپقا ئالغاندىن كېيىن، ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى پارچىلاپ، خانبالىققا يۆتكەپ كېتىپتۇ. «يۈيىنىڭ توپاننى تىزگىنلىشى» دېگەن مەشھۇر ئويما ھەيكەل ئاشۇ قاشتېشىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئويۇلغانىمىش. كېيىنكى چاغلاردا فېئودال بەگ ـ دورغىلار

پۇقرالارنى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنىڭ قىنىغا قاتار تىزىپ، سەپ ـ سەپ ماڭغۇزۇپ، قاشتېشى تەرگىلى سالغانىكەن. ئاشۇ قامچا ـ توقماق ئاستىدىكى قاشتېشى يۇرۇشىدە، پۇقرالارنىڭ يالاڭئاياغ پۇتلىرىدىن قانلار تامىدىكەن. ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىكەن. تالايلار ئۆلۈپ، جەسەتلىرى تاشلار ئارىسىدا قالىدىكەن...

قانداقلا بولمىسۇن، تارىختىن بۇيان خوتەن قاشتېشى خوتەندە تالايلىغان قاشتېشى ئويما ئۇستىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار ئەڭ ئېسىل قاشتېشى ئويما ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى. خەۋەردار ئەربابلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرقەدەر كېيىنكىسى (ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەس)، 1965 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مارشال خې لوڭغا سوۋغا قىلىنغان قاشتېشى شاھمات ھېسابلىنىدىكەن. ئەڭ ئېسىلى قايسى؟ مەشھۇر رەسسام، پىروفېسسور غازى ئەھمەد لايىھەلەپ ئىشلەتكەن «خەلق زالىنىڭ شىنجاڭ ئۆيى» نى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر رەققاسىنىڭ قاشتېشى ھەيكىلى ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنامدۇ؟ مېنىڭچە، يۇقىرىقىلاردىنمۇ ئېسىلرەكلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ بىز قەيت قىلماقچى بولغان مەسىلە ئەمەس. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يەنىلا ئاشۇ تەڭداشسىز ئېسىل قاشتېشى ئويمىلارنى ياراتقان خوتەن ئۇستىلىرى تۇرىدۇ. قاشتېشى ئېسىل نەرسە. قولى ئەپچىل ئۇستىلارنىڭ تاراشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېسىل نەرسىگە ئايلىنىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك، سەنئەت گۈزەللىكىگە ئېرىشتۇرۇلسە، يەنىمۇ گۈزەل بولمايتتىمۇ ئەمىسە!؟ روشەنكى، قاشتېشى ئۇستىلارنى ياراتتى، ئۇستىلار قاشتېشىنى يەنىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلدى. ئېسىل، سۈزۈك، نۇرانە...

«قاشتېشى» مۇ خۇددى قاشتېشىغا ئوخشاشلا بىر تۈركۈم «ئۇستىلار» نى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار شائىر ـ يازغۇچىلارنى،

خەتتات ـ نەققاشلارنى، رەسسام ـ فوتوگرافلارنى، نامسىز قەھرىمان ــ مۇھەررىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەررىرلاردىن جاپپار ئەمەت ئاكىنى، روزى سايىتنى، ئابدۇرېھىم ئېلاجىنى، مەتقاسىم ئابدۇراخماننى، ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىرنى، ئەسئەت ئابدۇقادىرنى، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسېلىم مەتقاسىملارنى ساناش مۇمكىن بولسىمۇ، «قاشتېشى» ئارقىلىق نۇرلانغان باشقا ئۇستىلارنىڭ ھەددىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار خوتەن دىيارىغا خوتەن ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك چېچىلغان. «قاشتېشى» ئارقىلىق خوتەن ئاسمىنىدىكى 15 كۇنلۇك تولۇن ئايدەك نۇرلانغان، قېنى، قايسىسى مېنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلۈشۈم «قاشتېشى» ئارقىلىق بولمىغان دېيەلەيدۇ؟ «قاشتېشى» نىڭ نۇرى ماڭا چۈشمىگەن دېيەلەيدۇ؟ راست، «قاشتېشى»سىزمۇ خوتەندىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاسمىنىنىڭ كىچىككىنە بۇرجىكىدە بالقىپ باقىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئايلىنىدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ «قاشتېشى» نىڭ پەيلىشى، ئەللەي ئېيتىپ ئەركىلىتىشى، ئۇچۇرما قىلىشى، مۇشۇ دەۋر خوتەن قەلەمكەشلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئامەت. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ مۇبارەك نامى ئەڭ دەسلەپ «قاشتېشى» سەھىپىسىدە قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن بېسىلىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان. ئاشۇ سەھىپە ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا تونۇلغان تۇغۇلغانلارنىلا سەھنىگە چىقىرىدىغانلار ئۇچۇن ئەمدى ئۇلار يەنە ناتونۇش ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇلار خېلى تونۇلۇپ قالدى. نام ـ تەخەللۇسى «قەشقەر»، «ئاقسۇ»، «بوستان»، «تۇرپان»، «قومۇل»، «تەڭرىتاغ»، «قاراماي»، «ئىلى»، ھەتتا «تارىم»، «مەدەنىيەت» لەردىمۇ كۆرۈنىدىغان بولدى. تەجرىبىگە، ماھارەتكە ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ، بالقىپلا ئۆچۈپ قېلىشتەك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۇلارنى ئاشۇ پارچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى «قاشتېشى» ئەمەسمۇ؟ «قاشتېشى» نى «سەكرەش تاختىسى»، كۆككە ئۆرلەش «پەغىزى» دەپ مەدھىيىلىمەي ئىلاجىمىز يوق. بۈگۈنكى «قاشتېشى» ئارقىلىق نۇرلانغانلارنى يۈزلەپ ساناش مۇمكىن. ئىلگىرى ـ كېيىن «قاشتېشى» سەھىپىسىدە نامى كۆرۈنگەنلەر ھەتتا تۆت خانىلىق چوڭ سان. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان سان. دەۋرىمىزدىن ئىلگىرىكى، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق خوتەن قەلەمكەشلىرىنى جەملىگەندىمۇ بۇ سانغا تەڭ بولالمايدۇ... گېپىمىزنى خۇلاسىلىسەك، «قاشتېشى» ئۆز ئەتراپىدا تالاي ئۇستىلارنى يېتىشتۈردى. تالاي ئۇستىلار بولسا، «قاشتېشى» غا ھۆسن قوشتى.

«قاشتېشى» نىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ گۈزەل دىلبەرنىڭ مامۇق كۆكسى ئۈستىدە چاقناپ تۇرۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى مىڭلاپ كۆزلەرنىڭ يەۋەتكۈدەك تىكىلىشىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئوخشاشلا «قاشتېشى» نىڭ قىممىتىمۇ، يۈزلەپ ئۇستىلارنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئونمىڭلاپ، «تىكىلىپ قارايدىغانلار» نى يېتىشتۈرگەنلىكىدىدۇر. خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك... بىر ئەدەبىي ژۇرنال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ بېرىشلا، دەپ قارالسا، كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشتۇر. بىزنىڭ خوتەندەك نامرات، قالاق رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خوتەنلىكلىرىمىزدە ساۋاتسىزلىرى كۆپ، كىتاب ئوقۇمايدىغانلىرى كۆپ، نادانلىرى كۆپ، ئېتىقادى مول، ئەمما ئەقىلسىزلىرى كۆپ، خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوقۇرمەنلەرنى يېتىشتۈرۈش، كىتابخۇمارلارنى يېتىشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە. مۇھىم ۋەزىپە ئەمەلگە ئاشقاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات

ئەسلىي مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ ياكى يېقىنلاشىدۇ. «قاشتېشى» بۇ جەھەتتە ئاجايىپ زور مىقداردىكى زۆرۈر خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلىلا ناچار ھالەتتىمۇ ژۇرنال باھاسىنى ئۆستۈرمىدى. ھەتتا «ئوقۇيمەن» دېگۈچىلەرنىڭ قولىغا ئاپىرىپ بەرگەنچىلىك قىلدى. نەتىجىمۇ كۆرۈلدى. خوتەندە ئۇنمىڭلاپ ئوقۇرمەنلەر، كىتابخانلار پەيدا بولدى. قورسىقى يېرىم توق، كىيىمى تېخى ياماقتىن قۇتۇلالمىغان دېھقانلىرىمىزدىن مىڭلاپ كىتابخۇمارلارنىڭ چىققىنى بىزنى ئەڭ خۇشال قىلىدۇ. «قاشتېشى» نىڭ تىراژى زادىلا ئازايماي كەلگەنلىكى ــ بۇنىڭ پاكىتى.

قاشتېشى قىممەت، ئەمما «قاشتېشى» ئەرزان. قاشتېشى زوقلاندۇرالايدۇ. «قاشتېشى» بولسا زوق بېرىپلا قالماستىن، تەربىيىلەيدۇ. بىلمىگەننى بىلدۈرەلەيدۇ. نىشان كۆرسىتەلەيدۇ. يول باشلىيالايدۇ. پەقەت سەن ئەستايىدىل ئوقۇساڭ، چوڭقۇر مۇتالىئە قىلىپ، تېگى ـ ماھىيىتىنى چۈشەنسەڭلا، ئۇنىڭدىن نەپ ئالالايسەن.

قاشتېشى نۇرلىنىدۇ، «قاشتېشى» نۇر چاچىدۇ. ساڭا نۇر قوبۇل قىلغۇچى كېرەكمۇ ياكى نۇر چاچىدىغىنى؟ خوتەنلىكلىرىم، ئىككىدىن بىرىنى تاللىۋال، دەپ سېنى تەڭلىككە سالغۇم يوق. لېكىن كېيىنكىسىنگىمۇ كۆز قىرىڭنى سېلىپ قوي. «قاشتېشى» قاراقۇرۇمدىن، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىدىن تېپىلمايدۇ. تاغ كېزىپ، دەريا كەچكەنگە ئۇچراۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن تېخى ئەمدىلا 100سان چىقتى.

قاشتېشى نۇرلىنىدۇ، «قاشتېشى» نۇر چاچىدۇ. نۇر چېچىلغان يەرگە پەرۋانە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاشۇ مۇبارەك نۇر ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ جامالىنى تاپماقچى.

مەن، قاشتېشى ئەتراپىدىن كۆرە، «قاشتېشى» ئەتراپىدا

كۆپرەك چۈرگىلەپ يۈرگەن پەرۋانىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىم سەۋەبلىك، دەسلەپ ۋە ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەڭ قىزغىن ئوقۇغۇچىسىمەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ سەھىپىلىرىنى دوراپ، ئۇنى ـ بۇنى جىجاپمۇ باقتىم. ئەڭ دەسلەپكى يازمام «قاشتېشى» دا ئېلان قىلىندى. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان نەرسىلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمۇ «قاشتېشى» دا ئېلان قىلىندى. يازمىلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى «قاشتېشى» ئېلان قىلىپ بەردى، دېسەم ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسىدا بىر قانچە دېھقان ماڭا: «سىلە بىز دېھقانلارنىڭ يازغۇچىسى» دېگەن گەپنى قىلغان. ئەگەر مۇشۇ گەپ توغرا بولسا، مەن ھەقىقەتەنمۇ «يازغۇچى» ئاتىلىشقا مۇۋاپىق كەلسەم، ئەمدى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەن «قاشتېشى» يېتىشتۈرگەن يازغۇچى !

كۆپ قىسىم يازمىلىرىمدا، گۈزەل ئەخلاقنى تەرغىب قىلىپ، ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ئىپادىلەندى. خەلقىمىزنىڭ ئىشچان، چىداملىق، قەيسەر، ئاددىي ـ ساددا، بىر سۆز، ھالال، توغرا، ئەركىنلىك سۆيەر روھىنى مەدھىيەلەپ، ئايرىم كىشىلەردىكى ھەسەتخورلۇق، قىزىل كۆزلۈك، چىدامسىزلىق، ھورۇنلۇق، ئەخمەقلىق، نادانلىق، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىقلار قامچىلاندى.

نەتىجىسى قانداق بولدى؟ كىشىلەر نېمە مەنپەئەت ئالدى؟ بۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. «قاشتېشى» نىڭ نەشر قىلىنىشى 100 سانغا توشقان پەيتتە، 14 يىلدىن بېرى «قاشتېشى» سەھىپىلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن مەن ئۈچۈن، يازمىلىرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى توغرىسىدا بىر قېتىم ئەستايىدىل ئويلىنىشىپ كۆرمەي بولمايدۇ.

«قاشتېشى» يېتىشتۈرگەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە نۇرغۇن نۇقسانلارنىڭ ساقلىنىشى، ھەرگىزمۇ «قاشتېشى» نىڭ گۈزەل،

كىتاب نۇر بىكتى www.uyghurbook.com

سۈزۈك، نۇرانە ئوبرازىغا كۆلەڭگە چۈشۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ جامالىدا داغ ياكى دەز پەيدا قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس...

قاشتېشى قوبۇل قىلغان نۇرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «قاشتېشى» قوبۇل قىلغان نۇردىن يۈز ھەسسە كۈچلۈكرەك نۇر تارقىتىدۇ. كۈچلۈك، ھارارەتلىك، يارقىن ئاپتاپ ھاسىل قىلىدۇ. يۈز قېتىملىق ئاپتاپ تۈمەن قەلبلەرنى ئىللىتتى، يەنە يۈز قېتىملىق ئاپتاپ مىليون قەلبلەرنى ئىللىتسا ئەجەب ئەمەس. «قاشتېشى» مەڭگۈ نۇر چاچسۇن!

ە

# 20 ـ ئەسىر ئەسلىمىسى

## 1

يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىر باشلىنىۋاتقان پەيتلەردە، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكەن بىر ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەسلەشكە ئۇرۇنىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن خەيرلىك، ئىزگۈ ئىشلار ئەمەس، بەلكى دەھشەتلىك ۋەقەلەر كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. بۇ، خاتىرجەملىك، بەخت، مۇۋەپپەقىيەت ۋە كۈلكىدىن كۆرە قورقۇنچ، ئازاب، مەغلۇبىيەت ۋە ھەسرەت ـ نادامەتنىڭ چوڭقۇرراق تەسىرات قالدۇرىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت 1914 ــ 1918 ـ يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋە 1939 ــ 1945 ـ يىللاردا داۋاملاشقان ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەھشىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 1904 ـ يىلىدىكى رۇس ـ ياپون ئۇرۇشى، 1911 ـ يىلىدىكى ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى، 1912 ـ ، 1913 ـ يىلىدىكى رۇسىيە ـ پولشا ئۇرۇشى. 1922 ـ يىلىدىكى گىرېتسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى، 1935 ـ يىلىدىكى ئېفوپىيە ـ ئىتالىيە ئۇرۇشى، 1931 ـ يىلى باشلانغان جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى، 1950 ـ يىلىدىكى چاۋشيەن ئۇرۇشى، 1947 ـ يىلى باشلىنىپ، ھازىرغىچە نەتىجىسى كۆرۈلمىگەن بەش قېتىملىق ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى، 1947 ـ يىلىدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئۈچ قېتىملىق ھىندىستان ـ پاكىستان

كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشى، 1954 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ـ ۋېيېتنام ئۇرۇشى، 1962 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشى، سەككىز يىل داۋاملاشقان ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى، 1982 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ ئارگېنتىنا «مالۋىناس» ئۇرۇشى، 1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، 1999 ـ يىلىدىكى كوسوۋو ئۇرۇشى قاتارلىق دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇشلارنى، 1918 ــ 1920 ـ يىللاردىكى رۇسىيە ئىچكى ئۇرۇشى، 1911 ـ يىلى باشلىنىپ، 1949 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشى ۋە ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى ئۇرۇشلارنى، تالاي مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىنى، تېررورلۇق دەپ ئەيىبلەنگەن ئىسپانىيەدىكى باسكىلارنىڭ، سىرى لانكىدىكى تامىللارنىڭ، شىمالىي ئىرېلاندىيەدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارمىيەسىنىڭ، رۇسىيەدىكى چېچەنلەرنىڭ ئۇرۇشلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئۇرۇشلاردا 200 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى، دەريا ـ دەريا قانلار ئاقتى.... ئانىلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى دەريا ـ كۆللەرنى ھاسىل قىلدى. ئىنسانىيەت بۇ ئۇرۇشلار ئارقىلىق سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ياۋۇز، چاكىنا، شەخسىيەتچىل ئەخلاقىي ماھىيىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ياۋۇزلۇق، مۇستەبىتلىك، زومىگەرلىكلەرگە زەربە بەرگەن بولدى. ئېزىلىش ، بوزەك قىلىنىشقا قارشى تۇرغان بولدى.

مۇشۇ تالاي ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟

ئىمپېرىيە دەۋرى ئاياغلاشتى. غايەت زور تېررىتورىيەلىك ئىمپېرىيەلەر پارە ـ پارە بوپكەتتى. «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە» دەپ ئاتالغان ئەنگلىيە ــ ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى كىچىكلەپ، ئىنگلاد ئارىلى ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىلەنلا چەكلىنىدىغان ھالەتكە چۈشتى. تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسى يوق بولدى. چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسى بولسا، مۇشۇ ئەسىردە

باشتىن ـ ئاياغ پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى ۋە تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا دەسلەپكى قەدەمدە 16 دۆلەتكە پارچىلىنىشى بولسا، قوراللىق ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر خىل قان تۆكمەس ئۇرۇشنىڭ رېئال نەتىجىسىگە تەۋەدۇر. بۇ، ئۆز ئورنىدا يەنە شەرھلەنگۈسى.

شۇنچە كۆپ دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇش ۋە مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىنىڭ رېئال نەتىجىسى شۇ بولدىكى، مىللىي دۆلەتلەر كۆپەيدى. ئەسىر بېشىدا دۇنيادا ئىگىلىك ھوقۇق يۇرگۈزۈۋاتقان دۆلەتتىن ئاران 43ى بولغان بولسا، ئەسىر ئاخىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان دۆلەت سانى 200 دىن ئاشتى. بۇ ئاز كەم بەش ھەسسە كۆپەيگەنگە باراۋەر. ھەرقايسى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مىللىي مەنپەئەت، خەلقئارا باراۋەرلىك جەھەتلەردىكى ھۆكۈمەتچىلىكى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيدى. مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ دىپلوماتىيە ھادىسىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ تالاشلارنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» تىن ئىبارەت تۇپ شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى مۇرەسسەلەشتۇرۇش جەھەتتە تەسىر پەيدا قىلدى. ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىپلوماتىيە، سودا، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە خەلقئارا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش رولىنى ئوينىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرىنى تەڭشىدى ۋە تەشكىللىدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurweb.com

بىرلىكنىڭ ۋۇجۇدغا بۆلۈنۈش يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۆلۈنۈش ئۆز نۆۋىتىدە بىرلىشىشكە تەقەززا بولىدۇ. مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مىسلىسىز كۆپىيىشى بۆلۈنۈش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشى، بىرلىشىش تەقەززاسىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

بۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت يەنە دەھشەتلىك يەر تەۋرەش ئاپەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. 1908 ـ يىلى ئىتالىيەدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە 85 مىڭ ئادەم، 1920 ـ يىلى جۇڭگو گەنسۇدىكى يەر تەۋرەشتە 200 مىڭ ئادەم، 1927 ـ يىلى ياپونىيە گۇەندۇڭدىكى يەر تەۋرەشتە 140 مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1939 ـ يىلى ھىندىستاندا قاتتىق يەر تەۋرىدى . 1956 ـ يىلى جۇڭگونىڭ شەنشى گۇەنجۇڭدىكى يەر تەۋرەشتە 830 مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1976 ـ يىلى جۇڭگو تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشتە 242 مىڭ ئادەم ئۆلدى. 1978 ـ يىلى مېكسىكا شەھىرىدە يەرتەۋرەپ 35مىڭ ئادەم ئۆلدى. شۇ يىلى يەنە ياپونىيەدە قاتتىق يەر تەۋرىدى. 1985 ـ يىلىدىن كېيىن ئەرمىنىيەدە، ئىراندا، تۈركىيەدە قاتتىق يەر تەۋرەپ يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى...

يەنە مۇشۇ ئەسىردە كۆپ قېتىم بولۇپ ئۆتكەن سۇ ـ كەلكۈن ئاپەتلىرى، قار ـ شىۋىرغان ئاپەتلىرى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە بۇلاردا ئۆلگەن سان ـ ساناقسىز ئادەملەرنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇرۇش ئاپىتى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى شەكىللەندۇرگەن دەھشەت ـ قورقۇنچ تەسىراتى يەنىمۇ قويۇقلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسىردە يۇقىرىقى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەتلەردىنمۇ دەھشەتلىكرەك يەنە بىر ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى بولغان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىدۇر. ئىدېئولوگىيە غەلۋىسى ئالدىنقى ئەسىردىن مۇشۇ

ئەسىرگە ــ 20 ـ ئەسىرگە سۆرۈلۈپ كىرىپ، ئىنسانلار هاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى دىنىي سۇركىلىشلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ توپ مەسىلىسىگە ئايلاندى. ئىدېئولوگىيە ئالىملىرى ئۆز كۆزقاراشلىرىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە كۈرىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ قايسى يۆنىلىشكە مېڭىشىدىكى ئاساسىي مەسىلە، دەپ چۈشەندۈرۈشتى. كۆز قاراشلىرىنى باشقىلارغا تېڭىشقا ئۇرۇندى. ئىدېئولوگىيە ئۇچۇن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان بىر تۈركۈم پىداكارلار يېتىشىپ چىقتى. بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چاررۇسىيەدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، بولشېۋىكلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت ئىگىلىشى بىلەن دۇنيا ئىدېئولوگىيەنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈم دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈم: ماركسىزمنى نەزەرىيەۋى ئاساس قىلغان سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيەسىنى نەزەرىيەۋى ئاساس قىلغان كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە ئون دۆلەتتە ماركسىزم غەلىبە قازىنىپ، سوتسىيالىزم لاگېرى رەسمىي شەكىللەندى. ماركسىزم ئىدېئولوگىيەسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن ئېزىلگەن، بوزەك قىلىنغان خەلق ۋە دۆلەتلەردە ئالقىشقا ئېرىشتى ھەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيەلەر ھەممە دۆلەتلەردە دېگۈدەك قۇرۇلدى. ھەتتا بەزى بۇرژۇئا پارتىيەلىرىمۇ ئىسمىغا «سوتسىيالىستلار» دېگەندەك تېرمىنلارنى قوشۇۋالىدىغان بولدى.

مۇشۇ جەرياندا، دۇنيا مىقياسىدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن باشقا خىل ئىدېئولوگىيەدىكىلەرنىڭ

چەتكە قېقىشىغا، زىيانكەشلىك قىلىشىغا، تۇرمىلەرگە تاشلىنىشىغا، قىرىپ تاشلىنىشىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاشقا ئامال يوق. بەزىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ جەھەتتە تۆكۈلگەن قانلار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا تۆكۈلگەن قانلاردىن ھەرگىز ئاز ئەمەسكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئەللەردىكى خەلقلەر تۆككەن قانلارنى، روسىيە ئىچكى ئۇرۇشى، جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشى، چاۋشيەن ئۇرۇشى، ئىككى قېتىملىق ۋيېتنام ئۇرۇشى قاتارلىقلاردا تۆكۈلگەن قانلارنى ئىدېئولوگىيە كۈرەشلىرى جەريانىدا تۆكۈلگەن قانلار قاتارىغا قوشساق ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز بىزگە ئاشۇنداق ئۆگەتكەن.

دۇنيا سوتسىيالىزم لاگېرى ۋە كاپىتالىزم لاگېرى دەپ ئايرىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئىدېئولوگىيە كۈرىشى تۈسىنى ئالدى. ئىككى لاگېرنىڭ رەسمىي تىركىشىشى شەكىللەندى. ئىككى لاگېر ھازىرلا تۇتۇشۇپ قالىدىغاندەك، ئىدېئولوگىيە سەۋەبىدىن ئۈچىنچى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدىغاندەك ھالەت پەيدا بولدى. ئۇرۇش تەييارلىقى مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. خەلق نامرات، دۆلەت ئاجىز بولسىمۇ، تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشقا ئۇرۇنۇش رېئاللىققا ئايلاندى. نەتىجىدە، ئىككى لاگېردا ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت — كۈچلۈك دۆلەت شەكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. كۈچلۈكلەرگە خاس ھالدا ئۇلار دۇنيا مىقياسىدىلا ئەمەس، ئۆز لاگېرى ئىچىدىمۇ زومىگەرلىك قىلىشقا باشلىدى. بارا ـ بارا ھەرقايسى لاگېرلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا دەز كەتتى. كاپىتالىزم لاگېرىغا قارىغاندا سوتسىيالىزم لاگېرىدا بۇ دەز تېخىمۇ روشەن

كۆرۈلـدى. بۇنىڭ سـەۋەبى سوتسـىيالـىزم لاگېرىـدا سـىياسـىي پىرىنسـىپلارغـا بەكرەك ئـەھمىيـەت بېرىلـىدىغانلـىقىـدىن، پىرىنسىپ جەھەتتە مۇرەسسەگە يول يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشـى مۇمكىـن. شۇنىڭ بىـلەن دۇنيـادا كۆپ قۇتـۇپلىشـىش يۈزلىنىـشى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋالـدا دەرىجىدىـن تاشقـىرى ئـىككى چـوڭ دۆلـەت ھەم ئېـغىز ـ بۇرۇن يـالـىشىـپ، ھـەم تـىركىشـىپ دۇنيانـىڭ تىنچلـىقىـغا ۋە تەرەققـىياتـىغا تەسـىر يەتكـۈزدى. ئاجىز ئـەللەر بىـرلىشـىپ ئۆزىنىـڭ مەنپەئـىتىـنى قوغداش كـويىغا چـۈشتى. «دەرىـجىدىن تـاشـقىرى چـوڭ دۆلـەت»، «ئۈچىنـچى دۇنيا ئـەللىرى» «تـەرەققىي قـىلىۋاتـقان دۆلەتلـەر» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ھەممە گېزىتلەردىن كۆرگىلى بـولىدىغـان بولـدى. ئەمما، بۇنداق باشقـىچە ئـاتـىلىـشلار ئىدېئـولوگىـيە كۈرىشىنىڭ پەسەيگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئىدېئـولوگـىيە كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىن، ئەمما مەخپىي، يېڭىچە تاكتىكىلارنـى قوللىنىدىغان ھالەتكە كىرگەنىدى. ئـىدېئولوگـىيە جەھـەتتىكى رەھىمسىز ئېلىشىش ـــ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قاتماللىق ۋە ئۆلـۈك پـوزىتسـىيەنـىڭ تـىنچلـىق ۋە تـەرەقـقـىيـات ئـۈچـۈن پايدىسىزلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ئايدىڭلاشتـۇردى. ئىدېئـولوگـىيە جەھەتتە جانلىقراق بولۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەقەززاسـى مەلۇم مـونوپول كـاپـىتالـىزم كۆرۈنۈشـتـە بولسـىمۇ ئۆزىـنـى پاراۋانلىق قاتارلىقلار بىلەن پەردازلاپ، پاراۋانلىق كاپىتـالىزمغا قـەدەم قـويـدى. دېڭ شـياۋپـىڭ جـۇڭـگوچە سـوتسـىيالـىزم نەزەرىـيەسىنـى بەرپا قىـلدى. بۇلار ئـىدېئولوگـىيە جەھـەتتىكى ئىلگىرىلەشنىـڭ نەتىجـىلىرى ئـىدى. كېيىـنكى ئـەمەلىيـەت ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئىدېئولـوگىيە زامـان ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنـى مۇكەممـەللەشتـۈرۈپ ياكى يېڭىلاپ بېرىشى لازىم. ئـۇنداق بولمـايدىكەن، بـاشقا خىـل ئىدېئولوگىيەنىڭ خىرىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشتىن باشقا يـول

تاپالمايدۇ. شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئاشۇنداق قاتاللىقنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى. ئۇلۇغ پېتىر I ئۇل سالغان، 1700 ـ يىللاردىن باشلىنىپ 300 يىلدا قۇرۇلۇپ بولغان غايەت زور ۋە ھەيۋەتلىك رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ 16 دۆلەتكە پارچىلىنىشى، يۇگوسلاۋىيەنىڭ بەش دۆلەتكە پارچىلىنىشى، شەرقىي گېرمانىيەنىڭ غەربىي گېرمانىيەگە قوشۇلۇپ كېتىشى قاتارلىقلار مانا شۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى قاتاللىق پەيدا قىلغان پاجىئەلىك نەتىجىلەردۇر.

ئىنسانىيەت 20 ـ ئەسىردە ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك قوراللىق ئۇرۇش، ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 100 مىليونلاپ ئادەملەر ئۆلدى. ئەمما، ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ سانى كېمەيمەستىن، بەلكى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتتى. 1927 ـ يىلى دۇنيا نوپۇسى 2 مىليارد بولغان بولسا، 1999 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانىڭ پايتەختى سارايېۋو شەھىرىدە تۇغۇلغان بىر بوۋاق بىلەن 6 مىلياردقا يەتتى. يەنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى. بۇ خۇددى تۆكۈلگەن ھەر تامچە قاندىن مىڭلاپ ئادەم تۆرەلگەندەك ئىش بولدى. ساپ كۆپەيگەن 4 مىليارد نوپۇس ئۇرۇشلاردا ئۆلگەن 200 مىليون بەرنا يىگىتنىڭ 20 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ھەربىر قان تۆكۈپ ئۆلگۈچىنىڭ قېنىدىن 20 ئادەم ئاپىرىدە بولغانغا باراۋەر.

يۇقىرىقى پاكىت، ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ئاشۇ تۇنجى كۈندىن باشلاپ نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى گۇناھ ھېسابلىغانلىقىنى، تۆت چوڭ دىنىنىڭ بىردەكلا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئېغىر گۇناھ ھېسابلىغانلىقىنى يان تەرەپتىن

چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، قان تۆكۈلسە، ئادەم كۆپىيىپ كېتىدۇ، دەپ ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنى تۆت چوڭ دىنىنىڭ پىشىۋالىرى بىلەتتىمىكىن، نېمىشقا ئېنىق چۈشەندۈرمىدىكىن، دېگەن سوئالمۇ تۇغۇلىدۇ. ۋاھالەنكى ، ئاشۇ 200 مىليون بەرنا يىگىتنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى پاكىت. ئەمما، بۇنى دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە چۈشەندۈرۈش بىھاجەت. نوپۇسنىڭ زىيادە ۋە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كېتىشىنى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراش زامان ئەقىدىلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن. ئىنسانىيەت مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىنى بوۋاق ۋە بالا مەزگىلىدە ھاياتتىن جۇدا قىلىدىغان چېچەكنى تىزگىنلىدى. قىزىل سىكارلاتىنانى ئۇچۇشلۇق كونترول قىلدى. چۈما، خولېرا قاتارلىق قىرغىنچىلىق كۈچى يۇقىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش، «يېشىل ئىنقىلاب» دەپ ئاتالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئىنقىلابى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ كۆلەملىشىشى قەھەتچىلىك ــ ئاچارچىلىق بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. مانا بۇلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان رېئال ئاساسلاردۇر. بىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشىنى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بايان قىلغىنىمىزدا، مېدىتسىنا ئىلمى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىشى قاتارلىق ئاشۇ ئامىللارنى نەزەردە تۇتىمىز.

## 2

20 ــ ئەسىرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بىزنى دەھشەتتى بىلەن ئەمەس، بەلكى شادىيانە خۇشاللىقلىرى بىلەن ھەيرەتكە

سالىدىغىنى شۇكى، بۇ ئەسىردە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېز ۋە كەڭ دائىرىدە بولدى. يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغان بىرمۇ ساھە قالمىدى. بۇ يەردىمۇ ھەيران قالغان ھالدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى قامداش، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش، تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنى قىرىش جەھەتتە ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ھەربىي ئەسلىھەلەر جەھەتتە پىلىكلىك مىلتىقلار، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان قوراللار، بىر ئاتار قوراللار ئاپتوماتىك تېز ئاتار قوراللارغا ئورۇن بوشاتتى. پىلىموت، ئاپتومات ۋە يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقلار، گىرانات، مىنا قاتارلىق بومبىلار ياسالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا تېز ئاتار زەمبىرەكلەر، يىراققا ئاتار زەمبىرەكلەر ياسىلىپ، ئېتىش مۇساپىسى 30 — 70 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. تېز ئاتار قوراللارنىڭ سەۋىيەسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قوراللانغان بىر ئادەم 100، ھەتتا 1000 ئادەمگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى تۇنجى ئاتوم بومبىسى جەڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ مىليونغا يېقىن ئادەمنى بىراقلا ئۆلتۈرۈش ئىشقا ئاشتى. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ۋودورود بومبىسى، قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان راكېتالار ياسىلىپ، بىر قېتىمدىلا مىليونلاپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھازىر يەنە نېيترون بومبىسى، لازېر نۇر قورالى، جەڭ مەيدانى ئىستراتېگىيەلىك سىستېمىسى، پىلانېتلار ئارا ئۇرۇش پىلانى قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇرۇش ئەسىر بېشىدا يەر يۈزى ۋە دېڭىزدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۇچرىشىپ مەلۇم بىر جەڭ مەيدانىدىلا يۈز بېرىدىغان قىرغىنچىلىق ھەركىتى بولغان بولسا، ھازىر كېڭىيىپ ئىستېرېئولۇق تۈس ئالدى.

ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ دەپ ئايرىلىش ئىستېمالدىن قالدى. بۇرۇن ئادەم ۋە قورال كۈچى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىل بولغان بولسا، ھازىر پەن ـ تېخنىكا كۈچى ئاساس بولۇشقا بۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ئۇرۇشتىكى غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان بولدى. ھاۋادىن ۋە يىراق ئارىلىقتىن بومباردىمان قىلىش، ئېلېكتىر ماگنىت كاشىلىسى، كومپيۇتېر ئارقىلىق تېز ھېسابلاپ قوماندانلىق قىلىش ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارغا ئايلاندى. مۇنتىزىم قوراللارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ پەقەت بەش يادرو دۆلىتىنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يادرو قوراللىرىنىڭ ئۆزىلا يەر شارىنى نەچچە ئون قېتىم خاراب قىلىشقا، يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنى نەچچە ئون قېتىم يوقىتىشقا يەتكۈدەك جۇغلانمىغا ئىگە بولدى...

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىشقا سەرپ قىلغان ئەقلىي ۋە ماددىي كۈچى ھەقىقەتەنمۇ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىگە يەتتى. بۇنى ھاياتى، جېنى، تۇرمۇشىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن بىر مەسخىرە دېمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوق. ئۇرۇش تەييارلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتىنى چەكلەشكە تەييارلىنىشتۇر. ئۇرۇشقا تەييارلانغۇچىلار ئۆزىدىن باشقىلارنى دۈشمەن ھېسابلايدۇ. دۈشمەن بار يەردە تەييار تۇرماي بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئومۇملۇقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ ئۇرۇشكە ئاساس قانچىلىك؟ ئاساس كىشىلىك شەخسىيەتچىلىكى، دۆلەت شەخسىيەتچىلىكى، ھەتتا رايون شەخسىيەتچىلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئادالەتلىك ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش، دەپ ئايرىش توغرا بولىدىغان بولسا، بۇ خىل ئۇرۇشلارغا بېرىلىدىغان

تەبىرمۇ يۇقىرىقى شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدا بېرىلىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا، بۇلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قىرىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئۆزىنى قوغداش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىغىمۇ نەزەر سېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ئەسىردە، قەدىمكى قالقان، ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنىڭ ئورنىنى ئوق ئۆتمەس كىيىملەر، پولات قالپاقلار ئالدى. تانكا، بىرونېۋىك قاتارلىق ھەم ھۇجۇم قىلالايدىغان ، ھەم ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالايدىغان قوراللار ئوتتۇرىغا چىقتى. خىمىيەلىك زەھەرلىك گاز ئۇرۇشىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان كىيىم ۋە باش كىيىملەر ياسالدى. دۈشمەننىڭ ھاۋا ۋە دېڭىزدىكى ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان «جاھان ئەينىكى» ـــ رادارلار كەشىپ قىلىندى. ئايروپىلان، تانكا، پاراخوت، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. پاراك قىلىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىسى، پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش پىلانى قاتارلىقلارمۇ شۇ جۈملىدىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئۇرۇش تەييارلىقىغا تەۋە ئىشلار بولۇپ، دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي خىراجەتكە ئاجراتقان مەبلىغى، كۆپلۈكى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىلى 2000 ـ يىلىدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خىراجىتى 292 مىليارد، ياپونىيەنىڭ 48مىليارد 660 مىليون، ئەنگلىيەنىڭ 36 مىليارد 500 مىليون، فىرانسىيەنىڭ 30 مىليارد 416 مىليون 500 مىڭ، گېرمانىيەنىڭ 22 مىليارد 906 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى، (جۇڭگونىڭ 2000 ـ يىللىق ھەربىي خىراجىتى 14مىليارد 600مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ،

دۆلەت ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 8.29پىرسەنت بولسىمۇ، يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاز). يۇقىرىقى سانلار تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلارغا قانچىلىك خىراجەت ئاجرىتىشقا قادىرلىقىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىز 2000 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ھازىر تەمىنلىنىۋاتقان يىللىق خىراجىتىنى 10 مىليون يۈەن، بۇ ئۆزۈنغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قاراپ خەلق پۇلى بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتىنى ھېسابقا ئالماي، ئامېرىكىنىڭ 2000 ـ يىللىق ھەربىي خىراجىتىنى ئاشۇ 10مىليون دېگەن سانغا بۆلۈۋەتسەك، ئامېرىكىنىڭ بىر يىللىق ھەربىي خىراجىتى بىلەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدەك بىر مەكتەپنى 29 مىڭ 200 يىل بېقىش كەتكىلى بولىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ. بۇ ھېساب مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قىرىش، ئۆزىنى يوق قىلىشقا قانچىلىك زور مەبلەغ سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلار بوگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» دېگەن شوئارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، تىنچلىقنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 3

ئىنسانىيەتنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتى چېتىلىدىغان دائىرە بەكمۇ كەڭ. ھەممە ساھەلەردە غايەت زور مۆۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ھەرگىز ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تۆۋەندە باشقا تەرەققىياتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ

باقايلى:

ھەرىكەت ـــ ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ توختاۋسىز ھەرىكەت پائالىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ھەرىكەت مۇتلەق، جىملىق بولسا نىسپىي. ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى قائىدە مۇشۇ. شۇنداقكەن، ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مىلىك، تۈمەن خىل ھەرىكىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان بىر كۈچ مەنبەسى بولۇشى كېرەك. قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق، بىكاردىن ـ بىكارغا ھەرىكەت ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ئۇنى «مەۋجۇتلۇق شەكلى» دەپلا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەرىكەت مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە ئېنېرگىيەدۇر. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئوزۇقلۇقلاردىن ئېنېرگىيە (ئىسسىقلىق كالورىيەسى) قوبۇل قىلغاندەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئىنسانىيەت 20 ـ ئەسىردە ئالدىنقى ئەسىردە بىلىنۋالغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىش قولايسىز بولغان ئېنېرگىيەلەرنى ئىشلىتىش قولايلىق بولغان ئېنېرگىيەلەرگە ئايلاندۇردى. بەلكى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تېپىپ ۋە ئېچىپ، ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى كۆپ خىللاشتۇردى. مۇشۇ ئەسىردىن ئىلگىرىلا كىشىلەر كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار كۆيگەندە چىقىرىدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ، بۇ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ، نۆۋەتتە يەنە ھاسىل قىلىنغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى، ھەرىكەت

ئېنېرگىيەسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خىمىيە پېنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. فىزىكا خىمىيە بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىدى. 1900 ـ يىلى — ئۆپۆق سىزىقىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى بالقىۋاتقان پەيتتە، كىۋانت نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئالبېرت، ئېينىشتېين 1905 ـ يىلى تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى شەرھلەيدىغان «ھەرىكەتتىكى جىسىم ئېلېكتر دىنامىكىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاتوم ئىچىدىن چىققان ماددا ماسسىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ( E=mc ) شەرھلىدى. 1916 ـ يىلى «كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك قائىدىلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ماقالىلىرىدە فوتو ئېففېكت نەزەرىيەسىنى شەرھلىدى ۋە مولېكۇلا ھەرىكىتى توغرىسىدىكى بىرونون ھەرىكىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ماقالىسى ۋە نەزەرىيەسى ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن ئىبارەت يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شەكلى بىلەن داۋاملىشىۋاتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىردىكى بارلىق تەرەققىياتلارنى ھەر خىل ئېنېرگىيەلەرنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەرەققىياتى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىردە پەن ـ تېخنىكىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېلېكتىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلېكتىرسىز ھېچنېمىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چوڭ شەھەرلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا،

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلېكتىرسىز كۆن ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. تاماق يېگىلى، سۇ ئىچكىلى، تەرەت قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ئېلېكتىرون تېخنىكىسىدا كىرىستال لامپا ۋە توپلاشتۇرۇلغان توك يولى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بىز ئېلېكتىرسىز 1901 - يىلى كەشىپ قىلىنغان رادىيونى، 1903 - يىلى كەشىپ قىلىنغان ئايروپىلاننى، 1885 - يىلى كەشىپ قىلىنغان تۇنجى ئاپتوموبىل ئاساسىدا 1908 - يىلى تۇنجى پىكاپىنىڭ ياسالغانلىقىنى، 1926 - يىلى كەشىپ قىلىنغان تېلېۋىزورنى، 1946 - يىلى كەشىپ قىلىنغان ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى، توڭلاتقۇ، ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇلارنى، راكېتا، سۇنئىي ھەمراھ ۋە ئالەمگە ئۇچۇشلارنى، ئوپتىك كابېل ۋە سىمسىز ئالاقە ۋاستىلىرىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە تۆمۈر - تەسەككە ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى نەرسىلەرسىز ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، 20 - ئەسىردىكى بارلىق تەرەققىياتلارنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ھەرگىزمۇ باشقا تەرەققىياتلارنى كەمسىتكەنلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ ئانىسى.

ئېلېكتىر تەرەققىياتى — دۇنيانى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدىكى سانائەتلىشىش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. يېزا ئىگىلىك قاتارلىق باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاسانلاشتۇردى ۋە تېزلەشتۈردى، ئۈنۈمنى ئۆستۈردى، تۇرمۇشنى قولايلاشتۇردى ۋە پاراۋانلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى، ئالاقە ۋاستىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالۋىن توفلېرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «يەرشارىنى كىچىككىنە بىر

كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى.»

بىز مۇشۇ ئەسىردىكى تەرەققىياتلارغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ھەممىنى ئېلېكتىر تەرەققىياتى ئارقىلىقلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيدىغان بولساق، ئازراق بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىمىز. بۇ ئەسىردىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلار ئىچىدە يەنە 1937 ـ يىلى كەشىپ قىلىنغان نىلون، بىيولوگىيەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن گېن ۋە مېڭە ئاق ئالتۇن ماددىسىنىڭ بايقىلىشى، كلونلاشنىڭ ئىشقا ئېشىشى قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە يەنە نامېي تېخنىكىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىمۇ قوشۇپ ئۆتۈش كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئىچىدىكى نىلون تالاسى ئىنسانىيەتنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىشى جەھەتتە، تېرە ـ يۇڭ، چىگە تالاسى، پاختا ۋە يىپەكتىن كېيىن بەشىنچى قېتىملىق ئىنقىلابنى پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەت پاختا ـ يىپەككىلا تايىنىدىغان ھالەتتىن قۇتۇلدى. ئىنسانىيەت گېن گورۇپپىسىنىڭ بايقىلىشى قاتارلىقلار ئېلىپ كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھازىرچە تېخى ئومۇملىشىش باسقۇچىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، كېيىنكى ئەسىرگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر ئىنسانىيەت گېن گورۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي ئىسخېمىسى سىزىلىپ بولدى. كىشىلەر ئارىسىدا، ئىلگىرىكى «ئۆسۈش، ئاستا ـ ئاستا قېرىش، كېسەل بولۇش، قېرىش تېزلىشىش، ئاخىرىدا ئۆلۈش» تىن ئىبارەت ھايات فورمۇلاسى «قېرىماي تۇرۇپلا ئۆلۈش»، «كېسەل بولماي تۇرۇپلا ئۆلۈش» كە ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ئۆمرى 400 يىلغا ئۇزىرايدۇ، دېگەن قىياسلار ئېقىپ يۈرمەكتە. كلونلاش تېخنىكىسى ئىنساننىڭ سۈپەت ـ ساپا جەھەتتىكى ئىرسىيىتىنى ھازىرقى 50 پىرسەنتتىن 100 پىرسەنت ئۆستۈرىدۇ، دەپ قىياس قىلماقتا. بۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىغا بولغان خىرىسى تېخىمۇ

زور. زادى كىلونلاش قانۇنلىشالامدۇ ـ يوق، ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كىلون تېخنىكىسىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەپسانىلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغانلىقى ئېنىق.

بىز يۇقىرىدا ئەسىر ئاخىرىدىكى بىرقانچە زور كەشپىياتنى ئېلېكتىر تەرەققىياتىدىن ئايرىپ تۇرۇپ سۆزلىدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇلار ئايرىلمايدۇ. ئەگەر ئېلېكتىر تەرەققىياتى يۇقىرى سۈپەتلىك تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىگەندە ئىدى، بۇ كەشپىيات ۋە بايقاشلار روياپقا چىقمىغان بولاتتى. شۇڭا بۇ ئەسىردىكى تەرەققىياتلارنى ئېلېكتىر تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش يەنىلا خاتا ئەمەس. ئىنسانىيەت گېن گورۇپپىسى، مېڭە ئاق ئالتۇن ماددىسى، نامبي تېخنىكىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار باشقا بىر قېتىملىق ئىلمىي لېكسىيەگە تەۋە بولغانلىقتىن بۇ يەردە تەپسىلىي توختالماي ئۆتۈپ كەتتۇق.

بۇ ئەسىردىكى ئېلېكتىر تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىدىن بىرى كومپيۇتېردۇر. كومپيۇتېر ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ـــ سانائەت، ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىك، قاتناش، پوچتا ـ ئۇچۇر، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەلىرىگە يېڭىلىق ئېلىپ كىردى. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەم ۋە تېزلىككە ئىگە قىلدى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇردى، دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. دۇنيانىڭ 1999 ـ يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 29 تىرىليون 340 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇ، دۇنيادىكى ھەربىر نوپۇس 4890 دوللارلىق قىممەت ياراتتى، دېگەن گەپ. بىزگە ئوخشاش ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت

ياراتمايدىغان ئادەملەر ياكى رايونىمىزغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق، ئۇنۇمى تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ھەر نوپۇسقا ئاز كەم بەش مىڭ دوللاردىن توغرا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى، بۇ پاكىت، دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق يۇقىرى ئۇنۇم يارىتىش دەۋرىگە كىردى. بۇ، ئېلېكترونى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلغان ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

بۈگۈنكى دۇنيادا كىم ئېلېكترون ـ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ياخشى ئىگىلىگەن بولسا، شۇ ئالدىدا ماڭىدىغان، ھەممىنى يېڭىدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئاللىقاچان شەكىللەندى. بىز 1992 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئاشۇ 40كۈن ئىچىدە ئىراقنىڭ بارلىق ئالاقە ۋاسىتىلىرى پالەچ قىلىۋېتىلدى. ئىراق تەرەپتىن 100 مىڭ ئادەم ئۆلدى. ئامېرىكا باشچىلىق قىلغان كۆپ دۆلەت قىسىملىرىدىن ئاران 126 ئادەم ئۆلدى. بۇ نۇقتا بىزگە ئېلېكترون ـ كومپيۇتېر ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلگەن قىسىملار بىلەن سەپلەپ بېرىلمىگەن قىسىملار ئارىسىدىكى پەرقنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كوسوۋو ئۇرۇشى ۋاقتىدىمۇ ئېنىق كۆرۈلدى.

كومپيۇتېر تېخنىكىسى دۇنيانى ئۇچۇر دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە باشلاپ كىردى. كىمنىڭ كومپيۇتېرى كۆپ بولسا، كىم كومپيۇتېرلىرىنى ياخشى تورلاشتۇرالىغان، ياخشى ئىشلىتەلىگەن بولسا، شۇ پەن ـ تېخنىكىدىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 1999 ـ يىلى ئامېرىكىدا تورغا كىرگۈزۈلگەن كومپيۇتېر 94 مىليونغا يېتىپ، ئامېرىكىدىكى ھەر ئىككى يېرىم ئادەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىردىن تۇغرا كەلدى. جۇڭگودا بولسا، تورغا كىرگەن كومپيۇتېر 6 مىليون 500 مىڭ بولۇپ، ئامېرىكىنىڭكىدىن 15 ھەسسە ئاز. كىشى بېشىغا تەقسىم بولۇش نىسبىتى بولسا ئىنتايىن تۆۋەن، ھەتتا ئافرىقىدىكى نامىبىيە، زامبىيە، توگو، كېنىيەلەردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ مۇھاكىمىمىزدىكى مەسىلە ئەمەس. كۆرۈپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز، كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بىلەن شۇ دۆلەت ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ مۇناسىۋىتى. 1999 ـ يىلى ئامېرىكا دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ياراتقان بولسا، جۇڭگو ئاران 3 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ياراتتى. بۇ سېپىرلار كومپيۇتېرنىڭ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مىقدارى ئارىسىدىكى ئۇلۇغ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئېلېكتىر قۇۋۋىتى ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولسا، بىر گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش ئەسىر ئاخىرىدىكى دۇنياۋى خاھىشقا ئايلاندى. بۇ باشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۆلۈنۈش ـ بىرلىشىشكە تەقەززا بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنىڭ يەنە بىر دەلىلى. سىياسىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىش ھازىرچە تېخى خېلىلا غۇۋا مەنزىرە بولۇپ، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان بىر گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلارغا قارىتىلغان. ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىش — ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ھازىرقى زامانچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمەتلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتەك ئاچچىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تايىنىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈردى. بىر ئەل يەنە بىر ئەلنىڭ بازىرىغا

ئايلاندى. بىز ئەرەبلەرنىڭ نېفتى بولمىسا، ياپونلارنىڭ ئايروپىلانلىرى، پاراخوتلىرى، پويىزلىرى، ئاپتوموبىل ـ پىكاپلىرى توختاپ قالىدىغانلىقىنى، ياپونلارنىڭ ماشىنىلىرى بولمىسا، ئەرەبلەرنىڭ پىيادە قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر گەۋدىلىشىشنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۈگۈنكى دۇنيادا ياپونلار بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر ـ بىرىگە تايىنىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشتەك ئاشۇنداق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. ھازىر دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە چەت ئەلنىڭ ئاشلىقىنى يەپ باقمىغان، مېۋە ـ چېۋىلىرىنى تېتىپ باقمىغان، كىيىملىرىنى كىيىپ باقمىغان، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ باقمىغان، ئايروپىلان ـ ئاپتوموبىللىرىغا ئولتۇرۇپ باقمىغان ھېچكىم قالمىغاندۇ، دەپ پەرەز قىلساق، بۇ، ئارتۇقچە ئاشۇرۇۋېتىكەنلىك بولماس. ئۆزئارا تايىنىش ۋە تولۇقلاش تەقەززاسى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئوبيېكتىپ ئامىلدۇر. سۇبيېكتىپ ئامىل بولسا، ھەرقايسىسى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مالنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقانلار ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، دەپ قارىساق خاتالاشقان بولمىمىز. ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمەتلەر پەقەت يول قويىدۇ ۋە سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىدۇ، ئىشنى بولسا دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بېجىرىدۇ. ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا دۆلەت ھالقىغان شىركەتتىن 50 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەردە 500 مىڭدىن ئارتۇقراق شۆبە ئاپپاراتى بار. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خەلقئارا

سودىنىڭ 60 پىرسەنتىنى، خەلقئارادىكى بىۋاستە مەبلەغ سېلىشنىڭ 90 پىرسەنتىنى، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئاشۇ دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ (دۆلەت ھالقىغان ئەڭ چوڭ 1000 شىركەت ئىچىدە ئامېرىكىغا تەۋەسى 494، ياپونىيەگە تەۋەسى 135). دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ كۆپىيىشى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ھەرقايسى ئەللەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، خەلق ئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتتى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئوخشاش سىياسىي جەھەتتىنمۇ بىر گەۋدىلىشىشكە يول ئاچتى. بىز گەرچە كەلگۈسىدە دۇنيا ھەممە جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىدۇ دېيەلمىسەكمۇ، ئەمما مەلۇم دۆلەتلەر ئارا چېگرادىن پاسپورتسىز ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەركىن بېرىش - كېلىش قىلغىلى بولىدۇ. دۇنيا نېفىت تەشكىلاتىدىكىگە ئوخشاش مەلۇم بىر خىل تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى دۇنيا بويىچە بىرتۇتاش پىلانلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس تەبىئىتىمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزاق بىر جەريان كېتىشى مۇمكىن.

## 4

دۇنيا مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان دەۋرگە قەدەم قويدى. تۇرمۇش خىيالدىكىدىنمۇ ئارتۇق پارلاشتى. ئىشلەپچىقىرىشتىكى جىسمانىي ئەمگەك جاپاسى كېمىيىپ، كۆپ

هاللاردا جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ئەقلىي ئەمگەك ئىگىلىدى. شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى، زىيالىيلار بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ پەرقى تۈگەشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ، ئالدى بىلەن مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى. مۇشۇ ئەسىردە مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ رولىغا بولغان تونۇش، ھەرقايسى ئەللەردە ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى. بىلىمنىڭ كۈچ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم تونۇپ يەتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننى تەكىتلىمەيدىغان بىرمۇ دۆلەت ۋە مىللەت يوق. گەرچە ئەمەلىي كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى ۋە ئىمكانىيىتى ھەر خىل بولسىمۇ، بارلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىككى ساھەگە سالىدىغان مەبلەغ تەدرىجىي كۆپەيدى. ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى ۋە ساپاسى ئۆسۈپ، ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچى ئۇرغۇدى. غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغ شۇ دۆلەت يىللىق ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 5.3 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى. كانادا، شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە بولسا 7 پىرسەنتتىنمۇ يۇقىرى بولدى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسى 5.1پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش بولۇپ، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتە 2.6 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ). ھەرقايسى ئەللەر مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ شۇ دۆلەتتىكى كىشى بېشىغا تەقسىم بولۇش نىسبىتىمۇ ئۆستى. كانادا، نورۋېگىيە، فىنلاندىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1000 دوللاردىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ 640 دوللاردىن 1000 دوللارغىچە، تەرەققىي

قىلغۇاتقان دۆلەتلەرنىڭ 100 دوللاردىن-500 دوللارغىچە، پەقەت تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭمۇ 100دوللاردىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ (دۆلەت مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى ھىندىستاندا 11.17 دوللار، جۇڭگودا بولسا 9.4 دوللار بولۇپ، بۇ يەردىكى بۇنداق تۆۋەن بولۇشنى نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان). كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە قورۇلمىسىمۇ سېلىنمىغا لايىق بولدى. يەنى سېلىنما بىلەن توغرا تاناسىپلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاشتى. ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئامېرىكىدا 5000، كانادادا 6000، رۇسىيەدە 3500 بولدى. باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ 2000 دىن يۇقىرى بولدى (جۇڭگودا ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ سانى 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە 420 دىن ئاشتى). يۇقىرىدىكى مائارىپ سېلىنمىسى ۋە تۈمەن ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە دائىر سان ـ سىپىرلاردىن مائارىپ بىلەن تەرەققىياتنىڭ، تەربىيەلىنىش دەرىجىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى باشتا كەلتۈرۈلگەن مۇناسىۋەتلىك سانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش كەتكىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپتىن باشقا يەنە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ 1995 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىغا سالغان مەبلىغى 170 مىليارد 770 مىليون دوللار بولۇپ، بۇ، شۇ يىللىق ئامېرىكا دۆلەت چىقىمى (PDG) نىڭ 2.45 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ سېلىنما ياپونىيەدە 1996 ـ يىلى 12 مىليارد 198مىليون دوللار (2.88 پىرسەنت)، گېرمانىيەدە 78مىليارد 820 مىليون دوللار (2.27پىرسەنت)، فىرانسىيەدە 17مىليارد

560 مىليون دوللار (2.38پىرسەنت)، ئەنگلىيەدە 1993 ـ يىلى 24 مىليارد 126 مىليون دوللار( 2.19پىرسەنت) بولدى. جۇڭگونىڭ 1996 ـ يىلىدا پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا سالغان مەبلىغى 23 مىليارد 200 مىليون دوللار بولۇپ، گەرچە ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەلەردىنلا كېيىن تۇرسىمۇ، لېكىن شۇ يىللىق دۆلەت ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.5 پىرسەنت بولدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملارنىڭ سانى شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاجراتقان مەبلىغىگە ماس ھالدا بولدى. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ سانى ئامېرىكىدا 962 مىڭ 700نەپەر، ياپونىيەدە 526 مىڭ 500 نەپەر، گېرمانىيەدە 240 مىڭ 800 نەپەر، فىرانسىيەدە 137 مىڭ نەپەر بولدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگودا ئالىملارنىڭ سانى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىنلا كېيىن تۇرۇپ، ئالدىنقى ئۈچىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ سانىغا لايىق ھالدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خەلقئارادىكى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلمىي ماقالىلىرىمۇ ئامېرىكىنىڭ 35پىرسەنتىنى، ياۋروپانىڭ 27پىرسەنتىنى، ياپونىيەنىڭ 9پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئالدىنقى قىسىمدا سۆزلەنگەن مائارىپ ۋەن پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر سانائەت، ھەربىي ئىشلار، مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە گۈللەنمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى قولغا

كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ شالىنىش نىسبىتى ھەر يىلى 20 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدىغان، ھەربىر يېڭى تېخنىكىنىڭ ئۆمرى ئوتتۇرا ھېسابتا ئاران بەش يىل بولىدىغان سەۋىيەگە يېتەلمىگەن بولاتتى. ئالدىنقى ئەسىردە بىر يېڭى تېخنىكىنىڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن 30 ــ 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان بولسا، 20 ـ ئەسىردە بەش يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، تېخى كونىراپمۇ ئۈلگۈرمىگەن بولدى. «پەن ـ تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى» دېگەن يادا سۆز ئەنە شۇ سۈرئەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئىنسانىيەت 20 ـ ئەسىردە ئەنە شۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتى. بۇ يەردە ئىنسانىيەت ماددىي جەھەتتىن باياشاتلىققا ئېرىشىش بىلەن تەڭ، مەنىۋى جەھەتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن نامراتلىق كىرىزىسىگە دۇچ كەلگەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىم. ئەنئەنىۋى ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئەخلاقىي نامراتلىق ــ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق رەزىل قىلمىشلار سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. يەر شارىدا بۇنداق ھادىسىلەر يۈز بەرمىگەن دۆلەت ۋە رايون قالمىدى. يۇقىرى قاتلام پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، ئاۋام پۇقرا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. جىنايەتنىڭ يېڭى ـ يېڭى تۈرلىرى كەشىپ قىلىندى. ئەيش ـ ئىشرەت، شەھۋانىيلىق، بۇزۇقچىلىق، ئىسراپچىلىق ئاشكارا تۈس ئالدى. «ئاياللار ئازادلىقى» شوئارى «جىنسىي ئازادلىق» شوئارىغا تەرەققىي قىلدى ۋە «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»

نى قانۇنلاشتۇرۇشقىچە بېرىپ يەتتى. جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ھۇجەيرە — «ئائىلە» نىڭ مۇقىملىقى ئاجىزلاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ گۈللىنىشى — رادىيوئاكتىپلىق بۇلغىنىش، يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، جانلىقلار نەسلىنىڭ قۇرۇشقا يۈزلىنىشى ۋە بىنورمال تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان بولسا، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەيدىز كېسىلى ، تېررورلۇق، بىدئەت دىن قاتارلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدىنقى تۆت ئاپەت ماددىي ئالەمنىڭ نورماللىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان بولسا، كېيىنكى تۆت ئاپەت ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساغلاملىقىنى بۇزدى. ئىنسانىيەت پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى نامايان قىلغان بولسا، مەنىۋى جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش — مۇشۇ ئەسىرنىڭ يەنە بىر تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ھادىسىلەر ھوقۇق ئىگىلەپ تۇرغان ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەخلاق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش رولىنىڭ يوقىلىۋىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزى، مەيلى ئۇ ئاغزىدا نېمىلەرنى دېمىسۇن ۋە ئۆزىنى قانداق پەردازلىمىسۇن، شەخسىيەتچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ توپلاشما شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى ئىنكار قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى يەنىلا شەخسىيەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەسىر ئاخىرىدا «دۆلەت

كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيىتى خەلقنى باشقۇرىدىغان قورال بولماستىن، بەلكى خەلققە خىزمەت قىلىدىغان قورال بولۇشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ھاكىمىيەت فۇنكسىيەسىگە دائىر گەپلەر چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخى ئېغىزدىكىلا گەپ. ئەگەر شۇنداق بۇرۇلۇش بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار دېيىلگەندىمۇ بۇنىڭغا يەنە ئۇزۇن بىر تارىخى جەريان كېرەك، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسىردە شەخسىيەتچىلىك يەنىلا ئاساسىي رول ئوينىمدى. ھەتتا بەزىلەر شەخسىيەتچىلىكنى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بىز ئادەتتە «بۇرژۇئا ئىدىيەسى» دەپ ئاتىۋالغان نەرسە شۇ. شەخسىيەتچىلىك ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە تەشەببۇس قىلىنغانىكەن، ئىنسان بالىسى نېمە ئىشلارنى سادىر قىلمايدۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن، ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، ئۆز گۇرۇھىدىن باشقىلارنى ئويلىمايدۇ، مەنپەئەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ، ھەرقانداق قەبىھ ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى بولسا، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. شۇنداق، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقى پاكىت. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئەنسىزلىككە پېتىپ ئۈمىدسىزلىنىشكە ئورۇن يوق. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شەكىللەنگەندىن بېرى ئىزگۈلۈكلۈك بىلەن رەزىللىك خۇددى قوشماق مېغىزدەك نەچچە يۈز قېتىم ئەۋج ئېلىپ يەنە پەسەيدى. يىلان قانچە پۇۋلەپمۇ دوزاخ ئوتىنى بۇ ئالەمگە تۇتاشتۇرالمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ياخشىلىق ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. بۇ — تارىخ. گەرچە تارىخنى كەلگۈسى ئۇچۇن ئۆرنەك قىلىشقا بولمىسىمۇ، بىز يەنىلا ئالەم تۈزۈلىدۇ، ئەخلاق ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىشكە ھەقلىقمىز. يېڭى ئەسىرنىڭ قۇياشى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ، يەر شارىنى يەنىلا نۇرغا تولدۇرىدۇ، قەلبلەرنى يورۇتىدۇ.

## 5

دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ 20 ـ ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى قايتا ئەسلىگىنىمىزدە، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كەچمىشلىرىنىمۇ بىر قېتىم كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى بىز دۇنيانى مۇشۇ ئالاھىدە نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىمىز ۋە مۇشۇ ئالاھىدە نۇقتا بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلاردىن پايدىلىنىپ خۇلاسىلەرگە ئىگە بولىمىز.

جۇڭگو 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا توپتوغرا 50 يىل ئۇرۇش مەيدانى بولدى. 1900 ـ يىلى، 20 ـ ئەسىرنىڭ تاڭ پەردىسى كۆتۈرۈلىۋاتقان پەيتتە، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بېيجىڭغا بېسىپ كىرىشى، مەشھۇر يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلىشى، يىخېتۇەن گۇمپىسى ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇشى، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى — مۇشۇ ئەسىر جۇڭگو پاجىئەسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. ئارقىدىنلا مۇشۇ زېمىندا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى قانات يېيىپ كەتتى. 1904 ـ يىلىدىكى رۇس ـ ياپون ئۇرۇشى مۇشۇ زېمىندا بولۇپ ئۆتكەن تەسىر دائىرە تالىشىش ئۇرۇشىدۇر. باشقا خەق سېنىڭ زېمىنىڭدا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ يۈرسە، بۇ قانداق دۆلەت بولدى؟ دۆلەت دۆلەت بولالماي ، ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت بولالماي قالغانىدى. بۇ، مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىش — ئىنقىلاب پەيدا قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى. 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئېتىپ، 2000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن خاندانلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوردىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھ تەختتىن چۈشۈشكە

مەجبۇر بولدى. دۆلەت پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى، ھوقۇق چېچىلدى. جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىگە قەدەم قويدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى — خاندانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەنزۇ ۋە مانجۇ خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ۋە پۇت بوغۇشىدىن قۇتۇلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا 1915 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈەن شىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە قارشى گېنېرال سەي ئې باشچىلىق قىلغان يۈننەن ـ سىچۈەن خەلقىنىڭ جازا ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى. مىلىتارىستلار دائىرە ئىگىلەپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشتى. لۇشۈن ئەپەندى تەسۋىرلىگەندەك سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدە ھەركۈنى بىر بايراق ئالمىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 1919 ـ يىلىدىكى ۋېرسال سۈلھى يىغىنىدا جۇڭگوغا تېڭىلغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىنىڭ ھاقارەتلىك ماددىلىرى تارىختىكى مەشھۇر «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت كېيىنچە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئايلىنىپ كەتتى. يېڭىلىق ھەرىكىتى قوزغالدى. ئاڭ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە مائارىپتىكى ئۆزگىرىش سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1921 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر تارىخىي ۋەقە بولدى ۋە كېيىنكى تارىخقا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ پارتىيەسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. بۇ، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە گومىنداڭ ـ كومپارتىيە ھەمكارلىقىدا دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى. دۆلەتنىڭ كۆپ قىسىم ئۆلكىلىرى ئېتىراپ قىلغان مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىرلىك ئەمەلگە ئاشتى،

شۇ يىلى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيەنىڭ ھەمكارلىقى بۇزۇلدى. شۇ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا نەنچاڭدىن ياڭرىغان ئوق ئاۋازى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەمۇ قوراللىق كۈچكە ئىگە بولدى. 1927 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. 1931 ـ يىلىدىن باشلاپ ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنى بېسىۋېلىشى، شاڭخەيگە بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن سىرتقى كىرىزىس 1937 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ياپونىيە تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوراللىق كۈچنىڭ پىشىپ يېتىلىش مەزگىلى بولدى. 1945 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كىم ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 1950 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى...

ئالدىنقى 50 يىلدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ـ يېغىلىقلارنى بىراقلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، مۇشۇ 50 يىلدا، مۇشۇ كۆلەمدىكى زېمىندا بىركۈنمۇ ئەمىنلىك بولمىغاندەك تەسىراتقا كېلىمىز. قانچە ئادەم ئۆلۈپ، قانچىلىك ئىسسىق قانلار ئاققاندۇ؟ قانچىلىك ھەسرەتلىك ياشلار تۆكۈلگەندۇ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ تۆكۈلگەن ياشلاردىن تۆكۈلگەن قانلار كۆپ بولدى. ياپونغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا جۇڭگو خەلقىدىن 30 مىليون ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. باشقا ئۇرۇشلاردا قانچىلىك ئادەم ئۆلگەندۇ؟ قارىماققا بۇ تولىمۇ نادامەتلىك، ھەسرەتلىك كەچمىشتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما «جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ روھى بويىچە پىكىر قىلساق، بۇلارنىڭ قۇربان

بېرىشكە، قان تۆكۈشكە، ياش تۆكۈشكە ئەرزىگۈدەك ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. 50 يىللىق ئۇرۇش مۇشۇ زېمىنغا ئاجايىپ تالانتلىق داھىيلارنى، شۆھرەتلىك قوماندان ـ گېنېراللارنى، ئىرادىلىك قىز ـ يىگىتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 50 يىللىق ئۇرۇش كۆڭزى، مېڭزى ئىدىيەسى 2000 يىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جۇڭگوغا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيەسىنى ئېلىپ كىردى. 50 يىللىق ئۇرۇش — مالىمان جۇڭگو خەلقىنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 50 يىللىق ئۇرۇش — نەچچە مىڭ يىللىق پادىشاھلىق تۈزۈمنى شاللاپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلىدى. 50 يىللىق ئۇرۇش — مالىمان جۇڭگو خەلقىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. 50 يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو جەمئىيەت تەرەققىياتى تەرتىپى بويىچە كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئاتلىماستىن، بىراقلا سەكرەش ھاسىل قىلىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتتى. جۇڭگونى ھېچكىم ئاسانلىقچە بوزەك قىلالمايدىغان بولدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلى جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن ئەمىنلىك يىللىرى بولدى. تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلۈپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش يولغا قويۇلدى. گەرچە ئوتتۇرىدا بىر تالاي «ھەرىكەت» لەر، 1960 ـ يىللىدىكى ئاچارچىلىق ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئوخشاش پاجىئەلىك قىستۇرمىلار بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، 50 يىلنىڭ تارىخى يەنىلا تىنچ ئەمىنلىك ۋە تەرەققىياتتىن مەزمۇنلاندى. ئىزچىل ھالدا ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش، ئىقتىساد ئېشىش يۈزلىنىشىنى ساقلاپ كەلدى. جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1956 ـ يىلىدا 163 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1978 ـ

يىلى 1 تىرىلىيون 592 مىلىيارد 800 مىلىيون يۈەنگە، 1999 ـ يىلى بولسا 8 تىرىلىيون يۈەندىن كۆپرەككە ئۆستى. 1999 ـ يىلدىكى قىممەت 1956 ـ يىلدىكىدىن 48 ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتقان بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى، بولۇپمۇ 1978 ـ يىلدىن كېيىن ناھايىتى تېز بولدى. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئوتتۇرىچە 3 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇۋاتقان شۇ مەزگىلدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا بىرقانچە يىل 12پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇپ، ئىككى خانىلىق سان ھاسىل قىلدى. بۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى غايەت زور تېزلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە 30نەچچە ياشتىن ھالقىغان يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسى شۇ مەزگىلدىكى ئېشىش سۈرئىتىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. ھازىر جۇڭگو ئىقتىسادى قىزىپ كېتىش باسقۇچىدىن يېنىپ 7 ـ 8 پىرسەنتلىك يۇقىرى نورمال ئۆسۈش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 20 يىل ئىلگىرى جۇڭگو يۇقىرىلىرى ئومۇميۈزلۈك يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتقان بولسا، ھازىر قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 10 كىۋادرات مېتىردىن ئاشتى. مەملىكەت بويىچە ئاھالىلەرنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتى 1995 ـ يىلى 56.1 پىرسەنت بولغان بولسا، 1999 ـ يىلى 49.3 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى (بۇ، سىياسىي ئىقتىسادتا ئېنگىل كوئېففىتسېنتى دېيىلىدۇ، ئېنگىل كوئېففىتسېنتى 47پىرسەنت بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 47پىرسەنتتىن ئارتۇقى كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلسە، بۇنداق ئادەم نامرات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاشقان قىسمى ئارانلا قايتا ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى سېلىشقا يېتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تەربىيىلەش، داۋالىنىش، كۆڭۈل ئېچىشقا مەبلەغ




ئاجرىتالمايدۇ). يۇقىرىقى تۆۋەنلەش گەرچە يەنىلا نامراتلىق سىزىقىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش سەۋىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، غايەت زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىنكى 50 يىلدا جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىشلىرى غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى. جەمئىيەتكە، ئومۇمىي سۈپەت ـ ساپاغا ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئالىي مائارىپنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭەيدى. ھەر تۈمەن ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ سانى 1999 ـ يىلى 420 كىشىگە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيەسى قوبۇل قىلغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغىمۇ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، 1999 ـ يىلى 10 مىليارد 925 مىليون دوللارغا يېتىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ، جۇڭگودىكى ھەربىر نوپۇسقا 4.9 دوللاردىن توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگونىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىمۇ ئۈچقاندەك راۋاجلاندى. پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئالىملارنىڭ سانى 1996 ـ يىلى 559 مىڭغا يېتىپ، ئالىملار سانى جەھەتتە ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات سېلىنمىسىمۇ يۇقىرى بولدى. 1996 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكىغا سېلىنغان سېلىنما 33 مىليارد 300 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇنىڭغا لايىق ئالىملار ھازىر دۇنيادا دىققەتنى تارتىۋاتقان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال

كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. 1964 ـ يىلىدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم بومبىسى سىنىقى، ۋودورود بومبىسى سىنىقى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرۇش، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېلېكترونلۇق تېزلەتكۈچىنى ياساش، گېن قۇرۇلمىسىنى بايقاش ۋە گېن قۇرۇلمىسى ئىسخېمىسىنى سىزىشقا قاتنىشىش، كلون تېخنىكىسىنى ئىگىلەش قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردۇر.

ھازىر جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئورنى سىياسىي جەھەتتە 2 ـ، ئىقتىسادىي جەھەتتە 4 ـ، پەن تەتقىقات كۈچى جەھەتتە 7 ـ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى سېلىشتۇرمىسىدا 6 ـ، رىقابەت كۈچى جەھەتتە 27 ـ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سىياسىي جەھەت دۇنيادىكى سىياسىي ئىشلاردا ئويناۋاتقان رولىنى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى، قاتتىق كۈچ (ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھەربىي كۈچ) ۋە يۇمشاق كۈچ (خەلقىنىڭ ساپاسى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، مەدەنىي ھاياتىي كۈچ) قاتارلىق ئىككى تەرەپنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى سان ـ سىپىرلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو كېيىنكى 50 يىلدا ھەقىقەتەنمۇ غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋاھالەنكى، قىيىنچىلىقمۇ يوق ئەمەس. جۇڭگو كېيىنكى ئەسىردە يەنە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار غەرب ئەللىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە سەۋەبتىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسى، ئاھالىنىڭ قېرىلىشىش ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسى، ئاھالىنى قانداق بېقىش ـــ يېزا ئىگىلىكىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى، ئېنېرگىيە قىس بولۇش مەسىلىسى، مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتلىشىش جەھەتتە تەرەققىي

قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىشىنىمەنكى، بۇ قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز.

جۇڭگو 1978 ـ يىلىدىن كېيىن تەرەققىي قىلىشنىڭ نورمال ئىزىغا چۈشتى. جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتەرى — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىگە ئىگە بولدى. مېنىڭچە، يۈكسەك نىشانلارنى كۆزلەپ غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان بۇ غايەت زور پويىزنى ئەمدى ھېچكىم ئارقىغا قايتۇرالمايدۇ. مانا بۇ، تارىخىي يۈزلىنىش، جۇڭگونىڭ تارىخىي يۈزلىنىشى.

## 6

دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەھۋالى ھەققىدە توختالغاندا، شۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىمىز تەۋە بولغان، دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە 100 نىڭ ئالدىدىكى نوپۇس سانىغا ئىگە ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئارتۇقچە بولماس. چۈنكى بىزمۇ بارلىق خەلقلەرگە ئوخشاش 20 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتتۇق. يۇقىرىدىكى بايان تەرتىپى بويىچە، ئالدى بىلەن باشتىن كەچۈرگەن ئۇرۇشلارنى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى ئەسلىمەكچى بولساق، سۆزلىگۈدەك گەپ تېپىلمايدۇ. 1912 ـ يىلى قومۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى كۆتۈرۈلۈشكە ئوخشاش ئايرىملىق خاراكتېرىدىكى يىغىلىقلارنى ئەسلەپ يۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. 1932 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ راستتىنلا بىر مەزگىل ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا پاتتى، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلار بولدى. 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە شىمالىي شىنجاڭدا بولغان ئىنقىلاب «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»،

بۇلارنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، قايتا سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى جەھەتتە ئۆزىمىز كەشىپ قىلىش تۇگۇل باشقىلار كەشىپ قىلغانلاردىنمۇ پايدىلىنالمايۋاتىمىز. ئىقتىساد، قۇرۇلۇش، تۇرمۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتلارنى گېزىت، رادىيو خەۋەرلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاشۇ خەۋەرلەردىن مەلۇمكى، تۇرمۇشىمىزنىڭ يۈكسىلىشىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىكەن. ئەمما، بۇلارنى تەكرارلاپ يۈرۈشكە ئېھتىياج بارمۇ؟ نەتىجىلەرنى باشقا يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش بولدى. ئەسىر بېشىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن: «سىز قايسى مىللەتتىن؟» دەپ سورالسا، كاللىدىن سورىسا پاچاقتىن جاۋاب بەرگەندەك، ئۇلار: «مۇسۇلمان» ياكى «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىدىكەن. بۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. 1925 ـ يىلى تاشكەنتتە بىر قىسىم ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرى يىغىن ئېچىپ «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغانلىقى ۋە 1933 ـ يىلى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىسمنى ئېتىراپ قىلغانلىقى مەلۇم. ھازىر، ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر قالمىدى. ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بۇ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئاڭمۇ تەدرىجىي كۈچەيدى. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلىدا، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۈچەپ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى تارىختا كۆرۈلمىگەن سەۋىيەگە كۆتۈرۈلدى. ھەرقانداق بىر ئاڭلىق ئۇيغۇر ئۆز تەقدىر ـ كەچمىشلىرىنىڭ مۇشۇ ئېتىنىك تۈركۈم

قىسمەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ شۇلار بىلەن بىر قازاندا قاينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. بۇنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى تەربىيەسىنىڭ كاتتا نەتىجىسى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، پارتىيە مىللىي سىياستىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر تارىخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى قۇچاق ئاچتى. تالاي تارىخىي كىتابلار قايتا يېزىلدى ۋە قايتا نەشر قىلىندى. مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. تارىخىي رومانلار دەۋرنى دەۋرگە ئۇلىدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ھەسسە قوشتى. ھازىر ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى 2000 يىللىق تارىخنى سىستېمىلىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. گەرچە باشقا مىللەتلەرنىڭكىدەك چوڭقۇر بولمىسىمۇ، تارىخىي ساۋاتسىزلىق ئاساسەن تۈگىتىلدى. بۇنى ئەسىر بېشىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان مىللەتكە نىسبەتەن كاتتا نەتىجە دېمەي بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى يەنە بىر نەتىجىسى، ھازىرقى زامانچە مائارىپقا ئىگە بولغانلىقىدۇر. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بىخلىنىشى 1932 ـ يىلىدىن باشلاندى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە تېزلا ئومۇملاشتى. كېيىنكى 50 يىلدا بولسا، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ھەقىقىي تۈردە كۈلەملەشتى. كەنتلەردە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇش، يېزىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش، ناھىيەلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش ئىشقا ئاشتى. ئوقۇيالماسلىق، يازالماسلىق ساۋاتسىزلىقى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. ۋاھالەنكى، بۇ مائارىپنىڭ مىللەتنىڭ

ساپاسىغا كۆرسىتىۋاتقان تۈرتكىسى يەنىلا بەك تۆۋەن. گەرچە بىر قىسىم ياش زىيالىيلىرىمىز چەت ئەللەردە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇپ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى بەك ئاز. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان 17 مىليون 470 مىڭ نوپۇس ئىچىدە( 1998 ـ يىلىدىكى سان) تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ نىسبىتى ئاران 16.71 پىرسەنت ئىكەن. ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزگەنلەر 1 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. ئومۇمىي ئەھۋال شۇنداق بولسا، سەككىز ـ ئون مىليونلۇق ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالى قانچىلىكتۇ؟ ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ تەپسىلىي ئىستاتىستىكىلىق سانلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشقا ئىمكان بولمىدى. ئەمما، ئومۇمىي ئەھۋالدىنلا مىللىتىمىزنىڭ تەربىيەلىنىش سۈپىتىنىڭ يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. خەلقىمىز يەنىلا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ئىزلىرىنى تېمىسقىلاپ يۈرمەكتە. بۇ ئەھۋال ئويلىغۇچىدا ئىلغار مىللەتلەرگە مەڭگۈ يېتىشىپ بولالماسلىقتەك غېرىبانە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. پۈتكۈل مىللەت قانداقتۇر بىر غايىبانە سەكرەش بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك، ئاشۇ سەكرەش ئارقىلىق ئالغا كەتكەنلەرگە يېتىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. 21 ـ ئەسىر بىزگە ئاشۇ پۇرسەتنى بېرەرمۇ؟ 21 ـ ئەسىرنىڭ قۇياش نۇرى بىزنىڭ كۆلبىمىزنىمۇ يورۇتارمۇ؟ بۇ، بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزگە باغلىق. تىرىشساقلا 21 ـ ئەسىر بىزنىڭمۇ ئەسرىمىز بولىدۇ.

# خوتەن مەدھىيەسى

(تەۋسىيەنامە)

*سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،*
*بىزدەك تۈركىي ئادەمگە بۇ شەھىرى خوتەن ياخشى.*
ـــ مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي

ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن گۈزەلرەك، ئۆز يۇرتىدىن قەدىرلىكرەك يەنە بىر ماكان تېپىلماس! بۇ، تۇيغۇ ــ ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى. «لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك» دېيىلگەندە، مانا شۇ تۇيغۇ ــ ھېسسىيات نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەقىللىق ئوغلان ئۆز يۇرتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلسە، ئۆز يۇرتىغا باشقا ھېچقانداق بىر ماكاننى تەڭ قىلمىسا، شېئىر ــ داستانلار يېزىپ ئۆز يۇرتىنى مەدھىيەلىسە، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. ئەكسىچە، مەلۇم ئادەم ئۆز يۇرتىنى ئەمەس باشقا بىر يۇرتنى تىلغا سۆيۈنۈش بىلەن ئېلىپ، ئالقىش ــ مەدھىيەگە ئېغىز ئاچسا، بۇ سەل ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلىدۇكى، دىققەتنى ئۆزىگە ئوبدانلا جەلپ قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ سۆيۈنچىنى نامايان قىلسا، كېيىنكىسى دەلىلگە ئاساسلانغان لىللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالدىنقىسى تۇيغۇ ــ ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولغىنىغا ئوخشاش، كېيىنكىسى تۇيغۇ ــ ھېسسىياتتىن كۆرە كۆپرەك ئەقىلنىڭ يەكۈنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىدراكتا ئەقلىي بىلىش ھېسسىي بىلىشتىن ئۈستۈن

تۇرىدىغانلىقتىن، ھېسسىي بىلىشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا ئەقلىي بىلىشنىڭ مەھسۇلى ئۈستۈنرەك قىممەتكە ئىگە. بۇ نۇقتا قەدىمدىن ھازىرغىچە بارلىق ھۆكۈمالار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ مايىللىق يۆنىلىشمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە.

ئاشۇ مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىدىغىنىمىز خوتەن مەدھىيەسىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان خوتەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ساھىبقەلەملەر ئۈچۈن بىر مۇقەددەس تېما بوپكەلدى. تارىخنىڭ ئىككى مىڭ يىلچە يىراق گىرۋىكىدىن ھازىرغىچە، تارىشا، تېرە، شايى پۈتۈكلەردىن قەغەز پۈتۈكلەرگىچە، ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقىچە بىزگە زامان بوران - چاپقۇنلىرىدىن ۋە دەۋران ئوت - گۈلخانلىرىدىن ئامان ئۆتۈپ يېتىپ كېلەلىگەنلىرىدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سەلتەنەت سۈرگەن سۇي سۇلالىسىدە ياشىغان قايسىبىر شائىرنىڭ «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن شېئىرىدىن باشلاپ، تاكى زامانىمىز تيەن جەن، جاڭ جىژمىنلارغىچە قايسى جۇڭگو شائىرى خوتەن مەدھىيەسىگە ئېغىز ئاچمىغان دەيسىز! ئالدىنقى — مىلادىيەنىڭ بىرىنچى ئېراسىدا ياشىغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي، شەيخ سەئىدىدىن باشلاپ ئىككىنچى ئېرادا ياشىغان ھافىز شىرازىي، سابىر تىرمىزىي ھەتتا نادىرەگىچە ئۆتكەن پارس زابانلىق شائىرلاردىن قايسىبىرى خوتەن مەدھىيەسىگە قەلەم تەۋرەتمىگەن دەيسىز؟! ئەلۋەتتە خوتەن مەدھىيەسىنى ئەڭ ۋايىگە يەتكۈزگەنلىرى يەنىلا تۈركىي زابانلىق شاھىي شۇئەرالاردۇر. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى، لۇتفىي، سەككاكىي، ئاتايى، ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمى، ھۇۋەيدا، ھەيدەر خارەزمى، زاكىرجان خالمۇھەممەد فۇرقەت، ئابدۇرەززاق ئەندىجانىيدىن تارتىپ بابارەھىم شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خوتەن

ئىبارىسىنى ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببەت، ئەڭ سەممىمىي سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تىلغا ئالمىغان خوتەن مۇشكى ـ ئىپارى، خوتەن قاشتېشى، خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلەس ـ شايىسى، خوتەن ھاۋاسى، خوتەن سۈزۈك سۇلىرى، خوتەن ھۈنەرلىرى، خوتەن گۈزەللىرى، خوتەن يىگىتلىرى قالمىدى. ئۇلار ئەڭ خۇش پۇراق ھىدنى خوتەن مۇشكى ـ ئىپارىغا، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۈزۈك نەرسىنى خوتەن قاشتېشىغا، ئەڭ گۈزەل باغلارنى خوتەن دىيارىغا، ئەڭ خۇش ھاۋانى خوتەن ھاۋاسىغا، ئەڭ گۈزەل قىزلارنى خوتەن قىزلىرىغا، ئەڭ بەرنا يىگىتلەرنى فەرھاد كەبىي خوتەن يىگىتلىرىگە ، ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەتنى فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە، ئەڭ ئۇلۇغ دوستلۇقنى فەرھاد بىلەن شاپۇرنىڭ دوستلۇقىغا، ئەڭ چېۋەر ھۈنەرنى پەرھادنىڭ ھۈنىرىگە، ئەڭ قايتماس ئىرادىنى فەرھادنىڭ ئىرادىسىگە... ئوخشاتتى. خوتەن مەدھىيەسىگە ئىشلىتىلگەن سۆز ـ ئۈنچىلەر سۆز كانلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان، سۆز ئوكيانىدىن سۈزۈپ چىقىلغان بىباھا دۇرلار بولدى. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ھەسەن ـ ھۈسەن، گۈل ـ چېچەك، نۇر ـ چاقماق خوتەن مەدھىيەسىنى بېزىدى ـ زىننەتلىدى. خوتەن جەننەتۇل رىزۋانغا، شاھانە چاھارباغلارغا، باھار ـ يازلارغا تەققاس قىلىندى... ھەيھات، خوتەن مەدھىيەسىنى، خوتەن سۈپەت ـ سالاپىتىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشكە ئۈنچە ـ مەرۋايىت يېتىشمەس! ئەمما، ھاياتلىق كارۋىنى ئۆتەڭلەر ئارا مەڭگۈ توختىمىغاندەك، ساھىبقەلەملەرنىڭ، شاھىي شۇ ئەررالارنىڭ خوتەن مەدھىيەسىنى ۋايىگە يەتكۈزۈش ئۈرۈنۈشلىرىمۇ ئاياغلاشمىدى...

بۇ گەپلەرگە پاكىت ـ مىسال كېرەك. ئەمما، بىزگە 2000 يىلنىڭ نېرىسىدىن باشلاپ يېتىپ كېلىۋاتقان تارىشا پۈتۈك، تېرە پۈتۈك، شايى پۈتۈكلەرنى خوتەن قەغىزى ئومۇملاشقاندىن كېيىنكى يۈگمە كىتاب ۋە بولغار تاشلىق قېلىن يازما ۋە

باسمىلارنى ئاختۇرۇپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. زامانىمىزدا ئۆتكەن تىرىشچان مۇتەپەككۇر، ئالىم، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جانابلىرى بۇنى بىزگە تەييارلاپ قويۇپ كەتكەن. مەرھۇمنىڭ ئاز ئادەملەر كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» سەرلەۋھىلىك تولىمۇ گۈزەل بىر ماقالىسى بار. ئالىم ماقالىسىدە كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا، قىلىن قول يازمىلاردىن ئۇچراتقان خوتەن مەدھىيىسىگە تالىق ئوتلۇق مىسرالارنى چەكلىك سەھىپىلەرگە جەم قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق خوتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ شەرق مۇتەپەككۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ.

قانداق چىرايلىق، قانداق پاساھەتلىك ماقالە ـ ھە!؟ قانداق گۈزەل، قانداق ئوتلۇق مىسرالار ـ ھە؟! خۇددى ئۇزاق چۆل يوللىرىدىن يېتىپ كەلگەن تەشنا بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ ـ ئىچىپ قانمىغاندەك، ئوقۇپ ـ ئوقۇپ قانمايسەن، قەلبىڭ لەرزىگە كېلىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ياپراقتەك تىترەيدۇ. ئاللانىڭ نۇر ـ جامالىنى كۆرۈپ، ئېرىپ ـ ئوتلۇق سۇ بولۇپ ئېقىپ كەتكەن تاغلاردەك، يۇرىكىڭنىڭ ئېرىپ ـ ئېقىۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭنىڭ سۇغا ئايلانغانلىقىنى سەزمەي قالىسەن...

گەرچە بۇ يەردە مۇلاھىزىگە قىلچە ئورۇن بولمىسىمۇ، ياش بوغۇنداشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالە ۋە ماقالىدە ئىستاتا ئېلىنغان مىسرالارغا ئائىت بىرقانچە مۇئەمما توغرىسىدا بىزە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئاۋۋىلى ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋايى قەلبىدە ئوقچۇپ تۇرغان خوتەن سۆيگۈسىنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدۇر. خۇددى مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ ماقالىسىدە كۆرسىتىلگەندەك: «نەۋايى ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چېكىلگەن كۆپ قىرلىق، جىلۋىدار ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈشلىرى چاقناپ تۇرغان ئىبارە بولدى»، «ئۇ، خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۇستۇن راھەتلىك دىيارغا... ئىپار

چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ ـ دالالار، ئىپار كېيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ.» نەۋايى يەنە نىزامىي گەنجىۋىي، خىسراۋ دېھلەۋىي... لەر باشلىغان «خىسراۋ ـ شىرىن» ناملىق داستان يېزىش ئەنئەنىسىنى خوتەنلىك يىگىت پەرھاد باش قەھرىمان قىلىنغان «فەرھاد ـ شىرىن» داستانچىلىقى ئەنئەنىسىگە كۆتۈرىدۇ. خوتەننى، خوتەنلىكلەرنى ئوتلۇق سۆيگۈ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق ئوتلۇق سۆيگۈ ئۇنىڭ يەنە بىر داستانى ــ ئاخىرقى يىرىك ئەسىرى «سەددى ئىسكەندەرى» دىمۇ ھارارەت چېچىپ تۇرىدۇ. خوتەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يۇرتى سۈپىتىدە غايىۋىلەشتۈرۈلىدۇ. ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشىگە نەۋايىنىڭ قەلبى كىچە ـ كۈندۈز بىر مۇقەددەس مەنزىلگە ــ خوتەنگە ئىنتىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ... نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ يىراق خۇراساندىكى ھىراتتا تۇغۇلغان، شۇ ياقلاردا چوڭ بولۇپ ياشىغان، خوتەنگە ئەسلا كېلىپ باقمىغان ئەلىشىر ھەزرەتلىرى خوتەنگە نېمانچىۋالا ئىنتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ خوتەنگە بولغان ئاتەشكەبى سۆيگۈ ـ مېھرى نەدىن پەيدا بولغان؟ نېمە ئۈچۈن خوتەننى جەننەتتىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلايدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە خوتەن ھەققىدە گويا ساماۋى چۆچەكلەردەك گۈزەل تەسىرات مەنبەسى بولۇشى كېرەك. ھەزرىتى ئەلىشىرنىڭ بۇنداق گۈزەل تەسىراتقا ئىگە بولۇشى پەقەت ئىككى يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن: بىرى، خوتەن ئاجايىباتلىرى ھەققىدە يېزىلغان قىلىن ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش. ۋاھالەنكى، ھەزرىتى ئەلىشىر ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەن ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى ئەسلا تىلغا ئالمىغان، بەلكى كۆچلۈكخاننىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشى ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى خوتەن ھەققىدە يېزىلغان بۇنداق ئېسىل كىتابلارنى ھەزرىتى

ئەلىشىر دەۋرىگە يەتكۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، نەۋايى قەلبىدىكى گۈزەل تەسىراتلارنى كىتابلاردىن كەلگەن دەپ قاراش خېلىلا گۇمانلىق، يەنى جىق باسمايدۇ.

ئىككىنچى، ھەزرىتى ئەلىشىر كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى پات ـ پات ۋە بەلكىم ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك ئەلىشىرنىڭ سەبىي قەلبىگە ئاشۇ ئەسلىمىلەر گويا تامغا ـ نەقىش بولۇپ ئورناشقانكى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە خوتەن جەننەت كەبى بىر گۈزەل، غايىۋى دىيار بولۇپ قەد كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ قەلبىنى گويا ئاھاڭرەبا تۈمۈر كۆكۈنلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك جەلپ قىلىپ تۇرغان. مانا شۇ تەسىراتلار كېيىنكى چاغلاردا شائىرلىق كامالىتىگە ئېرىشكەن ئەلىشىرنى خوتەن ھەققىدە گۈزەل مىسرالارنى، داستانلارنى پۈتۈشكە ئاپارغان. كىچىك چاغلاردا ئاڭلىغان چۆچەك ـ رىۋايەتلەر، ئاجايىپ ھېكايەتلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ...

ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى كۆچكە ئىگە دەپ قارايدىغان بولساق، ئەمدى دىققىتىمىزنى خوتەن ھەققىدە ئاشۇ گۈزەل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ كىچىك ئەلىشىرنىڭ قەلبىدە يارقىن تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان ئاتەش نەپەس سېھىرخۇچى ئۇستىگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇ كىم بولغىيتتى؟ بىرىنچى قەدەمدە ئاشۇ نامەلۇم ھېكايە سۆزلىگۈچىنى خوتەنلىك، خوتەندە تۇغۇلغان، خوتەندە ياشىغان ياكى خوتەندە ئۇزاق ياشىغان كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ پەرەز قىلىشقا جۈرئەت قىلىمىز. چۈنكى خوتەنلىكتىن ئۆزگە كىشى ياكى خوتەندە ئۇزاق مۇددەت ياشىمىغان كىشى خوتەن ھەققىدە ئۇنداق گۈزەل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، كىچىك ئەلىشىرنىڭ قەلبىدە ئۇتلۇق تەسىراتلارنى قالدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى قەدەمدە، ھەرقانداق بالىنىڭ تۇنجى ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرارلىق ھېكايەتلەرنى

تۇنجى بولۇپ مومىسىدىن، بوۋىسىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن ئاڭلايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ھېكايەت سۆزلىگۈچىنى ئەلنىشىر نەۋايىنىڭ «بابۇر شاھنىڭ دادىسى بىلەن ئىلىمداش بولغان بوۋىسى» ياكى «ئۇيغۇر باقشىلىرىدىن بولغان» دادىسى ــ غىياسىددىن كىچىكنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

پەرەزلىرىمىز بىزنى ھەزرىتى ئەلىشىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى خوتەنلىك ئادەممىكىن؟ ئۇنىڭ خوتەننى سېغىنىپ، ئاشۇ يىراق خۇراسان تەرەپتە خوتەن ھەققىدە، خوتەننىڭ ئىپار ھىدلىق دالا ـ باغلىرى ھەققىدە، «قەلەم قاشقا قاشلىق بولغۇدەك» ئىپار ھىدلىق خوتەن تۇپرىقى ھەققىدە، ئىپارھىدلىق، سۇمبۇل چاچلىق خوتەن گۈزەللىرى ھەققىدە، خوتەن دالالىرىدا ئىپار پۇرىقى چېچىپ يۈرگەن ئىپار ئاھۇلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايەتلىرى ئەلىشىر ئائىلىسىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سۆزلىنىپ ـ تەكرارلىنىپ يۈرگەنمىكىن؟ دېگەن گۇمانغا ئاپىرىدۇ.

ۋاھالەنكى، بۇلار پەقەتلا پەرەز ۋە تەسەۋۋۇر بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچبىر ئېنىق تارىخىي ئۇچۇر ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەن نامىنى ئانا سۆيگۈسىدەك ئۇلۇغلاپ تىلغا ئالغانلىقى، خوتەننى ئۆزى تۇغۇلغان ھېراتنىمۇ بەكرەك سۆيۈپ تەسۋىرلىگەنلىكى، ئۆزى ئەڭ سۆيۈنۈپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلىرىنى خوتەندىن ئالغانلىقى قاتارلىق ئامىللار بىزنى ئاشۇ پەرەز ۋە تەسەۋۋۇرلارغا ئىشىنىشكە زورلايدۇ.

ئەلۋەتتە، خوتەننىڭ ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى ئۈچۈن ئاتا يۇرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ــ ئاشۇ ئۇنتۇلغان يىراق تارىخ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەستايىدىل قېزىلىشىغا ـ ئېچىلىشىغا باغلىق. بىز بۇ يەردە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشقا قابىل بولالمىساقمۇ، نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ خوتەن

سۆيگۈسىنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى يۇقىرىقىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا تامامەن قادىرمىز. گۈل بولمىسا خۇش پۇراق چىچىلماس، ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئوت ياققۇچى مەنبەسى — پىلتىسى بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدىكى كىلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككىنچى مەسىلە، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى مەسىلىسىدۇر.

ئۈچىنچى مەسىلە، «مۈشكى خوتەن» — خوتەن ئىپارى. «خوتەن ئىپار ئاھۇسى» — خوتەن ئىپار كېيىكى توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر. ئالدىنقى ئاتالغۇ خۇش پۇراق ماتېرىيالىغا، كېيىنكىسى بولسا خۇش پۇراق ماتېرىيالىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە تالىق. خۇش پۇراقنى ئىشتىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىش، بەتبۇي سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىش ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇش — ئىنساننىڭ تەبىئىي سەزگۈ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، مۇشۇ خۇسۇسىيەت، كۆپ خىل خاس مەدەنىيەتلەر قاتارىدا ئىنسانىيەتنىڭ خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ شەكىللەندۇرگەن. بۈگۈنكى ھەر خىل خۇش پۇراق ئەتىرلەر، خۇش پۇراق ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر، ئەتىر سوپۇنلار ئەنە شۇ خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىرىدۇر. ۋاھالەنكى، ياساش، پىششىقلاش سانائىتى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى بۈگۈنكى «فىرانسىيە ئەتىرى» نى باشلانما قىلغان ياساش سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئەمەس، بەلكى تەبىئىي خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئۆزىگە بەلگە قىلاتتى. خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى تەبىئىي خۇش پۇراق ماتېرىياللار ئىدى. ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردە، ھەتتا ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ئىسىلى، ئەڭ ئەتىۋارى، ئەڭ قىممەتلىكى يەنىلا ئىپاردۇر. يەنى كىلاسسىك يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان «مۇشكى خوتەن» — خوتەن ئىپارى دېگەن نەرسىدۇر. ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلمىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە خانىش - مەلىكىلەر، باي غوجام - خانىملار ۋە شارائىتى يار بەرگەنلەر ئۆزىدىن خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرۇش ۋە يات جىنسلىقلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن مۇشك - ئىپارنى كىچىك خالتىلارغا سېلىپ، ئۇنى تۇمار شەكلىدە تۇگۇپ، كىيىملىرىنىڭ ئىچى تەرىپىگە قاداپ ياكى بوينىغا ئېسىپ يۈرۈشەتتى. ئېسىۋالغان ئاشۇ ئىپارلىق تۇماردىن تارالغان خۇش پۇراق ئۇلارنى تولىمۇ يېقىملىق، جەلپكار قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇ بۇگۇنكى ئەتىر چېچىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي باشلىنىشىدۇر.

ئەرەبچە «مىسك»، پارسچە «مۇشك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ ئىپار، بەدىنىدە پۇراقلىق بەز خالتىسى بولغان ئىپار كېيىكى، ئورمان كېيىكى، ئات كېيىكى قاتارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن ئېلىنىدۇ (ئادەتتە ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىدىن ئېلىنىدۇ دېيىشىدۇ). ئۇ، ئەركەك ئىپار كېيىكلەرنىڭ پۇراق خالتىسى ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، قىرىۋېلىنىپ قۇرۇتۇلسا، رەڭگى قارىغا مايىل قوڭۇر رەڭلىك ياكى سۆسۈنگە مايىل قىزغۇچ تالقانغا ئايلىنىدۇ، قۇرۇتۇلغان قانغا ئوخشايدۇ، ئۆتكۈر خۇش پۇراق تارقىتىدۇ. ئىپار پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى خام ئەشياسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېبابەت - دورىگەرلىكنىڭمۇ خام ئەشياسى. ئىپارنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، رەئىس ئەزالار (مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر) نى قۇۋۋەتلەش، سەزگۈلەرنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدە يۈرەك، مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى، روھنى قوزغاتقۇچى دورىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىپار قېتىلىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش،

مالىخولىيا، ئىستىرىيە، دۆلىنىش، زېھنىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، بىھوشلۇق، تىترىمە كېسەل، تارتىشىپ قېلىش، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تېبابەتچىلىك دورىلىرىدىكى ئاچچىق ـ قىرتاق تەمنى، سېسىق پۇراقنى يوق قىلىش ئىپارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىپارنىڭ جىڭ ـ جالىقىنى ئايرىشتا، كۆپىنچە سامساق سۈركەلگەن ئىنچىكە يىپنى ئىپار تالقىنى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىنچىكە يىپ ئىپار تالقىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭدىكى سامساقنىڭ ئاچچىق تەمى ۋە سېسىق پۇرىقى پۈتۈنلەي يوق بولسا، بۇنداق ئىپار جىڭ ئىپار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاچچىق تەم ۋە سېسىق پۇراق يوقالمىسا جا ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبىلىك تېۋىپلار كۆزىتىش، پۇراپ كۆرۈش ئارقىلىقمۇ ئىپارنىڭ جىڭ ـ جالىقىنى ئايرىيالايدۇ.

ئىپارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىپار كېيىكى توغرىسىدا «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ رەڭلىك ئاتلىسى» دېگەن كىتابتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكى ــــ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىدىغان دورا ئەشيالىرى ئىلمى» دا كۆرسىتىلگەن بايانلار بىردەك: بۇغىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تېنى كىچىك، مۈڭگۈزسىز، ئېگىزلىكى 70 ــــ 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 8 ــــ 13 كىلوگىرامغىچە.

ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كالپۇكى سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ، قۇلىقى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، قوڭۇر رەڭلىك... ئەركىكىنىڭ چاتراق قىسمىدا پۇراقلىق بەز خالتىسى بولىدۇ دېيىلگەندەك.

ئىپار كېيىكىنىڭ ياشاش ماكانى توغرىسىدا «ئاتلاس» تا: «ئالتاي ۋىلايىتىگە تارالغان» دېيىلسە، دەرسلىكتە: «مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي

شىمال، تىبەت، ئەنخۇي، گۇيجۇ، خۇبېي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن ھەمدە نېپال، بىرما، ۋيېتنام، رۇسىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. ھېچقايسى كىتابتا خوتەن ئىپار كېيىكى ۋە خوتەن ئىپارى تىلغا ئېلىنمىغان. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى زامانلاردا ماۋرائۇننەھر، خۇراسان، ئىران، ئەرەب، رۇم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئەللەرگە مەشھۇر بولغان ئىپار «مۇشكى خوتەن» (خوتەن ئىپارى) نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئىپار كېيىكى بولسا «ئاھۇيى خوتەن» (خوتەن كېيىكى) نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇلار بىزگە شۇ زامان ساھىبقەلەملىرىنىڭ ئۇتلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق مەلۇم. بەلكىم ئۇ چاغلاردا «مۇشكى خوتەن» خۇددى موللا مۇسا سايرامىي ھەزرەتلىرى «تارىخى ھەمىدىيە» دە: «سودىگەر ـ ئەشرەپلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئەكىلىپ مال ئالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدىكىن، لېكىن خوتەندە مال تۈگەپ كەتمەيدۇ» دەپ يازغىنىدەك، ھېسابسىز كۆپ بولغان بولۇشى، باھاسى ئەرزان بولغان بولۇشى، كارۋانلار تەرەپ ـ تەرەپكە يۆتكەپ سېتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا، بۇنىڭدىن 1200 يىللار بۇرۇن ياشىغان پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىي «بوستان» دا:

*«شېئىرلىرىمنىڭ قىممىتىدۇر خوتەندە،*
*خۇددى خوتەن ئىپارىدەك كەم باھا.»*

دەپ يازارمىدى؟! ئىپارنىڭ خوتەن دىيارىدا ئاشۇنداق ئەرزان بولۇشى ئۇچۇن چوقۇم ئۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇشى كېرەك. بىر تۇياق ئىپار كېيىكىدىن بىر يىلدا ئېلىنىدىغان ئىپارنىڭ مىقدارى ئاران 100 – 150 گىرام ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇنداقكەن، كۆپ مىقداردا ئىپار ئېلىش ئۇچۇن كۆپلەپ ئىپار كېيىكى

بولۇشى لازىم. قارىغاندا، شۇ زامانلاردا خوتەن جاڭگاللىرىدا، خوتەن تالالىرىدا، خوتەن دالالىرىدا چېپىپ يۈرگەن ئىپار كېيىكلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ بولغاندەك قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاشۇ كۆپ ئىپار كېيىكلىرى ھازىر نەگە كەتتى؟

«نەسلى قۇرىدى» دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. لېكىن خوتەنلىكلەرنىڭ قاشتېشى، گىلەم، يىپەك قاتارلىقلىرى يەنە بىر ئەڭگۈشتەرى ئىپارنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى پاكىت. ئىپار كېيىكنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولغانلىقىمۇ پاكىت. بۇنى ئۇۋچىلىرىمىزنىڭ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇم ئېلىش» قا ئوخشاش ئىپار كېيىكنى ئۆلتۈرۈپ ئىپار ئالغان قىلىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئىپار كېيىكنىڭ غايىب بولۇشى، خوتەن دىيارىدىن ئىپار چىقمايدىغان بولۇپ قېلىشى ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، ھەسرەتتە قويىدۇ. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ غايىب بولۇپ كېتىشكە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئاڭلىسام، خوتەنگە ئەكىلىنىۋاتقان ئىپارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر تىبەت تەرەپتىن ئەكىلىنىدىكەن. دەرسلىكتىمۇ تىبەتتىن چىقىدۇ، دېيىلگەن. بۇ، تىبەت تەرەپتە ئىپار كېيىكى بارلىقىدىن بېشارەت. تىبەت تاغلىرى بىلەن خوتەن تاغلىرى تۇتاش. تىبەت تاغلىرىدا ئىپار كېيىكى بار ئىكەن، خوتەن تاغلىرىدا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ياۋايى ھايۋان دېگەن دۆلەت چېگراسى، ئاپتونوم رايون چېگراسى دېگەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تىبەت تاغلىرىدىن خوتەن تاغلىرىغا، خوتەن تاغلىرىدىن تىبەت تاغلىرىغا كىملىكسىزمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداقكەن، دۆلەت تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان ئىپار كېيىكنىڭ خوتەن تاغلىرىدا بولماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. قارىغاندا، خوتەندىن ئىپار كېيىكى ئەمەس، بەلكى

خوتەنلىكلەرنىڭ ئىپار كېيىكىدىن ئىپار ئېلىش روھى ۋە ھۈنىرى غايىب بولغاندەك قىلىدۇ. راست، ئۆتۈپ كەتكەن يېرىم ئەسىر داۋامىدا، تۈگىمەس كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە ھاشار - سەيىسلەر خوتەنلىكلەرگە ئىپار كېيىكىنى ئىزدىگۈدەك، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمىدى. بەلكىم ئىزدىگەن بولسا، ئىپار كېيىكىنى ئۇچرىتىپ قالغان بولار ئىدى. لېكىن پۇرسەت بولمىدى، كۆڭۈل ئارامىمۇ، ھەپسىلىسىمۇ بولمىدى. ئەمدى كېچىكتىمۇ؟ — ناتايىن. خوتەنلىكلەر ئەمدى بولسىمۇ خوتەن ئىپار كېيىكىنى ئىزدەپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر تېپىلىپ قالسا ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۆپەيتىشى، ئىپار كېيىكىدىن ئىپار ئېلىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇشى (ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئىپار ئېلىش)، خوتەن ئىپارچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قولغا ئېلىشى كېرەك. ئەگەر نۇسرەت يۈزلىنىپ قالسا، خوتەننىڭ خوتەن قىزىلگۈلى ساقلاپ تۇرغان پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى يەنە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. خوتەن خۇش پۇراققا تولىدۇ. خوتەن پۈتكۈل دۇنيانىمۇ خۇش پۇراققا تولدۇرىدۇ.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان، بىزنىڭ تەپسىرلەپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان تۆتىنچى مەسىلە «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىگە مۇجەسسەملەنگەندۇر. بۇ جۈملە ماقالىنىڭ سەل ئاخىرىغىراق كەلتۈرۈلگەن، قارىماققا باش - ئاخىرىدىكى جۈملىلەر بىلەن ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى بىلەن ھېچبىر باغلىنىشى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ۋاھالەنكى، چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى روشەن ئىچكى باغلىنىشنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شەرق قەلەم ساھىبلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ تەرىپ - مەدھىيەسىگە ئېرىشكەن، «جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان» مۇشۇ گۈزەل ماكاننىڭ

تەقدىر ـ كەچمىشلىرى ئەلۋەتتە ھەر بىر ئوقۇرمەننى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئالىم ئەنە شۇ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئىغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن. لېكىن ماقالىنىڭ مەقسەت ـ نىشانى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە شەرھلەشلا بولغاچقا، ئالىم قىسقىلا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن، خالاس. ئالىم خوتەن قىسمەت ـ كەچمىشلىرىنى شەرھلەشنى بەلكىم كېيىنكى ماقالىلىرىگە قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئالىم ئۆزى چەكسىز تەلپۈنگەن خوتەن دىيارىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ، كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ شەرھ ماقالىسىنى يېزىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەي ئالەمدىن كېتىپ قالدى. ئەجدادلارنىڭ ئىشىغا ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلىش — دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. خوتەننىڭ قىسمەت ـ كەچمىشلىرىنى شەرھلەش — بىز كېيىنكىلەرگە قالدى. بۇ يەردە بولسا، بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى، ئالىم ئاشۇ جۈملىنى يازغاندا قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقاندۇ، دېگەن مەسىلە.

ئالىم كۆرگەن قەدىمىي قول يازمىلار بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە كۆپ. ئالىم ئاڭلىغان خوتەن ۋەقەلىرى بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە ئېچىنىشلىق. بۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يەردە «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىقلىما بېرەلىسەك، ئالىم نەزەردە تۇتقان پاكىتلارنىڭ ئوندىن بىرىنى بولسىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. لېكىن بۇ يەردە ئالىم نەزىرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» بىلەن بىزنىڭ قارىشىمىزدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» ئوخشاش مەنىگە ئىگىمۇ، دېگەن سوئال ئالدىمىزنى توسايدۇ. بىز پەرەز قىلىپ كۆرەيلى. ئالىم نەزىرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» زادى

قانداق كۆنلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

«تەبىئىي ئاپەت» دېيىلگۈاتقان يەر تەۋرەش، سۇ بالاسى، جۈت (قاتتىق سوغۇق) ۋە تىنجىقلىق (قاتتىق ئىسسىق)، يىلان ــ چايان ئاپىتى خوتەندە ئاساسەن يۈز بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە ئۇچۇر يوق. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنداق. تۈرك قوۋمىنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى شاھەنشاھ ئالىپ ئەرتۇڭا ئەفراسىياپنىڭ ئامراق قىزى مەلىكە خاتۇنغا «تۆت ئاپەتتىن خالىي ماكان» ئىزدەپ، ئاخىر خوتەننى تاپقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. خوتەندە «تەبىئىي ئاپەت» نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، قۇم ــ بوران ئاپىتى بىلەن قۇرت ئاپىتىنى دېيىشكە بولىدۇ. خوتەندە ھەر يىلى ئەتىيازدا غەربتىن شەرققە سوققان بوران كۆپ چىقىدۇ. يەرلىكلەر بۇنىڭ كۈچلۈكىنى «قارا بوران»، ئاجىزراقىنى «سېرىق بوران» دەپ ئاتايدۇ. بوران چىققان كۈنلەردە گويا دىۋە ــ ئالۋاستىلار مالىمان كۆتۈرگەندەك جاھاننى چاڭ ــ توزان قاپلايدۇ، قۇملار كۆچىدۇ. بەزى چەت ــ ياقىلاردا ئېتىزلارنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. بىر ــ قانچە يۈز، بىرقانچە مىڭ مو يەرنىڭ زىرائىتى نابۇت بولىدۇ. «تەبىئىي ئاپەت» ئەنە شۇنچىلىك، لېكىن بۇ ئومۇمىي ئاپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. جانغا، مالغا زامىن بولىدىغان ئىش كەم كۆرۈلىدۇ. لېكىن بوران ئاپىتى تامامەن ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ئىش. خوتەنلىكلەر قەدىمدىن تارتىپ جىرىم سېلىپ، ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق بوراننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا «قۇم ــ بوران ئاپىتى» ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىر ئاپەتكە ئايلىنالمىغان. بۇ ھازىرمۇ شۇنداق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى «قۇرت ئاپىتى» يۈز بېرىدىغان بولدى. ھەر يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا سان ــ ساناقسىز ئالا قۇرت ۋە گەزلىمە قۇرت دەل ــ دەرەخلەرگە يامىشىپ،

ئۇلارنىڭ ياپراقلىرىنى يەپ، دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ قويىدىغان بولدى. بۇنى «قۇرت ئاپىتى» دەپ ئاتىدۇق. لېكىن تېخى هازىرغىچە شۇ سەۋەبتىن دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ تۈگىگىنى يوق. قۇرتلارمۇ دەرەخلەردىن چۈشۈپ زىرائەتلەرگە، ئادەم ۋە چارۋىلارغا چاڭ سالغىنى يوق. يۇقىرىقى ئىككى ئىش گەرچە خوتەنلىكلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسى بىلەن سۈپەتلەش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئالىم «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» سۆزىنى تىلغا ئالغاندا، پاكىت سۈپىتىدە بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن. ئۇنداقتا، ئۇ زادى قايسى پاكىتنى نەزەردە تۇتتى؟

ھىدايەتتىن چەتنەش (توغرا يولدىن چىقىپ كېتىش)، ھىدايەتنى قوغدىيالماسلىق — «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» گە مۇپتىلا بولۇشنىڭ باشلىنىشى. تەربىيە ـ پەرۋىشسىز قېلىش، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىش، جاهالەتتە تۇرۇۋېرىپمۇ ئۇنى ھېس قىلالماسلىق — دەهشەتلىك ئېغىر كۈننىڭ ۋايىغە يېتىش جەريانى. ماددىي مەنىۋى ئەت ۋە مەئىشەت ئۈچۈن ۋىجداننى سېتىش، ھەسەت، ئىتتىپاقسىزلىق، تەپرىقىچىلىق، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، ئۆزلۈكنى ئۇنتۇش، يامانغا يانتاياق بولۇش — «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» نى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان قورام تاش. قۇللۇق، قاراملىق، بوزەك قىلىنىش، مەجبۇرلىنىش، ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىلىش، يوقسۇزلۇق، نامراتلىق — «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» نىڭ سىرتقا ئاشكارىلىنىشى. ئالىم «دەهشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئەنە شۇلارنى نەزەردە تۇتتىمۇ؟

بىز ھەممىمىز بىر رايون، بىر قوۋم، بىر خەلقنىڭ كەچمىشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشتە، تولاراق تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بەلكىم مەرھۇم ئالىممۇ





ھەممىمىزگە ئوخشاشلا تارىخىي ۋەقەلەرنى نەزەردە تۇتقاندۇ. خوتەن تارىخىي ۋەقەلەر تولا يۈز بەرگەن ماكان. خۇددى «ئۇزۇننىڭ دەردى تولا» دېگەندەك تولا دەرد تارتقان جاي. خوتەندە ئىككى قېتىم بىر دىندىن چىقىپ يەنە بىر دىنغا كىرىشكە، دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىشكە زورلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى «كۇچلۇكخان پاجىئەسى». مىلادىيەنىڭ 1215 ـ يىلى قاراقىتان شاھەنشاھى گورخاننىڭ كۈيۈ ئوغلى، نايمان شاھزادىسى كۇچلۇك خوتەننى ئىشغال قىلىپ، خوتەنلىكلەرنى ئىسلامدىن يېنىپ بۇددىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدۇ. مەسچىت ـ خانىقالارنى چاقىدۇ ۋە تاقايدۇ، كىتابلارنى كۆيدۈرىدۇ. ھەربىر ئائىلىگە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ناماز ئۆتەشنى، روزا تۇتۇشنى توسىدۇ. ياغلىق ئارتىشنى، سەللە يۆگەشنى چەكلەيدۇ. ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. خەلق بولسا، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ياۋۇز كۇچلۇكخان قانلىق قىلىچىنى ئىشقا سېلىپ ئەللەمە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىي باشچىلىقىدىكى 3000 دىن ئارتۇق موللا ـ ئۆلىمانى چاپىدۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئاقىدۇ...

دىنىي ئېتىقادتىن يېنىشقا زورلاش ــ مەنىۋىيەتكە، كۆڭۈلگە، غۇرۇرغا، ۋىجدانغا قىلىنغان ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىق بولۇپ، زۇلۇملارنىڭ ئەڭ ئېغىرىدۇر. ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلمىسۇنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئەنە شۇ سارالڭ سەركەردە ــ كۇچلۇك پەيدا قىلغان پاجىئەنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەندە تالاي ـ تالاي يىللار يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىق، ئىككى قېتىم ئاشكارا بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ بىرىنچى قېتىملىقىنى مىرزا ئابابەكرى سادىر قىلغان. ئۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ ساندۇق ـ قازناقلىرىنى ئاختۇرۇپ بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان.

بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي خوتەندىكى بارلىق قەدىمىي خارابىلەرنى، مازار - قەبرىلەرنى بىرمۇبىر كولىتىپ ئالتۇن ئىزدىگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقىنى گومىنداڭنىڭ ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى 36 - دىۋىزىيەسى 1934 - يىلى يازدىن 1936 - يىلى كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا قىلدى. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈشنىلا ئەمەس، بەلكى پىچان - سامانغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى بۇلاپ - تالىدى. ئۆيلەردە كۆك توپىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى. ئۇلار خوتەندە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا زار - زار قاقشىغان، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، جان ساقلاشقا ئامالسىز قالغان.

ھەر ئىككى قېتىملىق ئاشكارا بۇلاڭچىلىقتا ئۇرۇپ - چېقىش ۋاستە قىلىنغان بولۇپ، قان - ياش دەريا بولۇپ ئاققان، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئەزىز ئوغلان خار - زارلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن.

خوتەن تارىختا باشقا يۇرتلار دۇچار بولمىغان ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان يۇرت. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىق» دېگىنىمىز ئاشۇ. ئۇ «باج - سېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىقنىڭ ئەڭ ئېغىرى، مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ يۇرتنى تەسەررۇپىغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن. «مانتا كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئاشۇ ئۇزۇن چاچلىق چېرىكلەر خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا دۇم چۈشكەن. «قاشتېشى سېلىقى»، «ئالتۇن - كۈمۈش سېلىقى»، «زىلچا گىلەم سېلىقى»، «شايى - دۇردۇن سېلىقى»، «ئۇلار، كەكلىك، بۆدۈنە سېلىقى»، «ياڭاق، ئۈزۈم سېلىقى...» ۋاي - ۋۇي، ئۇ چاغدىكى سېلىقلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس! خەلق شۇنداق خانىۋەيران بولغانكى، دەريا - ئېقىنلاردا، تاغ -

جىرالاردا قاشتېشى، ئالتۇن، ئۆلار، كەكلىك ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلارنىڭ تاپانلىرى تىلىم - تىلىم تىلىنىپ، ئىسسىق قانلار شۇرقىراپ ئاققان. تالاي جەسەتلەر كۆمۈكسىز قالغان. گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ، شايى - دۇردۇن توقۇيدىغان دەستىگاھلارنىڭ ئالدىدىكى بىچارە قىزلار تولا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ دوك بولۇپ قالغان. زۇلۇم - زۇلمەت ھەددىدىن ئاشقان. ئاخىر چىدىمىغان خەلق بەھرامبەگ باشچىلىقىدا قولىغا تاياق - توقماق، پالتا - چوماقلارنى ئېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا مەجبۇر بولغان. يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدا يەنە سۇ ئەمەس، قانلار ئاققان.

كېيىنكى ئالۋان - سېلىقلار ئۇزۇن چاچلىق چېرىكلەر يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن قېلىشمىدى. خوتەنلىكلەر نىياز ھېكىمبەگ دەۋرىدە، جىن شۇرىن دەۋرىدە، شېڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭ دەۋرىدە نېمىلەرنى تۆلىمىدى باج - سېلىققا؟! ھەممە نېمىسىنى تۆلىدى. تۆلەۋېرىپ بوزچى ئىشتانسىز، شايى - ئەتلەس توقۇغۇچىلار كۆڭلەكسىز، كۆنچى - موزدۇز ئۆتۈكسىز، گىلەم زىلچا توقۇغۇچىلار پالاس - بورىسىز، دېھقان ئاشلىقسىز، چارۋىچى گۆش - ياغسىز، سودىگەر پۇل - تەڭگىسىز قالدى. ئاھۇزار پەلەكنى قاپلىدى. كۆزلەردىن ياش ئەمەس قان - زەرداب ئاقتى.

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئاشۇ تۈگىمەس ئالۋان - سېلىقلارنى، ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلەپ بولالماي قاقسەنەم بولۇپ كەتكەن بىچارە خوتەنلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن...

خوتەن ۋە خوتەنلىكلەر تارىختا ئىككى قېتىم ئالدىنىش - گوللىنىشقا دۇچ كەلدى. كىچىك بالىنى پەپىلەپ گوللىغان -

ئالدىغاننى ئاڭلىغان، پۈتۈنسۈرۈك بىر يۇرتنى گوللىغان ــ ئالدىغاننى كىم كۆرگەن بۇ دۇنيادا؟ گوللاش ــ ئالداش كاززاپلىق. گوللىنىش ــ ئالدىنىش ـــ نادانلىق. ئالدانغان كىشى ئەقىدىسىگە يىغلايدۇ. يۇم ــ يۇم، زەردابتەك ئاچچىق كۆز ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ. خوتەنلىكلەر ئالدامچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىدى، ئەمما ئاشۇ ئالدانمىغانلىقى، گول بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى.

بىرىنچى قېتىمقى ئالدامچىلىق ئافاق غوجا دەۋرىدە، ئافاق غوجىنىڭ غوجىسى غالدان «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەيسىلەر» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنلىكتىن يۈز بەردى. خوتەنلىكلەر ئۇنىمىدى. يەنى گوللانمىدى. «بىرنى بىر دەيمىز» دەپ چىڭ تۇردى. نەتىجىدە، يۇرت كاتتىلىرىدىن 41 بەگ بېشىدىن ئايرىلدى...

ئەقىل ــ ھوشلۇق ئادەمنى ئالدىنىشقا مەجبۇرلاشتىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم بولامدۇ؟ ئادەم ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ يالغانچىلىقنى راست، ئاقنى قارا دېيىشتىنمۇ ئارتۇق بىچارىلىك بولامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېغىر كۈن بولامدۇ؟

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئاشۇ ئالدامچىلىقلارنى، ئالداشلارنى، گوللاشلارنى، يالغان لاپلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەننىڭ باشقا يۇرتلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى، خوتەن دىياردا مازار ــ گۆرىستان تولا. يۇرت مازارلىرىدىن باشقا تاغ ــ دالالاردا، چۆل ــ جاڭگاللىقلاردىمۇ مازار تولا. كىچىككىنە خوتەن شەھىرىدىمۇ تاكى 1970 ــ يىللارغىچە «ئەسكىري مازار»، «لىچىن ئاتا مازىرى»، «ھەزسۇلتان مازىرى»، «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى»، «جالاپ مازار»، «توغراق مازار»، «ئالتۇنلۇق مازىرى»، «شەمس تەبرىزىم مازىرى»... قاتارلىق 15

تىن ئارتۇق مازار ـ قەبرىستانلىق بولغانلىقى ھېلىمۇ پېشقەدەملەرنىڭ ئېسىدە... ئاسارئەتىقە، كونا خارابە ھېسابىدا قېزىلغان بەزى مازار ـ قەبرىستانلىقلاردىن جەسەتلەرنىڭ ئۈچ ـ تۆت قەۋەت دەپنە قىلىنغانلىقى، بەزى ئون نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق ئورەكلەرگە نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كوللېكتىپ دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ، قىرغىنچىلىقنىڭ پاكىتى. خوتەننىڭ تارىخنامىلەردە «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇنىڭدىن. يىراقنى قويۇپ، يېقىنقى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى.

مولla مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرى «تارىخى ھەمىدىيە» دە، بەدۆلەت ــ ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە قىزىل تونىنى بىر كىيگەنچە 40 مىڭ ئادەمنىڭ بېشى كېسىلگەندىن كېيىن ئاندىن خۇماردىن چىقىپ قىزىل تونىنى سالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 40 مىڭ ئادەم ! 40 مىڭ جەسەت! ئويلىسا تەنلەر شۈركۈنۈپ، چاچلار تىك بولۇپ كېتىدۇ. كۆزنى يۇمۇۋالساڭ قان دەرياسىنى كۆرىسەن. نېمىدېگەن شور پېشانە خەلق بۇ؟

ماخۇسەن خوتەننىڭ تەۋەككۇل دېگەن 3000 نوپۇسلۇق كىچىك بىر يېزىسىدا، ئىككى كۈندە 209 ئادەمنىڭ، قاراڭغۇ تاغدىكى بىر كەنتتىلا 130 ئادەمنىڭ بېشىنى كەسكەن. ئۈچ يىل ئىچىدە خوتەن دىيارىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۆلتۈرۈش، قىيناش ئۇسۇلى مىسلىسىز ئېچىنىشلىق.

شىڭ شىسەي تۇتۇپ كەتكەن، ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان، يەنى تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن يۈرت كاتتىلىرى قانچە؟ گومىنداڭ ئۆلتۈرگەن بەرنا يىگىتلەرچۇ؟

بۇلار مەڭگۈ يېشىلمەس ئېچىنىشلىق سىر!

مۇشۇ قىرغىنچىلىقلار، سوئال ـ سوراقسىز بىگۇناھ ئۆلتۈرۈشلەر، چېپىشلاردىنمۇ دەھشەتلىك ئىش بارمۇ دۇنيادا؟

ئالىم «دەھشەتلىك ئىبغىر كۆنلەر» كەلىمىسىنى تىلغا جاقىلغاندا بەلكىم ئاشۇ قىرغىنچىلىقلارنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، ئالىمنىڭ ئاشۇ «خوتەن بىشىدىن دەھشەتلىك ئىبغىر كۆنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان ئاساسسىز ـ پاكىتسىز گەپ ئەمەس. بىز گەرچە ئالىمنىڭ قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پاكىتسىز ھۆكۈم چىقارمايدىغان خىسلىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ خوتەننىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقىغا ئاساسەن، ئاشۇنداق دېيەلەيمىز. بەلكى ئالىم ئۆزىگىلا ئايان بولغان، بىز ئادەتتىكى ئادەملەر بىلمەيدىغان پاكىتلارغىمۇ ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ «خوتەن بىشىدىن دەھشەتلىك ئىبغىر كۆنلەرنى ئۆتكۈزدى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

بىز يۇقىرىدا ئالىمنىڭ ماقالىسىدىكى بىرقانچە مەسىلىگە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئالىم ماقالىسىدە قەيت قىلغان كىلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى ئوتلۇق، گۈزەل، ئاشىقانە تەسۋىرلىرىگە قايتا نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. روشەنكى، «خوتەن بىشىدىن ئىبغىر كۆنلەرنى ئۆتكۈزگەن» لىكىگە قارىماي يەنىلا گۈزەللىكىنى، سۇبات ـ مەتانىتىنى، باي ـ باياشاتلىقىنى، جەلپكارلىقىنى ساقلاپ قالغان يۇرت. ئۇنىڭ ئېسىل تەبىئىتى، گۈزەل رۇخسارى، ئىسسىق باغرى، مېھىرلىك قوينى، ئوتلۇق كۆزلىرى، سۇنماس جاسارىتى، قايتماس ئىرادىسى، غەيرەت ـ جاسارىتى زامان سىتەملىرىنىڭ قۇم ـ بورانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغىنى يوق. يىراق زامانلاردا قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇ، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. قۇم ـ بورانلار ئۇنى يۇتۇپ

كېتەلمىگەندەك، ئۇ ھېلىمۇ 18 ياشلىق گۈزەل قىزدەك
كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. 18 ياشلىق بەرنا يىگىتتەك، دۇلدۇل ـ
تۇلپاردەك چاپچىپ تۇرىدۇ. يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاشنىڭ
ئاۋغۇستتىكى دولقۇنلىرىدەك ئوقچۇپ تۇرىدۇ... ئۆزگە يۇرت
قەلەم ساھىبلىرىنىڭ خوتەن مەدەنىيەتىسگە ئىچىش، باشتا
قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەقىلنىڭ، ئەقلىي بىلىشنىڭ
پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، جىمجىت تۈن
قوينىدا يىراقلاردا ئاڭلانغان سادادەك گۈزەلدۇر. ئۆز يۇرت
ئوغلانلىرى بولسا، ئەقىلنىڭمۇ، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭمۇ
تەسىرىدە بۇ گۈزەل يۇرتنى توختاۋسىز كۈيلەپ كەلمەكتە. يىراق
زامانلاردىن نەۋبەتىينى، ئابدۇرەھىم نىزارىينى، مۇھەممەد
سىددىق زەلىلىينى، موللا بىلالنى، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنى خوتەن
كۈيچى ـ بۇلبۇلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە
بولىدۇ. زامانىمىزدا بولسا، خوتەن ھەققىدە ئوتلۇق غەزەللەرنى
تەقدىم ئەتكەنلەر ساناقسىز. نىمشېھىت ئەرمىيە ئەلى داموللا
سايرامى خوتەن مەدەنىيەتىدە داستانلار، غەزەللەر يازدى.
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم خوتەن قاشتېشىنى تەڭداشسىز
گۈزەللىك سىمۋولى سۈپىتىدە نەسرىي كۈيگە قاتتى. تېيىپجان
ئېلىيېف بولسا «بۇ قەيەر؟ ــ بۇ خوتەن» دەپ لال ـ
ھەيرانلىقنى ئىپادىلىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا،
خوتەن تۇپرىقىنى ئۇپەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇس چېكىپ ئاشۇ
گۈزەل ماقالىسىنى يازدى. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمنىڭ خوتەن
تەسىراتى بولسا ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭقۇر. يەنە كىملەر يازمىدى؟
ھەممە ساھىب قەلەملەر يېزىۋاتىدۇ، ھەممە بۇلبۇللار
كۈيلەۋاتىدۇ، ئەمما خوتەن مەدەنىيەتىسى گويا مەڭگۈ كولاپ
تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن ئالتۇنىدەك، مەڭگۈ تېرىپ
تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن قاشتېشىدەك، مەڭگۈ توقۇپ

تۆگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن يىپەك ـ مەشۇتلىرىدەك تېخى ئاياغلاشمىغاندەك ئەمەس. ھاياتلىق كارۋىنى مەڭگۈ توختىمىغاندەك، ساھىب قەلەملەرنىڭ، شاھىي شۇئەررالارنىڭ خوتەن مەدەنىيەسىنى ۋايىگە يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ مەڭگۈ توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۇ مەڭگۈ توختىمايدۇ. يۇرۇڭقاش، قاراقاش قۇرۇپ ئېقىشتىن توختىسا توختايدۇكى، خوتەن مەدەنىيەسى توختىمايدۇ. بىز ھەممىمىز خوتەن مەدەنىيەسى ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەيلى.

2003 ـ يىلى 12 ـ مارت، شەھىرى خوتەن

www.uyghurkitap.com

# مۇبارەكنامە

*«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە 250 سان چىققانلىقىغا بېغىشلايمەن.*

## 1

*ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن*
*سىيرىلدىم تۈزگە.*
*قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك*
*ئېگىلدىم سىزگە.*

— خەلق قوشىقى

ئادەم قەلبى دائىم نامەلۇم بىر خىل ھاياجانغا تەشنا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتتا بۇ خىل تەشنالىقنى قاندۇرغۇچى ئامىل شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېسسىيات. ھاياجانلاندۇرۇش جەھەتتە نەسرىي ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەر تەرتىپ بويىچە شېئىردىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات بىلەن ئۇنىڭدىن بەھرىلەنگۈچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىي يارىتىلىشى ياكى ھازىرقى زامان سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىچكى قانۇنىيەت. ئەمما، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ يارىتىلىشتا ياتلىشىش كۆرۈلدى. كىشىلەر ھاياجاننى شېئىرىيەت چوققىلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن تېپىۋالغاندەك قىلىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن باشلاپ داغدۇغىسىز، بۇرۇقتۇرما، كۆل سۈيىدەك دولقۇنسىز تۇرمۇش شېئىرىي ھاياجاننى سۇۋۇتۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ھاياجاننى ھېكايە - پوۋېستلاردىن ئىزدەش يۈزلىنىشى رومان داللىرىدىن ئىزدەشكىچە سوزۇلۇپ باردى. ئاردا قىستۇرما بولغان ئەدەبىي ئاخبارات ھاياجانلىرىمۇ ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئۇلار ھاياجان ئۈزلۈكسىزلىكى بىلەن تەمىن ئېتەلمىدى. تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇپ پەسىيىپ تۇرغان قىزغىنلىقتىن كەلگەن ھاياجان تەشنالىقنى قاندۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. گەرچە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ يېڭىلىنىپ بىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار كۆتۈرگەن ھاياجان نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىمىزگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكىدىن، ئۇلارنىڭ دەۋرىدە يەنىلا ئومۇمىي ھاياجان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىشى ناتايىن. تېخى ھازىر نەسرىي ئەدەبىيات قىزغىنلىقىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەر ئۇچرىغان مۇئامىلىگە گىرىپتار بولۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىزغىنلىقنىڭ نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەر پەيدا قىلغان ھاياجاندىن خېلىلا تۆۋەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

ئۆپچۆرىمىزگە ئازراق دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنا بولغان ھاياجاننى شېئىرلىرىمىزدىن، ھېكايە - پوۋېست، رومان - قىسسەلىرىمىزدىن كۆرە نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەردىن ئېلىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ، ئەسىر ئاخىرىدىكى ئون يىلدا ئىنچىكە شۇنداق بولۇپ كەلدى. دەسلەپتە ئېتنىك نۇقسانلار، ئۈزلۈكتىن ياتلىششلار ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر يۈرەكلەرنى دۈپۈلدەتكەن بولسا، ئارقىدىنلا يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرلەر، ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار، تارىخىي مەدەنىيەت قاتلاملىرىمىزنى قىدىرىشلار ھاياجانلىرىمىزنى تولۇقلاپ تۇردى. كىشىلەر ئۇچراشقانلىرىدا ئەنە شۇ ماقالىلەر

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەنلا پاراكەندىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. قەغەزگە چۈشۈرۈلمىگەن مۇھاكىمىلەر قىزىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن ھاياجان بالقىپ تۇراتتى...

ھاياجانغا ئېرىشىش ۋاستىلىرىمىزدا تەتۈر سىيرىلىش كۆرۈلدى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ھاياجان بەخش ئېتىش ۋە ھاياجانغا ئېرىشىش جەھەتتىكى بۇ خىل تەتۈر سىيرىلىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ خىل بولسىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدە نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەر چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇيالمىغۇدەك قاتلامنىڭ يېتىشىپ چىقمىغانلىقى ئاساسىي ئامىل بولۇشى مۇمكىن. ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇن دىققەتكە سازاۋەر بولغان «شېئىرىي مىللەت» ۋە «پەلسەپىۋى مىللەت» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنى ئەسكە ئالساقلا، بىزدە «پەلسەپىۋى مىللەت» كە خاس ئامىللارنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ ۋە بۇنى بىز ھاياجانلىنىش جەھەتتىكى تەتۈر سىيرىلىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا چۈشۈشىمىزنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.14% نى ئىگىلەيدىكەن، ساپاسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بۇ سان گەرچە تەرەققىي تاپقان ئامېرىكىنىڭكىدىن ئون ھەسسە تۆۋەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن يەنىلا بىزدىمۇ خېلى كۆلەملىك زىيالىيلار توپى شەكىللەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. زىيالىيلار توپىنىڭ شەكىللىنىشى «پەلسەپىۋى مىللەت» كە ئايلىنىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ، تەتۈر سىيرىلىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا جەم بولۇشىمىزدىكى سەۋەبلەرگە يەنە بىر مىسال بولالايدۇ.

بەلكىم بىز، تەشنالانغان ھاياجاننى كۆپرەك ئاشۇ دادىل ماقالىلەر، يېڭىچە پىكىرلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېيىشكە ھەقلىق بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل قاراشنىڭ ۋەزنى خېلى

جىلىڭ باسىدۇ. ئۇزاق مەزگىل دۇچار بولغان پەلسەپە نامراتلىقى، نەزەرىيە بىر خىللىقى ۋە ئىدېئولوگىيە قاتماللىقىدىن كېيىن، بىرەر يېڭىچە پىكىرنىڭ ھاياجان پەيدا قىلىشى تەبىئىي كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. تەشنالىقنى ئالدىنقىسى پەيدا قىلىدۇ، ھاياجان كېيىنكىسىنىڭ مەھسۇلى.

بىزنى ھاياجان بەخش ئەتكۈچى يېڭى پىكىرلەردىن كىم خەۋەردار قىلدى، دېگەن مەسىلىدە توختىلىدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدا بىر پارلاق سەھىپە ئايان بولىدۇ. باشقا مەجمۇئەلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىشقا ھەقلىق بولماسلىقىمىز مۇمكىن. لېكىن يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە نۇرلۇقراقى چولپان بولغاندەك، ئۇ يەنىلا نەزىرىمىز دائىرىسىدە ئەڭ ئاۋۋال چاقنايدۇ. ئۇ ھازىرغىچە 250 سان چىقىپتۇ، 50 يىل نەشر قىلىنىپتۇ. مۇبارەك بولسۇن !

## 2

*ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،*
*ئويچىمىدىڭسەن؟*
*تاغ باغرىدىن كېتەلمەيسەن،*
*قويچىمىدىڭسەن؟*

— خەلق قوشىقى

يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى نەزەرىيەۋى ماقالىلەر، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر تەسىرىدىن ئىزچىل ھاياجان ئىچىدە يۈردۈم. ھەسرەتكە چۆكتۈم ۋە ئۈمىدكە تولدۇم. ھەسرەتلىرىم ئۈمىدلىرىمنى كۆمۈپ تاشلىغان ياكى ئۈمىدلىرىم ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرغان چاغلار بولدى. ھەسرەت ئۆتمۈشكە، ئۈمىد كەلگۈسىگە تالىق بولغاچقا، قەلبىم كۆكىدە

www.uyghurkitap.com

كۆپرەك ئۈمىد قۇشى پەرۋاز قىلىپ تۇردى. ئۇنى ئاشۇ يېڭىچە پىكىرلەر قاناتلاندۇرغانىدى. مەسىلەك زورۇقۇشلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان ئاشۇ پىكىرلەر كۆڭلۈم خالىغان گەپلەرگە، كۆڭلۈم خالىغان گەپلەر بولسا، ئاشۇ پىكىرلەرگە ئوخشايتتى. قەلبىمدىكى ھاياجان بەلكىم ئاشۇ ئوخشاشلىق ئارىسىدىن چىقىلغان چاقماق بولۇشى ئېھتىمال. زۆرۈر بولغان گەپلەرنىڭ كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى مۇھىم ئەمەس. مېنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى تېپىپ ئېيتىش بولسا، بىلىم، ئىقتىدار ۋە جاسارەتكە باغلىق ئىشتۇر. ئاشۇ خىل ئەسەرلەرنى دوستلار ئارا تەۋسىيە قىلىشىپ، بىرلىكتە مۇتالىئە قىلغان چېغىمىزدا، مۇئەللىپلەرگە تەئەللۇق مۇبارەك نام تىلىمىزغا قايتا - قايتا جارى بولۇپ تۇردى. قەلبىمىز تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنى تۆرگە ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەمگەكلىرى باشلاپ چىققانىدى. ئالىمانە تەپەككۇر ئىزچىللىقى، داھىيانە پىكىر جەۋھەرلىرى، ئېغىر ۋە لوگىكىلىقى كۈچلۈك جۈملىلەردىن ئىرادە - ماتانەت ۋە باتۇرلۇق، زېرەكلىك، بىلىمدانلىق ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن پەزىلەت — تەقدىم قىلىشچانلىق بالقىپ تۇراتتى. يىراق ئۆتمۈشنىڭ شان - سەلتەنەتلىرى، جاھىلىيەتنىڭ داغ - كىر ۋە ھەسرەت - نادامەتلىرى، كەلگۈسىنىڭ غەم ۋە ئۈمىد - ئىستەكلىرى ئايان بولاتتى. بىز ئاشۇ سەھىپىلەردە ئۆتكەن ئۇزاق ئەسىرلەردىكى بوۋىلار بىلەن، مۇتەپەككۇر ئالىملار بىلەن، زاماندىش بايراقدارلار بىلەن مۇڭدىشاتتۇق، تونۇشاتتۇق. ياق، بىزدە ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇدەك سالاھىيەت يوق. سالاھىيەتلىك مۇئەللىپلەر بىزنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە باشلاپ كىرەتتى. قانچە ئەستايىدىل قۇلاق تۇتساق، شۇنچە تېرەن مەنىلەرنى ئاڭلايتتۇق. ھەممە ئىش ئايان بولغاندەك، چۈشىنىكسىز ھېچنېمە قالمىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە گىرىمسەن، تۇمانلىق ئۆتمۈشنىڭ پايانسىز جاڭگاللىرىغا

تاشلىسا، تۇرۇپ كەلگۈسىنىڭ زەڭگەر كۆكىگە پەرۋاز قىلىدۇراتتى. يوقالغان يوللار ئۈستىدىن كۆمۈلگەن ئىزلارنى ئىچىپ، كەلگۈسىگە يېتىدىغان چىغىرنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. سوئاللارنى پەيدا قىلاتتى ۋە جاۋاب بېرەتتى. يەنە يېڭى سوئاللار باش كۆتۈرەتتى ۋە بىز ئاشۇ ئالتۇن سەھىپىلەرگە يەنە يېپىشاتتۇق. بىزمۇ ئاستا - ئاستا يۇزە ئويلايدىغان «ئويچى» دىن «ئوي ئويلايدىغان ئويچى» غا ئايلىنىپ باراتتۇق. ئاشۇ سەھىپە ۋە سەتىرلەر گويا بىلىم ۋە مەنىلەر خەزىنىسىنىڭ يۇكسەك تېغى. بىز «تاغ باغرىدىن كېتەلمىگەن قويچى» ئىدۇق. مەنىلەر تېغىنىڭ ئاھاڭرەبا چوققىلىرى بىزنى تۆمۈر كۇكۇنلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك تارتاتتى. ئېسىل ۋاراقلارنى پۇرلەشتۇرۇشكە كۆزىمىز قىيمايتتى. كېلەڭسىز ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ يۇرۇشمۇ ئەپسىز ئىدى. ئاشۇ سەتىرلەرنى يانچۇق دەپتىرىمگە كۆچۈردۇم. بۇ، ئادەتكە ئايلاندى. مانا ھازىر ئالدىمدا ئاشۇ خاتىرىلەر ئېچىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە بەتلىرى «تەرمە» بىلەن تولغان. ھەممىسى كۆچۈرۈلمە. ئۇنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ سەھىپىلىرىڭدىن كۆچۈرگەنمەن. سەن ھازىرغىچە 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. 30 يىللىقى كۇمۇش توي، 50 يىللىقى ئالتۇن توي، 70 يىللىقى ئالماس توي... دېگەن گەپلەر بىزدىمۇ تارقالدىغۇ. سېنىڭ ئالتۇن تويۇڭغا مۇبارەك بولسۇن !

## 3

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەرۋىشتىن، — كىيىملىرىڭگە قارىغاندا يىراق مەملىكەتلەردىن كەلگەنگە ئوخشايسەن؟...

— مەن دۇنيانى كېزىپ يالغانلار دېڭىزىدىن ھەقىقەت ئارىلىنى ئىزدىگۈچىمەن.

www.uyghurkitap.com

— «چىڭگىزخان» دېدى

— مەن كىم؟ — دەپ سورايمەن مەنمۇ ئۆزۈمدىن تەرمىلەر كۆچۈرۈلگەن خاتىرەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ. سوئال بىر، جاۋاب مىڭ. جاۋاب ئاشۇ سەھىپىلەردىن — نەزىرىمدە شەكىللەنگەن، ماكان قاتلاملىرىدىن ھالقىپ، زامان پايانسىزلىقىغا سوزۇلغان بويۇكلۇكتىن، N نىڭچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىدىن بالقىپ چىقىدۇ. ئاشۇ سوئالنى قاچاندۇر بىر چاغدا ئۆزىگە قويۇپ باققانلارنىڭ ھەممىسى جاۋاب بېرىدۇ.

— «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» — دەيدۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ.

— «ئادەم پەقەت ئۆزىنى بىلگەندىلا رەببىنى بىلەلەيدۇ» — دەپ ئۇزارتىدۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر قاپ سامانغىمۇ يارىمىغان پەرىدۇددىن ئەتتار خۇش پۇراقلارغا كۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپ.

— «ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىنمۇ يېقىن نەرسە بارمۇ؟ ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزۈڭنى بىلەلمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن تاشقىرىقى نەرسىلەرنى قانداق بىلىسەن؟» — دەپ تەنە قىلىدۇ ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل غەززالىي.

— «ئىنساننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر...» — دەپ خۇلاسىلەيدۇ ئەسئەت سۇلايمان مىڭ يىللار كېيىندىن O نۇقتىغا كېلىۋېتىپ....

يەنە سوئاللارغا كۆمۈلىمەن. ئۆزۈمنى بىلىۋېلىشىمنىڭ مۇھىملىقى ئايان بولغان بىلەن، ئۆزۈمنىڭ كىملىكى ئايان بولمايدۇ. رەببىمنى بىلمەسلىكىم ئۆزۈمنى بىلمەسلىكىمنى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ياكى ئۆزۈمنى بىلمەسلىكىمدىن رەببىمنى بىلمەي يۈرەمدىمەن؟ ئېنىق بولمايدۇ. يەنە: «كىم مەن؟» دەپ تەكرارلايمەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاكالىتەن جاۋاب

بېرىدۇ:

— «ئادەم مەيلى تۇغما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىيون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم - پەن، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ۋە مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەخت ۋە تەقدىر - قىسمەتلىرى، ئاخىرقى ھېسابتا شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ - قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ...»، ... «ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس. ئۇ، زامان، ماكان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۈركۈمىدىن ئىبارەت...»، ... «نامەردلىك — مەلۇم مەنىدە ساناقسىز كىشىلەر پادىسىنىڭ روھىي ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان، زامان، تۈركۈم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك تارىخىي قاتلامدا...»

راسا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن. ئالىم ئۆزىنىڭ زېرەك نەزەرلىرى بىلەن بۇنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ:

— «مەن... كەتمەن تۇرمۇشنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى قىلىنغان ماكان، زامان، مەدەنىيەت تۈركۈمىدە ياشىدىم، — دەپ ئېنىقلاشتۇرىدۇ ئۇ، ... — ماكان، زامان، تۈركۈم ساپاسىنىڭ تارىخىي قاتلىمى تۇپەيلى، مەنمۇ خۇددى يىپەك يولى بېكىتىلگەن زامانلاردىكى دادام، بوۋام ھەم چوڭ بوۋاملاردەك تەقىپ، تۇتقۇن ۋە باغلاق رىيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم...»

خېلى چۈشىنەرلىك بولىدۇ. ھەممىمىز چۈشىنىمىز. ھەربىرىمىز ئۆز سوئاللىرىمىزغا ئەڭ ئىخچام ئېنىقلىما ئىشلەپچىقىرىشقا تىرىشىمىز. كۆپ تەبىرلەر بېرىلىدۇ. ھەممىسى توغرا ۋە مۇكەممەل، خاسلىقى كۈچلۈك، ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىرلەر تەبىر بەرگۈچىگىلا تەئەللۇق. مەن كىم؟

— مەن تەرمىلەر كۆچۈرۈلگەن خاتىرىنى ئوقۇغۇچىمەن!

سەن مېنىڭ ئەڭ قىيىن سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىپ بېرەلىگەن قۇرئەندازىمسەن. 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. سېنىڭ 50 يىللىقىڭنى تەبرىكلەش كېرەك.

مەن خوتەن شەھىرىدە، 1970 ـ يىللاردا ئوغرىلىقچە نان سېتىلىش بىلەن داڭ چىقارغان «ئۈچ بۇرجەك بازار»غا — بوگۈنكى قىزىلگۈل بازىرىغا باردىم. خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ئەي بېرىلگەچكە، قىزىلگۈل پۇرىقىنى يوقىتىپ ياتلىشىشقا يۈزلىنىپتۇ. پوچتىخانا ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يات ۋە سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن گۈللەرنى ئالغۇم كەلمىدى. مەن ئەتە — تاڭدا يۈرۈڭقاشنىڭ قاشتېشى چايقاپ ئېقىۋاتقان قىرغاقلىرىغا چىقىمەن. ئۇ يەردە تەبىئىي ئۆسكەن ياۋا گۈللەر پۇراق چاچىدۇ، بىنەپشەرەڭ گۈللەيدۇ. ئۇنىڭدىن دەستە تىزىمەن. تېخى ھېچكىم بۇنداق ئېسىل گۈلدەستىنى يار جانانىغا تۇتۇپ باقمىغان! قوبۇل قىل، تەبرىكىمنى قوبۇل قىل...

## 4

*سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ؟*

— م. باغراشنىڭ ماقالە ماۋزۇسى

«مەن كىم؟» گە بېرىلگەن ئېنىقلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن «بىز كىم؟» نى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر بولىدۇ. N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىدا سۆھبەت قىزىپ كېتىدۇ. ئىشتىراكچىلار سانجاق - سانجاق. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چوڭدىن كىچىككىچە، ئوقۇغۇچىدىن ئالىمغىچە

ھەممىسى سۆز قاتىدۇ:

— «ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت — باشقىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەت» — دەپ قولىنى پۇلاڭلىتىدۇ گېرمانىيە دەرسخانىسىدا لىيودىۋىگ فېيىرباخ.

— «ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىگە، ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ» — دەيدۇ فېرىدىرىخ نېتزىي.

— «مىللەت — ھەر زامان، ھەرقاچان ئۆزىنى ئەينەن كۆرستىدىغان ئەينەككە موھتاج» — دەيدۇ ئەنۋەر مەتسەئىدىي كونكرېتلاشتۇرۇپ.

«گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان 500 يىل داۋامىدا ... تارىم ۋادىسى... ئاستا - ئاستا بەللىرى مۈكچەيگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قېرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. نەۋايىدىن كېيىنكى 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى «ۋاكۇئۇملۇق» ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى... نەۋايىنىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامالىتى قايتا مەيدانغا كەلمىدى. ئەقلىيلىك پىرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى... ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى قېتىتىپ، روھىيەت قۇرۇلمىسىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇلار بىر خىللىقتا، رايىشلىقتا ۋە جاھاننىڭ رەپتارىغا كۆنۈككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۇرەلمەيتتى، قوزغىتالمايتتى، ھەيدىيەلمەيتتى...» دەپ ھەسرەت چەكتى ئەسئەت سۇلايمان غېرىبلىق بىلەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق تەقىيسىنىڭ لېنتىلىرى زامان شامالىرىدا ئۇچۇپ تۇراتتى.

— «ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي

راۋاجلاندۇرۇش، ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى. ئۇلار پەقەتلا ئۇقۇدى، ماختىدى ۋە تەقلىد قىلىپ تۈزدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھارغىن روھىي پىكىر ۋە تەپەككۇرىدىن يىراق ئىدى. ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت - غۇرۇرى، بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرقانداق بىر بايقاشنى روياپقا چىقىرالمىدى. ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشالمىدى...» — دەپ يەنمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ تاشلىدى ئارنولد گىببۇن.

— «بۇ يەرگە (قەشقەرگە) ئىسلام دىنى كەينىچىلەپ كىرىپتۇ...» — دەپ نادامەت چەكتى مۇسا جارۇللا...

N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىدا سۆھبەت قۇرغانلارنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى بارىدەك قىلاتتى. كۆكتىن: «شۇنداق قىلىپ، نېمە ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى؟» دېگەن سوئال چۈشتى. ئالىم — مۇتەپەككۇرلارنىڭ دىققەت مەركىزىنى، پىكىر يۆنىلىشىنى بۇرايدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى.

— «ئۇلارنىڭ بىر توپ سەۋرچان، ئۆتمۈشكە سىغىنغۇچى مۇرىتلىرى بولسا، كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر يۈرۈش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى» — دەپ گېپىنىڭ داۋامىنى چۈشۈردى ئارنولد گىببۇن.

— «نادانلىقىمىز تۇپەيلى تەقدىرىمىز تۈز سۈيىدەك ئاچچىق بولۇپ كېتىۋەردى. ئەڭگۈشتەرلىرىمىز ئېتىبارسىز قېلىۋەردى. يول بەلگىسى يوق يوللاردا ئېغىز - بۇرنىمىزنى قان قىلىپ كېتىۋەردۇق. كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى...» — دېدى يالقۇن روزى.

— «تارىم ۋادىسى ئۇزاقتا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كىلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى» — دېدى ئەسئەت سۇلايمان.

— «بۇ يەر 21 ـ ئەسىرگە دېھقانچىلىق بىلەن كىرىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چىقىپ كېتىدىغان بولىدى...» — دەپ ھەسرەت چەكتى ئابدۇقادىر جالالىدىن. ئۇنىڭ ھەسرىتى قوش ئىدى. چۈنكى «ئۇنىڭ بۇ يىل خوتۇنى يوق» ئىدى.

— «مىللىتىمىز ئەقىل مىللىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن بولسىدى، ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك چوڭىمىزدىن كىچىكىمىزگىچە قىلغىلى ئىش يوقتەك غىتىلداپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرمىگەن بولار ئىدۇق» — دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «كىتاب ـ ژۇرنال سېتىۋالىدىغانلار... ھاراق ـ تاماكا سېتىۋالىدىغانلاردىن ئاز. گېزىت، كىتاب ئوقۇيدىغانلار بىكار لەلەڭشىپ يۈرۈپ پىتنە ـ پاسات توقۇيدىغانلاردىن ئاز. قانداق قىلسام بىرەر كەسىپ ئىگىلەپ كېرەكلىك ئىشلارنى قىلالايمەن، دېگەنلەر ئۈستىدە پىلان سوقىدىغانلار بىلىيارت تاختىسى ئۈستىدە تاش سوقىدىغانلاردىن ئاز...» — دېدى ئەنۋەر مەتسەيىدىي كونكرېتلاشتۇرۇپ.

— «زەئىپلىشىش ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىش سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش — ئىچكى كېسەللىكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەر ئاۋۋال روي بېرىدۇ» — دېدى ئارنولد تويىنى.

— «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇن زۆرۈر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە، مىللەت ئاستا ـ ئاستا خارابلىشىدۇ» — دېدى مونتىسكيۇ.

— «مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق بىر روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىمات ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان ئۇششاق

كىلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئەكىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ كېيىنكى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پىسخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ» — دېدى ئەسئەت سۇلايمان.

— «ئىدىيەمىز ئىجتىمائىي غايىمىزدىن چەتنەپ، ھوقۇققا بولغان ھېرىسمەنلىككە بۇرۇلغىنىدا، ئۇ چاغدا ئەنە شۇنداق مەستخۇش ۋە غالجىرلاشقان ھالەتتە، بىز نورمال بولمىغان بىر دۇنيادا ياشاپ قالىمىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمىز ساغلام بولمايدۇ. ئەركىنلىكىمىز ئەركىن بولمايدۇ» — دېدى رابىندىرانات تاگور.

— «ئىنسانىيەتنى مىسلىسىز پارلاقلىققا ئېرىشتۈرگەن ئېتىقاد سۇسلىشىپ، پۇل كانايلىرىدىن چىقىۋاتقان جەلپكار سىمفونىيە ئادەملەرنى تەۋەككۇلچىلىككە، قاراملىققا، رەھىمسىزلىككە ئۈندەپ، كەلگۈسى دۇنياغا بولغان ئىشەنچ - ئەقىدىنىڭ بوھرانىدىن شەپە بەرمەكتە» — دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا.

— «تەلەي دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇ يەردىكىدەك تۇتۇرۇقسىز ئەمەستۇر» — دېدى مونتىسكيۇ.

— «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» — دەپ كونكرېتلاشتۇردى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جاھالەت دەۋرى ئۈستىدە توختىلىپ. كۆكتىن، ياق، N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىدا قاياقنىڭ كۆك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز، كۆكتىن ئەمەس، غايىبتىن سوئال چۈشتى.

— سەۋەب نېمىدە؟

— «ئىجادكارلىقى بولمىغان مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىمۇ بولمايدۇ» — دەپ جاكارلىدى ئاتاتۈرك ئاناتولىيەدىكى ئەڭ يۇكسەك چوققىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ

تۇرۇپ.

— «جەسۇرلۇق — ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق مىللەت بولۇپ تۇرالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنىۋى دەسمايە، بۇ دەسمايىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت، يوقىلىش يولىدا بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان مىللەت سانىلىدۇ» — دېدى تەكلىماكانىي «ئەزھەر» دە ئوقۇۋاتقان چېغىدا.

— «بىر مىللەت ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر خورسىندى ئىللەت — ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختىا ئېپتىخار ۋە بىكار تەلەپلىكى» — دەپ سۆز قاتتى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، — «بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، دۇنيانى بىلىشى ۋە مۇشۇ بىلىشلەردىن شەكىللەنگەن ئالغا قاراش — ئالغا ئىلگىرىلەش ئېڭى، ئۆزگە تۇشلۇق روھىيەت قۇدرىتى، بۇ روھىي قۇدرەتنى سىرتلاشتۇرۇپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالايدىغان دادىل كۈرەش قىلىش جاسارىتى بولمىسا... بەرىبىر بىكار.»

— كونسېرى يىمىرىلىۋاتقان مىللىي ئاڭ ۋە ئېتىقاد كىرىزىسى بىزنىڭ ئىرادىسىز، بىپلى بوش ئەبگارلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھامان بىچارىلىك ۋە مىسكىنلىكنى چىللاپ تۇرىدىغان ئوسال خاراكتېرنى شەكىللەندۇرۇپ قويغان. ئۇ بولسىمۇ، مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكتۇر» — دەپ قوشۇلدى تەكلىماكانىي.

— «بىزنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىكى چېكىنىشىمىز — مىللەتنى ھالاكەتكە ئاپىرىدىغان ئەڭ ئەجەللىك مەسىلىدۇر. تەپەككۇرى ساغلام بولمىغان مىللەتنىڭ روھىيىتىنىڭ ساغلام بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» — دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «مىللەت گۆدەكلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ ئاۋۋال

زىيالىيلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ئىزدەش لازىم —، دېدى خەنزۇ مۇتەپەككۇرى خې شىن سۆز قىلىپ، — «زىيالىيلار سەرگەردانلارنىڭ ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتىنى نەزەرىيە، نىشان، غايە ۋە تاكتىكا بىلەن تەمىنلەيدۇ. سىياسىي داھىي ئۇلارنى تەشكىللەيدۇ....»

— شۇنداق، «زىيالىيلار بىر مىللەتنىڭ باشلاپ ماڭىدىغان سەركىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بىزنىڭ سەركىلىرىمىز خەلقنى ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىمۇ توغرا يولغا باشلىيالمايۋاتىدۇ...» — دەپ غەزەپلەندى باتۇر روزى.

— «بىزدە مىللەت ئىدېئولوگىيەسىنى دۇنياۋى ئېقىمغا ئەكىرىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ماسلىشىشچان مېخانىزملىق قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلمىدى...» — دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن.

— «مىللەتنى زامانىۋى تەپەككۇر ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىيات قەدىمىگە يېتەكلەشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك روھىيەت بىناكارلىقىنى يەنىلا زىيالىيلار ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. زىيالىيلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇپ، ئىدىيەسىنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىپ، ئادەم بولۇشنىڭ تۇنجى ئۆتكىلىدىن ئۆتەلىسىلا...» — دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «ئەپسۇسكى، ئۇلار ھەسەتخورلۇق، ئىزا - ئاھانەت، زىيانكەشلىك، چېقىم ۋە خورلۇقتا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغۇچىلاردۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەك بەرداشلىق، كۆتۈرۈشلۈك، قېيىداشتىن خالىي. مىللەت ئىڭىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھەممىنى بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرىدۇ. بۇ روھىيەت ئەزىمەتلىرى غەپلەتكە بوي بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن چېكىدىغان قايغۇ - ھەسرىتى ھەممە ئادەمنىڭكىدىن تولا. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئازابى

بولماستىن، بەلكى بىر ئەلنىڭ، شۇ ئەل خەلقىنىڭ ئازابىدۇر» — دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا يەنە.

— «ئۇلار ھەرھالدا تارىختىن، دۇنيادىن، ھەقىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار... يېڭىلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپى بەكمۇ سۇرۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ۋە ئۇمىدۋار خاھىش قىلىشقان... ئۇلار چۆلدە كۆرۈنىدىغان ئاۋۇندەك بار دېسە بار، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق ئەھلىگە قارىغاندا، خەلق تۇركۇمى قويىنىدا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر... ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى، تۆۋەنىنىڭ غوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتتۇغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيەتكە ئىگە ئىككەنلىكى بىلەن مەغرۇر...» — دەپ قوشۇپ قويدى ھۆرمەتلىك ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.

رېئاللىقىم — كەچمىشىم ۋە سەۋەب ھەققىدىكى سۆھبەتلەر كىملىكىم ھەققىدىكى سوئالنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرغاندى. N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىغا — خاتىرجەم سەھىپىلىرىگە تىكىلدىم. ھەممىسى ئىز ۋە يەنە ئىز ئىدى. ئاشۇ ئىزلارنى بويلاپ ماڭسام، تولىمۇ يىراقلارغا كېتىپ قالاتتىم. رېئاللىققا قايتىشىم زۆرۈردەك تۇيۇلدى. بىزنىڭ كىملىكىمىز ئېنىق بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم ھەققىدە سەل كېيىنرەك خۇلاسە چىقارسامىمۇ بولاتتى. ھويلامدىكى خوراز چىللىدى، قۇشقاچلار ۋىچىرلاشتى. رېئاللىققا قايتتىم. سەن 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. تەبرىكلەش كېرەك. كاككۇك ۋە قارلىغاچنىڭ سايرىشى 50 يىللىقىڭنى تەبرىكلىگەن. شادىيانە بولسۇن، مۇبارەك!

## 5

*سېنىڭمەنۇ سېنىڭمەن.*
*سېنىڭ بولماي كىمنىڭمەن؟*
*ئاتۇشنىڭ بازارىدىن*
*سېتىۋالغان قۇلۇڭمەن.*

— ئاتۇش خەلق ناخشىسى

O ۋاقىتتا قايتىپ كەلدىم. ئۆزۈمگە بېرىلگەن باھانى بىلگۈم بار ئىدى. مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم. ئۇلار مەقسىتىمنى چۈشەندى:

— «قۇل دېگەندە يۈرەك، شىجائەت ۋە جاسارەت بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماددىي تۇرمۇشتا پەقەت ۋە پەقەت غوجايىنىنىڭ قولىغا قاراقلىق. مەنىۋى تۇرمۇشتا بولسا، غوجايىنىنىڭ ئېغىزىنى مارىقلىق. غوجايىنى نېمىنى يە دېسە شۇنى يەيدۇ، غوجايىنى نېمىنى دە دېسە، شۇنى دەيدۇ...» دېدى تەكلىماكانىي قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي ۋە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى: «مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكلىكنىڭ كاساپىتىدىن مۇتلەق قۇلچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ھېچبىر مەسىلىنىڭ ئادالەت بىلەن ھەل قىلىنىشىغا يار ـ يۆلەك بولالمايدۇ...»

— «قۇللۇقتا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەمدىن سۆيگۈ تەلەپ قىلىش — خۇددى مۇردىدىن گەپ تاما قىلغانغا باراۋەر... بىزدە قۇللۇقتا ئادەتلىنىپ قېلىش پىسخىكىسىغا گىرىپتار بولمىغانلاردىن زادى قانچىلىكى چىقار؟» — دېدى باتۇر روزى.

... — «بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملىرىمىزدە... سىياسىي ئاڭ شەكىللەنمىگەن. سىياسىي ئاڭ ئورنىغا

چېچىلاڭغۇلۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئورنىغا ساتقۇنلۇق — مۇناپىقلىق باش كۆتۈرگەن...» — دېدى ئىبراھىم ئەمەت. ئۇنىڭ سۆزى باتۇر روزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب ئىدى.

— «مەنمەنلىك — نادانلىقنىڭ بىر چوققىسى» دېدى ئىبراھىم ھەققۇلوف.

— «نادان — ئېشەك، ھەتتا ئېشەكتىنمۇ بەتتەر. ئېشەكنى قاياققا ھەيدىسەڭ، شۇ ياققا ماڭىدۇ. نېمىنى ئارتساڭ، شۇنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىل - پاراسەت دەۋاسى يوق. بەرسەڭ توق، بەرمىسەڭ ئاچ، ئۇ بىر بىچارىدۇر... نادان ھەتتا يۇقىرىقى سۈپەتلەردىنمۇ خالىي، زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم. ئۇنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، گىدىيىش، خىيالىدا يۈز خىل تەشۋىش ۋە ئەندىشە...» — دېدى ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى.

ئۆزۈمنى يەنىمۇ ئېنىقراق بىلىۋالغاندىم. لېكىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. خىجىللىقتىن چوڭقۇر، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق، يىلان - چايانلار مىغىلداپ يۈرگەن ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم. گەرچە كىملىكىمگە ئېنىق تەبىر بېرىش مۇمكىنلىكى تۇغۇلغان بولسىمۇ جۈرئىتىم يوق ئىدى...

بالىلىرىمنىڭ ئانىسى — مومىيىم كىردى. دىققىتىم چېچىلدى. N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىدىكى ئەنجۈمەن بۇزۇلدى. مومايىمنىڭ ئېيتىشىچە، كىمدىندۇر تېلېفون كەپتۇ. چۈشتىن كېيىن ئىدارىدە مائاش تارقاتقۇدەكمىش.

سەن 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشىر قىلىنىپسەن. سېنى تەبرىكلەش كېرەك. ساڭا سوۋغات ئالاي دەيمەن، لېكىن ئاينىڭ ئاخىرىدا...

## 6

*«نائۇمىد — شەيتان.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئۇزاق ۋە مەنىسىز تەشۋىشلەردىن كېيىن يەنە خاتىرجەم





سەھىپىلىرىگە تىكىلىپ N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ يىراق ۋە يېقىن جايلار، ئۆزاق ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئىشتىراك قىلالايدىغان ئەنجۇمەنىگە قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر سۆھبەت ئەمدى ئۇربىتىسىدىن چىقىپ، «شۇنداق قىلىپ نېمە ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى؟» دېگەن سوئالنىڭ رىبلىسىغا چۈشۈۋالغانىدى. يالقۇن روزى تونجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— «ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى... پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلايدىغان تەقدىر ئىلاھى مىللىي ۋۇجۇدىمىزدىكى (بۇ خىل) نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتىي كۈچكە باي ئىرسىيي گېنىنىڭ ئۇنداق ئوڭاي يوقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يوشۇرۇن كۈچكە باي بۇ مىللەتنىڭ پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشسىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى...»

— «ئەتراپىمىزدا ھەممە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىسىمۇ، مەن كانتقا ئوخشاش ديانەت ئۇ دۇنيادىلا غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن. ديانەت ھەر كۈنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. قاباھەت ئۇيلىغىنىمىزدىنمۇ ئاجىز» — دېدى نەجىب مەھفۇز سۆز ئېلىپ.

— «ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى يارىتالىغان خەلق ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتالىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس، ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر»، ... «ئىنسانىنىڭ ھايات قىممىتى ئوڭۇشسىز مۇھىت بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ...» — دېدى ئابدۇشۈكۈر

مۇھەممەتئىمىن سۆز ئېلىپ، ... — «ئارىپ — ئويغانغان ئىنساننىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى — ئۆزىنىڭ پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي پاجىئەسى...!»، «بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تۇرغان گەپ...»، «مىللەت ئۈچۈن ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن، تارىخ سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا زۆرۈر شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى شەرتى ۋە ھەممە ۋاقىت بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم، ئادەت، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى تۈزىدۇ. مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ...»

ھۆرمەتلىك ئالىم «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن تېمىغا ئۆتۈش زۆرۈرىيىتىنى جاكارلىغاندى. باشقىلارنىڭ ئېغىزىمۇ بەس - بەستە ئېچىلدى.

— «ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىش — تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق. بۇنداق ھوقۇقنىڭ ھەققانىيەتتىن پۇتكەن پۇتلىرى بار، ئۇنىڭ بىلەن ماڭغاندا پەقەت ئادالەت دۈشمەنلىرىلا ۋايسايدۇ...»، ... «ئانا تېما بىر مىللەت ياكى بىرەر دەۋر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەقەززالىقتۇر، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ئاقىللار ئۆزى تاپىدۇ...» دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە ئاخىرىدا: «ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، پېتىر ئىسلاھاتى روسىيەنى، گەندى

روھى ھىندىستاننى قۇتقۇزدى...» دەپ قوشۇپ قويىدى.

— «مىللەت پەلسەپە بىلەن قوراللانماي تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس...» — دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «كىشىلىك ھاياتنىڭ، مەۋجۇتلۇقنىڭ يولى پىداكارلىق بىلەن ئېچىلىدۇ. ئىستىقبالنىڭ يولى بولسا، جەڭگىۋارلىق بىلەن كېڭىيىدۇ» — دېدى تەكلىماكانى.

— «مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولماقچى بولىدىكەن، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»، «كىشىلەرنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مەدھىيىلەڭلار» — دەپ سۆز قاتتى فېرىدرىخ نېتزىي.

— «خەلقىمىز ئۆزى ھەربىر قورالدا ياكى ھەربىر سىستېما ۋە ياكى فورمىدا ئۆزىنى كۆرەلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىش، كەشىپ قىلىش جەھەتتىكى خاس روھىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئۆز ئەقلىنىڭ مۇناسىپ پائالىيەتلىرىنى قاتناشتۇرالىشى، ئومۇمەن، تەرەققىياتنىڭ ھەربىر دولقۇنىدا ئۆز جىلۋىسىنى كۆرەلىشى، ئۇچرىتالىشى كېرەك»، ... «شەرت شۇكى، جەمئىيەتتىكى ھەربىر كۈچ شەخس ئۇنىڭدىن ئۆز ئەركىن ئىرادىسىنىڭ جەۋھەر ئىزلىرىنى تاپالىشى كېرەك» — دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن سۆز قىستۇرۇپ.

— «كىشىنى تاشقى شارائىتنىڭ غوجايىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئورنىغا ئۇنى بۇ شارائىتقا بويسۇندۇرغان ئاسىيا جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك» — دەپ سۆز قاتتى ئۆزۈندىن بېرى جىممىدە ئولتۇرغان كارل ماركس ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلغاندەك بىر ئىپادە چاقنايتتى.

— «ھەرقانداق مىللەتنىڭ دوستى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن

ئىبارەت» دېدى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.

— «بىر مىللەت، بىر خەلق ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە نېمىنى ئويلاپ يېتەلىسە، نېمىنى تونۇيالىسا، نېمىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئېڭى بولىدۇ. بىر مىللەت نېمىنى قىممەت دەپ قارىسا، شۇنىڭ ئۇچۇن كۈرەش قىلىدۇ» دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا.

— «سىرتقى تەسىر ئىچكى ئېنېرگىيە ئارقىلىق رول ئوينايدۇ» — دېدى ئەسئەت سۇلايمان.

— ئاڭلىسام ئىمانلىق ئادەمدىن بىرى بولسىلا... قىيامەت قايىم بولماسمىش، خۇدا ئۇيغۇرلارنى ئىمانى بار يازغۇچىسىدىن ئايرىمىسۇن» — دېدى باتۇر روزى.

— «روھىي ئاجىزلىق بارلىق قۇللۇقنىڭ ئانىسى، شۇڭا ئىنسان ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشنى خاراكتېر تەربىيەسىدىن باشلىشى كېرەك» — دېدى يەنە ئابدۇقادىر جالالىدىن.

— «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» — دەپ قولىنى كۆتۈردى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. ئالىمنىڭ قولى مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يورۇقلۇق چىقاردى...

كۆپ غۇۋا نەرسىلەر ئېنىق بولغاندەك تۇراتتى. دىل يورۇپ روشەنلىشىۋاتاتتى. شەپەق N نىنچى دەرىجىلىك كوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىنى يورۇتتى. ياق، ئۇنىڭ يورۇتقىنى نۇقتا ئەمەس، خاتىرەمنىڭ سەھىپىلىرى ئىكەن. بىلدىم، ئۇ 250 سان چىقىپتۇ، 50 يىل نەشر قىلىنىپتۇ. تەبرىكلەش كېرەك ئىدى. خىيالىمغا زەمبىرەك سېتىۋېلىش كەلدى. زەمبىرەك بىلەن ئۇتۇپ كېتىۋاتقان كېچە ئاسمىنىغاساليوت ئاتسام، بۇ مېنىڭ تەبرىكىم بولاتتى ئەمەسمۇ، ئەمما...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

## 7

*ئاش تۇرمىغان باداڭدىن،*
*بىلمى يوق كاداڭدىن،*
*ساقايمىغان سارائڭدىن.*
*ھەزەر ئەيلەڭ دوستلىرىم.*

— «يەكەن خەلق قوشاقلىرى» دىن

1996 ـ يىلى دېكابىردا، بېيجىڭدىكى «خەلق» سارىيىغا 1300 نەپەردىن كۆپرەك شائىر - يازغۇچى جەم بولغانىدى. دىققەت بىلەن كۆزەتسەم، ئۇلار نورمال ئادەملەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. مەن يېنىمدىكى مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندىگە قاراپ:

— بۇلارنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر «ساراڭ» ئېسىمگە كەپقالدى، — دېدىم پىچىرلاپ.

— ساراڭ بولمىسا يازغۇچى - شائىر بولالتتىمۇ، ھەممىسى ساراڭ، — دېدى «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىمۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ.

ئۇ بەلكىم چاقچاق - ھەزىل بىلەن جاۋاب بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن نېمىشقىدۇر خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ھەقتە ئويلاپ يۈردۈم. ئۆز نېرۋىلىرىمغا قارىتا تۇنجى گۇمان شۇ چاغدا پەيدا بولدى. ئەينەككە قاراپ باقتىم. كىيىنىشلىرىم، تۇرقۇم، قاراشلىرىم قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن ساراڭلارنىڭكىگە، ساراڭلارنىڭ كىيىنىشلىرى، تۇرق - قاراشلىرى مېنىڭكىگە ئوخشايتتى. پىكىر - خىياللىرىمىزنىڭ ئوخشايدىغان - ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. پەرق شۇكى، تاھازىرغىچە كىشىلەر مېنى ئۇلارنى ئاتىغاندەك «ساراڭ» دەپ ئاتىمىغانىدى. بۇنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئاڭلاتمىغان

بولسا بۇ باشقا گەپ.

1998 ـ يىلى ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگەن، لېكىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەي بىچارە بولۇپ قالغان بىر قىز ئۈچۈن ئوقۇش پۇلى ھەل قىلىمەن، دەپ چىپىپ يۈرگەن شائىر روزى سايىتقا ھەمراھ بولۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ «شورباغ ئۆستەڭ» بويىدىكى قورۇسىغا باردىم. ئىدارە بىناسىنىڭ يېرىمى ئىشخانا، يېرىمى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئىكەن. ھويلىدا ئىككى - ئۈچ نەپەر ئاق خالاتلىق دوختۇر ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ بارلىق خوتەنلىكلەردەك شائىر روزى سايىتنى تونۇيدىكەن. بىز كىرگەندە ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ شائىرنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. شائىر تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— مۇنۇ ئاغىنەمنىڭ نېرۋىسىدىن ئازراق چاتاق چىققانتى، ھەرقايسىلىرىغا كۆرسىتىپ باقاي دەپ چىقىشىم، — دېدى ئۇ كۈلمەي تۇرۇپ.

دوختۇرلار ماڭا بۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بەئەينى ساراڭلارغا قارايدىغان قاراش ئىدى. مەنسىتمەي، ئىچ ئاغرىتماي، خۇددى ئۇلاغ بازىرىدا بېدىك ئات - ئېشەكنى كۆزەتكەندەك سوغۇق نەزەر بىلەن باش - ئايىغىمغا قاراپ چىقتى. شۇ تاپتا ھەرقانداق چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىسام ئۇلار ئىشەنمىگەن، ساراڭ دېگەن ئۆزىنى ئوڭ دەپ تۇرۇۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان بولاتتى. ئۇلار مەندىن گەپ سوراپ مېنى تەكشۈرمەكچى بولدى. مەن نېمە قىلارىمنى، نېمە دېيەرىمنى بىلمەي قالدىم. گەپ قىلسام ساراڭنىڭ گېپى، كۈلسەم، ساراڭنىڭ كۈلكىسى، قاپىقىمنى تۈرسەم، ساراڭنىڭ غەزەپلىنىشى بولغان بولاتتى. خۇداغا شۈكۈر، شۇ ئەسنادا شائىر يەنە ئېغىز ئاچتى. مەن چىدىغان بىلەن ئاشۇ سوغۇق قاراشلارغا شائىرنىڭ تەبىئىتى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

چىدىمىغانىدى:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بىز باشقا بىر ئىشقا كەلگەنتۇق. ھەمدۇللا چوجاڭنىڭ ئىشخانىسى قايسى قەۋەتتىكىن؟ — دېدى ئۇ مېنى تارتىپ.

بىز دوختۇرلاردىن ئايرىلدۇق. بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارسام، دوختۇرلار تېخىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. قاراشلىرى بەئەينى ساراڭلارغا قارايدىغان قاراش ئىدى. ئۇلار شائىرنىڭ ئالدىنقى چاقچىقىغا ئىشىنىپ، كېيىنكى گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى. بىز ئىزدەيدىغان ئادىمىمىزنى تاپالماي ھايالشمايلا بىنادىن يېنىپ چىقتۇق. دوختۇرلار بىلەن خوشلىشىپ ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكىنىمىزگە قەدەر ئۇلار شائىرنى ئەمەس، مېنى بەكرەك كۆزەتتى. قاراشلىرى ساراڭغا قارايدىغان قاراش ئىدى. كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە ئاشۇ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىنىڭ قاراشلىرى يادىمغا كەلسىلا، كاللامدىن بىر قاپاق مۇزلۇق سۇ تۆكۈلگەندەك شۈركۈنۈپ، تىترەپ يۈردۈم. ئۆزۈمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭلىقىمنى ئايرىيالماي يۈردۈم، مەن ئوچۇق ياكى ساراڭ؟ بۇ تاھازىرغىچە ئېنىق بولمىدى...

بۇ قېتىم تەبرىكنامە يازاي دەپ ئويلىغىنىمدا، گەرچە ئىلگىرى ئۇنىۋان باھالايدىغان چاغدا ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن مۇدىرىمىز: «مېنى ماقالە يازالمايدۇ» دېگەن ۋە «مەسئۇل ئىجرائىيە باش مۇھەررىر» يازغان ماقالەمنى «سەۋىيەسى بەك تۆۋەنكەن» دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى چاغلىماي باشتىكى سەھىپىلەرنى يېزىپ بولغىنىمدا، ئۆزۈم ئىجاد قىلمىغان سۆز - تېرمىن ۋە سەتىرلەردىن ماقالە تۈزگىنىمنى ئوچلۇقمۇ ياكى ساراڭلىقمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭلىقىمغا ھۆكۈم چىقىرالمىغانلىقىم يادىمغا كەلدى. بۇ قېتىممۇ چوقۇم شۇنداق بولاتتى. ئەمما،

ماقالە دېگەننى (بولۇپمۇ ئۇنىۋان ئۇچۇن يېزىلىدىغان ماقالىلەرنى) بۇ كىتابتىن ئىككى - ئۈچ جۈملە، ئۇ ماتېرىيالدىن تۆت - بەش قۇر كۆچۈرۈپ ياكى باشقا تىللاردىن ئوغرىلىقچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشىدۇ، دېگەن ئاقما گەپ ئېسىمدە بار ئىدى. مەن ماقالەمنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ، كۆچۈرمە ماقالە قىلىپ چىققاندىم. شۇڭا ماقالەم ھېلىقى «تۆۋەن سەۋىيە» دىن ھالقىپ چىقالىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. تەبرىكنامە يازغۇدەك سالاھىيىتىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئويلاپ كۆرسەم، مەسىلە چوڭ ئەمەستەك بىلىندى. تېخى سارائىلىقىم ئېنىق بېكىتىلمىگەچكە، بۇنداق سالاھىيەت مەندىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئامرىقىم، 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن، سېنى تەبرىكلەيمەن. مۇبارەكلەپ چاچقۇ چاچىمەن. نىمشېھىت ئەرمىيە ئەلى داموللا سايرامى قەلىمىدىكى، ھېلىقى شېرىن تۇغۇلغاندا ئەۋەتىلگەن يۇلتۇزلار مېنىڭ چاچقۇم، ھەسەن - ھۈسەن شارپا مېنىڭ سوۋغام بولسۇن! يەنە 50 يىل، يەنە 250 سان نەشر قىلىنىشىڭغا تىلەكداشمەن.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurbook.com

# ئات «تۇلپار» غا ئايلانسۇن

(ماقالە)

مەن بۈگۈنكى بۇ ئەھمىيەتلىك ئەنجۈمەنگە ئىشتىراك ئېتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن مەمنۇنمەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەنجۈمەننى ئۇيۇشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان خوتەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، قاراقاش ناھىيەسىگە، مۇشۇ پۇرسەت ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن رەھبەرلەرگە رەھمەت ئېيتىش قەرزىمىز بار، دەپ ھېسابلىسام ئارتۇق كەتمەس.

بىزنىڭ بۈگۈنكى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتىمىز — سەنئەت خەلق ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ سەھنە ۋە ئېكراندىن ئورۇن ئالغان، ئەدەبىيات خەلق ئىچىگە سىڭەلمەي ژۇرنال ۋە كىتاب بەتلىرىدىلا توختاپ قېلىۋاتقان، زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى كۆمۈۋاتقان پەيتتە، ئىشچى - دېھقانلىرىمىزدا تىرىكچىلىك غېمى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، زىيالىيلىرىمىز ئۆزلۈك ئېڭىدىن ياتلىشىۋاتقان، بىز بىر مىللەت سۈپىتىدە زامانىۋى مىللەتلەرنىڭ ئىككى ئەسىر ھەتتا 4 ـ 5 ئەسىر ئىلگىرىكى ئىزىنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ دەسسەۋاتقان، يېڭى ئىز ۋە ئەسىر سۈبھىسىنىڭ قىزىللىقلىرى كونا يىللار شەۋكەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتقان، زامانىنىڭ كاناي ئاۋازلىرى ئىچىدە خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلانماي قېلىۋاتقان پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. شۇنداقتىمۇ

قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، ئاقسۇدا نىمشېھىت بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ، تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، غۇلجىدا سادىر پالۋاننىڭ، يەكەندە ئامانىساخاننىڭ، قاغىلىقتا تەجەللى ـ مۇجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ خاتىرىگاھلىرى تۇرغۇزۇلۇپ بولغان يىللاردا، بۇ بىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن گۇمىلىق ئىسمايىل ھاجىم مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق خەيرلىك پائالىيىتىمىز ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بىز شائىر مەقبەرىسىنى تۇرغۇزۇشقا ئۇلگۈرمەيلا خاتىرىلەش ئۆتكۈزۈۋاتقان بولساقمۇ، بۇ بىز ئىشتىراكچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوللېكتىۋىزملىق تۇيغۇمىزنى تۇرغۇزۇشتا، ئەنئەنە ۋە ئۆزلۈك ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشتە، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان قۇۋىنچىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىساق، پائالىيەت ئەھمىيىتىنى زادىلا كۆپتۈرگەن بولمايمىز. بەرھەقكى، بۇنىڭدىن 260 يىل بۇرۇن پانىي ئالەمگە كۆز ئېچىپ، بىزگە بىر پارچە ئېسىل مۇخەممەسنى قالدۇرغانلىقى سەۋەبلىك قەلبىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنىدىن جاي ئېلىپ كېلىۋاتقان بوۋىمىز ئەھمەدشاھ قاراقاشى ھەققەتەنمۇ ئەسلەشكە، خاتىرلەشكە ئەرزىگۈدەك ئېسىلزادە زاتتۇر. بىز 260 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇنجى قېتىم خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغىمىزدا، بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقىنى، ئەدەبىياتتا سان ئەمەس، سۈپەتنىڭ مۇھىملىقى مەسىلىسىدۇر. پەلسەپىدىكى سان ئۆزگىرىش سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ھامىلىدار دېگەن قائىدە بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ئۈچۈنمۇ قۇرۇلامدۇ دېگەن مەسىلە يەنىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن «سالامنامە» دىن ئىبارەت مۇشۇ بىر پارچە مۇخەممەسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە بىر پارچە

شېئىر بىلەنمۇ داڭلىق شائىر بولغىلى بولىدىغانلىقىنى، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ ئاشۇ ھۆرمەتلىك تەختتە 200 يىللاپ ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى، يۈز پارچە، بەش يۈز پارچە شېئىر يېزىپمۇ شائىر بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بەلكىم «سالامنامە» دىكى كامالەتلىك سۈپەت ئەھمەدشاھ قاراقاشى ھەزرەتلىرىنىڭ ئون پارچە، يۈز پارچە مۇخەممەسلىرىنىڭ سانى ھاسىل قىلغان يۈكسەكلىك بولۇشى مۇمكىن. گەرچە سان ھاسىل قىلغان ئاشۇ يۈكسەكلىك پەرزىمىزدىكى مۇخەممەسلىرىنىڭ سانى ھاسىل قىلغان يۈكسەك چوققىغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا يۇقىرىقى پەرزىمىزنى كۆزىتىش نۇقتىسى قىلىپ، پەلسەپىدىكى ھېلىقى قائىدىنى بىر شائىرغا نىسبەتەن قۇرۇلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز. ئەمما، يەرلىك ژۇرناللارنىڭ قىستىلاڭغۇ بەتلىرىدە 500پارچە شېئىر ئېلان قىلدى، دەپ رەسىم ـ سۈرەتلىرى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بەزى ئاپتورلارنى خەلقىمىزنىڭ زادىلا بىلمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سۈپەتنىڭ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئەدەبىياتقا دەسلەپ كىرىپ كەلگەن چېغىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، سايدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان تاشلاندۇق تاشلاردەكلا سۈپەت ھاسىل قىلالماسلىقى ئادەمنى گۇمانغا سالىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت گۆدەكلىك ھالىتىدە تۇرۇۋەرمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا كېيىنكى چاغلاردىمۇ كۆپلىگەن مۇخەممەسلەر يېزىلدى. «دېھقان بولماق تەس» دېگەن مۇخەممەسنىڭ بەدىئىي سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا «ئاھ، ئېسىت ئون بەش چوجەم» دېگەن مۇخەممەس بىلەن «كۆپ تۇغۇپ...» دېگەن مۇخەممەس خەلقىمىز ئىچىدە ئۇنچىۋالا ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. باشقىلىرى توغرىسىدا سۆز يۇرگۈزۈشنىڭ ھاجىتىنىمۇ يوق. بىر

ئەستايىدىللىراق مۇلاھىزە قىلىساق، بۇ يەردىكى سەۋەبنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز. روشەنكى، ئۇلارنى «سالامنامە» بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. «سالامنامە» بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا مۇخەممەسچىلىكنىڭ يۈكسەك چوققىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىنچاقلاش، تىپىكلەشتۈرۈش، ئوبرازچانلىق، تۈرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يېگانىدۇر. خەلقىمىزنىڭ ئىككى يۈز يىلدىن بىرى ئۇنى يادلاپ ئۇنتۇماي كەلگەنلىكى، ئونلاپ ئاھاڭلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى «سالامنامە» توغرىسىدا يېزىلغان تونۇشتۇرما ماقالىلەر، مۇخەممەستىكى ۋەقەلىكنى راست يۈز بەرگەن ئىش دەپ ئىشىنىپ كېتىپ، مەقسەتلىك ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەھمەدشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ تىپلەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئەمگىكىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. مېنىڭچە، ئاقسۇدىن ئات ئالدۇرۇش ۋەقەسى قەدىمدە ۋە ھازىرمۇ بولۇۋاتقانغا ئوخشاش، ئەھمەدشاھ قاراقاشى ياشىغان دەۋردىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بۇ، ئەسەردىكى مەركىزىي مەسىلە ئەمەس. مەركىزىي مەسىلە مۇخەممەستە تەسۋىرلەنگەن «ئات» تىن ئىبارەت. مۇخەممەستىكى «ئات» يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئاتتۇر. ئادەتتىكى بىر ئاتتا مۇخەممەستە تەسۋىرلەنگەن «ئات» تىكىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ نۇقسانلارنىڭ مۇجەسسەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ۋە بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. نەزەر مۇفتى ئۆز دوستى ئەھمەدشاھ قاراقاشىغا چاقچاق قىلماقچى بولغان ھالەتتىمۇ پۈتۈن ئاقسۇ دىيارىنى ئىزدەپ مۇخەممەستىكىدەك ئاتنى تاپالىشى ناتايىن. بىز ئاتلارنىڭ كۆپىيىش مۇھىتى ناچار بولغان خوتەن ۋىلايىتىمىزنىڭ تارىختىن بېرى پەرغانىدىن داڭلىق پەرغانە ئارغىمىقىنى، قارا شەھەردىن تارىخلاردا تەسۋىرلەنگەن ئېگىز بويلۇق قاراشەھەر

ئېتىنى، ئىلىخۇ تەرەپتىن ئىلى ئېتىنى، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپتىن ئاقسۇ ئېتىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ كەلگەن ئەمەلىيەتنى نەزەرگە ئالساق ۋە بۇنىڭ ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ ئاقسۇ ئېتىنى بىرقەدەر ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتساق، «سالامنامە» نىڭ تارىخىي خاتىرە ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل بىر بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. «سالامنامە» ئاقسۇدىكى نەزەر مۇفتىغا ئەمەس، پەرغانىدىكى ھەيدەر مۇفتىغا، قاراشەھەردىكى ئىسكەندەر مۇفتىغا، ئىلىخۇدىكى دىلبەر مۇفتىغا يېزىلغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى زادىلا يوقاتمىغان بولاتتى. مەزمۇنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان بولاتتى. «سالامنامە» نىڭ توقۇلما، ساپ مەنىدىكى بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتساق، ئاقسۇدىكى قەلەمكەشلەرنىڭ چاقچاقتا چاقوۋشىدا قالغاندەك تويغۇلاردا بولۇشىنىڭ، قانداقتۇر نەزەر مۇفتىنىڭ جاۋابنامىسىنى ئىزدەپ باش قاتۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ يەردىكى ئەھمەدشاھ قاراقاشى ھەزرەتلىرىنىڭ نېمىشقا ئادەم ۋە باشقا مەخلۇقلار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئات ھەققىدە مۇخەممەس يازغانلىقى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تارىختىن بېرى ئاقسۇدىن يۆتكەپ كېلىنىۋاتقان نەرسىلىرىمىز پەقەت ئات بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، ئاتتىن باشقا ئاقسۇنىڭ ئېشىكى، كالا ــ قويلىرى، گۇرۇچى، كۇچانىڭ ئەلتىر كۆرپىسى قاتارلىقلارمۇ خوتەنلىكلەرنىڭ خېرىدارلىقىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن. بىز شائىرنى مۇشۇلار ھەققىدىمۇ ئەسەر يېزىشى مۇمكىن ئىدى دەپ پەرەز قىلساق، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاتنى تاللىۋالغانلىقى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلاردىن مەلۇمكى، ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىش ــ مۇشۇ تۇپراقنى ئېچىپ، مۇشۇ تۇپراقنى گۈللەندۈرگەن قەدىمىي

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى. يەر شارىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى بىر مەدەنىي ئادەم «ئات» سۆزىنى ئاڭلار ئىكەن، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى ئەسكە ئالماي قالمايدۇ. ئەڭ دەسلەپ كۆندۈرۈلگەن ئات ئۆزىنىڭ گۈزەل قامىتى، خۇشپىچىملىقى ۋە كۆڭۈلگە يېقىنلىقى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئايرىلماس ھەمراھىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئايىغىنىڭ چاققان، تېز ۋە سىلىق يۈرەرلىكى، كۈچلۈك ۋە ھارماسلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ تاكى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ماگېللان دۇنيانى دېڭىز ئارقىلىق ئايلىنىپ، كېمىچىلىك ـ دېڭىز قاتنىشى مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغانغا قەدەر بولغان نەچچە ئونمىڭ يىل جەريانىدا، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتناش ـ ئالاقە قورالى بولۇپ كەلدى. يەر شارىدا ئاتنىڭ تۇيىقى تەگمىگەن زېمىن قالمىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىش ـ سىڭىشىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئاتنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئات كۆندۈرۈلمىگەن بولسا، دۇنيا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى سەۋىيەگە يېتەلمىگەن بولاتتى، دېسەك ئارتۇق مۇبالىغە بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئاتنىڭ تۆھپىسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. دۇنيادا بەگ ـ ھاكىملار، خان ـ پادىشاھلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك تەبىئەتلىرى بىلەن دۇنيانى بۆلۈشۈپ، ئىگىلەپ، بويسۇندۇرۇشقا كىرىشكەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇرۇش ـ جەڭ ئاتلىق پاجىئەلەرمۇ مەيدانغا چىقتى. ئات تەبىئىي ھالدا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلىگە ئايلاندى. مەيلى قەدىمدە بولسۇن ۋە ياكى ھازىر بولسۇن، ئۇرۇش غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل تېزلىك ۋە ئۇشتۇمتۇتلۇق بولغاچقا، ئات جەڭ

قىلغۇچىلارنىڭ تېزلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ ياخشى قورال ئىدى. تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا موتورلۇق قاتناش قوراللىرى ۋە تېز ئاتار ئۇرۇش قوراللىرى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنگە قەدەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ بەلگىسى بولدى. دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يەڭگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە يوق. بىز ياۋروپا تۇزلەڭلىكلىرىنى چەيلەپ ئۆتكەن ئاتىللا باشچىلىقىدىكى ئاتلىق كۆچمەنلەرنىڭ ھۇررا سادالىرىنى، يىراق دېڭىز قىرغىقىدىكى ئىسپانىيەگىچە بېسىپ بارغان چىڭگىزخان ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلارنى، ئاقساق تىمۇرنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرىنى، بابۇر مىرزىنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاتلىقلارنىڭ تالاي غەلىبە ـ زەپەرلىرىنى، ياۋروپادا مەيدانغا چىققان رىتسارلار تەبىقىسىنى، ياپونىيەدىكى ئاتلىق سامۇرايلار تەبىقىسىنى، كوممۇنىستىك ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى جەڭ مەيدانىدا بۇدديوننى 1 ـ ئاتلىق ئارمىيەسى قازانغان شۆھرەتنى، چاپايېفنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى، ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇلىيە ئاتلىق ئارمىيەسىنىڭ 1945 ـ يىلى مايدا ياپونىيەنىڭ داڭلىق كانتۇن ئارمىيەسىنى چەيلەپ تاشلىغانلىقىنى ئەسكە ئالساقلا، ئاتنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى تۆھپىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. قارا قۇيۇندەك بېسىپ كېلىپ، قارا قۇيۇندەك سۇپۇرۇپ تاشلاش ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكى. خەلقىمىز ئىچىدە «ئات جەڭ ئۇچۇن يارىتىلغان»، «ئاتنىڭ كىشنىشى — جەڭسىز ئۆتكەن ئۆمۈرگە چەككەن ھەسرىتى» دېگەندەك ئەقىدىلەر بولۇپلا قالماستىن، «ئەر قانىتى ئات»، «ئاتسىز ئەر — قاناتسىز قۇش»، «ئاتتىن چۈشتۈڭ — ئېتەككە چۈشتۈڭ» دېگەندەك ئېسىل ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بار. خەلقىمىز ئۆزى كۆندۈرۈپ ئەل قىلغان ئاتنى ئىنچىل ياخشى

كۆرۈپ كەلدى. جەڭنى ئاتلىق قىلدى. سەپەرگە ئات بىلەن
چىقتى. ئوغلاق تارتىشىش، چاۋگەن توپ قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ
ئات ئۈستىدە ئوينىدى. توي ـ تۆكۈننى ئات ـ بەيگە بىلەن
كۆچۈردى. ناماز ـ قازانى ئات بىلەن ئۇزاتتى، ئېتى يوق
يىگىتنى ئەر ھېسابلىمايدىغان پىسخىكىنى يېتىلدۈردى. بۇۋىمىز
ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ دەۋرىگىچە ئات ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ
ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئات ھەققىدىكى
تارىختىن خەۋىرى بار، ئاتنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن
شائىرنىڭ تەسۋىر ئوبيېكتى قىلىپ، مۇشۇ ئاتتىن ئىبارەت
مۇقەددەس ھەمراھنى تاللىۋالغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆپ ئويلىنىش ـ
تەلقىنلەردىن ئۆتكەن ئاڭلىق ھەرىكىتى دېمەي ئىلاجىمىز يوق.
ئۇنداق دېيىشنى رەت قىلغۇدەك پاكىت ـ دەلىلىمىزمۇ يوق.
شائىرنىڭ مۇخەممەس سۈژىتى ئۈچۈن ئات پائالىيىتىنى تاللىشى
ھەقىقەتەنمۇ مۇكەممەل ئويلىنىشنىڭ ۋە سەزگۈر بەدىئىي دىتىنىڭ
نەتىجىسى. ئەمدى بۇ يەردە شائىر نېمە ئۈچۈن ئاتنىڭ ئېسىل
تەرەپلىرىنى ئەمەس، ناچار تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەشنى
تاللىۋالدى، دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تولىمۇ ئاددىي
مەسىلە: شائىر تولا غاجالغان كونا تېمىغا يېڭى تەم بېرىشنى
نىيەت قىلغان! بىز ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئۆز دەۋرىنىڭ
ئوقۇمۇشلۇق ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسكەندەر
زۇلقەرنەيىنىنىڭ مەشھۇر ئېتى بۇدبۇلىس ھەققىدىكى
تەسۋىرلەردىن، چىڭگىزخاننىڭ سەپ ئالدىدا باشلاپ بارغۇچى
ئېتى «سەتتارى» ھەققىدىكى بايانلاردىن، «گور ئوغلى» نىڭ
دېڭىز ئارغىمىقىنىڭ نەسلىدىن بولغان بوز ئېتى توغرىسىدىكى
سۈپەتلەشلەردىن، «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ ئارغىماق ئېتى
ھەققىدىكى ماختاشلاردىن خەۋەردار ئىدى، دەپ تەسەۋۋۇر
قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. باشقىلار ئاتنىڭ ئېسىل تەرەپلىرى
ھەققىدە شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازغانىكەن، ئەمدى شائىر

ئاشۇ كونا تېمىنى يەنە تەكرارلىسا، تولا يېگەن ھالۋىنىڭ زاڭچىلىك تەمى بولارمۇ؟ بەدىئىي دىت دېگىنىمىز ئەنە شۇ يول تاللاش، يازىدىغان ئوبيېكتنى تاللاشلا ئەمەس، ئۇنىڭ قايسى تەرىپىنى يېزىشنىمۇ بىلىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر شۇ چاغلاردىلا شەيئىلەرنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئېسىل نەرسىنىڭمۇ ناچار تەرەپلىرى بارلىقىنى، ئات دېگەندىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ياۋايىلىق ئېلېمېنتلىرى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى پىششىق بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەك، شائىرنىڭ ماڭغان يولىدىن ئانچۋالا ئەجەبلىنىپ كەتمەيمىز. يەنە بىر نۇقتا بەكرەك مۇھىم: ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىشارە سىمۋوللاشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان ئادەملەرنى ھايۋانلاشتۇرۇپ ياكى ھايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى. بىز «سالامنامە» نى ئوقۇپ، تەسۋىرلىنىۋاتقان «ئات» تىكى ئاشۇ خۇنۇكلۇكلەر كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغاندا، راستتىنلا بىر ھايۋاندىن نەپرەتلىنىمىزمۇ ياكى خىيالىمىزغا ئاشۇنداق نۇقسانلىق ئادەملەر كىرەمدۇ؟ تەسۋىرلىنىۋاتقان «ئات» كۆرۈمسىز، بۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا، تازىلىققا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئىككى پۇتلۇق ھايۋانغا ئىشارە، «ئات» ئارغامچا ـ ئارقاننى ئون قات قىلىپ باغلىسىمۇ ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ ئەخلاقسىزلىق، قانۇنسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىققا تەمسىل. قوشنىلارنىڭ بېدىلىكلىرىنى، باغباراڭلىرىنى، ئېتىزلىقلىرىنى خالىغانچە چەيلەيدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ مۈلكىگە، رىزقىغا چاڭ سالغانلىق. ئۇن كۆشۈك ھەلەپ ۋە بوغاز يەپمۇ تويمايدۇ. بۇ ئاچ كۆز، قارنى يامان، نەپسى تويماسلارنىڭ تىمسالى. ئېشەكچىلىك چاپالماي، ئۆي ـ ئۆكۈزدىنمۇ كېيىن قالىدۇ. بۇ ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماسلارنىڭ سۈپىتى. چىشلەپ ـ تېپىدۇ، بۇ ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ بايانى. ئايال ـ مەزلۇملارنى،

بالا ـ ئۇششاقلارنى مىندۇرمەيدۇ، بوزەك قىلىدۇ. بۇ مۇتتەھەم، ھاكاۋۇرلارنىڭ قىلمىشى، ئون قېتىم ساتسا، داۋائىي شەرىئەتتە ئون قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. ئەسكىنى كىم ئالاتتى؟ ئارىمىزدىكى ئەسكىلەرنى سېتىۋەتكىلى، ئۇلاردىن سېتىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىكارغا بېرىۋەتسەكمۇ ھېچبىر مىللەت قوشۇۋېلىشقا ئۇنىمايدۇ...

مېنىڭچە، شائىرنىڭ مۇخەممەستە تەسۋىرلەنگەن ئات نۇقسانلىرى ئارقىلىق ئىما ـ ئىشارە قىلىۋاتقىنى — بىز ئادەملەر ئىچىدىكى ئىللەتلەردىن ئىبارەت. شائىر ئەسكىلىك ئىللەتلىرىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ھەجۋىي قىلىشى ئارقىلىق بىزدە ئاشۇ ئىللەتلەرگە قارىتا كۈچلۈك يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ ـ دە، بىزنى گۈزەللىككە، ئىزگۈ ـ ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئەخلاق ـ ئىنتىزام ئىچىدە بولۇشىمىزنى، باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالمايدىغان ھالال نىيەتلىك بولۇشىمىزنى، ئاچ كۆز ـ قارنى يامان ئەمەس، شۈكۈر قانائەتلىك بولۇشىمىزنى، ھۇرۇن ئەمەس، ئىشچان بولۇشىمىزنى، قىزىل كۆز، ھەسەتخور، چىدىماس، ئالا كۆڭۈل ئەمەس، ئىجىل ـ ئىناق، ھەمدەم ـ ھەمنەپەس بولۇشىمىزنى، ئەلنى قاقشىتىدىغان مۇتتەھەم ئەمەس، ئەل ئۈچۈن، يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن، ئامالسىز بىچارىلەر ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقپەرۋەرلەردىن بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ...

ساتىرا دېگەن شۇ. شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشى بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ۋايىگە يەتكۈزگەن بۇ ژانىرغا بىز قانچىلىك دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلالىدۇق؟ بۇ بىز قەلەمكەشلەر چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. ئۇ بىزگە بىر خۇنۇك «ئات» نىڭ سۈرىتىنى بېرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى بىر گۈزەل، كۈچلۈك، يۈگۈرۈك «تۇلپار»، ئىككى ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. «ئات» تېخىچە تۇلپارغا ئايلىنالمىدى. بۇ

يەردە سەۋەبنى كوچىلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاشۇ «ئات» نى «تۇلپار»غا ئايلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئۇنى «گور ئوغلى» نىڭ دادىسى غوجا يۈسۈفتەك ھەركۈنى يۈيۈپ ـ تاراپ تۇرۇشىمىز، پەپىلىشىمىز، گۈزەل خۇلقلارغا ئۆگىتىشىمىز، ئىش ـ ئەمگەك ۋە ئىنقىلابنىڭ جەڭ مەيدانىدا جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز، دۇنياۋى بەيگىلەرگە ئېلىپ چىقىشىمىز كېرەك. بىز تىرىشايلى. باشقىلارنىڭ ئىككى ئەسىر يۈرۈنقى كونا ئىزلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ، ئارىدىكى تارىخىي بوشلۇقتىن سەكرەپ ئۆتۈشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ، يېڭى مەنزىللەرگە ئۇلىشايلى، «ئات» نى «تۇلپار» غا ئايلاندۇرايلى.

شۇچاغدا ئەھمەدشاھ قاراقاشى ھەزرەتلىرىنىڭ روھى خاتىرجەم بولىدۇ.

# ئىككى پارچە خەت

## 1

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىردان روزى سايىت: سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق خانىمىڭىزغا ۋە ئوماق پەرزەنتلىرىڭىزگە مەندىن، خانىمىمدىن ۋە پەرزەنتلىرىمدىن كۆپتىن ـ كۆپ سالام.

قانداقراق ئەھۋالىڭىز، ئۆي ئىچىڭىز تىنچلىقمۇ؟ قايتقاندىن كېيىن خېلى ياخشى بوپقالغانسىز؟

مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز، بۇلتۇر 16 ـ دېكابىردا بىر ئەسىرگە يېقىنراق (94يىل) ياشىغان ئانام يۇرتۇم دۆربىلجىندە ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن روزا ـ رامىزان ۋاقتى بولغاچقا، يەتتىسىنى ۋاقتىدا بەرگىلى بولماي تاكى ھېيت ئۆتۈپ، يېڭى يىل كىرگىچە ساقلاشقا توغرا كەلدى. 2001 ـ يىلى 2 ـ يانۋاردا يەتتىسىنى ئۆتكۈزگىچە قىرقىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 22 ـ يانۋاردا قىرقىنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ يەرنىڭ رەسمىيىتى بويىچە ھازىدارلارنى يۆتكەش دېگەندەك ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۆيگە قايتقىچە 2 ـ ئاي كىرىپ كەتتى. فېۋرالنىڭ بېشىدا ئۆيگە قايتىپ، بۇ يەردىمۇ بەزىبىر رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ جىمىققىچە نېرى ـ بېرىسى بولۇپ ئۈچ ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مانا شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۈچ ئايچە كەينىگە سوزۇلۇپ كەتكەن بىر ئەدەبىي تەرجىمە ئىشىنى ۋاقتىدا قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يەنە ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆيدىن چىقمىدىم. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئالتە

ئاي جەمئىيەتكە ئارىلىشالمىغاچقىمىكىن، سىزنىڭ ساقسىز بوپقالغانلىقىڭىزنى تولىمۇ كېچىكىپ، شۇندىلا تاسادىپەن ئاڭلاپ قالدىم. بىركۈنى (15 ـ ئاپرېل بولسا كېرەك) بىر ئىش بىلەن نەشرىياتچى ئابدۇراخمان ئەبەيىنى ئىزدەپ بېرىۋىدىم، ئۇ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن: «شائىر روزى سايىتنى هازىرلا ئايروپىلاندا خوتەنگە ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىشىم» دېدى. مەن تېخى سىزنى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن چېغى دەپ، شۇ مەزمۇندىراق سوئال سورىسام، سىزنىڭ ساقسىز بولۇپ قېلىپ، ئۈرۈمچى ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل داۋالانغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. راستىمنى ئېيتسام، شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چېغىمدىكى تولىمۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتىم ئېنىق يادىمدىكى، ئالدى بىلەن ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدا دېگۈدەك بىر دوختۇرخانىدا خېلى بىر مەزگىل داۋالانغانلىقىڭىزدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر قالغانلىقىمغا قاتتىق ئېچىندىم. دىدارلىشىپ ئەھۋال سورىيالمىغانلىقىمغا كۆپتىن ـ كۆپ ئەپسۇسلاندىم. ئاندىن قالسا، بەك كۆپ بولمىسىمۇ بىللە بولغان چاغلىرىمىزدىكى جىسمانىي جەھەتتىن ماڭا بەرگەن تەسىرىڭىز، ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان چاغلىرىمدىكى مەنىۋى تەسىرىڭىز بىلەن قوشۇلۇپ، شۇقەدەر ساغلام ئەقىل ئىگىسىنىڭ تېنى جەزمەن ساق بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە بەكرەك تارتقاچقا، ھېلىقى گەپلەرنىڭ راستلىقىغا تازا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بۇ گەرچە كاللىمدا تولىمۇ قىسقا ۋاقىت (بەلكىم بىرەر دەقىقە) ئېچىدە پەيدا بولغان تۇيغۇ بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ـ بايقاش، تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى ـ خۇلاسىسى بولغاچقىمىكىن، تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ماڭا بولغان كۈچلۈك تەسىرنى يوقاتماي كەلگەنىدى. قىزىق يېرى شۇكى، تېخى يېقىندا (10 ـ ئىيۇل ئەتراپىدا) مۇشۇ تۇيغۇمنى تەستىقلايدىغان مۇنداق بىر ئىش بولدى:

بىركۈنى جىيەن قىزىم بىلەن كۆرۈشكىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا چىقىۋىدىم، جىيەن قىزىم يىللىق ئىمتىھانغا كىرىپ كەتكەچكە، دەرۋازا ئالدىدا بىردەم ساقلاشقا توغرا كەلدى. ئاپتاپتىن قېچىپ سايىدىغاچ ماروژنى يەۋېتىپ، يېنىمدا ئۆرە تۇرغان بىر كىشىگە دىققەت قىپقالدىم. مەن ئۇنى بىرەر پەرزەنتىنى ياكى ماڭا ئوخشاش بىرەر تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى كۆرگىلى سىرتتىن كەلگەن كادىرمىكىن، دەپ قىياس قىلدىم ۋە يېنىمدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ كېلىپ ئولتۇردى. بىز گەپلىشىپ قالدۇق. ئۇ راستىنلا خوتەندىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان پەرزەنتىنى كۆرگىلى كەلگەنىكەن. ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىكەن، ئىسمىنى مەمتىمىن دېدىمۇ، مەمتىلى دېدىمۇ، قېرىلىق يېتىپ، تېز تۇتۇۋېلىپ، تېز ئۇنتۇپ قالىدىغان بوپقالغاچقىمىكىن، ئېنىق ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. خەيرىيەت، ئۇنىڭدىن سىز ۋە نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن تونۇشىدىغان - تونۇشمايدىغانلىقىنى سورىسام، ھەرئىككىڭلار بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىزنىڭ داۋالىنىش ئەھۋالىڭىز ھەققىدىكى سوئالىمغا: مەشەدىن قايتقاندىن كېيىن يەرلىك تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ - داۋالىنىپ، جىق ياخشى بوپكەتكەنلىكىڭىز ھەتتا ئەسەرلىرىڭىزنى نەشرگە تەييارلاۋاتقانلىقىڭىزدەك بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى قوشۇپ، خېلى ئەتراپلىق جاۋاب بەردى. راستىمنى ئېيتسام، ئۇنى يېنىمغا چاقىرىپ بىردەملىك بولسىمۇ پاراڭلاشقىنىمدىن خۇش بوپقالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ جاۋابى يۈرىكىمدە ئۆتكەن تۈيغۇمنى تەستىقلاپ، كۆڭلۈمدە بىر يورۇقچىلىق پەيدا قىلدى. مانا شۇ يورۇقچىلىق ئاتا قىلغان خۇشلۇقتا، قايتقىچە غەربىي شىمال يولىدا چۈشۈش پىلانىمنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ، ئۇدۇل كېتىۋېرىپتىمەن. چۈنكى شۇ چاغدا ئۆزۈم ئاپتوبۇستا

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرساممۇ، كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتقان شەھەر مەنزىرىلىرىنىڭ ئورنىنى بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى مەزگىلىدە ۋە كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردا بىللە بولغان كۆرۈنۈشلەر ئىگىلەپ، كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈلىرىمنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغانىكەن. شۇڭلاشقا، ئاپتوبۇسنىڭ نەلەردە توختاپ ئۆتكىنى خىيالىمغا كىرمەپتۇ، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ. ئەگەر ھېلىقى مەن ئېيتىنى يادىمدا تۇتالمىغان ئىنىمىز سىزنىڭ ياكى نۇرمۇھەممەتنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمۇۋېلىش ئارزۇيۇمنىمۇ قاندۇرالىغان بولسىدى، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەكلا بىر ئىش بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنداق قىلالمىدى. شۇڭا، مەن خوشلاشقاچ ئۇنىڭغا مۆرىتى كەپقالسا، سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى يېنىش ـ يېنىش تاپىلىغانىدىم. بىلمىدىم، يەتكۈزەلىدىمىكىن.

شۇنىڭدىن بۇيان بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. مانا بۈگۈن( 6 ـ ئاۋغۇست) «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 7 ـ سانى كەپتىكەن، قارىسام، نۇرمۇھەممەتنىڭ «خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت» ناملىق كىتابىنىڭ 9 ـ بابىنى بېسىپتۇ. زور ئىشتىياق بىلەن ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئەسەردىن ئىنتايىن چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئالدىم. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولىدىغان زوق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب:

سىز بىلەنغۇ يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، 1988 ـ يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا تونۇشقاندىن بۇيان تالاي ـ تالاي قېتىم بىر سورۇندا بىللە بولدۇق، سۆزلەشتۇق، سۆھبەتلەشتۇق، «ئويناشماڭ مەلىنىڭ مەزىنى بىلەن» دېگەندەك يۇمۇرلۇق قوشاقلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، كۆزلەردىن ياش چىققۇچە تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتۇق. مانا شۇنىڭدىن بۇيان يىللار تالاي ـ تالاي خاتىرىلەرنى توزاندەك توزۇتۇپ، ئاللىقاياقلارغا

ئەكەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ كۆڭۈللۈك دەملەر خۇددى ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەندەك ھازىرغىچە ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ.

ئەمدى نۇرمۇھەممەتكە كەلسەك، ماڭا ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىر قېتىم دىدارلىشىش، قىسقا بولسىمۇ بىر پەس پاراڭلىشىش نېسىپ بولغان. قايسىبىر يىلى قەلەم ھەققى ئالغىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا بارسام، ئۇمۇ «شەھلا كۆز» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمىنىڭ قەلەم ھەققىنى ئالغىلى بېرىپتىكەن. بوغالتىر بۆلۈمىدە بوغالتىرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان توپقا قوشۇلماي بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ تۇرغان بىر كىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالدۇرلا ئاقىرىپ كەتكەن چېچى بىلەن چاسىغا مايىلراق تولۇقىنا يۈزى دىققىتىمنى تارتتى، ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدىم، لېكىن، بەلكىم بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ نۇرمۇھەممەت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ كۆرۈشتۇم. تونۇغىنىم توغرا ئىكەن. بىز بىر ـ بىرىمىزنى دىدارلىشىشتىن ئىلگىرىلا سىرتتىن بىلگەچكىمۇ، تېزلا تونۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. قايسىمىزغىدۇر پۇل ئېلىش نۆۋىتى كەلگۈچە يېرىم سائەتتىن ئوشۇقراق سۆزلەشتۇق.

خۇلاسە كالام، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز قۇلىقىمغا سىڭىپ، پۈتۈن پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىڭىز كۆز ئوڭۇمدا تۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ قۇلىقىمدا، پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كۆز ئوڭۇمدا بولغاچقا، «تارىم» دىن ئۇنىڭ سىزنىڭ سەرگۈزەشتلىرىڭىز بايان قىلىنغان ئەسىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، ئالدى بىلەن بايان قىلىنغان سىز شۇقەدەر جانلىق، شۇقەدەر ئېنىق، روشەن كۆز ئالدىمغا كەلدىڭىزكى، مەن گويا شۇ سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە باردەك، سىزنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ، ھەربىر ھەرىكىتىڭىزنى، ھەتتا چىرايىڭىزدىكى ئەڭ نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندەك، نۇرمۇھەممەت گويا

مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ، ھەربىر سورۇنغا باشلاپ بېرىپ، ھەممىنى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئەينەن، لېكىن ئىخچام بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلدىم. قىلچە بەدىئىي توقۇلما ئارىلاشتۇرۇلمىغان، نۇرمۇھەممەت ئۆزىمۇ بېشارەت بەرگىنىدەك ھەرقانداق مۇھاكىمىنىمۇ تەلەپ قىلمايدىغان ئاشۇ سورۇنلارنىڭ تەسۋىرى (ياق، ياق، باياني)! نەقەدەر جانلىق، نەقەدەر تەسىرلىك! چۈنكى، شۇ سورۇنلارنىڭ ئۆزى شۇنداق جانلىق، شۇ سورۇنلار ئىپادىلىگەن مەنە ئۆزى شۇنداق تەسىرلىك ـ تە!

شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭچە، ناھايىتى بىر تاشقى نەرسە، ھادىسە. ئۇنداقتا ماھىيەت نېمە؟ ماھىيەت ــ شۇ كىشىلەرنىڭ، تەشۋىقات، نە ھەيدەكچىلىك بولمىغان شارائىتتا سىزگە ئالتۇن ئۇزۇك، «ئالتۇن تاج »، «ئالتۇن گۈلە»، «ئالتۇن تۇخۇم»، «ئالتۇن قوي» لارنى سوۋغا قىلىشىغا، شۇنچە نۇرغۇن دۇئالارنى قىلىشى (تېخىمۇ توغرىراقى خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلىشى) غا تۈرتكە بولغۇچى كۈچ.

مەن: بىزنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز (ئومۇمەن، زىيالىيلىرىمىز) ئۆز مىللىتىنى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي تەرەققىيات يولىنى، شۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيىتىنى، شۇ مەدەنىيەت ئىپادىلىگەن خاراكتېرىستىكىسىنى، پىسخىكىسىنى؛ شۇ خاراكتېرىستىكىسى، پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنى، شۇنداقلا دۇنيانى تونۇش ـ بىلىش جەھەتتە ئېرىشەلىگەنلىرىنى ۋە يەنە شۇ خاراكتېرىستىكىسى ۋە پىسخىكىسىنىڭ دەخلىسى بىلەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرى ئېرىشەلمىگەنلىرىنى، شۇ ئېرىشكەن ۋە ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىدىن تۇغۇلغان خۇشاللىقلىرىنى، پەخرىنى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئەيتاۋۇر ھەممىنى زادى قانچىلىك بىلىدىغاندۇ، ئۇلارنىڭ بىلىشى

ھېسسىي بىلىش دەرىجىسىدىمۇ ياكى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدىنمىدۇ، ياكى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنمىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۆز زىيالىيلىرىنى قانچىلىك چۈشىنىدىغاندۇ، دېگەن بىر مەسىلىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى بۇ مېنىڭچە، بىرەر مىللەتنىڭ تارىخىي يۈكسىلىش ھاسىل قىلالىشىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بىز زىيالىيلار توپىنىڭ باشقا ھەرقايسى ساھەدىكىلىرىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت شائىر ـ يازغۇچىلارنىلا ئېلىپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى مەسىلىگە باغلاپ قارىساق، ئالدىنقىسى، شائىر ـ يازغۇچىنىڭ «كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشنى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى يازالىشى» نىڭ كاپالىتى. كېيىنكىسى بولسا، شائىر ـ يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئوبيېكتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنالىغان ـ ئايلىنالمىغانلىقىنىڭ ئەينىكى، شۇنداقلا كۈچ مەنبەسى. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى بىر پۈتۈن گەۋدە، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۆز مىللىتىنى، خەلقىنى مۇكەممەل بىلگەن ـ چۈشەنگەن شائىر ـ يازغۇچى ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى، دەردىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىغا، ئۆزىنىڭ دەردىگە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا ئۇ «كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ» يازالايدۇ. شۇنداقلا دانكودەك ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ، مىللىتىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شائىر ـ يازغۇچىلىرىنى چۈشەنگەن، ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتكەن مىللەتمۇ ئاشۇ يازغۇچى ـ شائىرلىرىنى ئانىسى بولمىش يەردىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىپ تۇرالايدىغان ھالەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

مۇشۇ بىر مەسىلىنىڭ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى تەرىپىگە تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، تارىختا ئۆز

مىللەتنى بىلگەن ـ چۈشەنگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن زىيالىيلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. لېكىن نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز زىيالىيلىرىنى بىلىشى ـ چۈشىنىشى كەمرەك كۆرۈلگەن. شۇڭلاشقىمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ئاباي قۇنانباينىڭ بۇنىڭدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا: « سوقراتقا زەھەر بەرگەن، جاننادى ئاركىنى ئوتتا كۆيدۈرگەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئاسقان، پەيغەمبىرىمىزنى تۆگىنىڭ يېمىگە كۆمگەن كىم؟ ئۇ، خەلق دېمەك، خەلقتە ئەقىل يوق، ئېپىنى تېپىپ يولغا سال» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ سۆزدە نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار. بىرى، ئاباي تىزغان تىزىملىكنى «مەشرەپنى دارغا ئاسقان، برونونى ئوتتا كۆيدۈرگەن....» دەپ يەنىمۇ سوزغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، قائىدە بويىچە ئاشۇ شۇملۇقلارنى قىلغانلار «بىر قىسىم كىشىلەر» دېيىلسىمۇ، ئاباي نادانلىق تۈپەيلىدىن قۇمدەك چېچىلىق ھالەتتىكى مىللەتنىڭ ھەربىر ھۆجەيرىسىنىڭ ئاشۇ «بىر قىسىم كىشىلەر» نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان ئەقىلسىزلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

مېنىڭچە، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز زىيالىيلىرىنى بىلىشى، چۈشىنىشى، قەدىرلىشىنىڭ كەمرەك بولۇشىدىكى سەۋەب: ئادەتتە ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش قايىللىقنى شەرت قىلىدۇ؛ قايىللىق چۈشىنىشنى شەرت قىلىدۇ؛ چۈشىنىش ئوقۇشنى، بىلىشنى شەرت قىلىدۇ؛ ئوقۇش، بىلىش، چۈشىنىش بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئېڭى، ئويغىنىش دەرىجىسىگە ـ سەۋىيەسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمما، بۇلار يەنە دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي

خاراكتېرىستىكىسى قاتارلىق بىر تالاي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، نۇرمۇھەممەتنىڭ سىز توغرۇلۇق يېزىلغان ئەسىرىنىڭ مۇشۇ بىر بابى ئارقىلىق سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن يۇقىرىدا دېيىلگەن مەسىلىگە كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم.

راست، نۇرمۇھەممەت توغرا ئېيتىدۇ: بىزدە ھازىرغىچە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دېھقانلار ھەققىدە 4338 مىسرا شېئىر يازالىغان ھېچكىم يوق. مېنىڭچە، بىر شائىرنىڭ ئوخشاش مەزمۇندا، ئوخشاش تېمىدا شۇنچىلىك ھەجىملىك شېئىر يازالىشى ئاسان ئەمەس. بۇنى پەقەت شائىرنىڭ دېھقانلارنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھازىرغىچە بىزدە ھاياتلىقىدا ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە، قەدىرلىشىگە سىزچىلىك سازاۋەر بولالىغانمۇ ھېچكىم يوق. ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى نۇرمۇھەممەت دېگەندەك خىلمۇخىل بولسىمۇ، بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ شۇقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلىشىدىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىدىن ئارتۇق ھېچ نەرسە يوق.

مەن نۇرمۇھەممەتنىڭ بايانى ئارقىلىق سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆرەلىگەن ۋە سەكرەش ھاسىل قىلالىغان نەرسە ئەنە شۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت.

ئەمدى، گەپنى ھامىنى سوزغاندىن كېيىن شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەي. مەن نۇرمۇھەممەتنىڭ مۇشۇ ئەسىرىنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇغانسېرى سىز بىلەن نۇرمۇھەممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا،

بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى گيۆتې بىلەن شىللېرنىڭ دوستلۇقىدەك بىر دوستلۇقنىڭ ئورنىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئەمما، شۇنى قىياس قىلالايمەنكى، بۇ ئىجتىمائىي ئورنى، سەرگۈزەشتىلىرى، ئېستېتىك قاراشلىرى، ھەتتا يېشىدىكى (گيۆتې شىللېردىن تۇپتوغرا ئون ياش چوڭ ئىدى) پەرقلەر تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن قىيىنچىلىقلار، ئەگرى ـ توقايلىقلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى پەرقلەردىن كۆرە ئورتاقلىقلار بەكرەك ئېنىقتەك بىلىنىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىلەر ئىجادىيەتتە دېھقانلارنى مەركەز قىلىشتەك بىر ئورتاقلىققا، خاراكتېرىستىكا جەھەتتە ئىسيانكارلىقتەك بىر ئورتاقلىققا ئىگە. مانا بۇ ئەڭ تۈپكى ئامىل. بۇ يەردە ئەھۋال مەيلى قانداقلا بولسۇن، مۇنداق ئىككى پاكىتنى كۆرمەي بولمايدۇ: گېرمانىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىسى فرانس مېرىنگ گيۆتې بىلەن شىللېر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە پەيدا قىلغان چوڭقۇر تەسىر ئۈستىدە توختىلىپ: « ئۇلارنىڭ ئون يىللىق ھەمكارلىقى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ھاسىل قىلدى. سۆيى مول سان ـ ساناقسىز جىددىي ئېقىنلار مانا مۇشۇ چوققىدىن مىللەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېقىپ كىردى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مېنىڭچە، باشقىسىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، نۇرمۇھەممەتنىڭ «خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت» ناملىق يىرىك ئەسىرىنىڭ ئۆزىلا ئاراڭلاردىكى دوستلۇق ـ ھەمكارلىقنى مەنبە قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېقىپ كىرگەن بىر جىددىي ئېقىن. مانا بۇ بىرىنچى پاكىت.

يەنە بىر پاكىت شۇكى، سىز بىلەن نۇرمۇھەممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق بەزى ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشنى دەپ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» بوپكېتىشكە تەييار تۇرىدىغان سەت قىلىقلىرى بىلەن ناھايىتى

روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، شۇ كىشىلەرگە ئاجايىپ يارقىن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ئەمدى دېيىشنى كۆڭۈلگە پۈككەن گەپلەر تۈگىگەندەك قىلىدۇ. ئاخىرقى بىر گەپ: سىزگە ئاتىغان كىچىككىنە سوۋغامنى مۇشۇ خەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتتىم. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەرزىمەس بىر سوۋغا. ماددىي قىممىتى جەھەتتىن 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئالتۇن ئۇزۇكلەرگىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەنىۋى قىممىتى جەھەتتىنمۇ «ئالتۇن تۇخۇم» غا تېخىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى سىزمۇ ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، تۇرگېنېف «ئىككى باي» ناملىق نەسرىي شېئىرىدا ھەتتا تۇز سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق بىر جىيەن قىزىنى بېقىۋالغان كەمبەغەل دېھقاننى باللارنى تەربىيەلەشكە، كېسەللەرنى داۋالاشقا، قېرىلارنى بېقىشقا ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن چوڭ بانكىر مېيېر روتشىلد (MeyerRothschild) (1812 ـ 1743) تىن يۇقىرى قويغانىدى، چۈنكى بانكىر پۈتكۈل پاراۋانلىققا ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ھەددى ـ ھېسابسىز نۇرغۇن پۇلىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمىنى ئاجراتسا، كەمبەغەل دېھقان بىچارە جىيەنىگە ئۆزىنىمۇ يەتمەيدىغان كىچىككىنە بىر بۇردا نېنىنىڭ بىر قىسمىنى بۆلۈپ بېرىدۇ ـ دە! بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپ، ئەۋەتكەن سوۋغام بىر ئىجادىي ئەسەرمۇ ئەمەس، ناھايىتى ئۆزۈم سىزغان كۆچۈرمە. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىكىدەك كۆڭۈلنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنىڭ سەممىي كۆڭلۈمنى سىزگە يەتكۈزىدۇ.

خەير، گەپنى سوزۇۋەتمەي، سىزمۇ ئەمدى ئارام ئېلىڭ.

جانابىي ئالللا سىزگە شىپالىق بەرگەي.

پاتراق ساقىيىپ كېتىشىڭىزنى تىلەپ:

مۇساجان ئەزىزي

2001 ـ يىلى 6 ـ ، 9 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى.
بۇ خەت يوللار قىزىلىپ، قاتناش تولمۇ قولايسىزلىشىپ كەتكەچكە پوچتىخانىغا يېتىپ بارالماي، قولۇمدا تۆت ـ بەش كۈن تۇرۇپ قالدى.
2001 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست ، شەھىرى ئۈرۈمچى

## 2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇساجان ئاكا:
ئۆزلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ سالامەتلىك تىلەيمەن ۋە شائىر روزى سايىت نامىغا يوللىغان مەكتۇپلىرىنى ھەسرەت ئىچىدە تاپشۇرۇۋېلىپ، مەمنۇن بولغانلىقىمنى سەمىلىرىگە سالماقچىمەن. خەت ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا بەكلا كېچىكىپ كەپتۇ. خەۋەر تاپقان بولۇشلىرى مۇمكىن: شائىر ئاللىقاچان ئەبەدىيلىك ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئارزۇ ـ ئارمان باشقىچە، تەقدىر ـ قىسمەت يەنە ئۆزگىچە ئىكەن. ئىزگۇ تىلەكلىرىمىز قىسمەتنىڭ سوغۇق كۆڭلىنى ئېرىتەلمىدى. شائىرنى قىسقا بىر مەزگىللىك ئۈچۈن بولسىمۇ ئارىمىزدا ئېپقالالمىدى. شائىرنىڭ تەقدىر ئويۇنلىرى ۋە زامان دىشۋارلىرىنى روشەن كۆرۈپ يەتكەن كۆزلىرى كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلىغۇچى مەكتۇپلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇنى مەن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقتىم. جاھان ئىشى شۇنداقكەن، ئالدىن كەتكەنلەر كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نەرسىلەرنى كېيىن قالغانلار كۆرىدىكەن. شائىرغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرى ئۈچۈن مەرھۇمغا ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىمەن، ئۆزلىرى سالامەت بولغايلا !
شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئۆزلىرىگە ئۇچۇر بېرىش مەجبۇرىيىتىمدۇر. لېكىن ھازىر شائىر ئاللىقاچان ۋاپات بولغان ۋە ئارىدا بەزى ئىشلار

بولۇپ ئۆتكەچكە، ئۇنى نەزەرلىرىگە سەل باشقىچىرەك يول ئارقىلىق ھاۋالە قىلماقچىمەن. ئىش شۇنداقكى، مەن شائىر كېسەل بوپقالغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا تولۇق دېگۈدەك ھەمراھ بولدۇم ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كەچ تەرەپلەردە «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» دېگەن ماۋزۇدا خاتىرە يېزىپ تۇرغانىدىم. ئارىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى رىسالەت مۇھەممەت خانىم شائىرنىڭ ژۇرنال تەھرىراتى نامىدىن ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىمگە سىزدۇرۇلغان ماي بوياق رەسىمىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە ئالايىتەن ئۇنى يوقلاپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە، تاسادىپىي پۇرسەتتە يازغان خاتىرىلىرىم ھەققىدە پاراڭ قىلىپ قالغان بولسام كېرەك، كېيىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھۆرمەتلىك قۇربان مامۇت ئەپەندى ئاشۇنداق خاتىرە بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە ماڭا تېلېفون قىلىپ كۆرۈپ بېقىش ئويى بارلىقىنى بىلدۈردى، ئەۋەتىپ بەردىم ۋە ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ خاتىرىنى ئېلان قىلىش قىممىتى بار، دەپ قارىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.... مانا تۈنۈگۈن باشقىلاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانى يەككە كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ پۇكەيلىرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئاشۇ «خاتىرە» نىڭ بېسىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ سان ژۇرنالنى كۆرۈپ بېقىشلىرىنى سورايمەن. ئۇنىڭدا تولۇقسىز بولسىمۇ شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈممۇ سالامەتلىك تەكشۈرتۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېتىپ قېلىپ، شائىرغا 20 كۈندەك ھەمراھ بولالمىدىم. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى كۈنلەردە، گەرچە شائىرنىڭ يېنىدا بولغان بولسامۇ، خاتىرە يېزىشقا ھەپىلەم بولمىدى. ئەمدى مانا ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ۋە شائىرنىڭ خانىمىدىن سوراشتۇرۇپ «شائىرنىڭ

ئاخىرقى كۈنلىرى» نى يېزىۋاتىمەن. قاچان پۈتكۈزۈشۈم ئېنىق ئەمەس. ياخشى يازالىسام بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن (بۇ خاتىرە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىلى 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان). ئۇنى شۇ چاغدا كۆرەرلا. ئەگەر ئىشلىتىلمەي قالغۇدەك بولسا، كېيىن ئۆزلىرىگە ئايرىم كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىمەن. سەمىلىرىگە ئالدىن سالماقچى بولغىنىم شۇكى، شائىر تاكى ئاخىرقى دەملەرگىچە ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتمىدى. ھەتتا چاقچاق قىلىشلىرىنىمۇ توختاتمىدى. دوست ـ يارەنلەرنى ئەسلەپ مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئەگەر مەكتۇپلىرى ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا، ئۆزلىرىگە ئالايىتەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن بولاتتى. ئەپسۇس، بەكلا كېچىكىپ قاپتۇ. قايسى كۈنى سەھەردە شائىرنىڭ تۇپراق بېشىغا چىققىنىمدا، مەكتۇپلىرىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ بىللە ئاچىقتىم. ئاشۇ يەردىكى پىچىرلاشلىرىم ئارقىلىق شائىرنىڭ روھى مەكتۇپلىرىدىن خەۋەر تاپتى. ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ روھى خۇشال بولدى ۋە ئۆزلىرىدىن كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدار بولدى...

مۇساجان ئاكا:

مەكتۇپلىرىدىكى شائىرغا تالىق ئىشلارنى ۋە تەسىراتلىرىنى ئوقۇپ، كۆپ ئىشلار يادىمدىن كەچتى. شائىر ھەقىقەتەنمۇ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن، قىسمەت ۋە زاماننىڭ تاسقاقلىرىدا يەتكۈچە پىرقىرىغان ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىنقى 26 يىللىق ھاياتىغا دائىر كەچمىشلىرىنى تالاي ـ تالاي قېتىم ئاڭلىغانمەن. ئۆزئارا تونۇشقان، دوست بولۇپ ئۆتكەن كېيىنكى 32 يىلدا بولسا، خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەكلا، بارلىق كەچمىشلىرىگە شاھىت بولغانمەن. شائىرنىڭ ھاياتىدا باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك، ئەۋلادلار ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغۇدەك نۇرغۇن ئېچىنىشلىق ئىشلار، تەسىرلىك ھېكايىلەر

بار ئىدى. دوستلۇقىمىز سەۋەبلىك ئاغىنەمگە خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمنىڭ، بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كەچمىشلىرىنى خاتىرىگە ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە بىرنەرسە يېزىش ئويۇم خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمدە كېزىپ يۈرەتتى. لېكىن پۇرسەت بولمىدى. 1998 ـ يىلى بولسا كېرەك، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەتسالىھ مۇھەممەتروزى ئەپەندى تېلېفون قىلىپ، ژۇرنالدا ئىشلىتىش ئۈچۈن شائىر ھەققىدە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلدى. تونۇشتۇرۇش ماقالىسى دېگەندە، تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ پارتىيىگە يېقىندىن قانداق ئەگەشكەنلىكى، قايسى ـ قايسى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قانداق ـ قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ «شەرەپ پارتىيىگە مەنسۇپ»دېگەنلىكى يېزىلىدۇ. ئۇنى كۆپ ھاللاردا مۇخبىر ـ ئاخباراتچىلار يازىدۇ. مۇھەممەتسالىھ ئەپەندىنىڭ مېنى تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشى، مېنىڭ بىرقانچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يازغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ ئاخبارات يازغۇچى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم مېنىڭ پارتىيەنىڭ تەشۋىقات كادىرى ئىكەنلىكىمنى، شائىر روزى سايىتنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىمنى نەزەردە تۇتقانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مېنى تەكلىپ قىلىشىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن بولسامۇ ، لېكىن يەنىلا ماقۇل بولدۇم. قەلبىمدە ئۆزۈندىن بېرى ساقلىنىپ تۇرغان شائىر ھەققىدە بىرنەرسە يېزىش ئىستىكى مېنى ماقۇللۇق بىلدۈرگۈزگەن بولسا كېرەك. ماقۇل بولغىنىكەنمەن، ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇنلىشىم كېرەك. گەرچە شائىرنىڭ ئەھۋالىنى بەش بارمىقىمنى بىلگەندەك بىلسەممۇ، لېكىن ئاشۇ بارماقلاردىكى سىزىقچىلاردىن خەۋەرسىز ئىدىم. شائىرنى ئۆزى ھەققىدە پاراڭ





قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىدى بولغاي، خېلىلا ئارقىغا تارتتى. 1999 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئاندىن ئۆز كەچمىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق سۆزلىدى. ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن، ئېسەدەپ ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. مەن 30 بەتتىن ئارتۇقراق خاتىرە قالدۇردۇم. سوئاللار قويۇپ ، كەچمىشلەر يۈز بەرگەن زامان، ماكان ۋە شارائىتنى ئېنىقلىدىم. قەلبىمدە بولسا: « ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا شۇنچە كۈلپەتلەر، جاپا ـ مۇشەققەتلەر، دەرد ـ ئەلەملەرمۇ كېلىدىكەن ـ ھە!» دېگەن بىر ھەسرەتلىك تەسىرات جەملىنىپ تۇردى. ئەسلىي «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» نىڭ چەكلىك سەھىپىسى ئۈچۈن يېزىلىدىغان تونۇشتۇرما ماقالە ئۈچۈن ئۇنچە تەپسىلاتلار زۆرۈر ئەمەس ئىدى. بەلكىم شائىر ھەققىدە چوڭراق بىيوگرافىك ئەسەر يېزىش ئىستىكى مېنى ئاشۇ تەپسىلاتلارنى يەنە ئاڭلاشقا ، تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىشقا قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك. ئاشۇ پاراڭنىڭ ئەتىسى، يەنە 1 ـ فېۋرالدا شائىر ھەققىدە تونۇشتۇرما ماقالە يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەمما، قەلەم ئىختىيارىمغا بويسۇنمىدى، ژۇرنالنىڭ چەكلىك سەھىپىسىنىمۇ ھېسابقا ئالمىدى. پىكىرلىرىم قاراقۇرۇمنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتتەك ئۇزاقلارغا پەرۋاز قىلدى. پاك ـ مەسۇم، ئارزۇ ـ ئارمانلىق، لېكىن يوقسۇزلۇقتىن قەلبى زېدىلەنگەن ئۇيغۇر بالىسى كەتمەن تۇتۇپ گەندە چىقىرىدىغان، تاغار يۈدۈپ سېلىنىۋاتقان سۇ ئامبارلىرىنىڭ توسمىسىغا توپا ئاچىقىدىغان كىچىك دېھقانغا ئايلاندى. قورسىقى ئاچ ئىدى. ئاشقازىنى كورکىراپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ تۇراتتى، ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرى تىترەپ، تىزلىرى ئېگىلىپ كېتەتتى.ئەمما، ئۇ توپا ئۇسۇلغان ئېغىر تاغارنى يۈدۈپ بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان

تۇتۇشقا ياماشقا مەجبۇر ئىدى. ياماشمىسا، ئۇ ماچ بېرىلمەيتتى، ئۇماچ ئۇچۇنلا ياماشاتتى. خوتەن دېھقىنى دېگەن مانا شۇ...

شۇنداق قىلىپ، ئەسەر ئۇزىراپ كەتتى. 22 ـ ئاپرېلدا دەسلەپكى ئارگىنالى قولدىن چىققان بولدى. 1000 بەتتەك بىر نەرسە بوپتۇ. شۇ يىلى يازدا ، مەكتىپىمىزدە تەتىل بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۈزىتىپ چىقتىم ۋە «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» دېگەن سەرلەۋھە قويدۇم. كومپيۇتېردا تىزدۇرۇپ دىسكىغا ئالدىم. ھازىر ئۇ نەشرىياتتا يورۇقلۇققا چىقىشنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. سىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانىدىن ئوقۇغان نەرسە ، شۇنىڭ 9 ـ بابى. بۇ ئەسەر توغرىسىدا دەيدىغانلىرىم شۇكى، كىشىلەر قەھرىمان ھەققىدىكى نەرسىلەرنى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يېزىشىدۇ. بۇ ھەتتا ئەنئەنىگىمۇ ئايلىنىپ قالدى. مەن شائىر ھەققىدىكى بۇ ئەسىرىمنى پۈتكۈزگەندە، ئاشۇ ئەنئەنە بۇزۇلىدىغان بولدى. شائىر ھايات ۋاقتىدا ئەسەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىتىم. ئەپسۇسكى، كۆپ قېتىم قەرەل، ۋەدىلەرنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇ يەنىلا شائىر ھايات ۋاقتىدا چىقماي قالدى. قارىغاندا ئەنئەنە دېگەندىن ئاسان ھالقىغىلى بولمىسا كېرەك. كۆڭۈلگە تەسەللى بېرىدىغىنى شۇكى، ھەر ھالدا شائىر ھايات چاغدىلا «كىرىوران» ۋە «تارىم» ژۇرناللىرى ئۇنىڭ ئىككى بابىنى ئېلان قىلدى. شائىر ئەسەر يېزىلىۋاتقاندىلا پۈتكەن ھەربىر بابىنى ئۇدۇللۇق ئوقۇپ ماڭغانىدى. قارىغاندا، ئادەم ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى باشقىلارنىڭ يازمىسىدىن كۆرسە بەكرەك تەسىر قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئوقۇۋېتىپ بۇلدۇقلاپ يىغلايتتى. ھەسرەت ـ نادامەتكە چۆكۈپ جىم بولۇۋالاتتى. بىر كۈنى شائىرنىڭ خانىمى تېلېفون قىلىپ: « ئىككىلىرى بىر نېمە دېيىشىپ قالدىلىمۇ؟»دەپ سورىدى. مەن: «ياق، نېمە ئىش

بولدى؟» دەپ سوئال قايتۇردۇم. شائىرنىڭ خانىمى: « يېقىندىن بېرى ئۇ كىشى سىلىنىڭ ئۆيگە چىقىپ كىرسىلا، جىم بولۇۋالىدىغان، باللار بىلەنمۇ پاراڭلاشمايدىغان بولۇۋالدى. مۇڭغا چۆكۈپلا ئولتۇرىدۇ»دېدى. مەن شائىر ھەققىدە بىرنەرسە يېزىۋاتقانلىقىمنى، شائىرنىڭ ئۇنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. خانىم ماڭا ئۇنى شائىرغا كۆرسەتمەسلىك تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، كۆرسەتمەسلىككە ئامال بولاتتىمۇ؟ ئۇ كېيىنكى بابلىرىنىمۇ داۋاملىق كۆردى. كومپيۇتېردا تىزدۇرغاندا كوررېكتورىنىمۇ كۆرۈپ بەردى. ئەمما، نېمىشقىدۇر ئەسەرنىڭ ھېچبىر يېرىگە تۈزىتىش بەرمىدى. ھەتتا بىرەر سۆزىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەنىدى. ھايات ئادەم توغرىسىدا توقۇلما قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسقۇ. ھەتتا مېنىڭ تەھلىل - مۇلاھىزىلىرىمۇ خېلىلا ئوبيېكتىپ بولغان بولسا كېرەك. شائىرنىڭ تۈزىتىش بەرمىگەنلىكى شۇنىڭدىن بولۇشى مۇمكىن...

ئەمدى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەزىپىسىگە كەلسەك، يازغانلىرىم ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كەلمەي قالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلىمساممۇ بولمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئەسەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن جۈملە - ئابزاسلارنى ئۈزۈۋېلىپ «شائىرنىڭ ھەيكىلى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇلارغا ئەۋەتتىم ۋە بۇ گەرچە تونۇشتۇرما ماقالىسىگە ئوخشىماي قالغان بولسىمۇ، ژۇرنال يەنىلا ئۇنى ئىشلەتتى. قارىغاندا، مەندىن كۈتكىنىمۇ «ئاتام ئېيتقان بايقىدەك» تونۇشتۇرما ماقالە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ يازغانلىرىمدەك بىرنەرسە بولسا كېرەك. بۇ، ژۇرناللىرىمىزدىكى گېزىتلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپ بولۇشى مۇمكىن. ژۇرناللاردىن ئاغرىنىشقا ئاساس يوق. «شائىرنىڭ ھەيكىلى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا قىلغان تەسىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن ھەتتا ئوقۇرمەنلەردىن مەمنۇنىيەت خېتىمۇ

تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ قېتىم «تارىم» دىكى 9 ـ بابنى ئوقۇپ، ئۆزلىرىمۇ ياخشى تەسىرات ئاپتىلا. قارىغاندا ئادەملىرىمىزدە زىيالىيلىرىمىز ـ ئالىملىرىمىز، دوكتور ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز، شائىر ـ يازغۇچىلىرىمىزغا قارىتا چۈشىنىش ئىنتىلىشى يېتىشىپ بېرىۋاتقانغا ئوخشايدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئاشۇ يازمىلارغا قىزىقىپ يۈرەتتىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق چۈشىنىش، ئىنتىلىشنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ماختاشلىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ هايات كەچمىشلىرىنى، ئەمگەك ـ تىرىشچانلىقلىرىنى ئەمەلىي تونۇشتۇرۇشىمىز قانائەت تاپقۇزۇشى مۇمكىن. ئۆزلىرى مەكتۇپلىرىدا تىلغا ئالغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزنى، خەلقىمىزنىڭ زىيالىيلارنى چۈشىنىش دەرىجىسى توغرىسىدىكى مەسىلە مېنى چوڭقۇرئويغا سالدى. مەسىلە ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەكلا. هېلىقى دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان: خەلق دېگەن بىر پادىغا ئوخشايدۇ، قاياققا هەيدىسەڭ، شۇ ياققا ماڭىدۇ، دېگەن سۆز هەرگىزمۇ قەستەن كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەهۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. داهىيلارنىڭ، پادىچىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېرىشكەندىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. باشلاپ بارغۇچى زىيالىيلار ۋە سىياسىي داهىيلاردىن ئايرىلسا، ئۇ قەيەرگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، هەتتا ئابايدىن ئېلىنغان نەقىلدە كۆرسىتىلگەندەك جىنايەت يولىغا مېڭىشى، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. هېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىشلار هېلىقىدەك ئېسىمىزدە تۇرۇپتىغۇ. شۇ چاغدا خەلق باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۆز زىيالىيلىرىغا ۋە سىياسىي داهىيلىرىغا نېمىلەرنى قىلمىدى؟ دېمەكچى، بۇ يەردىكى هەل قىلغۇچ ئامىل زىيالىيلارنىڭ خەلققە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى ۋە باشلامچى بولۇش مەسىلىسى، بۇ پەقەت ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە شۇ چۈشىنىشتىن شەكىللەنگەن ئىشەنچ ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ باشقا





ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىن ناچار بولۇشى مۇمكىن. زىيالىيلار خەلقىمىزنى چۈشەنمىگەندەك، خەلقىمىزمۇ زىيالىيلارنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ئاشۇنداق بىر زىيالىيلار توپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەمدۇ - يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە. خەلقىمىز ئۇزاق تارىختىن بېرى دىنىي زىيالىيلار (دىنىي ئۆلىمالار) نى ئۆزىنىڭ مەنىۋى باشلامچىسى ھېسابلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. دىنىي زىيالىيلار بولسا خەلقنى كۆپرەك باقىي ئالەم مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەپ، پانىي ئالەم مەسىلىلىرىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرغان. بۇ بىر تارىخىي ئېغىش، شۇنداقلا ئېتىقادىي ئېغىش ھېسابلىنىدۇ. 20 - ئەسىردە بىزدە ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن زىيالىيلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئەسىر ئاخىرىدا مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ھەرھالدا توپ بولۇپ شەكىللەندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان خەلقنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن، خەلقمۇ تا ھازىرغىچە ئۇلارنى مەنىۋى يولباشچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغىنى يوق. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچە ھۆكۈمەت خادىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئۇلارنى ھېلىمۇ: «ھۆكۈمەت كادىرى» ، «ھۆكۈمەت مۇئەللىمى»، «ھۆكۈمەت دوختۇرى»، «ھۆكۈمەت تېخنىكى» سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ھەتتا شائىر - يازغۇچىلارنىمۇ «ھۆكۈمەت ئادىمى» دەپ قارايدۇ. بۇ خاتا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت سىياسەتلىرى بويىچە ئىشلەيدۇ ۋە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەنىۋى يولباشچى دەپ ئەمەس، مەمۇرىي باشقۇرغۇچى، مەمۇرىي ئىش بېجىرگۈچى سۈپىتىدە تونۇشنىڭ خاتا يېرى يوق. مەنىۋى يولباشچى سۈپىتىدە ئېتىراپ

قىلماسلىقنىڭ ئۈچىنچى سەۋەبى، زىيالىيلار ھەقىقىي مەنىۋى يولباشچى بولۇش ساپاسىنى ھازىرلىيالمىغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن. زىيالىيلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولمىش شائىر ـ يازغۇچىلاردىمۇ بۇنداق سۈپەت تېخى تولۇق ھازىرلانغىنى يوق. مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان كۆپ سانلىق يازمىلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار خەلقنى ئۆزىگە بىلدۈرگۈدەك، نېمە كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىگە بىلدۈرگۈدەك، ئۇلاردا ئارزۇ ـ ئارمان يېتىشتۈرگۈدەك، شۇ ئارزۇ ـ ئارمانغا يېتىش يوللىرىنى كۆرسەتكۈدەك ھېچنېمە يوق. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ خەلقنى چۈشەنمەسلىكىدە. ئۇلارنىڭ «ئۆزى ئۈچۈن يېزىش»لىرىنىڭ، ئوتتۇرا ـ قەدىمكى ئەسىرلەرچە سەۋدايى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشلىرىنىڭ، «ئاھ ـ پاھ» لىرىنىڭ، باشقىلارنى ماختاشلىرىنىڭ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۈلۈشلىرىنىڭ خەلق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ خەلقنىڭ زىيالىيلارنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئاغرىنىشقا ئاساسىمىز يوق. ئۇلارغا بىزنى چۈشەنگۈدەك تەربىيە ئېلىپ بارالمىدۇق. ئەمما، زىيالىيلار خەلقنى چۈشەنمىسە، بۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا بولىدۇ. زىيالىي تۇرۇپ ئۆز خەلقىگە شۇ بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدە نېمە كېرەكلىكىنى بىلەلمىسە، ئۇنى كىممۇ ئۆز زىيالىيلىرىمىز دېيەلىسۇن؟ يەنە كۆرۈڭ: ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىشلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، ئېتىقادىنى، ئىنتىلىشلىرىنى كۈنسېرى مەجبۇرلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە چۈشەنمەي، ئۇنى باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئەيىبلەپ ـ مەسخىرە قىلىشىپ بەرسە، ئۇ كىمگە تەئەللۇق زىيالىي؟....

خەلق بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشەنمەسلىك

ئاشۇنداق بولۇۋاتقان چاغدا بىر ئوغلان ئوتتۇرىغا چىقتى: شائىر روزى سايىت خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۈپكى مەسىلىلەرنى كۆيلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆز خەلقىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەكس سادا مۇشۇنىڭغا لايىق بولدى. خەلقمۇ روزى سايىتنى چۈشەندى. ئۆزلىرى «تارىم» نىڭ 2001 ـ يىللىق 7 ـ سانىدىن ئوقۇغان «ئالتۇن ئۈزۈك» ، «ئالتۇن تۇخۇم» ، «ئالتۇن قوي» ھەققىدىكى بايانلار خەلقنىڭ روزى سايىتنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ھۆرمەت ـ ئىززەت كۆپىنچە چۈشىنىشتىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى شائىر كېسەل تېگىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆڭۈل بۆلۈشلەر، يوقلاشلارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. روزى سايىتنىڭ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئۇ، ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن خەلققە — دېھقانلارغا ، ئۇيغۇر زىيالىيلار توپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، ئۇلارنىڭ خەلقنى بىزە بولسىمۇ چۈشىنىدىغانلىقىنى، خەلق غېمىدە كۆيۈپ ـ پىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دېھقانلارمۇ روزى سايىتتىن باشلاپ زىيالىيلارنى چۈشەنگەندەك ئىنكاس قايتۇردى. ئارىدىكى چۈشىنىشنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە گەرچە يەنە كۆپ تىرىشچانلىقلار كېرەك بولسىمۇ، لېكىن بۇنى بىر ياخشى باشلىنىش دېمەي ئىلاجىمىز يوق. قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ئىككى تەرەپتە چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەنلىكى ئېنىق. بۇ ئۆزئارا ئىنتىپاقلىققا ئۇل سالسا ئەجەب ئەمەس.

مۇساجان ئاكا:

روزى سايىت بىلەن ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىنى گيۇتې بىلەن شىللېرنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشىتىپ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكلىرىگە رەھمەت. مەرھۇم مەكتۇپلىرىنى كۆرۈشكە

مۇيەسسەر بولالىغان بولسا، بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ، بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا كەلسەك، بۇنىڭغا ئۆزۈمۇ ھەيرانمەن. بىر تونۇشقانچە 32 يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپتىمىز. ئويلاپ كۆرسەم، دوستلۇق دېگەننى پىكىر بىرلىكى، ئىرادە ئورتاقلىقى، سەرگۈزەشت ئوخشاشلىقى شەكىللەندۈرىدىكەن. كېلىپ چىقىش، ئىجتىمائىي ئورۇن، ياش پەرقى، ھەتتا خۇي ـ مىجەزىدىكى پەرقلەر دوستلىشىشقا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن، يېقىندا بىرى خېتىدە: « ئىككىلىرى تۇغقان ئوخشايلا» دەپ يېزىپتۇ. بۇنداق باغلىنىش يوق. شائىر بەش سۇلالىگە ئەسكەر بولغان قاراقاش قاراسايلىق ئابىتوف سايىتنىڭ چېگرا قورۇلى ـــ ھەربىي گازارمىدا تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى. مەن بولسام ، لوپ چاھارباغدىن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن يېڭى ئېچىلغان يەرگە كۆچۈپ بارغان دېھقاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى. بىرىمىز تاغدا ـــ قاراقۇرۇمنىڭ چوققىسىدا، بىرىمىز چۆلدە ـــ تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىرىمىز قورقماس ئەسكەر ئائىلىسىدە ، بىرىمىز ئالتە ئەۋلاد ئىچىدە بىرمۇ ئەسكەر ياكى قوزغىلاڭچى چىقمىغان ياۋاشلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئارىمىزدا ئالتە ياش پەرق بار. شائىر ئېگىز ۋە ئورۇق، مەن بولسام پاكار ۋە سېمىز، شائىر شوخ ، گەپدان، تارتىنماس ۋە قىزغىن مىجەزلىك، مەن بولسام ھەممە جەھەتتە گۆلەشراق. تونۇشقان ۋاقتىمىزدا سەرگۈزەشتلىرىمىزمۇ ئوخشمايتتى. ئەينى چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپلا جەمئىيەتكە ھەيدەلگەن شائىر جاپا ـ مۇشەققەتلىك خوتەن دېھقانلىرىنىڭ 12 يىللىق ئىستازغا ئىگە قاتمال دېھقىنىغا ئايلانغان، مەن بولسام ، تولۇق ئوتتۇرىنى ئۈچ يىل بۇرۇن تۈگەتكەن بولساممۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئەسەبىي

ھەرىكەت سەۋەبىدىن تىپخچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشقا ئۇلگۇرەلمىگەنىدىم. ئاشۇ 1969 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىرىدە تونۇشتۇق. 12 يىللىق ئىستاژغا ئىگە دېھقانىنىڭ قەلبىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا تۇتاشقان ئەدەبىي ھەۋەس تىپخى كۆلگە ئايلانمىغانىكەن . بىزنى شۇ تونۇشتۇردى. تونۇشۇپلا، «بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغان»غا ئوخشاش ئاغىنە بوپكەتتۇق. دوستلارنىڭ كەچمىش ـ قىسمەتلىرى ئوخشاش بولىدۇ، دېگەن گەپ ئەمەلىيەت يەكۈنى بولۇشى ۋە بەلكىم بىشارەت بولۇشى مۇمكىن. بىز تونۇشۇپ ئاي ئۆتمەيلا مەنمۇ دېھقانغا ئايلاندىم. ئىككىمىز دېھقانچىلىق قىلىدىغان «كوممۇنا» لار ئارىسىدا 25 ـ 30 كىلومېتىردەك مۇساپە بولسىمۇ، لېكىن ئاي ئاتلاتماي ئىزدىشىپ تۇردۇق. ئۇ يىللاردا جاپا ـ مۇشەققەت، يوقسۇزلۇق ۋە كۆلپەت خوتەن دېھقانچىلىقىدىن قۇتۇلۇش، ھۆكۈمەتنىڭ مائاش تارقىتىدىغان «تۆمۈر دەپتىرى» گە كىرىۋېلىش ئارزۇسىنى يالقۇنجىتىپ تۇراتتى. 1973 ـ يىلى يازدا مەن ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىشنى ئاشۇنىڭغا ئېرىشىش ۋاستىسى قىلماقچى بولدۇم. شائىرمۇ شۇنداق ئويدا ئىدى. بىر ئامالالارنى قىلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالدۇق. باشقا ـ باشقا شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغاچقا، دوستلۇقىمىز ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ تۇرغان مەكتۇپلار رىشتىسى بىلەن باغلىنىپ تۇردى. تەتىللەرنى بىللە ئۆتكۈزەتتۇق. مەندىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتكۈزگەن شائىر كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن ـ شەھەرگە تەقسىم قىلىنىغانىكەن. مەن كەلسەم، مېنى دوۋا دېگەن تاغقا تەقسىم قىلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي «لۇشيەن خاتالىقى» ئۇچۇن شائىرنىمۇ قاراڭغۇ تاغقا سۈرگۈن قىلىشتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەر ئىككىمىز تاغدىن قەدىمىي خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق...

قاراڭ ، قىسمەت ـ كەچمىش ئوخشاشلىقى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ ئوخشاش كەچمىشلەر سەۋەبىدىن دوستلۇقىمىز چىڭىپ

باردىمۇ ياكى دوست بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قىسمەتلىرىمىز ئوخشىتىپ قويۇلدىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس .

ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان ئاساسىي رىشتە پىكىر بىرلىكى ئىدى. پىكىرلىرىمىز دائىم دېگۈدەك بىر يەردىن چىقاتتى. تالاش - تارتىش بولغان، خاپىلاشقان، ئاغرىنىشقان، بىر - بىرىمىزنى ئەيىبلىگەن چاغلىرىمىز بار. ۋاھالەنكى، تۈپلۈك مەسىلىلەردە پىكرىمىز بىردەك ئىدى. ئىختىلاپ بولغان چاغ يوق. بىر - بىرىمىزنىڭ مىجەز - خۇي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلەيتتۇق. بىر - بىرىمىزگە ئىشىنەتتۇق. گېيوتى بىلەن شىللېرنىڭ دوستلۇقىمۇ شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇلاردەك «بىر ئەدەبىياتنىڭ بىر چوققىسى» نى ھاسىل قىلالمىدۇق. دېھقانلار مەسىلىسىنى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىگە سۇنۇش بولسا، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ئالدىدا ھېچنېمە. ئەسلى قىزغىنلىقىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا بىزمۇ ئاشۇ «يۈكسەك چوققا» نى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلالمىغانلىقىمىزغا گېيوتى بىلەن شىللېرنىڭ شارائىتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئوبيېكتىپ شارائىت سەۋەب بولدى، دەپ باھانە كۆرسىتىشىمىز ئىقتىدارسىزلىقىمىزنى ئاقلاپ قالالارمۇ؟ ۋادەرىخ، قىسمەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق ئىكەن. ئەمدى يەنە نېمە دېگۈلۈك؟

ئۆزلىرى تىلغا ئالغان «يەنە بىر پاكىت » قا كەلسەك ، شائىر روزى سايىت ھەقىقەتەنمۇ «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق»لار بىلەن بىر يولدا ئەمەس ئىدى.ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ ئىناقلىقىنى قەدىرلەيتتى. مەن ئۇنىڭ باشقا شائىر - يازغۇچىلىرىمىزغا بولغان ھۆرمىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانمەنكى، ئۇلار توغرىسىدا بىرەر بولمىغۇر سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمەن. بەزىلەر بىلەن خاپىلاشقان چاغلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئاداۋەت

ساقلىمايتتى. كامىل مۇسۇلماندەك ئاداۋىتىنى ئۈچ كۈننىڭ نېرىسىغا ئۆتكۈزمەيتتى. ئۆزۈم توغرىسىدا بولسا، ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر ياخشى پىكىردە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىق روھى ھەممىمىزگە ئۆلگە بولغاي !

ئۆزلىرىگە ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ

شاگىرتلىرى: نۇرمۇھەممەت توختى

2001 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر، شەھىرى خوتەن

# كىتاب

ئىجتىماتلىق تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋاينىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دېگەن كىتابى نەشىردىن چىقىپتۇ. قاتتىق مۇقاۋىلىق، تىتۇللىرى نەقىشلەنگەن، تولىمۇ چىرايلىق بېسىلغان كىتاب ئىكەن. كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى، ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان كىتاب ئىكەن. ئوقۇپ بولغاندا، ئادەم گويا بارلىق دورا - دەرمەكلەر ئۆز ئەتراپىڭدا، ئۆز بېغىڭدا، ئۆز مەھەللەڭدە باردەك، كىتابنى بىر ئوقۇپلا تېبابەتچىلىك بىلىملىرى، تېبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بوپقالغاندەك، مۇبادا بىرەر كېسەللىك ئۇچراپ قالسا داۋالاپ ساقايتالايدىغاندەك تەسىراتقا كېلىدىكەن. مانا مۇشۇ تەسىرات تېبابەتچىلىكنىڭ ئەسلىگە قايتىشى بولۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى كاتتا ئالىم - ھۆكۈمالارنىڭ تەپەككۇر - تەتقىقاتلىرىدىن شەكىللەنگەن تېبابەتچىلىك ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ كۈندىلىك ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالىنىش تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى ئاساسىدا ئاستا - ئاستا ۋايىغە يەتكەن ۋە سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن تېبابەتچىلىك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ ئېتىزدىن، باغدىن، ئېرىق - ئۆستەڭ قىرلىرىدىن تېپىلىدىغان خام دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بايان قىلىپ بېرىش — ئۇنى ئەسلىگە — ئەسلىي ئىگىسىگە قايتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر مۇكەممەل داۋالاش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ





كېلىشىنى كاتتا ئالىم - ھۆكۈمالىرىمىزنىڭ سىستېمىلىق ئەمگەكلىرىدىنمۇ ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يىراق ئۆتمۈشتىن يېتىپ كەلگەن تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى 3000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دەۋرىمىزگە ئۇلىشىپتۇ. بۇ جەرياندا مۇشۇ خاسىيەتلىك ئىش بىلەن قانچىلىغان كاتتا تېبابەت ئۆلىما - ئەللامىسى، تېۋىپ - جەرراھلىرى شۇغۇللىنىپ ئۆتۈپتۇ. مۇشۇ بىر قوۋمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كامالىتىنى ئاشۇ دورىلار بىلەن قوغداپتۇ ۋە تېخىمۇ كامالەت تاپقۇزۇپتۇ. بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىم - ئۆلىمايى كىراملاردىن غازىباينى، فارابىينى، ئىبنى سىنانى، جۈملىدىن دىيارىمىز خوتەندە ئۆتكەن ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىينى، جامالىددىن ئاقسارايىنى، ھەتتا دەۋرىمىزدە ياشاپ ئۆتكەن تۇردىمۇھەممەد ئاخۇنۇمنى، تۇردى ھاجىمنى، ئابدۇلھەمىد يۈسۈفىي دامولla ھاجىمنى، ئەمەت ھاجىمنى، ئېلىخان ھەزرەتنى، غوجا باھاۋىددىن ھاجىمنى، ۋە يەنە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە شىمالىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى تالاي - تالاي ئۇلۇغ ئالىم، شۆھرەتلىك تېۋىپ - ھۆكۈمايىمىزنى ساناپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىز خوتەندە تىرىك ياشاۋاتقان ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باقى ھاجىم، مەينىگارخان ھاجىم، مەتتۇرسۇن ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىم، سىراجىتئەھمەد ھاجىم، تۇرسۇنتوختى ھاجىم ۋە باشقىلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئابابەكرى رەھمان داۋايىنى ئالدىنقى كاتتا ئۆلىما - ئۇستازلارنىڭ قاتارىغا قېتىشقا ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. چۈنكى ئابابەكرى رەھمان داۋايىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدا نە ھاجى - ھەزرەت دېگەن نام - ئابرۇيىمۇ تېخى ئۇلارغا يەتكەندەك ئەمەس. ۋاھالەنكى، «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا» دېگەندەك، ئۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش، بەلكى خېلى ئوبدان ئۇنۇمگە ئېرىشىش نۇسرىتى

ئاتا قىلىنىدىغانلىقىمۇ سىر ئەمەس. مانا ئەمدى ئۇ يەنە بىر نۇسرەتلىك ئىش قىلىپ كىتاب چىقىرىپتۇ. تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئاۋامغا قايتۇرۇشقا تىرىشىپتۇ. ئويلاپ باقايلى، دىيارىمىز خوتەندە ئۆتكەن ئالدىنقى كاتتا تېۋىپ - ھۆكۈمالىرىمىزنىڭ قايسىلىرىدىن كىتاب قالدى؟ ئۇلار خەلقىمىزگە قايسى كىتابنى قالدۇرۇپ كەتتى؟ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلانساقلا تېۋىپ - جەرراھلىرىمىزنىڭ ئىككى خىلغا ئايرىلىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بىرى، باشقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، كىسەل داۋالىغان، شاگىرت يېتىشتۈرگەن ئادەتتىكى تېۋىپ - جەرراھلار، يەنە بىرى، ئاشۇ بىرىنچى تۈركۈمدە مەۋجۇت بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ھازىرلىغاندىن باشقا، يەنە ئۆز تەجرىبىلىرىدىن كىتاب يېزىپ ۋە تۈزۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا كىتاب مىراس قالدۇرغان مەرىپەتلىك تېۋىپ - ھۆكۈمالار. ئەلۋەتتە، ئۇزاق ئۆتمۈش يىللاردىن نام - شەرىپى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىرى ئاشۇ كېيىنكى تۈركۈمگە تەۋە مەرىپەت ئىگىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نامىنى دەۋرىمىزگە ئاشۇ كىتابلىرى يەتكۈزۈپ كەلگەن. ئالايلۇق، مەشھۇر تېۋىپ ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىينىڭ نامىنى ئۇنىڭ «قەۋەنۇل ئىلاج» ۋە «مىزانىي تىپ» قاتارلىق كىتابلىرى يەتكۈزۈپ كەلمىدىمۇ؟ (بۇ يەردە، يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قامۇسىي كىتابلار، نادىر كىتابلارنى پەخىرلىنىش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىمىز، ئەلۋەتتە.) روشەنكى، كىتاب — تارىخنى ئۇلىغۇچى ئالتۇن زەنجىر، يىراق ئۆتمۈشتە ياشىغان ئەجدادلار قەلبىنى كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىگە ئۇلىغۇچى كۈمۈش رىشتە، ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبە - تېخنىكىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆگەتكۈچى خاسىيەتلىك ئۇستاز. بىز كىتابنى

كىتاب تور بىكىتى

مەدھىيەلەپ كاتتا داستان ـ قىسسەلەرنى يېزىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ «قۇرئان كەرىم» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەكنى تاماملىغان، خەلقىمىزنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئىسلام ئالىمى مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ يەنە بىر كاتتا ئەمگىكى «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» كە «كىتابخانىغا» دېگەن گۈزەل غەزىلىنى قىستۇرۇپ، ( «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» نىڭ 9 ـ بېتىگە قاراڭ)، بىزنىڭ ئاشۇ زۆرۈرىيىتىمىزنى تولۇق راۋا قىلغان:

كىتاب — قەغەز سۆيۈملۈكتۇر، ماڭا ھەرجايدا يار بولسا،
نادانلار ئالدىدا قەغەز ـ قەلەم بىئېتىبار بولسا.
كىتابقا ئاشىنا بولدۇم، ئىلىمنىڭ پەيزىنى سۇردۇم،
سۆيۈنمەمدۇ كىشى دىلدىن بەخت ـ ئىقبالغا يار بولسا.
بىلىم ئىشقىدا يانغانمەن بولۇپ مانەندە پەرۋانە،
يۈرەكتىن سۆيگۈنۈم سۆيگەن كىتابتەك خۇش نىگار بولسا.
قەلەم ـ قەغەز بىلەن سىرداش بولۇپ خىلۋەتتە ئۇن ـ تىنسىز،
نى كۆيلەر كۈيلىمەس ئىنسان بىلىمگە دىلخۇمار بولسا.
گۆدەك چاغلىرىمدىنلا بىلىمگە مەھلىيا بولدۇم،
دەمى ئايرىلغۇم مۇشكۈل بىلىمدەك گۈلئۈزار بولسا.
ئارامگاھىم كىتابىمدۇر، ئۇنىڭسىز ھېچ ئارامىم يوق،
ئارامبەخش قۇرلىرى دىللار ئارا چاقناپ تۇرار بولسا.
سۈكۈناتقا چۆمۈلگەن كائىنات، تۈن ئىچرە مەن تەنھا،
نە تەنھا، ئۆلپىتىم دىلكەش كىتابىم ياندا بار بولسا.
بولۇپ خىلۋەتتە كۆلبەم ئىچرە مەزھەر جىلۋەئى جانان،
نە جانان ھەر ۋەزرەقتىن يۈز تەجەللىي ئاشكار بولسا.
..............

سەھىپە ئېتىبار بىلەن غەزەلنى تولۇق ئىستاتا ئالالمىغان سەۋەنلىكىمنى داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى كەچۈرگەي. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، داموللا ھاجىم كۆيلىگەن كىتاب - ھىدايەتكە باشلىغۇچى، ئىلىم - مەرىپەتكە باشلىغۇچى، پەن - تېخنىكىغا باشلىغۇچى پاكىز كىتابتۇر. بىز كىتاب توغرىسىدا يەنە كاتتا ئۆلىمالاردىن گۈزەل ئەقلىيەلەرنى، شۆھرەتلىك شائىرلاردىن سۆز لەئلى - ياقۇتلىرى بىلەن بېزەلگەن غەزەللەرنى نەقىل ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك لەۋزى تۇرغان يەردە، ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. خۇلاسە - يەكۈن شۇكى، بۇ ئالەمدىكى شەيئى - نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئېسىل نەرسە يەنىلا كىتابتۇر. ئەھۋال شۇنداقكەن، كىتاب تۇزگەن، نەشر قىلدۇرغانلار نېمىشقا رەھمەت - باركاللىغا، تەھسىن - ئاپىرىنغا سازاۋەر بولمىسۇن !؟

ئىجتىھاتلىق تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋايى تۈزگەن، نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دېگەن كىتاب نەشردىن چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قوللانمىلار كۇتۇپخانىسىغا يەنە بىر دىۋان تىزىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپتۇ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك گۈلزارىدا يەنە بىر گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ...

بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلار پاكىز كىتابلار جۈملىسىدىندۇر، پايدىلىق كىتابلار جۈملىسىدىندۇر. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تارىخ دەرسلىكىدىن ئېسىمدە قېلىشىچە، زالىم پادىشاھ چىن شىخۇاڭ ئەدىب - ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈپ، كىتاب - دەستۇرلارنى كۆيدۈرگەندە، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇغان. ئاشۇ قانخور ئىستىبداتمۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇغان. ئاشۇ قانخور ئىستىبداتمۇ

تېبابەتچىلىكتە ئائىت كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان! بەلكىم تېخى ئۇ تېبابەتچىلىكتە دائىر كىتابلارنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىر قانخور زالىم - ئىستىبدات شۇنداق قىلغان يەردە، ئۇنىڭدىن 2000 يىللار كېيىن ياشىغان، ئۆزىمىزنى ياۋايى ئەمەس، مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ ئاڭلىق ئادىمى ھېسابلاۋاتقان بىزدە تېبابەتچىلىكتە دائىر كىتابقا، شۇنداقلا بارلىق پايدىلىق، پاكىز كىتابلارغا سەل قاراش خاھىشى كۆرۈلسە، بۇنى كەچۈرگىلى بولارمۇ؟ ئاشۇنداق ئېسىل — قىممىتى بار كىتاب تەسنىپ قىلىشنى، كىتاب نەشر قىلدۇرۇشنى ئەلۋەتتە ئالقىشلاش كېرەك.

قولى شىپا، دورىسى شىپا، ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىمۇ شىپا تېۋىپ - جەرراھلىرىمىز كۆپلەپ ياشاپ ئۆتتى. خوتەن دىيارىدىنلا ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇردىمۇھەممەد ئاخۇنۇمدىن رەسمىي نەشر - چاپ ئېتىلگەن بىر كىتاب، تۇردى ھاجىمدىن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسى ئىچكى نومۇردا باستۇرغان بىر كىتاب خەلقىمىزگە مىراس قالغاندىن باشقا، باشقىلاردىن كىتاب قالمىدى. ھەتتا تېبابەت ئالىمى، تىلشۇناس، شائىر، تارىخشۇناس، جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىي داموللا ھاجىم جانابلىرىدىنمۇ ئاشكارا كىتاب قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تولىمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىي داموللا ھاجىم «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان» يىللاردا سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ھاۋالىسى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ رۇخستى بىلەن بىر پارچە داۋالاش رىسالىسى تۈزگەنىكەن. ئەمما، ئۇ كېيىن باشقىلارنىڭ نامىدا نەشر قىلىنىپتۇ. ئەمگەكنىڭ ئىگىسى ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولالماپتۇ. «ئۆزگەرتىلىۋاتقان» ئادەمدە قانداقمۇ ئۆز ھەقىقىنى قوغداش ھوقۇقى بولسۇن؟ «ئۆزگەرتىلىپ» بولغاندىن كېيىنكى چاغلاردا داموللا ھاجىم

كۆپرەك داۋالاش، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە كاتتا تېبابەت قامۇسلىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكى، تەھرىرلىكى، ئالىي تېبابەت مائارىپچىلىقى ۋە شاگىرت تەربىيەلەش بىلەن ئالدىراش بولدى. مانا شۇ ئالدىراشچىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئاشۇ زاتقا كىتاب تەسنىپ قىلىش پۇرستى بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەپسۇسلانماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. كىتاب قالدۇرمىغانلىقى ئۇچۇنلا ئاشۇ شۆھرەتلىك تېۋىپ - ھۆكۈمالىرىمىزنى ئەيىبلەش — ئەلۋەتتە ئەخلاق جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەپسۇسلىنىش باشقا ئىش، ئەلۋەتتە. شۇنچە ئېسىل تەجرىبىلەرنى، داۋالاش تېخنىكىلىرىنى، شىپالىق رېتسېپلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ قويماي كېتىپ قالسا، ئەلۋەتتە ئەپسۇسلىنىدىغان گەپ. ھېچكىم ئۇلارنى باقىي ئالەمگە ئەكىتەلمەيدۇ. باقىي ئالەمگە ئەكەتكىلى بولىدىغان نەرسە پەقەتلا ئىككى. يەنى پانىيدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ گۇناھى. ئۇنىڭدىن باشقىنى — مەيلى ئۇ بايلىق - دۇنيا بولسۇن، مەيلى بىلىم، ئەقىل - پاراسەت بولسۇن، شان - شۆھرەت ۋە ئەسلىمىلەر بولسۇن — باقىيغا ئەكىتىش مۇمكىن ئەمەس. كېيىنكىلەر بەزى نەرسىلىرىدىن — بايلىق ۋە شۆھرىتىدىن پايدىلىنالىشى مۇمكىن، ئەمما بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئۇ گۆرۈگە كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا چوقۇم ئۇنى كىتاب قىلىپ قالدۇرۇش كېرەك. شۇندىلا كېيىنكىلەر ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ نەپكە ئېرىشىدۇ.

ئابابەكرى رەھمان داۋايى قانچىلىك بىلگەن بولسا، شۇنچىلىكنى قەغەز يۈزىگە قوندۇرۇپ، خېلىلا تىرىشچانلىق ۋە مەبلەغ سەرپ قىلىپ تېبابەتچىلىككە ئائىت بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. بۇنى ئەلۋەتتە ئالقىشلاش كېرەك. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ئەلۋەتتە بىلىمى، تەجرىبىسى، تېخنىكىسى ئۇنىڭدىن ئۇستۇنرەك ۋە سەل

ئۇستۇنرەك بولغانلارنىڭ كىتاب مىراس قالدۇرالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرگىمۇ توختىلىش كېرەك. قەدىمكىلەرگە پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان شۇ زامانلاردا قەغەز - قەلەم قىسچىلىقى، نەشر قىلدۇرۇش - كۆچۈرگۈزۈش قىيىنچىلىقى ۋە ياكى شۇ زامانلارنىڭ خەت ئوقۇشنى بىلىدىغان، ئەمما يېزىش - خۇلاسىلەشنى بىلمەيدىغان ئاممىۋى كېسەللى ئىمكان بەرمىگەندۇ. ۋە بەلكىم كېسەل داۋالاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ۋاقىت چىقىرالمىغاندۇ. بۇ بىرىنچى سەۋەب. ئىككىنچى سەۋەب، كۆزى كىچىكلىكتە بولۇشى مۇمكىن. بىلىمىنى، تەجرىبەمنى، مەخپىي رېتسېپىمنى باشقىلار بىلىۋالسا، پۇل - پۇچەك تېپىش يوللىرىم كاساتلىشىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئاخىرقى تىنىققىچە باشقىلارغا ئۆگەتمەي، ئاخىر ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئاقىۋەت. بۇنداق ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئاقىۋىتىگە تېبابەتچىلىكتىن ئەمەس، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ساھەسىدىن ئىككى ھېكايە كەلتۈرىمىز. ئاپتور 1986 - يىلى يازدا ۋە 2004 - يىلى كۈزدە، قورغاستىكى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان مەقبەرىسىگە زىيارەتكە بارغاندا، ئاشۇ ساپ ئىسلامچە بىناكارلىق نامايەندىسىنىڭ زىننىتىگە ئىشلىتىلگەن چاقچۇقىمۇ، ساپال - كاھىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان چاپلىمىغا دىققەت قىلدى. مەقبەرە ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بېدە گۈلى رەڭلىك چاپلىمىلار زىيانغا ئۇچراپتۇ. رېمونت قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپتۇ، ئەمما رېمونت قىلىنماپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا مەلۇم بولدىكى، ئاشۇ خىل زىننەتلەش بويۇمىنى ياساش تېخنىكىسىنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدىكەن. قەشقەر، شىئەن، ياڭجۇ، لوياڭ، بېيجىڭلاردىن ئۇقۇشۇپتۇ. كۆپلىگەن پېشقەدەمدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەمما، ئاشۇ خىل زىننەتلەش بويۇمىنى — تامغا چاپلايدىغان ئاجايىپ رەڭلىك

كىيسەكنى ياساشنى بىلىدىغان ئادەم تېپىلماپتۇ. مانا بۇ ئاشۇ خىل تېخنىكىنىڭ ئۈنتۈلۈش ئاقىۋىتى. ئەگەر ئاشۇ خىل تېخنىكا كىتاب قىلىپ يېزىپ قويۇلغان بولسا ۋە ياكى شۇ خىل تېخنىكا بويىچە بىرەر شاگىرت يېتىشتۈرۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ خىل تېخنىكا ئۈنتۈلۈپ كەتمىگەن بولاتتى.

2004 ـ يىلى سېنتەبىردە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى، كۇچا قىغدۆڭدىكى چوڭ خانىقانى زىيارەت قىلدۇق. زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن سىر شۇنداق ئوچۇق ۋە يارقىن. خانىقانى باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، خانىقانى بۇنىڭدىن 80 يىلچە مۇقەددەم ھېلىم ھاجى دېگەن بىر ساخاۋەتچى كاتتا باي مەبلەغ چىقىرىپ ۋە باش بولۇپ سالدۇرغانىكەن. زىننەتلەش، سىرلاش ئىشىنى كۇچالىق بىر ئۇستا ئۆزى سىر ياساپ ئىشلەپتۇ. 80 يىلدىن بېرى ئاشۇ سىر قىلچە ئۆڭمەپتۇ. ئەمما، ھازىر ئۇنداق سىر ياساشنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ھېلىقى ئۆزى سىر ياساپ، ئۆزى خانىقانى سىرلىغان ئۇستا ئاشۇ سىر ياساش ھۈنىرىنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئوغۇللىرىغىمۇ ئۆگىتىپ قويمىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئېسىل ھۈنەر پۈتۈنلەي ئۈنتۈلۈپتۇ...

ئەنە شۇنداق ئۈنتۈلۈپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچار بولغان ئېسىل نەرسىلىرىمىز تېبابەتچىلىك ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بۇنى يېزىپ قويۇشقا سەل قارىغانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ، يۇقىرىقىدەك كۆزى كىچىكلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كۆزى كىچىكلىك قىلمىشلىرىغا يەنە مەخپىي رېتسېپلىرىنى كىتاب قىلىپ يازغاندىمۇ ئېلان قىلماي بالا - چاقىلىرىغىلا قالدۇرۇپ قويىدىغان قىلمىشلارنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئېسىل تەجرىبە — ئېسىل تېخنىكا، ئېسىل رېتسېپلارنىڭ ئۈنتۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى قىلىش

سەۋەنلىككە، كىيىنكىلىرى گۇناھقا تەۋە بولۇپ، ئالدىنقىلىرىنى ياراتقۇچىمۇ، ئەل - جامائەتمۇ كەچۈرۈشى مۇمكىن، كېيىنكىلىرىنى بولسا كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋاپىنىڭ كىتاب نەشر قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئەنە شۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ؛ شۇنداقلا خىمىيەلىك بۇلغىمىلارنىڭ يېمەكلىكلەرگە كۆپلەپ ئارىلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىسلى كۆرۈلمىگەن سالامەتلىك كىرىزىسى يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى داۋالىغۇچىلارغا ئاشكارىلاش ۋە قايتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، نەشرىياتچىلىق گۈللەنگەن، يازمىلارنى نەشر قىلىش كۆپ ئاسانلاشقان ۋە تېزلەشكەن ئىمكانىيەتلىك پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپتۇ. بىر پارچە كىتابى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىكەن، ئۇ خۇددى مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى «كىتابخانغا» دېگەن شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا خىتاب قىلغاندەك:

*كىتاب يازدىم، ئۈمىد شۇكى، جاھاندا قالدۇرۇپ كەتسەم،*
*نىشانەم قالسا ئەۋلادلارغا مەندىن يادىكار بولسا.*
*تامايىم يوق مۇكاپاتتىن، پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر*
*ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا.*

دەپ خىتاب قىلىشقا ھەقلىق بولماسمۇ؟ ئاخىرقى تىلىكىمىز شۇكى، كىتاب تەسنىپ قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا دەرد يەتمىسۇن! ھەممە ساھەنىڭ مىڭلاپ - ئونمىڭلاپ كىتاب - قوللانمىسى نەشردىن چىقسۇن!

2005 ـ يىلى 20 ـ ماي، شەھىرى خوتەن

# سانتانا ۋە بەخت

(ئەدەبىي خاتىرە)

## 1

ھۆرمەتلىك مەتقاسىم ئابدۇراخمان يېقىندا يىراق كېرىيە ناھىيەسىگە — كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا دىيارىغا سەپەر قىپتۇ. بېكەتتىن «سانتانا» ماركىلىق تاكسىغا ئولتۇرغانىكەن، مەنزىلگە ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بېرىپتۇ. سەپەر گويا ئەپسۇن ئوقۇغاندەك كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تامام بوپتۇ. يول ئۈستىدىكى يەر ناملىرىنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە، سايدىكى قورام تاشلارنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە، «پاختىلىق دەرياسى»غا قاچان كەلكۈن ـ سەل كېلىدىغانلىقى ھەققىدە، چىرىدا راستىنلا «ئاچچىق ئۆرۈك» لەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە، «گۇلاخمانىڭ بۇغدىيىنى تېتىغان قۇشقاچ مەككىدىنمۇ يېنىپ كېلىدۇ» دېگەن تەمسىل ھەققىدە، «قاراقىي» دىكى قومۇشلارنىڭ دورا ـ دەرمەك بولالايدىغان ـ بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە، «شىۋول» دىكى شىۋاقلىقلاردا بابارەھىم شاھ مەشرەپنىڭ ئىزلىرى بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە... خىيال سۈرۈپ بولغىچە قۇربان تۇلۇمنىڭ ئاشۇ ئېگىز تارىخىي ھەيكىلى ئالدىغا يېتىپ بېرىپ بوپتۇ. سەپەر خۇددى سەيلە ـ ساياھەتتەك كۆڭۈللۈك، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەندەك يېنىك ئۆتۈپتۇ. قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ. ئۇسسۇزلۇق، تەشنالىق، ئاچلىق،

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زېرىكىش دېگەنلەر يېقىن يولىماپتۇ. ئىككى سائەتلا ئەمەسمۇ، «سانتانا» نىڭ ماموق كۆرپىدەك يۇمشاق دىۋانىدا لىغىرلاپ ئولتۇرساڭ، نەدىكى ھارغىنلىق، نەدىكى تەشنالىق، نەدىكى زېرىكىش ئىكەن ئۇ؟

مەتقاسىم ئابدۇراخمانىنىڭ ئاشۇ سەپەر ھەققىدە سۆزلىگەندىكى تىنىقلىرىدىن مەمنۇنىيەت ، رازىمەنلىك، راھەت ۋە يەنە سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل شېرىن تۇيغۇ بالقىپ تۇردۇ. ئاشۇ خىل شېرىن تۇيغۇنى نېمە دەيمىز؟ نېمە دەپ ئاتىساق بولار؟

ئەمما، ئەسلىمىلەر بەكمۇ ھەسرەتلىك. ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، تېخى ئۇستىخانلىرى قاتمىغان، بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان، موزاي چىشى قوناقتەك سۇتۇن، ئورۇق، كىچىككىنە مەتقاسىم خوتەن «دارىلمۇئەللىمىن» دە ئوقۇش ئۇچۈن ئېشەككە مىنىپ، ھازىرقى ئاشۇ ئىككى سائەتلىك مۇساپىنى توپتوغرا ئالتە كۈندە بېسىپ ئۆتكەن! «يول ئازابى — گۆر ئازابى»، بەللەر چىقىۋېتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىغان، ئېشەكنىڭ ئىككى بىقىنىدا ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتلار ئېغىر تاشنى ئېسىپ قويغاندەك تالغان، ئۇسسۇزلۇق ـ تەشنالىقتىن چاك ـ چاك يېرىلغان لەۋلىرىنى شور يالىغاندەك ئاپپاق گەز باغلىغان، ئاچلىقتىن قورساق كورۇلداپ كەتكەن . قولۇڭنى پېشانەڭگە سايىۋەن قىلىپ يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلىسەن، مەنزىلنىڭ قارىسىمۇ يوق. بىپايان ساي تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. نېمىسىنى دەيمىز؟ ئاشۇ چاغدا بىزارلىق، پۇشايمان ، نادامەت ۋە يەنە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ قەلبىڭنى توختاۋسىز تاتىلاپ ئۆتىدۇ. ئاشۇ خىل ئاچچىق تۇيغۇنى نېمە دەيمىز ؟ نېمە دەپ ئاتىساق بولار ؟

بۇ يەردە «سانتانا» بىلەن قىلغان سەپەردىكى شېرىن تۇيغۇ ۋە ئېشەكلىك سەپەردىكى ئاچچىق تۇيغۇ روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل

قىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى سەپەر ۋاقىئىيەتلىرىنىڭ قەلبلەردە پەيدا قىلغان ھاسىلاتى بولۇپ، ئالدىنقىسى بەخت، كېيىنكىسى بولسا، ئازاب دېيىلىدۇ.

مۇقەددەس كىتابلاردا نەقىل قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەزىلەتلىك خوتۇن ، ياخشى ئۆي، مۇۋاپىق قاتناش قورالى ـــ ئىنسان بەختلىرىنىڭ بىرىدۇر» دەپ ھەدىس لەۋزى قىلغان. پەزىلەتلىك خوتۇن ۋە ياخشى ئۆي ھەممىمىزگە نېسىپ بولسۇن. ۋاھالەنكى، بىز بۇ يەردە سەپەر تەسىراتلىرىغا، مۇھاكىمىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك لەۋزىگە نائىل بولغان، ئىنسان بەختىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» توغرىسىدا توختالماي ئۆتەلمەيمىز. ئەينى چاغدىكى قاتناش قورالى ئېشەك، ئات، تۆگە ، ھارۋا ۋە كېمە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھارۋا ۋە كېمىگە ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. ئۇ زات كۆپ ھاللاردا تۆگە بىلەن سەپەر قىلاتتى. مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە مەدىنىدىن مەككىگە سەپەر قىلغان چاغلاردا ، ھەتتا ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىش ھەججىگە ئاتلانغان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ «قۇسۋا » ئىسىملىك ھىنگان تۆگىسىگە مىنىپ بارغانىدى. ئات، تۆگە ۋە ئېشەك بىلەن سەپەر قىلماقنىڭ قولايلىق دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش. كۆپ پەرق يوق. ئوخشاشلا ھارغىنلىق يەتكۈزىدۇ. پۇت ـ بەللەر سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بوۋىلىرىمىز «يول ئازابى ـــ گۆر ئازابى» دېگەن ھېلىقى ماقالنى ئىجاد قىلىشقان ... ئەگەر بىز ئات ، تۆگە ۋە ئېشەك بىلەن سەپەر قىلماقنىڭ ئوخشاشلا «گۆر ئازابى » پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگە بىلەن قىلغان سەپەردىمۇ قىينالغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» نىڭ بەخت جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى لەۋز

قىلىغاندا، تۆگىدىنمۇ ياخشىراق بىر خىل قاتناش قورالىنى نەزەردە تۇتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» نى تىلغا ئالغاندا، بۈگۈنكى ئايروپىلانلارنى، پويىزلارنى، كېمە - پاراخوتلارنى، ماشىنا - پىكاپلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىدىمىكىن؟! كېرىيەگە سەپەر قىلغان «سانتانا» نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىدىمىكىن؟! ئۇ زاتنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇقەددەسلىكى، نەزەر دائىرىسى، ئالدىن كۆرەرلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، جاۋاب مۇقەررەر ھالدا ئىنكار ئەمەس، بەلكى مۇمكىنلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ھەر زامان ۋە ھەر ماكاننىڭ ئۆزىگە لايىق «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» بولىدۇ. زامانىمىزغا ۋە خوتەن بىلەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى مۇساپىگە نىسبەتەن، «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» — ئات، تۆگە ۋە ئېشەك بولماستىن ئۇخشاش ئايروپىلان، پويىز ۋە كېمە - پاراخوتلارمۇ ئەمەس، بەلكى ماشىنا - پىكاپلاردۇر. ئەڭ ئەلاسى ئەينى چاغدىكى ئالتە كۈنلۈك يولنى ئىككى سائەتتىلا بېسىپ، يولۇچىلارنى بىر خىل راھەت، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن — مانا شۇ مۇۋاپىق قاتناش قورالى سانتانانىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىز سانتانا بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلىدىمۇ؟ ئەمدى خۇلاسە قىلىشقا بولار. سانتانا سەپەرچى ئۈچۈن بەختنىڭ كاپالىتى. بەخت بولسا سانتانانىڭ مەھسۇلى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، زامانىمىزدا سانتاناسى يوق ئادەم ھېلىقى «ئات — ئەر ئۈچۈن قانات» دېيىلگەن ماقالدا ئېيتىلغاننىڭ ئەكسىچە ، ئاتسىز — قاناتسىز ئادەمدۇر. «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» غا ئىگە ئادەم — بەختلىك ئادەم ئىكەن؛ « مۇۋاپىق قاتناش قورالى» غا ئىگە بولمىغان ئادەم — بەختسىز ئادەمدۇر. بىز كۆپچىلىك خوتەنلىكلەر ئۆزىمىزنى بەختلىك ساناشقا تامامەن ھەقلىق.

نېمىشقا؟ چۈنكى، بىزنىڭ «مۇۋاپىق قاتناش قورالى»مىز، سانتانايىمىز بار. ئۇنى بىزگە خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتى تەييارلاپ قويغان!

گۇما، قاراقاشلارغا بارامسىز ياكى لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيەلەرگە بارامسىز؟ باش بېكەتكە مەرھەمەت! مەرھەمەت قىلىشقا ئېرىنسىڭىز، تېلېفون بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردە سىزنى 50 دانە سانتانا ماركىلىق ئېسىل، ئۇچقۇر پىكاپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن لۆم - لۆم دىۋاندا لىغىرلاپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، تاتلىق خىياللىرىڭىزنى سۈرسىڭىزلا، بىر پەستىلا ئۆزىڭىزنى مەنزىلىدە كۆرىسىز. قەلبىڭىز رازىمەنلىك، مەمنۇنىيەت ۋە بەخت تۇيغۇلىرىغا تولىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، مانا ئەمدى سەپەردە ئازاب چېكىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن ماقالىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. باش بېكەتتىكىلەرگە بارىكاللا !

## 2

يول توغرىسىدا «زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى، كېيىن كىشىلەر مېڭىۋېرىپ يول ھاسىل بولغان» دېگەندەك گەپلەر بەكمۇ تولا. 8 — 10 يىل بۇرۇن يۇرتىمىزدا «باي بولاي دېسەڭ يول ياسا » دېگەن شوئارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە بۇ شوئارنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى ئەقىللەرنى گۇمانغا سالسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە «پاراۋۇز بۇرۇن ياسالغانمۇ ياكى تۆمۈريول» دېگەن مەسىلىنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر نۇقتا ئېنىقكى، يول ھاسىل بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ماڭىدىغان بىرنەرسە بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى ئورگانىك تەقەززالىق پاراۋۇز ياسىيالىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياسىغۇچىنىڭ تۆمۈريولنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى، تۆمۈريولنى تەسەۋۋۇر

قىلغاندىن كېيىن پاراۋوز كەشىپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىككىسى — بىرى يەنە بىرىسىز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

يول توغرىسىدىكى گەپلەرگە ئوخشاشلا يول ئۈستىدە ماڭىدىغان قاتناش قورالى توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ شۇنداق كۆپ. «تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس» ، «ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن» ، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلاقنى كەس» دېگەندەك. بىز يەنە ئاشۇ زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشى قاتناش قورالى بولغان ئات توغرىسىدىلا ئون نەچچە ماقال ـ تەمسىل كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئات قاتناش قورالى بولۇشتىن ، تۆگە يۈك توشۇش قورالى بولۇشتىن قالدى. تۆگىنىڭ ئورنىنى پويىز، پاراخوت ۋە چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىللار ئىگىلىدى. ئاتنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان ۋە ئېسىل ماشىنا ـ پىكاپلار ئالدى. ئىنسانىيەت قاتناش، يۈك توشۇش ئىشلىرىدا ئاللا ياراتقان جانلىقلارغا تايىنىشتىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرگە تايىنىشقا بۇرالدى. ئەمدى يەنە ئات، تۆگە، ئېشەكلەرگە زۇلۇم سالىدىغان زامانلارنى تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ دۇنيا كونىلىرى يېڭىلىرىغا، قېرىلىرى ياشلىرىغا، قالاقلىرى ئىلغارلىرىغا، ناچارلىرى ياخشىلىرىغا ئورۇن بوشىتىدىغان قانۇنىيەت بويىچە يارىتىلغان. ئات، تۆگىلەرنى قويۇپ، باللىق چاغلىرىمىزدا كۆرگەن «گاز»، «ماز»، «دادۇجى»، «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىلارنى ئېسىمىزگە ئالايلى، ئۇلار نەدە قالدى؟ بەلكىم ئاسار ئەتىقە مۇزېيلىرىغا كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھېلىقى «لاتا پىكاپ» لار، دەججالنىڭ ھارۋىسىدەك تاراقلاپ ـ جالاقلاپ ماڭىدىغان ئەسكى، لاقشامبۇل ئاپتوبۇس ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ يوچۇقلاردىن ئۇچۇپ كىرگەن چاڭ ـ توزان نەپەسنى بوغىدۇ. تىنالماي ئۆپكىدەپ كېتىسەن. يازدا ئىسسىقتىن تەرلەپ ـ پىشىپ، سىرىق كۆلچەككە چۈشۈپ

كەتكەن كونا تېرىدەك سېسىپ كېتىسەن. قىشتا سوغۇقتىن دىرىلداپ تىترەپ ، چىشلىرىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ كاراسلاپ كېتىدۇ. ئەمما، يەنىلا شۇ ئاپتوبۇستا سەپەر قىلماي ئىلاجىڭ يوق. تېخى شۇ ئەسكى ئاپتوبۇسنىڭ بولغىنىغىمۇ شۈكۈر ئېيتىسەن. ئاپتوبۇس بولمىغانلىقتىن دېھقانلار شائىرى روزى سايىت لاڭرۇدىن خوتەنگە كېلىشتە دائىم 28 تېپىلىق تىراكتورنىڭ چاتما كوزۇپىغا ئولتۇراتتى. تىراكتور دېگەننىڭ قانداق ماڭىدىغانلىقىنى كۆرگەنمۇ ؟ ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا مەست تۆگىدەك ئىرغاڭلاپ چاپىدۇ. كوزۇپ غوجا نەسرىدىننىڭ ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويغان ناغرىدەك تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ قاڭقىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئورۇق شائىر كوزۇپنىڭ قىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانلىقىغا قارىماي، دايىقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ ھەر تەرەپكە ئۇرۇلىدۇ. قوۋۇرغىلىرى ئاجراپ، سانجىق تۇرۇپ قالىدۇ. ئىنجىقلاپ ۋايجانلايدۇ. نەچچە كۈنگىچە ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا يەنىلا ئاشۇ كوزۇپقا چىقىۋالغىنىغا شۈكۈر ئېيتماقتىن باشقا ئىلاج يوق... شائىر ئابدۇلئەھەت قادىر دۆۋادىن خوتەنگە كېلىشتە ، ئاپتوبۇس بولمىغانلىقتىن، دائىم كۆمۈر باسقان ماشىنىلارنىڭ كوزۇپىغا — كۆمۈر ئۈستىگە چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. تېخى بۇنىڭ ئۈچۈن تونۇش شوپۇر ئىزدىشى، تونۇش شوپۇرلار چىقماي قالسا، يات شوپۇرلارغا بىر ھازا يېلىنىپ يالۋۇرۇشى، ئاتىسى — 20 يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن قادىرخان يېتىمنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى شېپى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى. ماشىنا ۋە شوپۇرنىڭ قەدىر - قىممىتى پەلەككىچە ئۆسۈپ، تېپىلماسىنىڭ خورمىسى بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردا، قاش - قاپاقلىرىنى بوسۇغىسى ئېگىز بېگىملەردەك تۈرۈۋالغان شوپۇر يېلىنىۋاتقان ئابدۇلئەھەت قادىرغا خۇددى تىلەمچىگە قارىغاندەك پەس نەزىرى بىلەن

قارايتتى ۋە خوشى تۇتۇپ قالسا لىق كۆمۈر توزۇندىسى بېسىلغان كوزۇپنى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئىشارە قىلاتتى. بۇ چاغدا كەلگۈسىنىڭ ئاشۇ شائىرى خۇددى ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان شاھزادىدەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى ۋە ئەسكى سومكىسىنى كوزۇپقا ئېتىپ ئارقىدىنلا مايمۇندەك چەبدەسلىك بىلەن كۆمۈر ئۈستىگە يامىشىپ چىقاتتى. ئاسفالىت ياتقۇزۇلمىغان، تاشلىق، ئېگىز - پەس، 135 كىلومېتىرلىق مۇساپىدە، شائىرنىڭ سەكرەپ قاڭقىشلىرىنى، كۆمۈر ئۈستىدە دومىلاپ كېتىشلىرىنى بىر دېمەڭ. سەكرەپ قاڭقىشلاردا توزۇغان كۆمۈر ئۇنى قارا گۇلدە بويىغان ئۆتۈكتەك قاپقارا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. قارىلىقتا زەڭگىگە، ھەبەشكە، ھىندىغا ئوخشىتىپ قوياتتى. ئايلىق ئىش ھەققى 28 سومنىڭ يېرىمىغا توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىپ قاراقاش دەرياسىدا ئۈچ كۈن يۇيۇنسىمۇ ئاقارمىغۇدەك دەرىجىدە قارا بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ دائىم نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ پارقىرىشى ۋە مىتىلداپ - مىدىرلاپ تۇرۇشىلا ئۇنى كۆمۈردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇراتتى. كۆزلىرى پارقىرىمايدىغان بولسا، شوپۇر بىلەن بىرلىشىپ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كۆمۈرنى ئوغرىلايدىغان قاراقاش زاۋۇتلىق كۆمۈر ئوغرىسى ئۇنىمۇ يوغان بىر پارچە كۆمۈركەن دەپ تاغىرىغا قاچىلىۋالغان بولاتتى.

يەنە نېمىلەرنى دەيمىز؟ بۇنىڭ ھەممىسى شۇ يىللاردا ئاپتوبۇس بولمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. ئېنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈك موزاينىڭ بېشىغا كەلمەي قالاتتىمۇ؟ ئابدۇلئەھەت قادىر تارتقان كۈلپەتلەرنى دۇۋا كان رايونى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرمۇھەممەت توختى تارتماي قالغانمۇ؟ يەنە كېيىنكىلەرچۇ؟ تەرەققىي قىلمىغان زاماننىڭ رەنجى - جاپالىرى دېگەن شۇ.

شائىر روزى سايىت تىراكتورنىڭ جۇللۇق كوزۇپىدا سەپەر قىلىشقا، شائىر ئابدۇلئەھەت قادىر كۆمۈر باسقان ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا قارا بويىلىشىغا خۇشتارمىتى دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ، پاراۋان قولاي تۇرمۇشقا، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش — ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق يارىتىلغان، جاپا چېكىشنى، ئازابلىنىشنى، قىينىلىشنى كىم خالىسۇن؟ شائىر روزى سايىت بىلەن شائىر ئابدۇلئەھەت قادىر ئاشۇ يىللاردا، دۇنيادا ئەڭ «مۇۋاپىق قاتناش قورال» لىرى بارلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئايروپىلانلاردا، ئېسىل سانتانالاردا سەپەر قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۆزلىرىمۇ ئاشۇنداق ئېسىل، ئۇچقۇر قاتناش قوراللىرىدا سەپەر قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، زامان ھازىرلىغان شارائىت شۇ تۇرسا، ئۇلاردا يەنە نېمە ئىلاج بولسۇن؟ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەلمەسلىك دېگىنى شۇ. ئۇ زامانلاردا ئۆتۈك ئۇلارنىڭ پۇتىغا كىچىك كېلىپ قالغانمۇ ياكى ئۇلارنىڭ پۇتى ئۆتۈككە چوڭ كېلىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۆتۈك پۇتلارنى غاجاپلا تۇراتتى. ئۆتۈك پۇتۇڭنى غاجاپ تۇرسا، ئاقسىماي قالاتتىڭمۇ؟ ھەممە كىشى — پۈتكۈل جەمئىيەت ئاقسايتتى. ئاقساپ ـ ئىنجىقلاپ ئارانلا قەدەم ئالاتتى...

ئەمدى ئۇ دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتتى. تارىخ چاقى تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى. كىرىيەگە سەپەر قىلماقچى بولسىڭىز، خۇددى مەتقاسىم ئابدۇراخماندەك سانتانانىڭ يۇمشاق دىۋانىدا راھەتلىنىپ ئۇگدەيدىغان زامانلار يېتىپ كەلدى. كىرىيەگىلا ئەمەس، مەرھۇم روزى سايىتنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى يوقلاپ «لاڭرۇ»، «ئۇلۇغئاتا» تەرەپلەرگە بارامسىز ياكى تاغقا ئايلانغان غايەت زور پالۋاننىڭ كۆككە تەلمۈرۈپ ياتقان ئۇلۇغۋار سىيماسىنى كۆرۈش ئۈچۈن «دۇۋا» غا چىقامسىز ۋە ياكى ئۈرۈمچى، ئىلىخو تەرەپلەرگە سەپەر

كىتاب تورىكتى www.uyghurbook.com

قىلامسىز ، ئالدىڭىزدا «مۇۋاپىق قاتناش قورالى» تەييار تۇرۇپتۇ. سانتاناغا ئولتۇرسىڭىزلا «لاڭزۇ» غا يېرىم سائەتتە، «دۇۋا » غا بىر سائەتتە كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچىلا يېتىپ بارىسىز. ئۈرۈمچى، ئىلىخو تەرەپلەرگە سەپەر قىلسىڭىز، ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك، تېلېۋىزورلۇق، كارىۋاتلىق ئېسىل ئاپتوبۇس سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. پاكىز كارىۋاتتا يېتىپ كۆزىڭىزنى يۇمسىڭىزلا، خۇددى سېھىرلەنگەندەك 1938 ـ يىلى ئۆلكىلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا بارغان مەرھۇم ئابابەكرى تۇرسۇن، مەرھۇم مەمتىمىن توختىلار قارا ماشىنا بىلەن 18 كۈندە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى بىر سوتكىدىلا بېسىپ ئۆتۈپ، مەنزىلگە تىنچ ـ ئامان يېتىپ بارىسىز. نېمىدېگەن راھەت سەپەر ـ ھە!؟

سىز ئۈچۈن قىلىنغان ئاشۇ قولاي مۇلازىمەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت، غەيرەت ـ جاسارەت كېرەك. غايەت زور يولۇچى توشۇش مېخانىزمىنىڭ مۇرەككەپ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان كونتروللىغۇچ كېرەك. خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدىكى بارلىق خادىملارغا بارىكاللا!

## 3

كىم ئۇ ۋايساپ ـ قاقشىغان؟

— «ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇسلارنىڭ، سانتانالارنىڭ بىلەت باھاسى، خوتەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن ھالقىپ كەتتى، ماس كەلمەي قالدى» دەپ ۋايسىغان كىم ئۇ؟

بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ. مۇلازىمەت دائىم ۋە مەڭگۈ پۇلى بارلار ئۈچۈن، بايلار ئۈچۈن پىلانلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئوقۇتقۇچى ئەڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئاساسەن يېڭى دەرسكە كۆچكەندەك، قوماندان ئەڭ جەڭگىۋار

قىسىملىرىنىڭ يۇرۇش سۇرئىتىگە ئاساسەن جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندەك، پىلىكار ئەڭ بۇرۇن ئويغانغان قۇرتقا قاراپ يوپۇرماق تاشلىغاندەكلا ئىش. تېخى بۇ دۇنيادا پۇلى يوقلار ئۈچۈن ئاشپۇزۇل - رېستوران ئېچىلغاننى، پۇلى يوقلار ئۈچۈن ئايروپىلان قاتنىغاننى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىدى. پۇلى يوقلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان تىجارەتچىلەرنى كىم كۆرگەن؟ قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ؟ قۇرۇق قاش ئاتقانغا سەتەڭ قويىنىنى ئاچارمۇ؟ تىجارەت باشقا، سوتسىيالىزمچە پاراۋانلىق مۇلازىمىتى يەنە باشقا. بۇنى ھەرگىزمۇ ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق كېرەك.

كارۋان — تۆگىلەردىنلا تەشكىللىنىشى مۇمكىن. ئات، تۆگە، ئېشەكلەردىن ئارىلاش تەشكىللىنىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆگىنىڭ چۆلۈكىنى چېتىپ قويىدىغانغا ئېشەكمۇ بولۇشى كېرەك. بۇ تارىختىن بېرى ئىزچىل شۇنداق بولۇپ كەلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يولۇچى توشۇش چوڭ كارۋىنى تۇلپار - دۇلدۇللاردىنلا تەشكىللەنگىنى يوقمۇ، نېمىگە ۋايساپ كەتكۈلۈك؟ پۇلىڭىز ئاز بولسا، ئادەتتىكى تۆۋەن باھالىق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇڭ، ئۇمۇ تەييار. پەقەتلا پۇلىڭىز بولمىسا، پۇلىڭىزنى بۇلاڭچى بۇلاپ كەتكەن ياكى ئوغرى ئالغان بولسا، ئەھۋالىڭىزنى باش بېكەتتىكىلەرگە ئېيتىڭ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىدىن يىغىش قىلىپ سىز ئۈچۈن قۇتقۇزۇش فوندى تەسىس قىلىپ قويغان. ئۇلار ئاشۇ فوندى پۇلىغا بېلەت ئېلىپ، سىزگە تاماق راسخوتى بېرىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق ساخاۋەتنى يەنە بىر يەردە كۆرۈپ باققانمۇ سىز؟ كۆرمىگەن، شۇنداقكەن، ھېلىقىدەك ۋايساشلارغا ھەرگىز قۇلاق سالماڭ. ئادەتتىكى ئاپتوبۇسلارغا ياندىشتۇرۇلغان ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇسلار ۋە 50 تىن ئارتۇق سانتانا ماركىلىق پىكاپ ھەرگىزمۇ پۇلى يوقلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن،

بايلارنىڭ شاللاقلىقىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن سەپلەنگەن ئەمەس، بەلكى جىددىي زۆرۈرىيەت ئۈچۈن تەييارلانغان. ئالايلۇق، كېرىيەدە جىددىي ئىشىڭىز چىقىپ قالغان بولسۇن، ئۇنداق چاغدا ئادەتتىكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرسىڭىز، سۈرئەت سىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. تېز ماڭمىدى دەپ تىتىلداپ ــ رەنجىپ كېتىسىز، تېزراق ماڭىدىغان قاتناش قورالى بولۇشنى ئارزۇ قىلىسىز. 50 دانە ساتتانا سىزنىڭ مانا شۇ ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان. ئۇ سىزنى كېرىيەگە ئىككى سائەتتىلا يەتكۈزۈپ بارىدۇ. زۆرۈرىيىتىڭىزگە ئۇلگۈرىسىز، مەمنۇن بولۇپ كېتىسىز. سىزنى زۆرۈرىيىتىڭىزگە ئۇلگۈرتكىنى ئۈچۈن ئادەتتىكى ئاپتوبۇسقا قارىغاندا ئازراق ئارتۇق ھەق ئالسا، نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ نېمىسى بولمىغۇدەك؟ ۋايساشنىڭ، قاقشاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بەلكى خۇشال بولۇش، بۇنداق تېز مۇلازىمەتنى ئالقىشلاش كېرەك.

ساتتانالارنىڭ بېلەت باھاسى خوتەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن، ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىدىن ھالقىپ كەتتىمۇ ياكى خوتەنلىكلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسى زامانىمىزنىڭ، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ سەۋىيەسىگە ماس كەلمەي قالدىمۇ؟ مانا بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك، تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە. بىز ئاساسىي قوشۇننىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتماي، ئەكسىچە قوشۇندىن چۈشۈپ قالغانلارنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئامال قىلىشىمىز كېرەك. خوتەن يولۇچى توشۇش چوڭ كارۋىنىغا دۇلدۇلدەك، تۇلپاردەك تېز ماڭار ساتتانالارنىڭ سەپلىنىشى ــــ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ، بۈگۈنكى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ يۈرۈش سەۋىيەسىگە ماس كېلىدۇ. بۇ بىر رازۋېدكا خاراكتېرىدىكى سىناق. سىناق بولغانىكەن، ئومۇملاشتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خۇلاسە چىقىرىلىشى لازىم. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى قانداق بولدى؟ بۇنى باش بېكەتتىكىلەر خۇلاسە قىلىدۇ. ئەمما، بىز بۇ يەردە

ئىجتىمائىي ئۇنۇمدىن خۇلاسە چىقىرالايمىز. كېرىيەگە ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بارغان مەتقاسىم ئابدۇراخمانىنىڭ مەمنۇنىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ سىناق ئالقىشقا ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇنۇم ئەلا بولغاندەك قىلىدۇ. بىر قوشۇق ئىچىپلا، پۈتۈن بىر قازان تاماقنىڭ تەمىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. گەرچە بىز سانتاناغا ئولتۇرغان كۆپچىلىك يولۇچىلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىمىغان بولساقمۇ، ئاشۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ھەقلىقمىز. مۇشۇنداق ئەلا ـ ئۇنۇملۇك مۇلازىمەتنى يولغا قويغان خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدىكىلەرگە بارىكاللا!

## 4

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يولۇچى توشۇش سىستېمىسى — ئادەم تېنىدەك مۇرەككەپ ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر غايەت زور مېخانىزم. مۇشۇ بىپايان زېمىننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە تۇتاشقان كۆمۈش رەڭلىك ئاسفالت يوللار قان ـ تومۇرلارغا، بۇ يوللاردا قاتناۋاتقان سان ـ ساناقسىز ماشىنا ـ ئاپتوموبىللار تومۇرلاردا ئېقىۋاتقان، ئوكسىگېن توشۇۋاتقان قانلارغا ئوخشايدۇ. ئاشۇ توختاۋسىز قايتىلانما ھەرىكەت خوتەن دىيارىنىڭ ھاياتلىقىدىن، ياشاۋاتقانلىقىدىن، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تومۇرلاردىكى قان توختاپ قالسا، ئادەم ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ. يوللاردىكى ماشىنا ـ ئاپتوموبىللار ئېقىمى توختاپ قالسا، خوتەن نېمە بولۇپ كېتەر؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تەرىقىسىدە، خوتەندە ھايات ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتنىڭ توختاپ قالىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. تەرەققىياتى توختاپ قالغان زۇننا ئاخىر بېرىپ نېمە بولماقچى؟ بۇنداق ئۈمىدسىز، قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ

www.uyghurbook.com

ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇ غايەت زور يول — قاتناش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇش زۆرۈر.

باش بېكەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يېرىم ئەسىر جەريانىدا، باش بېكەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مانا شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. خۇددى يۇرەككە ئوخشاش توختاۋسىز سوقۇپ، خوتەننىڭ زور تېنىنى قان بىلەن، تەرەققىيات ئوكسىگېنى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بارىكاللا ئېيتىش كېرەك. ئەمما، بارىكاللا ئېيتىدىغان ئىشىمىز، يول - قاتناش مېخانىزمىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان تىرىشچانلىق ئۈچۈنلا ئەمەس. باش بېكەت يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى يولۇچى توشۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كارۋىنىنى ئوخشۇشلۇق سەپەر قىلدۇرۇش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بۇ ئالاھىدە مۇھىم تەرەپ. بولۇپمۇ بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا قىلىنغان ياردەم، ئۇنىڭغا قىلىنغان كىچىككىنە كۆڭۈل بۆلۈش — ئەنە شۇنداق مۇھىم بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، پۈتكۈل جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە، ئەدەبىيات شان - شەرەپكە تويۇنغان، لېكىن جۇل - جۇل كىيىملىك بىر يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ. ھەممە ئالقىشلايدۇ - يۇ، لېكىن قورسىقى ۋە كىيىم - كېچىكى بىلەن كارى بولمايدۇ. مىجەز - خاراكتېر جەھەتتە جېدەلخورراق بولغانلىقى سەۋەبلىكمۇ ۋە ياكى يېتىم بالىنىڭ قىسمەتلىرى شۇنداقمۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار كەم كۆرۈلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەدەبىيات ئۆز بېشىنى سىلايدىغان ساخاۋەتلىك قولغا ئۇچراشقاندا ئوڭاي ھاياجانلىنىدۇ. مۇشۇ 10 يىلدا باش بېكەت ئىزچىل ھالدا خوتەننىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى قوللاپ كەلدى.

يىغىنلىرىمىزنى ئېسىل ماشىنا بىلەن، راسخوت بىلەن، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. رايونىمىز ئەدەبىياتىنىڭ مول، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قوللاپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سەۋەب نەدە؟ ئارخىمىد غايەت زور، كېلەڭسىز يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغاتماقچى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە يەر شارىدىن قۇياشقا يەتكۈدەك ئۇزۇن پىشاڭغا موھتاج بولىدۇ. ئاشۇنداق پىشاڭ تېپىلىسا، يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغىتىش مۇمكىن ئەمەس. باش بېكەتنىڭ ئەدەبىياتنى قوللىشىنى ئاشۇ غايەت ئۇزۇن پىشاڭ بىلەن تەمىنلەشكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەدەبىياتىمىز ئاشۇ پىشاڭنىڭ ياردىمى بىلەن بەزى قورام تاشلارنى ئورنىدىن قوزغىتىشقا مۇيەسسەر بولدى. توسقۇنلۇقلارنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشالىدى...

سانتانا بىلەن بەختىنىڭ مۇناسىۋىتى — ھۆرمەتلىك مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ مەمنۇنىيىتىدە ئەكس ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باش بېكەتكە بولغان رازىمەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. نېمە دەيمىز؟ تارتىنچاقلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. دىلىمىز بىلەن تىلىمىز بىر. ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنى قوللاپ كەلگەن باش بېكەتتىكىلەرگە بارىكاللا!

## 5

باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاشلا، خوتەن دىيارىنىڭ غايەت زور يول قاتناش مېخانىزمىنى ئوڭۇشلۇق، ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قىزغىنلىق بولۇشلا كۇپايە

قىلمايدۇ. ئۇنىڭغىلا تايانغاندا كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. يەنە مول زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش بىلىمى، پايدىلىق سىياسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شۇ سىياسەتلەردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى، پۇرسەتنى بىلىش ۋە پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، يۇقىرى ـ تۆۋەننى ماسلاشتۇرۇش سەنئىتى ( رەھبەرلىك سەنئىتى) ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. بۇ يەرگە كەلگەندە، گەپ مۇقەررەر ھالدا باش بېكەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ. ئاشۇ مول نەتىجىلىك مېخانىزمىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىۋاتقان يولباشچىلارنىڭ ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. گەرچە بۇ بىزگە سىڭدۈرۈلگەن كوللېكتىپنىڭ نامى ۋە شان ـ شەرىپى توغرىسىدا داۋراڭ قىلىپ، شەخسنىڭ رولىغا سەل قاراشتەك قىممەت قارىشىغا خىلاپ بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇلارنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ، بولۇپمۇ يولباشچىنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان، ماۋجۇشى تەكىتلىگەن «سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ» دېگەن گەپنىڭ دەل ئۆزى شۇ. كوللېكتىپ دېگەن بىر چىرايلىق نامكى، ئۇ ئۆز كوللېكتىپلىقى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى، ئۆز ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ تەقدىرىنى، ئۇنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى شۇ كوللېكتىپتىكى يولباشچى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى يولباشچى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنىڭ بارلىق نەتىجە ـ شەرەپلىرى مۇقەررەر ھالدا باش دىرېكتورنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، كارخانا باشقۇرۇش بىلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. مىسال تەرىقىسىدە سىر ـ مۇئەمما ئەمەسكى،

رايونىمىزنىڭ يول قاتناش ئىشلىرى پەقەت كېيىنكى 10 يىلدىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئەلۋەتتە شۇ مەزگىلدىكى يولباشچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە باشقۇرۇش بىلىمىنىڭ نەتىجە شەكلىدە جۇلالىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر بىز ئىلگىرىكى 10 يىلدا نېمىشقا شۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلمىگەن دېگەن قايتۇرما سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىساقلا ، سىياسەت ۋە پۇرسەتتىن باشقا يېڭى باشقۇرغۇچىنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىلىمى كۆز ئالدىمىزدا ئوبرازلىنىدۇ.

سۆز «شىنجاڭ شىڭخې ترانسپورت گۇرۇھى» نىڭ باش مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش بېكەت باشلىقى ئوبۇل ھاشىم ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ. ئوبۇل ھاشىمنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئۇ ئېرىشكەن مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى، ئاپتونوم رايون بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش» نىڭ بىرى دېگەن شان - شەرەپتىلا ئەمەس. ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى كارخانا باشقۇرۇپ تىلغا ئالغۇدەك ئۇنۇم قولغا كەلتۈرگەنلىكىدە. ئۆزىنىڭ ئەسلي تەربىيەلىنىشى بويىچە ئەمەل تۇتۇشنىڭ ۋە كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ياخشى ماتېرىيالى بولغانلىقىدا. بىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياش ۋە ئىقتىدارلىق كارخانىچىلارنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خوراپ تۈگىمەس غەيرەت - جاسارەت ۋە توختاۋسىز ئىنتىلىش ئۇقچۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە يېتىلگۈسى بىر ئەۋلاد كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى بەرق ئۇرۇشىلا، خالاس. ھەرقانداق ساھەدە دانكودەك يول ئېچىپ ماڭغۇچىلار بولىدۇ. چولپان پارلىسىلا ئارقىدىن باشقا يۇلتۇزلارمۇ چاراقلاپ كېتىدۇ. بۇ





نىمىدىگەن ئۈمىدلىك مەنزىرە - ھە؟! ئەلۋەتتە، ئاخىرقى سۆزىمىز ئاشۇ يولباشچىلار، يول ئاچقۇچىلار ھەققىدە بولىدۇ. باش بىكەتتىكى يولباشچىلارغا بارىكاللا! ئۈمىد سىلەردە. خوتەننىڭ پايانسىز يوللىرىغا «مۆۋاپىق قاتناش قورالى» سەپلەپ، خوتەنلىكلەرنى بەخت تۈيغۇسىغا چۆمدۈرۈش سىلەرگە قالدى...

# ئىزدەش داۋاملىشىدۇ

«قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى «11 ـ قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا تەۋسىيە قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدىن ياقۇپ كېرەمنىڭ «مەڭگۈلۈك ئىزدەش» دېگەن پوۋېستىنى ئالدىراش كۆرۈپ چىقتىم. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما چوڭ قۇملۇق گىرۋىكىگە جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان كەچمىشى خېلىلا تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پوۋېستتىكى كەنت «ئوتتاپان» قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تۇغۇلغان يۇرتۇمنى يادىمغا سالدى. ئوخشاش مەنزىرە، ئوخشاش مۇھىت، ئوخشاش كەچمىش! «سەھەردىن كەچكىچە ئوخشاش كۈن، ئوخشاش ھالەت، بوۋايلارنىڭ نەۋرىلىرىگە تولا سۆزلەپ يادا بولۇپ كەتكەن چۆچەك ـ رىۋايەتلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق، ئەمما ئوخشاش، ئېپتىخارلىق ۋە سېغىنىش بىلەن دەتالاش قىلىدىغان ئۆتمۈش زامانىنىڭ پاراڭلىرى تولىمۇ كونا، ئەمما ئوخشاش، بالىلارنىڭ كېلەچەك ھەققىدىكى گۇمانلىق تەشۋىشلىرى ۋە ئۈمىد ـ ئىستەكلىرى تولىمۇ ئازابلىق، ئەمما ئوخشاش. بۇ يەر ئەنە شۇنداق تەبىئەتنىڭ قوينىدا چالا ئۇيقۇدا قالغان جاي، پىنھان ۋە سىرلىق، تىنچ ۋە تىمتاس، نامرات ۋە قۇرغاق...» بوستانلىقلار بىلەن قۇملۇق ئارىسىدىكى تىراگېدىيەلىك ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولار؟ تەبىئەت بىلەن ئادەم، قىسمەت بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى تىركىشىش قايسى ئاقىۋەت بىلەن تۈگەللىنەر؟

بوۋاي، يىراق بوۋا ـــ «ئاق قاناتلىق ئەۋلىيا ئاتا» روھىنى

ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ كەتكەنچە غايىب بولىدۇ. يېڭى ياسالغان تۆمۈريولدا پويىز كېچە ـ كۈندۈز گۈلدۈرلەپ توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. پويىزغا ئولتۇرغانلارنىڭ سوغۇق ۋە ھاكاۋۇرانە چىرايى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بالىلار يول ياقىسىدىن پويىز ۋاگونلىرىنىڭ دېرىزىلىرىدىن تاشلانغان سېسىق، بەتپۇراق قۇتىلارنى تېرىۋالىدۇ. يېڭى كەلگەن ياش مۇئەللىم بالا «ئاق قاناتلىق ئەۋلىيا ئاتا» نى يوققا چىقىرىدۇ. بوۋاينى «چۆلدە ئۆلۈپ كەتتى» دەپ بىلجىرلاپ، «ئوتتاپان» لىقلارنىڭ ئىشەنچ ـ ئېتىقادىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەترەت باشلىقى كادىر پۇلى، سۇ پۇلى، ھاشار پۇلى تۇتۇپ، «ئوتتاپان» لىقلارنى قىستاپ ئۇلارنىڭ ھايات قىزغىنلىقىنى بوغىدۇ. قانداقتۇر يات كىشىلەر پەيدا بولۇپ، ئاللانىڭ جاڭگىللىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، جاڭگالدىن قاقشال ئاچىقىپ سېتىشقىمۇ يول قويمايدۇ. نەۋرىنىڭ مەكتەپكە بارغۇسى كەلمەيدۇ، ئوقۇشنى خالاشنىغۇ خالايدۇ، لېكىن بىدئەت گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇ يۇرتىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ... دەججالنىڭ ھارۋىسىدەك تاراقلاپ، گۈلدۈرلەپ، قۇملۇقنى تىترىتىپ ئۆتىدىغان پويىزغىمۇ ئولتۇرالمايدۇ، يىراقلارغىمۇ بارالمايدۇ. بۇلار ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا نېسىپ بولغىنى پەقەت موماينىڭ، قويچىنىڭ چۆچەك ـ رىۋايىتى، ئۇزاق ئۆتمۈش ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىسى. «ئوتتاپان» ئاشۇ چۆچەك ـ رىۋايەت ۋە شېرىن ئەسلىمە دەۋرىدە توختاپ قالغان چالا ئۇيقۇلۇق ماكان. ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنى خىيالمۇ، چۈشمۇ ئەمەس، رېئاللىقنىڭ غىدىقلىشىدىن پەيدا بولغان ئىنتىلىشمۇ ئەمەس، پەقەت ھەسرەت ـ نادامەت!

نېمىشقا؟ «ئوتتاپان»نى ئۇز يېنىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريول ۋە پويىز قەدىمكى دۇنيادىن ھازىرقى دۇنياغا سۆرەپ ئېلىپ كىرەلمەيدۇ. كۆپۇر گەپلەرنى قىلىدىغان مۇئەللىم كېيىنكى

ئەۋلادلارنى چۆچەك ـ رىۋايەتلەر ئالەمىدىن ئېلېكترون، كومپيۇتېر دەۋرىگە باشلاپ كىرەلمەيدۇ. سەۋەب نەدە؟ بۇ يەردە قانۇنىيەت بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار: باشقىلارنىڭ تەربىتىدە ئۆتەلگەن ناماز «قوبۇل بولماس»، بۇ ئالەمدە باشقىلار بىزنى قوتقۇزالمايدۇ. باشقىلار باشقىلارنى يېسە يەيدۇكى، گۆشىنى شىلىسە شىلىدۇكى، ئۇلار ئۇچۇن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش خالىس نىيىتى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلمىساقمۇ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دا «ئىنسانىيەت ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىدۇ» دەپ يېزىلغانلىقى ھەممىمىزنىڭ يادىدا، «ئىنتېرناتسيونال شېئىرى» دا بولسا خۇددى شۇ گەپلەر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ...

تەرەت ئۆزىمىزنىڭ بولۇشى كېرەك، يول «ئوتتاپان» نىڭ يېنىدىن ئەمەس، «ئوتتاپان» نىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ياش مۇئەللىم دېگەن گەپلەر ئۇنىڭ ئۆز گېپى ئەمەس، ئەترەت باشلىقىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەس. شۇنداق گەپلەرنى نەۋرىلەرنىڭ ئاڭلىغۇسى كەلسۇنمۇ؟ بۇ ئىشلار ئاكتىپلىق قوزغىيالسۇنمۇ؟ ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشتە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ياغقان قۇم ـ توپا «ئوتتاپان» نى كۆمۈۋەتكەندە، ھايات قالغانلار قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ «ئوتتاپان» نى يەنە كۆكەرتكەندى.

ئەمدى ھېلىقى ۋاگون دېرىزىلىرىدىن تاشلانغان سېسىق، بەتبۇي قۇتىلار «ئوتتاپان» نى كۆمۈۋېتىپ قالسا، كىشىلەردە ئۇنى تازىلىغۇدەك قىزغىنلىق ۋە غەيرەت، ئىگىدارلىق تۇيغۇسى ۋە شىجائەت يەنە تېپىلارمۇ؟ ئەترەت باشلىقىنىڭ مەجبۇرلىشى قانچىلىك رول ئوينار؟ ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ھايات قىزغىنلىقى ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشەنچىنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقى. روھىي ئىنتىلىش ۋە ئىرادە يوقىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى تەركىدۇنيالىق، قېيىداش،

مەيلىگە قويۇۋېتىش ئىگىلەۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە «ئۇتتاپان» نىڭ مەھشەر كۈنى يېقىنلاۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلساق، بۇ ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ بولماستىن، بەلكى ئاگاھلاندۇرۇش شوئارى بولىدۇ. شوئار شۇكى، مەھدى دۇنياغا كېلىشى، كىشىلەرنىڭ روھىنى پاكلاپ، خۇراپىيلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك!

بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. نەۋرە شىجائەتلىك بوۋىسىنىڭ روھىنى ئىزدەپ قوملۇقتا، جاڭگالغا كىرىپ ئۇزاپ كەتتى. ياخشى ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى يوقالغىنى يوق. بوۋاينىڭ ئوغلى جاڭگالدىن تۇز ئېلىپ چىقىپ يۇرت خەلقىگە ھەقسىز تارقىتىپ بەردى.

تۇز رىزىقنىڭ تىمسالى، تۇز جاڭگالدىن، قوم ئاستىدىن تېپىلىدۇ. «ئاق قاناتلىق ئەۋلىيا ئاتا» نىڭ روھىمۇ، بوۋاينىڭ روھىمۇ ئاشۇ قوملۇقتا. «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن.» نەۋرە ئاشۇ ئۇزاپ كەتكەن يۈرۈشىدە ئۇلارنى ئىزدەيدۇ...

نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ ھەممە ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەمما بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرى، «كىچىككىنە كەنتكە ئايلىنىش»، يەر شارىلىشىش يوقىلىشنى كىچىكلىتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىزدەش داۋاملىشىدۇ، ئىزدەش يەنە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىزدەش داۋامىدا بوۋىلارنىڭ روھى قايتا تىرىلىدۇ، «ئۇتتاپان» قايتىدىن ئۆزىنى تاپىدۇ، شۇنداقلا پويىزغا ئولتۇرۇپ قۇياش تامان ئىلگىرىلەيدۇ...

«مەڭگۈلۈك ئىزدەش» ناملىق پوۋېستىنىڭ مەزمۇنى شۇ. ئەسلى بۇ يەردە مەقسەت ـ مۇددىئايىمىزدىن كۆرە، پوۋېستنىڭ بەدىئىي ياقتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈستىدە توختالسام بولاتتى، ئۇنىڭ مۇكاپاتقا تەۋسىيە قىلىنىشىغا سەۋەب بولالايدىغان نەتىجىلىرىنى كۆرسەتسەم بولاتتى. پوۋېست بەكمۇ چىرايلىق تىلدا، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، ئاشۇ

تۇيغۇلاردىن مەنمۇ يۇقۇملاندىم ۋە ھاياجانلىنىپ كەتتىم. پوۋېستنىڭ مەزمۇنىنى يولداشلارغا تونۇشتۇرغۇم كېلىپ كەتتى. ھاياجانلىق كەيپىياتىمدىن يولداشلار نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلىپ بولدى. خېلىدىن بېرى بۇنداق چىرايلىق پوۋېستنى ئوقۇمىغانىمەن. بۇنى مۇكاپاتلىماي قايسىنى مۇكاپاتلايمىز؟ ئىلگىرى ياقۇپ كېرىم دېگەن ئىسىمنى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرگىنىم يادىمدا يوق، شۇنىڭدىن قارىغاندا يېڭى ئىزدىگۈچىدىن بولسا كېرەك. خۇددى «ئوتتاپان» دىكىگە ئوخشاشلا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ يېڭى ئىزدىگۈچىلەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئىزدەش داۋاملىشىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزدەش — «مەڭگۈلۈك ئىزدەش» بولىدۇ، ئەمما «ئوتتاپان» دىكى ئىزدەش — مەڭگۈلۈك ئىزدەش بولۇشى ناتايىن. ئۇ «ئوتتاپان» ئۆزىنى تاپقاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئۆز روھىنى، ئۆز يولىنى، ئۆز تەرىتىنى تاپقاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنى «مەڭگۈلۈك ئىزدەش» دېگەندىن كۆرە «مۇقەددەس ئىزدەش» دېگەن تۈزۈك.

2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# خوتەندە چىشلار غۇچۇرلايدۇ

ئەگەر سەن خوتەنگە تۇنجى كېلىپ قالغان بولساڭ، چىشلىرىڭنىڭ ئىختىيارسىز غۇچۇرلاپ ـ گىچىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن ۋە ھەيران بولىسەن. ئالدىرىما، كەچتە مېھمانخانىلارنىڭ ياسىداقخانىسىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچ، خوتەن مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بەرگەن ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇماتقا قۇلاق تۇت: كەلگۈسى 24 سائەت ئىچىدىمۇ قۇم، توپا ياغىدىغانلىقىنى ئاڭلايسەن ۋە چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلاپ ـ گىچىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندەك بولىسەن. قۇم ـ توپا يېغىپ تۇرسا، ئېغىز ـ بۇرنۇڭدىن كىرىپ تۇرسا، چىشلىرىڭ غۇچۇرلىماي ـ گىچىرلىماي قالامتىمۇ؟

خوتەنلىكلەرنىڭ چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلاپ ـ گىچىرلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن يىللار بولدى، غەزەپلەنمىگەن، ئاچچىقلاپ تېرىكمىگەن چاغلىرىمۇ چىشلىرى بىئىختىيار غۇچۇرلاپ ـ گىچىرلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلار ھەممىگە كۆنگەندەك بۇنىڭغىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئاغزىغا توپا ـ تۇمان تولۇپ، قۇم كەپلىشىپ تۇرسىمۇ يۈرۈۋېرىدىغان بولدى. يۈرۈۋەرمەي قانداق قىلاتتى؟ چار ئارقانغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇنمۇ ـ يا؟ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئاغىنىلەردىن بىرى كېلىشتۈرۈپ ھەزىل قىلدى: 15 كۈن يامغۇر ياغماي قالسا، غۇلجىلىقلار ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە يامغۇر ياغدۇرۇپ ئوينارمىش. 15 كۈن تېمپېراتۇرا 39 سېلسىيە گرادۇسقا

چىقماي قالسا، تۇرپانلىقلار مەشكە ئوت ياقارمىش. 15 كۈن توپا ياغماي قالسا خوتەنلىكلەر بىر ـ بىرىگە توپا چېچىشىپ ئوينارمىش... بۇ خىللا قاملاشقان ھەزىل. ئۇنىڭ قاملاشقانلىقى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئالغانلىقىدا. 15 كۈن توپا ياغمىسا خوتەنلىكلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە توپا ـ قۇم چېچىشىپ ئوينىشى ناتايىن. ئەمما، چوقۇم ھەيران بولىدۇ. كىلىماتتا زور ياخشىلىنىش بولغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يىل ئەتىيازدا بېيجىڭ، خېبېي ئەترابلىرىدا چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلۈپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كاتتا خەۋەرگە ئايلاندى. كۆرۈلمىگەن ئىشلار كۆرۈلسە، يۈز بەرمەسلىكى كېرەك بولغان ۋەقەلەر يۈز بەرسە، ئەلۋەتتە ئاخباراتقا ئايلىنىدۇ ـ دە. ئەمما، ئۇ خوتەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشنىڭ قانچىلىك قىزىقتۇرۇشچانلىقى بولسۇن؟ ئەگەر خوتەندە توپا ياغقانلىقى توغرىسىدىكى ئىش ئاخبارات ۋاستىلىرىدا خەۋەر قىلىنغان بولسا، خۇددى «پۇستانى رەھبەر پالانى يېزىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پوكۇنى مەسىلىنى ھەل قىلدى» دېگەن خەۋەرگە ئوخشاش، ھېچقانچە ئاخباراتلىقى يوق ئىش بولغان بولاتتى. رەھبەر دېگەننىڭ جايلارنى تەكشۈرۈشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىش. ھەرگىز يېڭىلىق ئەمەس. ئەگەر ئۇ قوشۇمچە بىرەرسىنىڭ بالىسىنى باققان بولسا ياكى كالىسىنى ساغقان بولسا، مانا بۇ ھەقىقىي يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ ـ دە، ئاخبارات بولالايدۇ. 20 يىللار ئىلگىرى بىرەرسىنىڭ پارا ئالغانلىقى ياكى ئومۇمنىڭ پۇلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ھازىر يېڭىلىق ھېسابلانمايدىغان، ئاخباراتلىقى يوق ئىشقا ئايلاندى. چۈنكى ئومۇملىشىپ كەتتى، دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشقا ئايلاندى ـ دە، دائىم چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان خوتەن

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurbook.com

ئۈچۈن بىرەر ئاي، ھېچبولمىغاندا يۇقىرىقى ھەزىلدە دېيىلگەندەك 15كۈن چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلمىسە، كۆرۈلۈشى كېرەك بولغان ئىش كۆرۈلمىگەن بولىدۇ ـ دە، ئاندىن يېڭىلىققا، ئاخباراتقا ئايلىنىدۇ.

خوتەن دېگەن مانا مۇشۇنداق جاي: توپا ـ توزان يېغىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ چىشلىرى قۇم ـ توپا دەستىدىن غۇچۇرلاپ ـ گىچىرلاپ تۇرىدۇ. كىلىماتى بۇنداق جايدىن دۇنيادا يەنە بىر جاي تېپىلماس. خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ھەيۋەتلىك، ئېگىز، تاقىر قاراقۇرۇم تاغلىرى بىلەن تۇتاشقان، شىمالى بولسا، پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقىنى پاسىل قىلىدۇ. بۇ پاسىلنى ھەرگىزمۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان ئافرىقىدا چېگرا ئايرىلغاندەك تۈز سىزىق بويىچە ئايرىلغان دەپ ئويلاپ قالماڭ. بەزى يەرلەردە قۇم بوستانلىق ئىچىگە ئىلگىرىلەپ كىرگەن، بەزى جايلاردا بوستانلىق قۇملۇق ئىچىگە قاراپ سوزۇلغان. شۇڭا غەربتىن، شىمالدىن، شەرقتىن سوققان بوران تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىنى كۆككە سورۇپ، خوتەننىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاچىدۇ. جەنۇبتىن — قارا قۇرۇمدىن ئېقىپ چۈشكەن 27 تارام دەريا ـ ئېقىن تاقىر قاراقۇرۇمنىڭ يىمىرىلگەن قۇم ـ شېغىللىرىنى ئېقىتىپ كېلىپ، خوتەن ئېتىزلىرىغا قۇم تاشلايدۇ، ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارنى تىندۇرىدۇ. خوتەنلىكلەرمۇ بوش كەلمەيدۇ. تەكلىماكاننىڭ كۆچمە قۇملىرى قىستاپ كەلسە، ئۈلار تاكان كەتمىنى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئارقىسىغا داجىتىدۇ. قاراقۇرۇمنىڭ قۇم ـ شېغىللىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تىندۇرۇپ تاشلىسا، خوتەنلىكلەر يەنە شۇ تاكان كەتمىنى بىلەن قۇم ـ شېغىلنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. مۇشۇنداق ھەرە تارتىشىش شەكلىدىكى ئاكوپ ئۇرۇشى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدۇ. قۇم ـ بوران ھۇجۇم قىلىپ ئېتىز ـ باغلارنى باسىدۇ. بارخان ھاسىل قىلىدۇ.

خوتەنلىكلەر يەنە قوم بارخانلىرىنى ئارقىغا چېكىندۇردۇ. بۇ ئۇرۇش قانچىلىك داۋاملاشتى؟ بىر ئەسىر، بىر ئىپرامۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. قانداقلا بولمىسۇن «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش» بولغانلىقى ئېنىق.

خوتەننىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، يامغۇر - يېشىن ئەھۋالى ۋە ئەتراپ مۇھىتىنى كۆزىتىش نۇقتىسى قىلغاندا، ئادەمگە گويا ياراتقۇچى بۇ يەرنى ئادەملەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە قوم - بوراننىڭ ماكانى قىلىپ ياراتقاندەك تەسىرات پەيدا بولىدۇ. راستتىن شۇنداقمىكىن؟ ئادەملەر ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قوم - بوران ماكانىنى ئۆزلەشتۇرۇپ، بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ماكانى قىلىۋالدىمىكىن؟ شۇڭا قوم - بوران ئەسلىي ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خوتەنلىكلەر بىلەن قېرىشىۋاتامدىكىن؟ خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ توگىمەس جاپا - مۇشەققەتلىرى شۇنىڭدىن پەيدا بولدىمىكىن؟ بۇ خىل سىرلىق پىكىرلەر دىللاردا ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ چاچلارنى تىك تۇرغۇزۇۋېتىدۇ. قوم - بورانغا قارشى ئىرادىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىل پىكىرلەر ھازىرقى، يېقىنقى زاماندىكى ئەھۋالغا قاراپ پەيدا بولغان. ئۇنداق بولسا، خوتەن، خوتەن كىلىماتى، خوتەن مۇھىتى قەدىمدە قانداق ئىدى؟ بىر ئەسىر ئىلگىرى قانداق ئىدى؟ ئەگەر بىز رىۋايەتلەرگە ئاساسلانساق ۋە ئۇنىڭغا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلما پاكىتلارنى، يازما ھۆججەتلەرنى يانداشتۇرساق، خوتەننىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ياشاش ماكانلىرىدىن بىرى قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ زېمىندا كۆپىيىپ دۇنياغا تارالغانلىقى ئايان بولىدۇ. گۈزەل، كىلىماتى ئېسىل، مۇھىتى ئەلا زېمىن بولمىسا، ئاللا بۇ يەرنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ياشاش ماكانى قىلىپ تاللارمىدى؟

رىۋايەتلەرنى ئەسكە ئېلىش:

ئاللانىڭ جەننەتنى ئۈدۈن (خوتەن) دە بەرپا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت: 2001 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرجىمە قىلىپ باسقان، «تەۋرات» تىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان «جەننەتنىڭ ئورنى ــ خوتەندە» ماۋزۇلۇق ماقالە بۇ دادىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىرتالاي ئىسپات كۆرسەتتى. ئەگەر بىز مۇشۇ پەرەزگە خوتەننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولغان «گۇستانا» دېگەن ئىسمىنىڭ «يەر ئەمچىكى»، «يەر مەركىزى» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى قوشساق، پەرەز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئاللا جەننەتنى بەرپا قىلىشتا يەرنىڭ مەركىزىنى تاللىماي بۇرجىكىنى تاللايتتى دېسە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ مەركەزلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق ئېنىقكى، ھەممە پايتەختلەر دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا. بارلىق تاللىغۇچىلار دائىم ئوتتۇرىنى تاللاپ كەلدى. ئاللامۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. دېمەك، جەننەتنىڭ ئورنى خوتەندە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەز خېلىلا جاڭ باسىدىغان پەرەز. خوتەن كىلىماتى توغرىسىدىكى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك ئويلاپ كۆرەيلى، كىلىماتى، مۆھتى ئېسىل بولمىسا، ئاللا جەننەتنى مۇشۇ يەردە بەرپا قىلارمىدى؟

قاشتېشىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت: ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتىن قوغلانغاندىن كېيىن بۇ دۇنيادا ئۇزۇن يىللار سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنمىش، ئاخىرىدا قاراقۇرۇمنىڭ ئۈستىدىكى مۇزلۇقتا ئۇچرىشىپ قالغانمىش ۋە تاقەت قىلىشالماي شۇ مۇز ئۈستىدىلا جۈپلەشكەنمىش. شۇ قېتىم ساقىپ كەتكەن مەنىيدىن قاشتېشى پەيدا بولغانمىش. ئايال كىشىنىڭ پەللىكى، ئەر كىشىنىڭ تىزىنىڭ ئىسسىماسلىقى، ئاشۇ مۇز ئۈستىدە جۈپلەشكەنلىكتىن قالغان ئاسارەتمىش...

مۇلاھىزە: تۇنجى ئاتا بىلەن تۇنجى ئانا جەننەتتىن چىققاندىن كېيىن، بەكلا يىراقلارغا كېتىپ قالمىغاندۇ دەپ ئويلىساق، ئۇلار قوغلانغان جەننەتنىڭ ئۇلار جۇپلەشكەن قاراقۇرۇمدىن ئانچىۋالا يىراقتا ئەمەسلىكى ئايان بولىدۇ. قاراقۇرۇمغا ئەڭ يېقىن يەر خوتەنغۇ. ئۇنداقتا، جەننەتنىڭ ئورنى خوتەندە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەز يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمما، قاشتېشىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ قىممىتى پەقەت بۇ يەردىلا ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا. ئەر ـ ئايال جۇپلەشسە پەرزەنت ـــ ئادەم ئاپىرىدە بولىدۇ. قاراقۇرۇمدىكى مۇزلۇقتا جۇپلىشىشنىڭ نەتىجىسى قابىل بىلەن ھابىل قاراقۇرۇمدا ئاپىرىدە بولغان، قاراقۇرۇم باغرىدىكى خوتەندە ياشىماي نەدە ياشايتتى؟ دېمەككى، خوتەن بۇ دۇنيانىڭ دەسلەپكى ئادەملىرى پەيدا بولغان جاي.

ئەگەر بىز بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئادەملىرى خوتەندە ياشىغانلىقى ھەققىدىكى پەرىزىمىزگە، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى خۇاڭدىنىڭ ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەرب تەرەپتىن (غەرب تەرەپتە خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بار) سېرىق دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتنى، قاراقۇرۇمدا ياشىغۇچى ئۇماي ئانا پادىشاھنىڭ خۇاڭدىغا قاشتېشى سوۋغا قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى، قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئىشتىراك قىلغان سومېرلارنىڭ 17 مىڭ يىل بۇرۇن تارىم دەريا ۋادىسىدىن مىسىر تەرەپكە كۆچكەنلىكى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ھۆكۈمنى قوشىدىغان بولساق، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى بولۇپ مۇشۇ ماكاندا كۆپىيىپ، دۇنياغا تارالغانلىقىنى يەنىمۇ ئاساسلىيالايمىز.

ئەمدى خوتەننىڭ ئەلا مۇھىت، ئېسىل كىلىماتلىق، گۈزەل مەنزىرىلىك جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئۇلۇغ تۇران

شاھى ئەفراسياپنىڭ ئەتىۋار قىزىغا ماكان تاللىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتكە نەزەر سېلىڭ. ئۇلۇغ بوۋىمىز، يەتتە ئىقلىمنى تەسىر دائىرىسىگە ئالغان تۇران شاھى ئەفراسياپ سۆيۈملۈك قىزى مەلىكە خاتۇننى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. دۇنيانى بويسۇندۇرۇش جەڭلىرىدە يۈرگەن چاغلاردىمۇ قىزىمنى چايان چېقىۋالارمىكىن، قىزىم تۇڭلاپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇ مەلىكە خاتۇننى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا چاياندىن، يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن، قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتىن، سۇ ئاپىتىدىن خالىي، مەنزىرىسى گۈزەل بىر ماكاننى تېپىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پۈتكۈل دۇنيانى كېزىپ چىقىپ، ئاخىر قاراقۇرۇم باغرىدىن، قاش دەريالىرى ئارىلىقىدىكى مۇشۇ زېمىننى تاللاپتۇ. مەلىكە خاتۇنغا يۇرت سۆيۈرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ زېمىننىڭ نامى «خاتۇن» دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «خوتەن» گە ئۆزگىرىپتۇ...

**مۇلاھىزە:** ئەگەر شۇ چاغلاردىمۇ بۇ زېمىندا قۇم - بوران ئۈچۈپ، چاڭ - توزان يېغىپ تۇرىدىغان بولسا، ئەفراسياپ بوۋىمىز ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى مەلىكە خاتۇننى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ زېمىننى تاللارمىدى؟ بۇ تاللاش ياراتقۇچىنىڭ خوتەننى قۇم - بوراننىڭ ماكانى قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ خوش كىلىمات، ئەڭ ئەلا مۇھىتلىق ياشاش ماكانى قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەن، ئاللا بۇ زېمىننى قۇم - بوران ئۈچۈن ياراتقانمىدىكىن، قۇم - بوران ئۆز ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خوتەنلىكلەر بىلەن

قېرىشىۋاتامدىكىن، خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى شۇنىڭ ۋەجىدىنمىكىن، دېگەن سىرلىق تەسەۋۋۇرىمىز بولسا يوققا چىقىدۇ.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، خوتەننىڭ قەدىمدە كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش — پۇت تىرەپ تۇرالارمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تەرىقىسىدە، باشقا بىر يازمىمىزدا مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈلگەن «رىۋايەت تارىخنىڭ غۇۋالاشقان كۆلەڭگىسى» دېگەن يەكۈنىمىزنى ئەسكە ئېلىڭ. بۇ ئاساسلاشتىن ئۆتكەن قاراش. يازما تارىخ يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا، رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىش، رىۋايەتلەرنىڭ ئىمكانىيىتىنى ھېسابقا ئېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەقلىي خولاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مەنتىقىگە خىلاپ ئەمەس. ئەگەر بىز رىۋايەتلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىپ، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارغا، ئالدىنقى ئېرادىن يېتىپ كەلگەن ھۆججەتلىك يازمىلارغا ئاساسلانغان چېغىمىزدىمۇ، خوتەننىڭ كىلىماتى، خوتەننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى توغرىسىدا ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز. نىيە خارابىسىدىكى گۈزەل باغلارنىڭ ئىزنالىرىنى ئەسكە ئېلىڭ. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ، شاھ مەشرەپنىڭ، زەلىلىينىڭ، نەۋبەتىينىڭ خوتەن ھەققىدىكى يۈرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى مىسرالىرىنى ئەسكە ئېلىڭ. تەسۋىرلىنىۋاتقىنى نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئېسىل ماكان ـ ھە؟! ئەگەر غىياسۇددىن كىچىك ئوغلىغا خوتەندە توپا ياغىدۇ دەپ ئېيتىپ بەرگەن بولسا نەۋايىنىڭ قەلبىدە خوتەن ھەققىدە شۇنداق گۈزەل تۇيغۇلار پەيدا بولارمىدى؟ ئەگەر شاھ مەشرەپنىڭ، زەلىلىينىڭ، نەۋبەتىينىڭ ئېغىزلىرىغا قۇم ـ تۇپراق تولۇپ، چىشلىرى گۇرۇچ ئارىسىدا شېغىل چايناۋاتقاندەك گىچىرلاپ كەتكەن بولسا، خوتەن ھەققىدە شۇنچە گۈزەل مىسرالارنى يازارمىدى؟ پاكىت شۇكى، خوتەن قەدىمدە، ھەتتا تېخى يېقىنقى زامانلاردىمۇ

uyghurweb.com

ئەلا، ئىسىل، گۈزەل مۇھىتلىق ماكان ئىدى. بۇگۈنكىدەك بۇلغانغان مۇھىتنىڭ پەيدا بولۇشى تامامەن يېقىنقى ئىش.

بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەكمۇ تولا. سانائەت تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان يەر شارى خاراكتېرلىك كىلىمات ئۆزگىرىشى، مۇھىت بۇلغىنىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خوتەنگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىبغىزغا ئالمىغان چېغىمىزدىمۇ، خوتەن رايونىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاتوم بومبىسى سىناق مەيدانلىرىنىڭ قورشاۋىدا ئىكەنلىكى دەرھال يادىمىزغا چۈشىدۇ. رادىيوئاكتىپلىق بۇلغىنىش، كىلىمات ئۆزگىرىش ۋە مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي ئامىل ئەمەسمۇ؟ ئەمما، بۇ ھازىر بىز ئۇچۇن «سىرلىق ئۈچ بۇرجەك...» ئەڭ ياخشىسى، چىشىمىز ئۆتمەيدىغان سۆڭەكنى تاشلاپ، سەۋەبلەرنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ كۆرەيلى. بۇ ھېلىقى ئۆيگە ئوغرى تەگكەن ئائىلىدىكى ئىشقا تامامەن ئوخشايدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئىسىل نەرسە - كېرەكلىرى يىتكەن ئاشۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى توختىماي ئەيىبلىشىپ كەتكەنمىش . خوتۇنى ئېرىنى سەگەك ياتماپسەن دېسە، ئېرى خوتۇنىنى قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپسەن دېگەنمىش. ئاتىسى ئوغلىنى ، ئانىسى قىزىنى ئەيىبلىگەنمىش. ھەتتا ئائىلىدىكى ئىتمۇ تاياق يېگەنمىش. ئەمما، نەرسە - كېرەكلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن رەزىل ئوغرىنى ئەيىبلەش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىگەنمىش...

ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئائىلىدىكى ئاشۇ مەنتىقىنى ئەستە تۇتۇڭ. بىزنىڭ خوتەننىڭ مۇھىت بۇلغىنىشى سەۋەبلىرىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىزمۇ ئاشۇ مەنتىقىگە خىلاپ ئەمەس، شۇنداقلا پاكىتسىزمۇ ئەمەس .

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ بوز يەر ئېچىش، يېقىندىن تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىش باھانىسىدە قوشماق

قاش دەريالىرىنىڭ بويىدىكى توغراقزارلىقلارنى يەتكۈچە نابۇت قىلدۇق. توغراق، يۇلغۇن، ئاقتىكەن ۋە باشقا چاتقال دەرەخلەرنى كېسىپ، يىلتىزلارنى قومۇرۇپ ، گۇركىرىتىپ كۆيدۈردۇق. ئاپتورنىڭ ئۆزى 1958 ـ يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى «يامان بوك» (يامان بۆك ئەمەس) دېگەن يەرنى ئاچقان چاغدىكى توغراق كۆيدۈرۈشكە، 1972 ـ يىلى قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى «ئەلەم بۇلۇڭ » ( ئالەم بۇلۇڭى بولۇشى مۇمكىن) دېگەن يەرنى ئاچقان چاغدىكى توغراقلارنى نابۇت قىلىشقا بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان. «يامان بوك» نى ئاچقاندا، توغراقلارنى كېسىپ، دۆۋىلەپ ئوت قويغاندا كۆتۈرۈلگەن ئاسمان ـ پەلەك يالقۇن تا هازىرغىچە ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلدۇق، قۇم ـ بوراننى توسۇپ تۇرىدىغان تام ـ ئورماننى ئۆز قولىمىز بىلەن چېقىپ تاشلىدۇق. تام بولمىسا ئوغرى قۇم ـ بوران ئاسانلا بۆسۈپ كىرمەي قالامتى؟ دورا ياسايمىز دەپ چۈچۈكبۈيىزارلىقلارنى، مالۋاران باقىمىز دەپ قومۇشزارلىقلارنى، سېۋەت ـ پۇلۇق توقۇيمىز دەپ يۇلغۇنزارلىقلارنى نابۇت قىلدۇق. قۇمنى قاماللاپ تۇرغۇدەك يىلتىز، بوراننى توسۇپ تۇرغۇدەك ئورمان بولمىسا، خوتەن ئاسمىنىدا قۇم ـ تۇپراق ئۇچماي قالاتتىمۇ؟ ئورمانلارنى بۇنداق نابۇت قىلىشىمىز تا هازىرغىچە توختىغىنى يوق، تېخى ئۇنىڭغا تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىش دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇۋالدۇق. تەبىئەتمۇ جاجىمىزنى بېرىپ تۇردى. 40 ـ يىللاردا ئاچقان يېرىمىزنى 50 ـ يىللاردا قۇم ـ شور بېسىپ كەتتى. 50 ـ يىللاردا ئاچقان يېرىمىزنى 60 ـ يىللاردا قۇم يۇتتى. 70 ـ يىللاردا ئاچقان يېرىمىزنى 80 ـ يىللاردا قۇم باستى. 90 ـ يىللاردا يەنە يېڭىباشتىن ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇق. خوتەندىكى تۇگمەس سىرتقى ئەمگەك دېگەن ئەنە شۇ!

مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىغا، تۇگمەس ئەمگەكلەرگە تويتوغرا

يېرىم ئەسىر ئەمگەك ئىختىيارلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئىختىيارلىقى، ھەرىكەت ئىختىيارلىقىدىن مۇستەسنا بولغان خوتەنلىكلەر جاۋابكارمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. خەلقئىئالەمگە ئاشكارىكى، مۇھىت ئاسراش ئېڭى كەم، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى يوق تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ئەتىكى دۇمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا كۆرۈشى بۇ ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەب.

خوتەنلىكلەردە ئەسلىدە ناھايىتى ئېسىل مۇھىت ئاسراش روھى بار ئىدى. بۇ روھ ئۇزۇن يىللىق قۇم ـ بورانغا قارشى كۈرەش جەريانىدا مۇستەھكەم ئادەت، تەۋرەنمەس ئەقىدە بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. ئالايلۇق، جىرىم سېلىش، دەرەخ تىكىشنى ئۇلۇغ ئىش ھېسابلاش؛ «ياش نوتىلارنى سۇندۇرغۇچىلارنىڭ قولى قۇرۇپ كېتىدۇ» دەپ ئىشىنىش؛ يوغان، قەدىمىي دەرەخلەرنى كەسسە جىن ئۇرىدۇ دەپ ئەيمىنىش؛ ئورمانلىقلارغا سۇ باشلاشنى ساۋاب ئىش دەپ قاراش؛ يېڭى تىكىلگەن جىرىملارنى مالۋاراننىڭ غاجىلاپ قويۇشىدىن ساقلاش ئۈچۈن قومۇش، يېكەن، سىملار بىلەن ئوراپ قويۇش ياكى ھاكلاش؛ سۇغا تۈكۈرسە ياكى سۇ بويىدا كىر يۇيسا گۇناھ بولىدۇ دەپ قاراش قاتارلىقلار. قۇم ـ بورانىنى توسقۇچى ئورمانلارنى ئاسراشتا، خوتەنلىكلەرنىڭ ئاڭلىقلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇلار ھەتتا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى جاڭگاللارغا ئوتۇن ئەپچىقىش ئۈچۈن بارغاندىمۇ، ئالدىقاچان قۇرۇپ، يىقىلىپ قۇم ئاستىدا قالغان توغراقلارنى كولاپ ئالاتتىكى، ھەرگىزمۇ كىشى كۆرمىدى دەپ، تېخى ئۆرە تۇرغان توغراقلارنى كەسمەيتتى. مۇشۇ خىل روھ خوتەن مۇھىتىنى ساقلاپ تۇرغان ئاساسىي ئامىل ئىدى. ئەمما، كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل روھ يوق بولدى. شائىر روزى سايىتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «يوق قىلىندى». 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەرھۇم چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقىنىغا

قارىماي، شىنجىڭدا چىقىدىغان «جەنۇب ھەپتىلىك ئەنزارى» گە سۆھبەت بايان قىلغىنىدا، ئاشۇ روھنىڭ يوق قىلىنغانلىقىنى بەكمۇ ئۆكۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئالغان ۋە ئەگەر بۇ روھ پات ئارىدا ئەسلىگە كېلەلمەي قالسا، خوتەن بوستانلىقى قۇم ئاستىدا قېلىپ يوقىلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. ئاشۇ سۆھبەت بولۇپ دەل بىر يىل ئۆتكەن چاغدا خوتەن كىلىماتىدا يەنە غەلىتە ئەھۋال كۆرۈلدى. تارىختىن بېرى ھاۋا ئوچۇق، قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان 7 ـ ئايدىمۇ 20 كۈنگە يېقىن ھاۋانى چاڭ ـ توزان قاپلاپ توختىماي توپا يېغىپ تۇردى. 7 ـ ئايمۇ توپا ـ تۇمان كۆپ ياغىدىغان 4 ـ، 5 ـ ئايلارنىڭ سىپىگە قېتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايسى ئاي كۈنلەر قاتارىغا قوشۇلار؟ ئاشۇنداق توختىماي توپا ـ قۇم يېغىپ تۇرسا، خوتەن بوستانلىقى قۇم ئاستىدا قېلىپ يوقالماسمۇ؟ قارىغاندا مەرھۇم شائىرنىڭ ئالدىن قىلغان ھۆكمى بەكلا ئاساسسىزمۇ ئەمەستەك قىلىدۇ. بەلكى شائىر بۇ يەردە پەقەت قۇم ـ توپا ياغىدىغان ناچار ھاۋا رايىنىلا نەزەردە تۇتمىغان، بۇلغىنىش، تاتلىق سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىشى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەت قاتارلىقلارغا ئەڭ ئاساسلىق بۇلغىنىش بولغان روھ بۇلغىنىشىنى قوشۇپ يەكۈن چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شائىر ھۆكۈم قىلغاندەك قورقۇنچلۇق! خوتەننىڭ پاك تۇپرىقىغا شۇنچىلىك كۆپ خىمىيەلىك دورا ـ ئوغۇتلارنى چېچىپ كۆمدۇقكى، ئۇلار سۇدا ئېرىپ، يەر ئاستىغا سىڭىپ، لى رۇيخۇەن رەئىسنىڭ شاپائىتىدە ئەمدىلا ئېرىشكەن يەر ئاستى سۈيى ئىچىش مەنبەلىرىمىزنى تولۇقى بىلەن بۇلغاپ تاشلىدى. يەيدىغان بۇغداي ـ قوناقلىرىمىزنى، سەي ـ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلىرىمىزنى، گۆش ـ ياغلىرىمىزنى بۇلغاپ تاشلىدى. پاختا ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايمىز دەپ يەرگە شۇنچىلىك كۆپ سولياۋ يوپۇق ـ يالتىراق ياپتۇقكى، مانا ئۇ ئەمدى شامالدا ئۇچۇپ، شاخ ـ

شۇمبىلارغا ئىلىنىپ، ساراڭنىڭ چىچىدەك، قەدىمىي مازارلاردىكى لاتا ـ پۇتىلاردەك ھەممە يەردە ساڭگىلىشىپ تۇرۇپتۇ. چاچقان خىمىيەلىك دورىلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆلۈشى كېرەك بولغان قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئەمەس، بەلكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ كۇشەندىسى بولغان ئۇچار قاناتلار ئۆلۈپ تۈگەشكە يۈزلەندىكى، خوتەننى قۇرت ـ قوڭغۇز بېسىپ كەتتى. خوتەن رايونىدا يېڭىدىن «قۇرت تېرىش» دەيدىغان ئەمگەك تۈرى بارلىققا كەلدى... ئەكسىچە، ئاشۇنداق ئىلمىي بولمىغان، مۇھىت بۇلغايدىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى چەكلەش روھىمىز تولىمۇ كەم بولدى.

قايسى يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا بىر دوختۇرنىڭ «كېلىۋاتقان كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن، جەنۇبلۇقلار نېمە ئۈچۈن تولا كېسەل بولىدۇ» دەپ غەلىتە سوئال قويغانلىقى يادىمدا. جاۋابى مانا: ئاشۇنداق بۇلغانغان مۇھىتتا، ئاشۇنداق بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ ياشاۋاتسا، كېسەل بولماي ساق قالاتتىمۇ؟

شائىر ئۆمەرجان توختىروزىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: ئۇلارنىڭ يېزىسىدا باغ يېتىشتۈرۈۋاتقان بىر ئامېرىكىلىق دېھقانلارنىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ لاي سۈيىنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەنىمىش ۋە كېيىنچە ئامېرىكىغا قايتقاندا ئۆزى ئالغاچ بارغان يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيىنى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ شۇ سۇنى ئىچىدىغان بولغانىمىش. يېقىندا يەنە بىرىدىن ئاڭلىسام شۇ ئامېرىكىلىق يەنە: «خوتەنلىكلەرنىڭ شۇنچە بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى يەپمۇ يەنە ئۆرە يۈرەلىشىدىكى سەۋەب، يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۇرغانلىقىدا ئىكەن» دېگەنىمىش...

راست، بۇ يەردە بۇلغانمىغان يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيىلا قالدى! يۇرۇڭقاشنىڭ لاي سۈيىنى باكلارغا قاچىلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ

سېتىش كەسپىنىڭ پەيدا بولۇشى، «قاش دەريا» مىنېرال سۈيى بىلەن «ئابىھايات» مىنېرال سۈيىنىڭ بازار تېپىشى شۇنىڭدىن.

خوتەنلىكلەر بۇلغانغان سۇ، بۇلغانغان يېمەكلىك، بۇلغانغان مۇھىتتىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلىدى. يۇرۇڭقاشنىڭ بۇلغانمىغان سۈيىگە ئىنتىلىپلا قالماستىن، بەلكى خىمىيەۋى ئوغۇت تۆكۈلمەي تېرىغان يەرنىڭ ئاشلىقىنى، سەي - كۆكتاتلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلار بۇ يەردىكى ئېغىر مۇھىت بۇلغىنىشى مەسىلىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە، بۇلغانغان يېمەكلىكتىن قۇتۇلغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلغانغان، قۇم - توپا ياغىدىغان مۇھىتتىن بىرقانچە يىلدىلا قۇتۇلغىلى بولارمۇ؟ «شەھىدانە خوتەن» نى قۇم ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولارمۇ؟ بۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش روھىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە باغلىق. يەنە باشقۇرغۇچىلارنىڭ روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش تەدبىرلىرىگە باغلىق. چۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئەمگەك ئىختىيارلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئىختىيارلىقى، ھەرىكەت ئىختىيارلىقى ئۇنىڭ قولىدا. بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ. قارىغاندا خوتەنلىكلەرنىڭ ۋە خوتەنگە كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلارنىڭ چىشلىرى قۇم چايناپ، يەنە خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە گىچىرلاپ - غىچىرلاپ تۇرسا كېرەك. ئاللا خوتەننى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خوتەندە سەيلە ـ ساياھەتچىلىك

ساياھەتچىلىك تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر ئالدى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەتبۇئاتلاردا تەكرارلىنىۋاتقان «ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «ساياھەتچىلىك ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش» دېگەن گەپلەرنى ئەسكە ئالىدۇ ۋە گويا ساياھەتچىلىك يېقىنقى يىللاردىن بېرىلا باشلانغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، ساياھەتچىلىك تولىمۇ كونا گەپ. خوتەن ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 1600 يىل ۋە 1360 يىل بۇرۇن خوتەندىن ئۆتكەن راھىب فاشيەن ۋە شۈۋەنزاڭ خوتەندە، ھەر يىلى 4 ـ ئايدا كاتتا ۋە داغدۇغىلىق بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. بۇ يەردە پەقەت ئاتىلىشىلا ئوخشىمايدۇ. خوتەنلىكلەر ھازىرمۇ ساياھەتچىلىكنى «سەيلە ـ تاۋاپ» دەپ ئاتايدۇ. ساياھەت بىلەن سەيلە ـ تاۋاپ مەنىداش، تاۋاپقا سەيلە ـ ساياھەت قوشۇلۇپ كېتىدۇ. سەيلە ـ ساياھەت جەريانىدا تاۋاپ پۈرسىتى بولىدۇ. بۇ خۇددى سىنگاپور، تەيۋەن ۋە شياڭگاڭلاردىن چوڭ قورۇقلۇققا، جۇملىدىن شىئەنگە ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ خۇاڭدىنىڭ، چىن شىخۇاڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىنىغا ئوخشاش ئىش. ئەسلىي مەقسەت ساياھەت ـــ كۆڭۈل ئېچىش. تاۋاپ بولسا قوشۇمچە.

خوتەن سەيلە ـ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى بەلگىلىك بىر ساياھەت نۇقتىسىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەنلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ئىككى ئېرا ئۆتۈپ كەتتى. تالاي ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۆچلۈق قالپاق كىيىدىغان ساكلار

ئۇيغۇرلاشتى. ئاريانلار، سوغدىلار، جوڭخيۇەنلەر، يەنە تالاي يات قوۋملار ئۇيغۇرلاشتى — مىللەت ئۆزگەردى. شامان دىنىنىڭ ئورنىنى بۇددا دىنى، بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئالدى — ئېتىقاد ئۆزگەردى. كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما، نېمە سەۋەبتىن سەيلە ـ ساياھەت ئۇقتىسىدا ئۆزگىرىش بولماي قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش روھىدىن ئىزدەش كېرەك. خوتەنلىكلەر غەيرىي مىللەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوشۇۋالالايدۇ. خوتەنلىكلەر يېڭى ئېتىقادنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئېتىقادنى تولۇقلىيالايدۇ. خوتەنلىكلەر يېڭىچە كىيىنىش، يېڭىچە ئادەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەسلىدىكىسىنى تېخىمۇ بېيىتالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەريانغا خوتەنلىكلەرچە جاھىلانە چەككىلەش ـ پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى سىڭىشىپ بارىدۇ. ئالايلۇق، ئاچارىيا شۇۋەنزاڭ خاتىرىلىگەن، خوتەندە بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئورۇننىڭ جۇغراپىيەۋى جايلىشىشى، بۇگۈنكى لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى هازىرقى داڭلىق سەيلىگاھ — «ئىمامى ئاسىم» نىڭ ئورنىغا دەل توغرا كېلىدۇ. شۇنداقكەن، ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان، ئىسلام ئېتىقادى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەۋردە، بۇ قەدىمكى بۇت سەيلىگاھى ئۆز ئورنىنى قانداقسىگە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالدى؟ سەيلە ئورنىنى ئۆزگەرتكۈسى كەلمىگەن خوتەنلىكلەر بۇددا سەيلىگاھىنى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇ يەرگە يېڭىچە لىباس ياپتى. بۇتخانىنىڭ ئورنىدا مازار بەرپا قىلىدى. بۇت ئورنىغا مەقبەرە تۇرغۇزدى. ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەر بىلەن ئەسلىدىكى سەيلىگاھنى يېڭىباشتىن ئۇلۇغۋارلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈردى. بۇت سەيلىگاھى — ئىسلام سەيلە ـ تاۋاپ ئورنىغا ئايلاندى.

كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

رىۋايەتلەرگە قولاق تۇتۇڭ: بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن قەدىمكى ماچىن شەھرىنىڭ سىرتىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغانمىش. ئىسلامنى تارقاتقۇچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئىمامى ئاسىم بىلەن بۇددىست خوتەنلىكلەرنىڭ كۆچتۇڭگۈرى سەنسەۋىل يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئېلىشقانمىش. ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمىگەنمىش. ئاخىرىدا پەيت تاپقان ئىمامى ئاسىم سەنسەۋىلنىڭ بوينىغا قىلىچ چاپقانمىش. سەنسەۋىلنىڭ قاپلاننىڭكىدەك يوغان بېشى بويندا ساڭگىلاپ قالغانمىش. شۇنداقتىمۇ جېنى چىڭ بۇ بۇددىست يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشقانمىش. ئىمامى ئاسىمنىمۇ جېنىدىن جۇدا قىلغانمىش. بۈگۈنكى ئىمامى ئاسىمنىڭ بېشىغا دۇئا قىلىپ، سەنسەۋىلنىڭ جەسىتى قويۇلغان يەرنى لەنەتلەپ تەرەت قىلىش ئەنە شۇ ۋەقەدىن قالغانمىش...

رىۋايەت ئەنە شۇ. بۇ رىۋايەت «تۆت ئىمامى زەبىيۇللا تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنمىغان. «ھەزرىتى ئىمامى جەئفىرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەزكىرىسى» دە قىستۇرۇپ ئۆتۈلگەن، ئەگەر بىز 12 «ئىمام» لارنىڭ 6 - سى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىمامى ھۈسەيىن، ئىمامى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى مۇھەممەد باقىر، مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى بولمىش ئىمامى جەئفىرى سادىقنىڭ ھىجرىيەنىڭ 83 - يىلى مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ھىجرىيەنىڭ 148 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ئۇنىڭ خوتەن تەرەپكە كېلىپ باقمىغانلىقى، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنمىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان ئادەم قانداقسىگە ماچىن شەھرىنىڭ سىپىلى سىرتىدىكى جەڭگە قوماندانلىق قىلسۇن؟ ئىمامى ئاسىم قانداق بولۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزسۇن؟ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئىمامى ئاسىم تارىخىي شەخس بولماي

رىۋايەت پېرسوناژى بولۇپ چىقىدۇ. بىزنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەن دائىرىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلماق تېخىمۇ تەس. ۋاھالەنكى، رىۋايەت ــ تارىخنىڭ غۇۋالاشقان كۆلەڭگىسى بولغانلىقتىن، بىز ئۇنى، يەنى ئىمامى ئاسىمنى تارىختا ئۆتكەن، خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن قىرىق نەچچە يىللىق غازات ئۇرۇشىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى دېيىشكە مايىللىق بىلدۈرىمىز. بارلىق خوتەنلىكلەرمۇ شۇنىڭغا مايىل. ئۇلار قەدىمكى سەيلىگاھنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق رىۋايەتنىڭ توقۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە، ئىمامى ئاسىمدەك شەخسنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يېڭى مەزمۇن بېغىشلاش ئېھتىياجى ئاشۇ ئىشىنىشنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. شۇنداق بولدى، قەدىمكى سەيلىگاھ «ئىمامى ئاسىم» مازىرى نامىدا ساقلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كاتتا سەيلە ـ تاۋاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيە ـ يېزىلىرىدىن، ھەتتا يىراق يەكەن، قاغىلىقلاردىن بولۇپ، نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە تۈمەن ئادەم يىغىلىدۇ.

2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېقىر دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى ئۆگىنىش باھانىسى بىلەن «ئىمامى ئاسىم» سەيلىسىگە ئىشتىراك قىلدىم. ئىلتىماسىمغا ئاساسەن ماڭا ئاسار ئەتىقە، قەدىمىي ئەسەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇقادىر تۇرسۇن، مەمتىمىن تۇردى، مەتقاسىم ھاجىلار ھەمراھ بولدى. بىز شۇ كۈنى «ئىمامى ئاسىم» غا يىغىلغان ئادەملەرنى 50 مىڭدىن كەم ئەمەس دەپ مۆلچەرلىدۇق. بوستانلىقنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان ئاشۇ پاكىز قۇملۇق گويا گۈل ـ چېچەكلىك بولۇپ كەتكەن، ئادەملەر تۈمەن مىڭلىغان چۈمۈلىلەردەك مىغىلدايتتى. بىز كىشىلەر ئارىسىدا

قىستىلىشىپ يۈرۈپ، «ئىمامى ئاسىم» نىڭ قەبرىسى بولمىش «سۇمە» گە — قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. كۆردۇقكى، بۇ يەردە تاۋاپلا ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن. سەيلە - ساياھەتمۇ بولىدىكەن، قۇملۇق سەيلىسى! ئادەملەر پاكىز، چاقناق، ئىسسىق قۇملۇقنى سەيلە قىلىدىكەن. پاكىز قۇملۇق ئادەملەرنى پاكلىققا ئۈندىگەندەك، پايانسىز، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى ئۇلۇغۋارلىققا ئۈندىگەندەك، قىشتىن كېيىنكى ئىسسىق قۇم ھارارىتى بەدەنلەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزگەندەك بولىدىكەن. پايانسىز قۇملۇق كۆك ئاسمانغا، كۆك ئاسمان پايانسىز قۇملۇققا تۇتىشىپ كەتكەندەك تەسىرات قالدۇرىدىكەن. نېمىدېگەن بەھەيۋەت، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە! ... بۇ يەردە سەيلە - تاۋاپنىڭ تالاي مەزمۇنلىرى بار ئىكەن. بىز ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سودا - يەرمەنكە پائالىيىتىنى — قاتار - قاتار سودىگەرلەر يايمىسىنى، سەنئەت ئەلنەغمە پائالىيىتىنى — مەشھۇر ئەلنەغمىچى شاھ مۇھەممەت راۋاب چېلىۋاتقان سورۇننى، تەمبۇر - مۇقام ساداسى ياڭراۋاتقان سورۇننى، سېرك، سېھىرگەرلىك كۆرسىتىلىۋاتقان سورۇننى، داستان - جەڭنامە سۆزلەش پائالىيىتىنى — ھالقا - ھالقا سورۇنلارنى كۆردۇق. دۇئا - تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتى — «سۇمە» ئەتراپىدا 10مىڭدەك ئادەم دۇئا - تەكبىر قىلىشىۋېتىپتۇ، بىر بارخان باغرىدا 30دەك ئادەم ئۆز - ئۆزىنى يوغان زەنجىرلەر بىلەن قىزىق قۇملۇققا باغلاپ گۇناھ - كىبىرلەردىن پاكلىنىش قىلىشىۋېتىپتۇ. سەيلە - ساياھەتكە كەلگەن ھەربىر ئادەم قاتار - قاتار ئۇلتۇرغان مىڭلىغان تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىپ ئۆتۈۋېتىپتۇ — بالا - قازانى قوغلاۋېتىپتۇ ياكى باشقىلار تىلىگەن بەختكە بالا - قازانى تېگىشىپ - ئايرىباشلاۋېتىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە «ئىمامى ئاسىم» دىكى پائالىيەت ئۆز ماھىيىتى بىلەن «نورۇز» بايرىمىغا ئۇلىشىپ كەتكەن قۇم سەيلىسىدۇر.

ساياھەتچىلەر قۇم سەيلىسى قىلغاچ ئۆز روھىغا قۇمدەك پاكلىق ئىزدەيدۇ. سودا، ئېلىپ ـ سېتىش، سەنئەت ـ ئەلنەغمە، چېلىشىش ـ تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز كۆڭلىنى ئاچىدۇ. ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر قېتىم چوڭ دەم ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ تاۋاپ مەزمۇنى بولسا تامامەن قوشۇمچە.

خوتەندىكى 2 ـ سەيلىگاھ — لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇلا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ئىچىگە جايلاشقان «ئۇجمە مازار غوجام» دۇر. بۇ يەردە — «ئاچچىق دەرياسى» نىڭ ئىككى قاسنىقىدا، تاغ باغرىغا چېچىلىپ جايلاشقان «ئاچچىق» دېگەن يۇرت بار. «ئۇجمە مازار غوجام» ئاشۇ «ئاچچىق» كەنتىگە جايلاشقان. ئۇرنى لوپ ناھىيە بازىرىدىن 70نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھيا ئىسىملىك بىر ئۇلۇغ زات (يەھيا پەيغەمبەرمۇ ياكى ئوخشاش ئىسىملىك باشقا ئىسلام سەركەردىسىمۇ؟) دۈشمەنلەردىن قېچىپ مۇشۇ تاغ ئىچىگە كەلگەندە دۈشمەنلىرى يېتىشىۋالاي دەپ قاپتۇ. يوشۇرۇنغۇدەك جاي تاپالماپتۇ. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بوپتۇ. ئاخىر ئاللاغا ئىلتىجا قىپتۇ. ئۇنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولۇپ ئالدىدىكى بىر تۈپ يوغان ئۇجمە دەرىخى ۋاككىدە يېرىلىپتۇ. يەھياخان غوجام ئۇجمىنىڭ قارنى ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىپتۇ. ئۇجمە دەرىخى يېپىلىپ ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ.

«ئۇجمە مازار غوجام» دىكى سەيلە ـ ساياھەت، خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ ئىككىنچى ئارىسالدى مەزگىلىدە، يەنى يازلىق يىغىم ـ تېرىم ئاياغلاشقان مەزگىلدە ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى باشلىنىپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. «ئۇجمە مازار غوجام» غا بارغان ساياھەتچىلەر ئاشۇ يەردە ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە تۇرۇپ، سەيلە ـ تاۋاپ بىلەن

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitab.com

شۇغۇللىنىدۇ. «ئىمامى ئاسىم» سەيلىگاھى قۇملۇق سەيلىگاھى بولغاندەك، ئۇجمە مازار غوجام سەيلىگاھى تاغ سەيلىگاھىدۇر. ساياھەتچىلەر ئۇ يەردە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدۇ. يازنىڭ ئىسسىق ـ تىنجىق كۈنلىرىدە تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئېتىقاد ۋە ئەقىدىلىرىگە تاغدەك مۇستەھكەملىك، تاغدەك يۈكسەكلىك، تاغ ھاۋاسىدەك پاكلىق تىلەيدۇ.

خوتەندىكى ئۈچىنچى سەيلىگاھ، مەشھۇر «كوھمارىم» سەيلىگاھىدۇر. كوھ ــ تاغ، مار ــ يىلان دېمەكتۇر. «كوھمارىم» سەيلىگاھى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتا، قاراقاش دەرياسىنىڭ تاغ ئىچىدىن چىقىدىغان ئېغىزىغا، خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. يىلان تاغنىڭ ئۈستىدە تاغنى تېشىپ ياسالغان ئىستىقامەت ئۆرنى، ئۇنىڭ يېنىدا مازار بار. قاپاق شەكلىدە قېزىلغان ئاشۇ ئىستىقامەت ئۆرنىنىڭ بۇددا دىنىغا تەۋە غار تەشمىچىلىكى ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. ئەمما، ئىسلام دىنى مۇھىتىدا، ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر خوتەنلىكلەر بۇ يەرگىمۇ ئىسلامچە لىباس ــ يوپۇق ياپقان.

«كوھمارىم» سەيلىسىنى خوتەنلىكلەر «شاپتۇل سەيلىسى» دەپ ئاتايدۇ. دېمىسىمۇ، «كوھمارىم» سەيلىسى بوزاق، لايقا، باغچە، ئۈچاتلارنىڭ شېرىن كۆك شاپتۇلى راسا مەي باغلاپ پىشقان 8 ـ ئايدا قىزىپ كېتىدۇ. ھەر پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى «كوھمارىم»غا يىغىلىدىغان ئادەم سانىنى كۆزدە تۇتساق، ئۇ خوتەندىكى ئەڭ چوڭ سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز «ئىمامى ئاسىم» سەيلىگاھىنى تاغ سەيلىسى دەپ ئاتىغاندەك، «كوھمارىم» سەيلىگاھىنىمۇ تەبىئەت بىلەن باغلىماقچى بولساق، بۇنى دەريا ـ سۇ سەيلىسى دېگەن ئەڭ مۇۋاپىق. سەيلە قاراقاش دەرياسىدا كەلكۈن راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر

ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى بەك قىزىيدۇ. كىشىلەر قاراقاش دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. ئانا دەرياغا رەھمەت ئېيتىدۇ. يىلان تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، جەنۇبىدىكى قاتمۇقات تاغ چوققىلىرىغا، شىمالدىكى بىر پارچە زۇمرەتتەك جىلۋىگەر خوتەن بوستانلىقىغا نەزەر سالىدۇ. بۇ يەردە، باشقا سەيلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تاۋاپ ئاز، سەيلە - تاماشا كۆپ، سودا - يەرمەنكە، سەنئەت - ئەلنەغمە، چېلىشىش - تەنتەربىيە بەك قىزىيدۇ. بەزىدە دارۋازلارمۇ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. بېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ يەردە ھەيۋەتلىك قاراقاش دەريا قۇرۇلۇشلىرى، ئاسما كۆۋرۈك، سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ۋاڭ ۋېينىڭ قەبرىگاھى ۋە مەنزىرە رايونى قاتارلىق زامانىۋى قۇرۇلۇشلار پۈتۈپ، قەدىمىي سەيلىگاھنىڭ ھۆسنىگە يېڭى ھۆسن قوشتى. ھەر يىلى 8 - ، 9 - ئايلاردا بولىدىغان سەيلە - تاماشا يىلنىڭ ھەرقانداق پەسلىدە داۋام قىلىدىغان سەيلە - ساياھەتكە ئايلىنىپ بارماقتا.

خوتەندىكى تۆتىنچى سەيلىگاھنىڭ ئات - نامىنى يىغىنچاقلىماق تەس. تۆتىنچى قېتىملىق سەيلە - ساياھەت ئادەتتە كۈزلۈك يىغىم - تېرىمدىن كېيىن باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيە، يېزىلىرىنى ئارىلاپ ئۇزۇن سەپەر شەكلىدە داۋام قىلىدۇ. بۇنى «يۇرت سەيلىسى» دېگەن تۈزۈك. كىشىلەر بۇرۇنقى چاغلاردا بۇ سەيلىنى پىيادە داۋام ئەتتۈرىدىكەنمىش. 30 - يىللاردا، بوۋام توختى ئاخۇن موللام ئىككى ھەمراھى بىلەن بىللە ئاشۇ سەيلە - ساياھەتكە بىر ئاتلانغىچە 50 كۈندە قايتىپ كەلگەنىكەن. 80 - يىللاردا بۇ سەيلىنى دادام تىراكتورنىڭ كوزۇپىدا، قارا يۈك ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ 5 - 6 يىل ئۇدا تەكرارلىدى. ھازىر ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ يۇرت سەيلىسىگە چىقىدىغانلار كۆپەيمەكتە. سەيلە - تاۋاپچىلار يۇرت سەيلىسىنى قاراقاش ناھىيەسى تەۋەسىدىكى





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئىمامى ئەپتەر» مازىرى، «ئىمامى ئەسكىرى» مازىرىدىن باشلاپ، خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزىسى تەۋەسىدىكى «ئىمامى مۇساكازىم» مازىرى، لوپ ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «قارا ساقال مازار غوجام » (بۇ يەرگە ئىمامى مۇھەممەت تەقيى، ئىمامى مۇھەممەت نەقىيلەر دەپىن قىلىنغانمىش)، «باغداد پاششىم»، چىرا تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفرى تەييان» مازىرى، «ئىمامى مەھدى» مازىرى، «تۆت ئىمام» مازىرى (ئىمامى ئەپتەرنىڭ ئوغۇللىرى)، نىيا تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفرىم سادىق پاششايىم» مازىرى ۋە باشقا تالاي مازارى ـ ماشايىخلارنى نىشان قىلىپ، يۇرت ئارىلاپ داۋاملاشتۇرىدۇ. خوتەننىڭ گۈزەل بوستانلىق مەنزىرىسىدىن ۋە كەڭ ـ پايانسىزلىقتىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەگەر ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئاشۇ مازار يوقلاشلارنىڭ ئارقىسىغا پىنھانلانغان سىرلىق مۇددىئانى پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، بىز باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەن يۇرت سەيلىسى: «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا»، سەپەر دېگەننىڭ ئازراق نىشان ـ مەنزىلى بولمىسا ئوڭاي ھاردۇرۇپ قويىدۇ. مازارلارنىڭ نىشان ـ مەنزىل، يۇرت ئارىلاپ سەيلە ـساياھەت قىلىشنىڭ ئەسلي مۇددىئا ئىكەنلىكى بەكلا روشەن. دېمىسىمۇ خوتەنلىكلەرنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق سەيلە ـ ساياھەت پائالىيىتى ھەقىقەتەنمۇ خوتەننىڭ كۆپلىگەن ناھىيە، يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بوستانلىق سەيلىسى، بازار سەيلىسى، تاغ ـ يايلاق سەيلىسى، قۇملۇق سەيلىسى، توغراق ـ ئورمانلىق سەيلىسى بىللە بارىدۇ. شۇڭا ئۇنى يۇرت سەيلىسى دېگەن تۇزۇك. يۇرت سەيلىسى — روشەنكى، ساياھەتچىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيۈش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

سەھىپە چەكلىكلىكى ۋەجىدىن ۋە بىلىش دەرىجىمىزنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ يەردە ھەرقايسى يۇرت ـ ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس سەيلە ـ ساياھەت نۇقتىلىرى

توغرىسىدا توختىلىشنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىپ، خوتەن رايونىغا ئومۇمىي بولغان ساياھەت نۇقتىلىرى توغرىسىدىلا توختالدۇق. خوتەنىنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان مەشھۇر باغ سەيلىلىرى توغرىسىدا بولسا زادىلا ئېغىز ئاچمىدۇق. خۇلاسە قىلىدىغان بولساق شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خوتەنىنىڭ يەرلىك سەيلە ـ ساياھەتچىلىكى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. يىل بويى داۋاملىشىدۇ. كونكرېت ۋاقىت جەھەتتە خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ ئارىسالدى مەزگىللىرىگە توغرىلانغان بولىدۇ. ھەر مەزگىلنىڭ سەيلە ـ ساياھەت بىرقانچە ھەپتە، ھەتتا بىر ئايدىن ئوشۇق داۋام قىلىدۇ. كونكرېت كۈن ـ ۋاقتى بولىدۇ. ساياھەت نۇقتىسى ئېنىق. ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن نەدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ھازىرمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سەيلە ـ تاۋاپ، سودا ـ يەرمەنكە، سەنئەت ـ ئەلنەغمە، چېلىشىش ـ تەنتەربىيە، داستان ـ جەڭنامە سۆزلەش، دۇئا ـ تىلاۋەت، قەبرە يوقلاش ئارىلىشىپ كاتتا بايرام ـ مەرىكە مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ. سەيلە ـ تاۋاپقا كېلىدىغان ئادەم سانى جەھەتتە، گويا بىرمۇ خوتەنلىك ئۆيلىرىدە قالماي ھەممىسى سەيلە ـ تاۋاپقا يىغىلغاندەك تەسىرات بېرىدۇ.

بۇنداق كاتتا ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا نوقۇل دىنىي پائالىيەت دەپ قاراپ توسۇپ يۇرۇش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى توغرا يولغا باشلاپ، جانلاندۇرغان تۈزۈك. شۇنداق قىلغاندا، ئىچكى ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تاماخورلۇق ھەققىدە پاراڭ

*ئەگەر سەن تاماخور بولمىساڭ، بۇ شۇنداق ئۇلۇق ئىش بولىدۇكى، پۈتكۈل ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن.*

— ئەلىشىر نەۋايى

2000 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، كورلا شەھىرىدە ئەدەبىي يىغىنغا ئىشتىراك قىلىۋاتاتتۇق. دەم ئېلىش ۋاقتىدىكى غەيرىي رەسمىي سۆھبەتتە، پاراڭنىڭ تېمىسى مىللەتنىڭ ۋە ئادەمنىڭ پىسخىك ساپاسىغا يۆتكەلگەندە ئىدرىس بارات ئەپەندى: «تاماخور كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئەجەللىك بىر ئاجىزلىق: تاماخور كىشىلەردە غۇرۇر سۇس بولىدۇ، مەنىۋى خارابلىق ئېغىر بولىدۇ؛ تاماخورلۇق مەنىۋى گادايلىق كوچىسىدىكى قەلەندەرلەردۇر؛ بىر مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ كىشىلىرىنى تاماخورلۇقتىن قۇتقۇزۇش كېرەك» دېگەن بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ قاراش بىر بۆلۈك ژۇرنالىستلار، ئەدىبلەر ئارىسىدا بىر كالتە بەس ـ مۇنازىرىگە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى بولدى. سورۇندىكى ئەدىبلەر بەس ـ بەستە تاماخورلۇق ھەققىدە پاراڭغا كىرىشىپ كەتتى. مەن «كولومبۇ يېڭى قۇرۇقلۇقنى تاپتى، كۆچمەنلەر ئۇنى ئېچىشقا كىرىشتى» دەپ ئويلىدىم. لەۋلەر توختىماي مىدىرلايتتى. ئېغىزلار توختاۋسىز ئېچىلىپ ـ يېپىلاتتى. ھاۋادا پۇلاڭلىغان قوللار ئىشارەت تىللىرى قوشاتتى. كۆزلەردىن ھاياجان

ئۇچقۇنلايتتى. ئون ئىككى ئۆي ئون خىل ئاۋاز چىقىپ ئارىلىشىپ كېتەتتى. قوشۇمىلار ھېلى تۇرۇلۇپ جىددىيلىك ئىپادە قىلسا، ھېلى ئېچىلىپ ھەزىلكەشنىڭ چىرايىدەك جىلۋىلىنىپ كېتەتتى... تاماخورلۇق ھەققىدە شۇنچىلىك كۆپ گەپلەر بولدىكى، ئەدىبلەر ئۇنى تولۇق شەرھلەش، ھېكايە ـ مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماستىن، ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش مەقسىتىگىمۇ يېتىشتى... بەلكىم ئىدرىس بارات ئەپەندىنى بىسىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆپ ھاللاردا «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ.» لېكىن ئىدرىس بارات ئەپەندى مېنىڭ ئېڭىمدا يەنىلا «ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تاپقان تۇنجى ئېكسپېدىتسىيەچى» لىك ئوبرازىنى ساقلاپ قالدى. بولۇپمۇ ئاشۇ قېتىملىق سورۇن ئۇچۇن شۇنداق.

راستىنى ئېيتسام، ئاشۇ پاراڭلاردىن ئىلگىرى، نىمىشقىدۇر تاماخورلۇق ھەققىدە ئويلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن. ئۇ ھەقتە بەزى نەرسىلەرنى ئاڭلىغان، كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن دىققىتىم ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلماپتۇ. ئەمدى ئاڭلىۋىدىم، تاماخورلۇق ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر، يازمىلار تۇغاننى بۆسۈپ چىققان كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ كەلدى. نىمىشقىدۇر تەقدىر ئاشۇ رەزىللىك ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن مېنى مۇشۇ قېتىملا ئۇچراشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاشۇ پاراڭ بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن «دۇنيادىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم ۋە تاماخورلۇق ھەققىدە بۇنىڭدىن 3400 يىل ئىلگىرىدىن باشلاپلا ئۆزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇشلار بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇقتۇم. كىتابتا مۇسا پەيغەمبەر سىناي تېغىدا «باشقىلارنىڭ خوتۇنىدىن تاما قىلما، باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن، زىرائىتىدىن، قول ـ دېدەكلىرىدىن، كالىسىدىن، ئېشىكىدىن، شۇنداقلا ئالىلىقاندىق

بىرنەرسىسىدىن تاما قىلما» دەپ ۋەھىي يەتكۈزگەنلىكى؛ ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى ساكيامۇنىنىڭ «باشقىلارغا تايىنىۋالماڭلار... ئارزۇ ـ ھەۋەسىڭلارغا چەك قويۇڭلار... ئەپسانىيەتچىلىكتىن، خاپىغانلىقتىن، بىخۇدلۇقتىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ تەلىم بەرگەنلىكى ئېنىق يېزىلىپتۇ. باشقىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» دىمۇ، ھەدىس ـ شېرىپلەردىمۇ مۇشۇنداق ۋەھىي ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بار ئىكەن...

روشەن بولدىكى، تاماخورلۇق، ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇلۇپ كېلىنگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغۇچى دائىم ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان، ئىنسان روھىغا رودۇپايدەك چاپلىشىپ كېلىۋاتقان رەزىل كېسەللىكلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

دېمەك، مۇشۇ قېتىم تاماخورلۇق ھەققىدىكى تەسىراتىم بەكمۇ چوڭقۇر بولدى. بايقىسام، ئۆپچۆرەم ئاشۇ ئىللەتتىن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. يەنە تېخى ئەدىبلەرنىڭ ئاشۇ قېتىمقى قىزغىن سۆھبىتىدىن مەلۇم بولدىكى، پۇقرا ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك باشلىقىدىن بىرەر يامانلىق يەتمىسىكەن دەپ، كىچىك باشلىق بولسا ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى باشلىقتىن، ئۇ باشلىق بولسا ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى باشلىقتىن، ئۇ باشلىقمۇ نۆۋىتىدە ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىسىدىن ئەمەلىمنى ئۆستۈرۈپ قويارمىكىن، دەپ تامادا ئىكەن؛ دېھقان بىچارە، كەنت باشلىقى ۋە يېزا باشلىقىدىن جەرىمانە ئالغاندا، ئاللىقانداق ھەقلەرنى يىغقاندا ئازراق ئالارمىكىن، دالا ئەمگەكلىرىگە ئازراق ھەيدەرمىكىن، دەپ؛ جاپاكەش ئىشچى زاۋۇت باشلىقىدىن مۇكاپات تارقاتقاندا كۆپرەك بېرەرمىكىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرىدىغان چاغدا يېنىغا تارتارمىكىن، دەپ؛ ئوقۇتقۇچى ئىدارە باشلىقىدىن ئەڭ يىراق قىشلاقتىكى مەكتەپكە ھەيدىۋەتمىسىكەن دەپ؛ ئارتىس

رېژىسسوردىن رول بېرەرمىكىن دەپ؛ شائىر ـ يازغۇچىلار ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن، نەشرىياتتىن، كىتابپۇرۇشلاردىن ئەسىرىمنى ئېلان قىلىپ بېرەرمىكىن، تويلام چىقىرىپ بېرەرمىكىن، كۆپرەك تىراژ بېرەرمىكىن دەپ؛ ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىدىن ئىمتىھاندا كۆپرەك نومۇر قويارمىكىن دەپ؛ بالا ئاتىسىدىن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينىغىلى كۆپرەك پۇل بېرەرمىكىن دەپ؛ ئاتا بالىسىدىن قېرىغان چېغىمدا باقارمىكىن دەپ؛ ئايال ئېرىدىن ئازراق تىللاپ، ئازراق دۇمبالارمىكىن دەپ تامادا ئىكەن. يەنە شەھەر كوچىسىدا قەدەممۇدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان سائىل ـ تىلەمچىلەر بىرەر يامان چۇش كۆرگەن ساخاۋەتچى كۆپرەك سەدىقە قىلارمىكىن دەپ؛ دوختۇر قىزىل بولاق كېلەرمىكىن دەپ؛ قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىلار قۇرۇلۇش شىركەتلىرىدىن ھېلى تەستىقلاپ بەرگەن قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغنىڭ 10% نى قاچان ئەكىلىپ بېرەركىن دەپ؛ سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر باجچى باج پۇلىنى ئازراق ئالارمىكىن دەپ تامادا ئىكەن ... تاماخورلۇق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە، ماددىي ئېھتىياج ـ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۇسۇلىغا، پىسخىك ھالىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تەڭشىگۈچكە ئايلىنىۋاپتۇ. يەنە شۇ ئەدىبلەرنىڭ تەسۋىرلەشلىرىچە، تاماخورلارنىڭ سەتچىلىكلىرى دۇنيادىكى بار سەتچىلىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ياكىرىچىدەك ئېگىلگەن بەللەر، پىلىكتەك ئەۋرىشىملىشىپ كەتكەن ئۇستىخانلار، خۇشامەت كۈلكىسى جىلۋە قىلغان چىرايلار، خۇشامەت قوشاقلىرى بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاۋاتقان ئېغىزلار، ئېغىزلار ئەتراپىغا بۇژغۇپ چىققان كۆپۈكلەر ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىكەن ....

مەن تاماخورلۇق ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى، تەرەققىياتى، ئاقىۋەت ـ نەتىجىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم، ئىزدىنىپ باقتىم. تاپقان خۇلاسىلىرىم تۆۋەندىكىچە:

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاماخورلۇقنىڭ مەنبەسى — بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق، ئىقتىدارسىزلىق ۋە ئاجىزلىق.

ئەگەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارى بولسا، خۇشامەت ئارقىلىق ئەمەلىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر دېھقان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ـ تۈزۈملىرىنى بىلسە ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىسا، كەنت باشلىقى ياكى يېزا باشلىقىدىن جەرىمانە ئالماسلىقنى ياكى ئازراق ئېلىشنى تاما قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ئوقۇغۇچى تىرىشىپ ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئالالىغۇدەك ئۆگەنسە، قەغەز تەكشۈرگۈچىدىن تاما قىلىش نە كېرەك؟ بىمار ۋە قورۇلۇش ھۆددىگىرى قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بىلسە، پارىخورنىڭ قىزىل بولاق تەلەپ قىلىشىدىن ئۆزىنى قوغدىيالماي قالارمۇ؟ شائىر ـ يازغۇچى ئەسەرنى ياخشى يازالىسا، ئېلان قىلالماسلىقتىن نېمە غەم؟

تاماخورلۇقنىڭ ماھىيىتى — ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇش .

بىلىم ـ ئىقتىدارىڭ چاغلىق تۇرۇپ نېمىگە يۇقىرى مەنسەپ تۇتماقچى بولىسەن؟ ئىشىڭنىڭ سان ـ سۈپىتى شۇنچىلىك تۇرسا، نېمە دەپ كۆپرەك مۇكاپات تەلەپ قىلىسەن؟ ئۆگەنگىنىڭ شۇنچىلىك تۇرسا، ئىمتىھان نەتىجەڭنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا نېمە ئاساسىڭ بار؟ مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپە ئادا قىلغۇچى تۇرۇپ قىزىل بولاق تەلەپ قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟ ياخشى يېزىلمىغان ئەسىرىڭنى ئۇن مىڭ تىرازدا نەشر قىلدۇرماقچى بولۇشۇڭ نە ۋەجىدىن ؟

تاماخورلۇقنىڭ تەرەققىياتى — خۇشامەتچىلىك ۋە مۇتتەھەملىك.

ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنسەن، ئىتتەك قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان خۇشامەتچىگە ئايلىنىسەن، ھېچكىم سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئىسمى ـ زاتىڭ «لالما» غا ئۆزگىرىدۇ ۋە ياكى ئاشكارا ـ مەخپىي ئۇسۇللار بىلەن بۇلاپ ـ تالايدىغان مۇتتەھەمگە ئايلىنىسەن. كىشىلەر سەندىن نەپرەتلىنىدۇ. ئىسمى ـ زاتىڭ «پارىخور» غا ئۆزگىرىدۇ...

تاماخورلۇقنىڭ نەتىجىسى — ئۆزىنى ئۆزى خورلاش. ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئۆزى يەرگە ئۇرۇش.

ئۆزىنى قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان ئىت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولماس. ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق پەسلىك بولماس.

تاماخورلۇقنىڭ تارىخىي يىلتىزى — فېئوداللىق ئىدېئولوگىيە ۋە بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى.

ئۇ بىر خىل ناچار ئەخلاق بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئادەمنىڭ روھى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئىپادە تاپسا، شۇ كىشىنى جەمئىيەتتىكى ئەڭ پەس، ئەڭ خار يۆنىلىشكە قاراپ ئىتتىرىدۇ. ئەگەر بىر قوۋم، بىر مىللەت، بىر ئەل ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتسە، مۇشۇ قوۋم ـ شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ مىزانلىرىدىن، ئالغا بېسىش نىشانىدىن ئايرىلىپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىر قوۋم، بىر مىللەت تاماخورلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، پالانى مىللەتتىن، پوكۇنى دۆلەتتىن ياردەم كۈتسە، ياردەم قولىنى ئۇزىتارمىكىن دەپ تاما قىلسا، ئۆزىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىپ بېرەرمىكىن دېگەن ئارزۇدا بولسا، بۇنداق مىللەت ئۆزىنىڭ نىشانىنى يوقاتقان بولىدۇ. تىلەمچىگە باققان باغرى تاشنىڭ قاراشلىرىدەك سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىچارە بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ يول شۇكى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىش، نائىلاج قالغاندا، ئۆز تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ياخشى

www.uyghurkitap.com

نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ،ئەمما قۇرۇق تامادا بولماسلىق.

تاماخورلۇقنىڭ قارشى تەرىپى ـــ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئۆزئەھۋالىغا يارىشا يول تۇتۇش.

ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش» دېگەن شوئار بىزگە ئۇنىڭ قارشى تەرىپى بولغان تاماخورلۇقتىن ساقلىنىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ بىر شەخسكىمۇ، بىر مىللەتكىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدىغان پىرىنسىپ. ھەرقانداق شەخس ۋە مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرسە، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يول تۇتسا، باشقىلاردىن تاما قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. پىرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار مارشى بولغان «ئىنتېرناتسىيونال» شېئىرىدا «يۆلەنمەيمىز ئەۋلىيا ـ خانغا، يۆلىنىمىز پەقەت ئۆزىمىزگە، بەخت يارىتىشتا ئىنسانغا» دېگەندەك مىسرالارنىڭ بارلىقى يادىمدا. بۇ مىسرالارنى دەل ئەنە شۇ تاماخورلۇققا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر بىرەر شەخس ياكى بىرەر مىللەت ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يول تۇتۇپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرسە، تەبىئىيكى، تاماخورلۇقتىن خالىي بولالايدۇ. تاماخورلۇقنىڭ جاۋابنامىسى بولغان «ئېتىبار بېرىش» ئىسمىلىك كەمسىتىشلەردىن قۇتۇلالايدۇ. يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇتۇلالايدۇ. ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ماركسىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئازاد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان. خان، پادىشاھ، بەگ ـ غوجىلارنىڭ ئۆزىنى شەپقەتچى ئورنىغا قويۇۋېلىپ، «سىلەرنى ئازاد قىلدۇقىيەي، سىلەرگە ئۇنى قىلىپ بەردۇقىيەي» دېگەنلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق. بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنى ئازاد قىلىپ قويالمايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنى بەختلىك قىلالمايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنى باي قىلىپ قويالمايدۇ. بۇ پەقەت شۇ شەخسنىڭ، شۇ

مىللەتنىڭ، شۇ ئەلنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. بىز روھىمىزغا چاپلىشىۋالغان تاماخورلۇقتىن ئىبارەت رودۇپاينى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك نەرسىگە ئۆز كۈچىمىز ئارقىلىق ئېرىشىش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلايلى.

# سەگتىبرەك يىقىلدى

(مەرسىيە)

مەرھۇم ئۇستازىم قاھار جىلىل 1994 ـ يىلى 21 ـ سېنتەبىر كۈنى تۈن يېرىمىدا، 51 يېشىدا بىمەزگىل كېتىپ قالدى. شۇم ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. مەرپەت كۆكىدىن بىر يۇلتۇز ساقىدى. ئىلىم ـ پەن بېغىدا بىر خۇش پۇراق گۈل سولدى. قۇلاق سېلىڭ: شاھ مۇھەممەت «ئابدۇراخمان پاشا» داستانىنى جاراڭلىتىدۇ:

*سەگتىبرەك يىقىلدى،*
*ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى.*

ئۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ئورمىنىمىزدىكى سەگتىبرەك، ئەدەبىياتىمىز بويىنىدىكى ئۈنچە ـ مارجان ئىدى. ئاھ، ئۇ يىقىلدى، ئۇ چېچىلدى... ئاشۇ قايغۇلۇق كۈنلەردە مەن ئابدۇراخمان پاشانىڭ قېرىندىشى سۇدۇرخاندەك ئاھ ئۇردۇم. سۇدۇرخاندەك پەرياد چەكتىم. ئۇنىڭ ئانىسىنى خەلقىمىز — ئابدۇراخمان پاشانىڭ ئانىسى ئاخۇن ئاغىچا خېنىمدەك بوزلىدى. ئۈنچە ـ مارجاندەك ياش تۆكتى. قاشتېشى دىيارى كۆز يېشىدىن نەمدەلدى... قايغۇلۇق خەۋەر تېلېۋىزىيە ئېستانسىسى ئارقىلىق قاراقاش، يۇرۇڭقاش ۋادىلىرىغا گۈگۈمدەك يېيىلدى. ئەتلەس ـ شايىلار قارا رەڭلەندى، زىلچا گىلەملەر قارا رەڭلەندى...
مەرھۇمنىڭ تەزىيەسى ئۈچۈن خوتەن شەھىرىدىن 20

كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىئېرىق يېزىسىغا — مەرھۇمنىڭ يۇرتىغا چوڭ — كىچىك ماشىنىلار سەلدەك ئاقتى. خوتەندىن، قاراقاشتىن، لوپتىن ھەتتا چىرىيەدىنمۇ ھازىدارلار كېلىشتى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ كونا - يېڭى رەھبەرلىرى، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، شوپۇرلار تەزىيەگە كەلدى. پۈتۈن يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بويىچە تاكى مەرھۇم دەپىن قىلىنىپ بولغۇچە ھازىدارلار سېپىدە قول باغلاپ تۇرۇشتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، ھەممە كىشى ئېسەدەيتتى. ئەجەلنىڭ ۋاقىتسىزلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مەرىپەت ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئېچىنىشاتتى. «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن گەپ بار بىزدە، نەچچە مىڭ ئادەم ھازا ئاچتى. ئۇلار خۇددى گۈزەل ئالەم ئۈچۈن ئېچىنىۋاتقاندەك، ئالەم ئەمدى قانداق بولار دەپ ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاھ، خەلق خەلقنى كۆيلىگەنلەرنى ئۇنتۇمايدىكەن! خەلق ئۆز دەردىنى سۆزلىگەنلەرنى ئۇنتۇمايدىكەن! خەلق ئۆزىنى يۈكسەلتىشكە ئۈندىگەنلەرنى ئۇنتۇمايدىكەن!...

غەمكىن، مۇڭلۇق، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ھۆكمەت ساداسى ئىچىدە، مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى قارا تۇپراققا قاراپ ئېلىپ مېڭىلغاندا، مەن مەرھۇمنىڭ تاۋۇتىنى يەتتە قەدەم يەرگىچە كۆتۈرۈپ باردىم. ياق، يەتتە قەدەمدىن ئاز. كىملەردۇر تالىشىپ تاۋۇتنى مېنىڭدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇلاردىن يەنە كىملەردۇر ئېلىۋالدى. خەلق مەرىپەت ئوغلىنى كۆتۈرۈشنى، ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىشنى ئىستەيتتى...

تاۋۇت تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلىدى. مۇڭلۇق، قايغۇلۇق ھۆكمەتتىن ھەربىر بېيىت تاماملانغاندا، ئاران بىر قەدەم ماڭغاندەك ئاستا ئىلگىرىلىدى. تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار مېڭىشنى خالىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار خۇددى «ئاستىراق، ئاستىراق، مەرىپەت ئوغلى بۇ دۇنيادا يەنىمۇ ئۇزۇنراق تۇرسۇن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitabi.com

دەپ خىتاب قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

ھازىدار جامائەت مەھەللە مەسچىتىگە پاتمىدى، يېزا چوڭ مەسچىتىگىمۇ پاتمىدى. مەرھۇمنىڭ نامىزى يىراق ئۇپۇق، ئېگىز قاراقۇرۇم، دولقۇنلۇق يۇرۇڭقاش كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پىشىپ سارغايغان شالزارلىق خۇش پۇراق چاچقان كەڭ دالادا چۈشۈرۈلدى. ئاسمان - زېمىن، تاغ - دەريا، بوستانلىق ۋە تەكلىماكان ھەممىسى ئىشتىراك قىلدى، يېڭىئېرىق تېخى بۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇزاتقۇچىلار كارۋىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى...

ئارقا تەرەپتىن، يىراقتىن قەبرىستانغا ئۇزىتىپ بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاياللار تائىپەسىنىڭ ئاھ - پەريادى ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ يىغا - زارى شالزارلىقنى تىترەتتى. ئەزىز تۇپراقنى ھۆل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسى بىر ئەر، بىر قېرىنداش، بىر يۇرتداش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ساقىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ئۈچۈن پەرياد چېكەتتى. سولغان مەرىپەت گۈلى ئۈچۈن ياش تۆكەتتى. يىقىلغان سەگىتېرەك ئۈچۈن نالە - زار قىلاتتى...

تاۋۇت ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە — قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىندى. مەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. قويۇق دەرەخ — كۆلەڭگىلىك يېڭىئېرىق يېزىسى ماتەم ئۈچۈن قارا لىباس يېپىنغاندەك كۆرۈندى. غەربتە جۇمە كۈنىنىڭ قۇياشى قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە چۆكۈۋاتاتتى. يىراقتىن كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ ئۇلغىيىپ قالغان يۇرۇڭقاش سۈيى مۇڭلۇق شاۋقۇنلايتتى. قەبرىستانلىق — قۇم دۆۋىسى سۈكۈناتتا چۆمگەن. قومۇشلار پىچىرلاشتىن توختىغان، ھەممە توختاپ قالغاندەك ئىدى...

ئاخىرقى قىرائەت ئوقۇلدى. موللامنىڭ ئاۋازى ئاخىرقى ۋىدالىشىش ساداسىنى قارا تۇپراققا — گۆرگە يەتكۈزدى. مەن شۇ چاغدىكى ھالىتىمگە ھەيرانمەن. ئىككى كۈندىن بېرى كۆز

چاناقلىرىمغا تولۇپ تۇرغان ياشلار بىردىن توختاپ قالدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئېسەدەپ - بوغۇلۇپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم بوشاپ قالدى. ئىختىيارسىز ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ چوڭ نەپەسلەندىم. بۇ ئانا تۇپراققا بولغان ئىشەنچەممۇ؟ ئۇستازىمنى، دوستۇمنى، قەلەمدىشىمنى ئانا تۇپراققا تاپشۇرۇپ خاتىرجەم بولغانلىقىممۇ؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. لېكىن، مەرھۇمنىڭ ئانا تۇپراققا قوشۇلغانلىقى پاكىت ئىدى. مەرھۇم ئانىسى ياتقان، ئاكىسى ياتقان قەبرىستانلىققا باش قويدى. ئۇنى ئاخىرقى قېتىم خوتەن كوچىلىرىدا ئۇچراتقانلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، «يېڭىئېرىققا بۇگۈن بارما، ئەتە ئاپىرىپ قويايلى» دېگەن تەكلىپنى رەت قىلغانىكەن ئۇ. شۇ كۈنى كەچتە يېڭىئېرىققا بېرىشتا، تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئانا قەبرىسىنى كۆرۈشتە چىڭ تۇرغانىكەن ئۇ. ئەتە بارالمايدىغانلىقىنى، بۇگۈن ئاخىرقى كۈن ئىكەنلىكىنى كۆڭلى سەزگەنمىدىكىن؟ ئانىسى بىلەن بىر قەبرىستانلىقتا يېتىشنى نىيەت قىلغانمىدىكىن؟! ئەزىز يۇرتىنىڭ بىپايان قوينىدا جان ئۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنمىدىكىن؟!

ئۇ كەتتى، ئانا يۇرتىنىڭ بىپايان تۇپرىقىغا، پاك، سۈزۈك قۇم دانچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان خاسىيەت شۇكى، ئۇ جۈمە كۈنى يەرلىكىگە تەگدى. «گۇناھسىز، پاك، ياخشى ئادەملەرلا ئۇلۇغ جۈمەدە يەرلىكىگە تېگىدۇ» دېيىشىدۇ موللىلار. ئانىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوق. لېكىن ئانىسىنى ئۇنىڭدەك جان كۆيدۈرۈپ خەۋەر ئالغانلار، باققانلار ئاز تېپىلىدۇ. «ئانىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرلا ئانا قەبرىسى يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ ئاقساقاللار. يۇرتىنى سۆيمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇ يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئەۋزەللىكىنى ئاغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى. يېڭىئېرىق دېگەن ئاشۇ ئىسمنى ئىپتىخار بىلەن

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىلغا ئالاتتى. «يۇرتنى ھەقىقىي سۆيگەنلەرلا مەيلى قاياقلاردا جەڭ قىلمىسۇن، ئاخىر ئانا يۇرت تۇپرىقىدا ياتىدۇ» دەپ مىسال قىلىدۇ ئۆلىمالار...

قەبرىستانلىقتىن يېنىپ خېلى ئۇزۇغاندىن كېيىن، ئارقامغا بۇرۇلۇپ، قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدىم. ئاللادىن ئۇنى كەچۈرۈشنى، جەننەتتىن ئۇنىڭغا ئورۇن بېرىشنى تىلىدىم. جەننەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ، جەننەت مەرىپەت ئوغلىغا مۇناسىپ، خۇدا بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلىدۇ...

* * *

كۆپلىگەن كىشىلەر شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن تونۇشۇشتىن خېلى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئىزگۇ ئەمگىكى، شان - شۆھرىتى بىلەن تونۇشىدۇ. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەندە ئاشكارا قەلەم تۇتۇپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، ئىزدىنىش، خۇشاللىقلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ يورۇۋاتقانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. پېشقەدەم شائىر جاپپار ئەمەت، شائىر، دراماتورگ مەمتىمىن قۇربانلار خوتەندە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى. مۇسا سالىجان هاراقىا بېرىلگەن، مەمتىمىن نۇرى تۇرمىدە، مەتتۇردى نايۇپ چىقىش يولى ئىزدەپ تىمىسقىلايتتى. يېزىقچىلىق تەربىيەسى ئالغان، ئىجادىيەت تەييارلىقىنى هازىرلىغان ئابدۇللا مەمتىمىن، يۇسۇپ توختى، مەتقاسىم ئەكرەملەر تېخى تۇخۇمدىن چىقماي تۇرۇپلا سېغىزخانغا يولۇققان، خوتەننىڭ ئاللىبىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا كۈرەش، پىيەن قىلىنىۋاتاتتى. كېيىنكى چاغلارنىڭ شائىرلىرىدىن ئۆسمۇر روزى سايىتنىڭ كۆزلىرى ئاچارچىلىق ئازابىدىن يەنىمۇ بەكرەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، شائىرانە ھەۋەسلىرى

قەلبىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا پىنھانلانغان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇللا سۇلايمان، مەمەتئەيسا قۇربان، ئەرشىدىن راشىدىن، ئابلەت قادىرلار تېخىچە مەكتەپلەردە دەرسلىكلەرنى يادلاش بىلەن بەنت ئىدى. پەقەت «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئانچە - مۇنچە بېرىلىدىغان ئەدەبىيات بېتىدە كېيىنكى كۈنلەردە سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بايراملىق شېئىرلىرى «خەلق گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش ماقالىلىرىنى قايپىلەشتۈرگەن ئەسەرلىرى (ئەگەر بۇلارنىمۇ شېئىر ياكى ئەسەر دەپ ئاتاش مۇمكىن بولسا) ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. بۇ زېمىندا ھەقىقىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات قوشۇنى يوق دېيىشكە بولاتتى. بولۇپمۇ نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار يوق ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىتتا، مەن «قۇياش ۋە مايسا» نى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. مەرھۇمنىڭ تۇنجى ئەمگىكى بىلەن تونۇشۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز تۇنىياز يۇسۇپتىن ئۇنىڭ تەۋسىپ - خىسلىتىنى ئاڭلىدىم. كۆڭلۈم شۇ چاغدىلا خوتەندىن ماھارەتلىك بىر يازغۇچىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆمۈر بويى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئاتىغان بىر باشلامچىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى تۇيغان، دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. لېكىن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى، تونۇشۇشنى، ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىم راست، ئۇنى كېيىنرەك ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ئۇنىڭغا « مايسا دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپتىكەنسىلەر» دەپ بوھتان چاپلاپ، ساۋاقدىشى تۇنىياز يۇسۇپ بىلەن يۇزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يالاپ ئېلىپ كەلگەندە تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئوتتۇرا بويىدىن سەل ئېگىزرەك قامەت، ئاقپىشماق چىراي، تەمكىن ۋە توغرىلىق بىلەن باقىدىغان كۆزلەر — تولغان زىيالىيغا خاس قىياپەتنى نامايان قىلىپ

تۇراتتى. شۇ چاغدا، ئۇنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، نېمىلەرنى ئويلىغىنىم، ئۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالغىنىم ئېسىمدە يوق. ئۇنىڭدىنمۇ سەل كېيىنرەك ھېلىقى «ئىنقىلاب» نىڭ مالىمانچىلىقى رەسمىي باشلانغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئاندىن رەسمىي تونۇشتۇم. ۋاھالەنكى، دەسلەپ تونۇشقان چاغلاردا سىردىشىشقا، ئەدەبىيات ھەققىدە، يېزىقچىلىق ھەققىدە پىكىرلىشىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئادەملەر تولىمۇ ئەنسىز، بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان. يۈرەك سۆزلىرىنى خالىغانچە ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدىغان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇستاز مەندىن ئېھتىيات قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا مەن ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ «ئەلەم كۆرشى — قەلەم كۆرشى» دېگەندەك مالىمانچىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەر خىل تېمىلاردا مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت ئىشلەپ، كوچىلارغا چاپلاپ يۈرەتتىم. 1967 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ھىندونېزىيەدىكى سوخاتۇ ھىندونېزىيە كوممۇنىستلىرىنى ۋە سوكارنوچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىدە، خوتەندە زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىقلار ئىشلىتىلگەن تۇنجى ۋە دەھشەتلىك ئەلەم كۆرشى بولدى، نۇرغۇن كىشى ئۆلدى. بىزدەك ئوقۇغۇچىلاردىمۇ ئۆلگەنلەر كۆرۈلدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن مەن «بۇ يەر جاكارتا ئەمەس» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ كوچىلارغا چاپلىدىم. تەرەپنىڭ رادىيوئۇزېلىمۇ ئاڭلايتتى. شۇ ماقالە توغرىسىدىمۇ ياكى باشقا ماقالىلەر توغرىسىدىمۇ، ئۇستاز بىر قېتىم ماڭا: «مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىشنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپسىز، ئەگەر سىياسىيون بولماقچى بولسىڭىز، بۇمۇ مۇھىم...» دېگەنلىكى ئېسىمدە، ئۇستاز شۇ قېتىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرماي، كۈلۈپ قويغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىز ناھايىتى ئېچەكىشىپ كەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا

ئەگىشىپ ھەر خىل سورۇنلارغا، ئاغىنىدارچىلىق ئولتۇرۇشلىرىغا، سۆھبەتلەرگە ئىشتىراك قىلدىم. بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا دۇتار، تەمبۇر تەڭكەش قىلىنىپ شۇ چاغلاردا چەكلەنگەن خەلق ناخشىلىرى ئېيتىلاتتى. قىزغىن سۆھبەت - مۇنازىرىلەرمۇ بولاتتى. ئىشتىراكچىلىرى كۆپرەك ئۇستازغا ئوخشاش زىيالىيلار بولغاچقا، سۆھبەت - مۇنازىرىلەر، جىددىي سىياسىي مەسىلىلەردىن باشقا يەنە خەلق ئەھۋالى، ناخشىلاردىكى تېكىستلەر، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى توغرىسىدىمۇ بولاتتى. ئۇلار ئالدىنقى يىللا ياۋايىلارچە ۋەھشىيلىك بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، چەكلەنگەن مەشھۇر كىتابلارنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىشەتتى. كىتاب ۋەقەلىكلىرىنى ئەسلىشىپ، مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرۇشاتتى. شۇڭلاشقا بۇنداق سۆھبەتلەر يېڭىلىق ۋە چوڭقۇر بىلىم تۇسىگە ئىگە ئىدى. ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر خەلق ناخشىسىدىكى:

*«مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،*
*كىم سىلىپتۇ قاغىغا.*
*ئالنە قاغا بىر بولۇپ،*
*ئاپتۇ قۇشۇمنى ئارىغا.»*

دېگەن قوشاق توغرىسىدا مۇنازىرە بولغانلىقى ئېسىمدە. ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئۇستازنىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ يۈرۈپ، مېنىڭ كۆزۈممۇ ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئاجايىپ «ئىنقىلاب» نىڭ ماھىيىتىنى، بىزدىكى سىياسىيونلارنىڭ سۈپىتىنى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خەلقىمىز تەرەققىياتىدىكى رولىنى، يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى «ئىنقىلاب» قا بولغان قىزغىنلىقىم، كىمنىدۇر





www.uyghurkitap.com

«جان تىكىپ قوغداش»، كىملەرنىدۇر «يوقىتىش»، «ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلاش» قا بولغان ئاكتىپلىقىم بىردىن سوۋۇپ كەتتى. مەن گەرچە ئاشۇ «ئىنقىلاب» نىڭ مالىمانچىلىقى ئىچىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن كېيىنچە كۆپ ۋاقىتنى كۆيدۈرۈشلەردىن ئامان قالغان، چەكلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇشقا، ئۆزۈمچە بىرنەرسىلەرنى يېزىشقا سەرپ قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ چاغدا شېئىر ۋە نەسرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى يازاتتىم. شۇ چاغدا يازغانلىرىمنى — ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇستازغا كۆرسەتكەنلىكىم يادىمدا. ئۇنىڭ ھەر قېتىم ماڭا «ياخشى چىقىپتۇ، ياخشى چىقىپتۇ» دېگەنلىكى، ئارقىدىنلا قەلەم ئېلىپ، ئارگىنالنى ئالا قويماي بوياپ تۈزەتكەنلىكىمۇ يادىمدا، ئۇنىڭ «ياخشى چىقىپتۇ» دېگىنى بىلەن جۈملىمۇجۈملە تۈزەتكەنلىكى ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىدى. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، ئالدىنقىسى ئىلھاملاندۇرغىنى، كېيىنكىسى يېتەكلىگىنى ئىكەن...

ئۇستاز قاھار جېلىلنى خوتەندىكى ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى ۋە پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن باغۋىنى دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا خوتەندە باش كۆتۈرگەن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ دوستلىرى، ئاغىنىلىرى ياكى ئوقۇغۇچىلىرى بولدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىيات گۈلزارلىقىغا قەدەم قويغان بولسا، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىلىشى بىلەن شۇ باغقا كىرىپ كەلدى. بۇلاردىن مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت، ئەرشىدىن راشىدىن، ئابدۇللا ناسىر، ئابدۇقادىر سادىر قاتارلىقلارنى ساناشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ۋاستىلىك تەسىرى بىلەن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە قەدەم قويغانلار تېخىمۇ كۆپ. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىر، مۇئاۋىن باش تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا كۆڭۈل بۆلگەن، يېتەكلىگەن،

يېتىشتۈرگەنلەر بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. ئۇستازنىڭ بىمەزگىل ۋاپاتىغا قايغۇرۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە، شۇنداق ئېيتىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقمىزكى، ئۇ قەلبىمىزدە، ئارىمىزدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

* * *

ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە مەن ئازراق ئەمگىكىم، ئېلان قىلغان 30 - 40 پارچە نەرسىلىرىم بىلەن يازغۇچىمەن دېيىشكە ھەقلىق بولسام ياكى خەلقىم مېنى شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلسا، بۇ شان - شەرەپكە ئېرىشىشىمگە ئۇستاز قاھار جېلىلنىڭ نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەنلىكى پاكىت.

1969 ـ يىلى كۈزدە مەن دېمەتلىك بىر ئەۋلادنىڭ پېشانىسىدىكى «قايتا تەربىيە ئېلىش» دېگەن قىسمەت ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بىز تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېزا - قىشلاقلارغا قەدەم باستۇق. ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈمىدىمىز كۆپۈككە ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن مەن خوتەن ناھىيەسىنىڭ گۈزەل، تال بوستانلىق يېڭىئاۋات يېزىسىدا تۆت يىل تۇردۇم. شۇ يىللاردا، شەھەرگە كەلگەن چاغلىرىمدا ئۇستاز قاھار جېلىل بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇردۇم، ھەر قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا ئۇ ماڭا: «ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويماڭ، مەشىق قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ تاپىلايتتى.

1972 ـ يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا «ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسىڭىز بولاتتى، ئازراق تەربىيە كۆرسىڭىزلا سىزدىن بىر نەرسە چىقاتتى ...» دېگەنىدى. ئۇستازنىڭ ئاشۇ تەكلىپى ۋەجىدىنمۇ ياكى ئەترەتتە يىلبويى جاپالىق ئىشلەپمۇ كىچىككىنە ئائىلىنى باقالمىغانلىقىمدىن بىزار بولغانلىقىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ 1973 ـ يىلى يازدا ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە ھەرىكەت قىلدىم

ۋە ئىمتىھانغا قاتناشتىم. شۇ يىلى ھېلىقى «مەشھۇر» جاڭ تېيشېڭ دېگەن ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرغان ئىش يۈز بېرىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بىكار قىلىنىۋېتىلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. يەنە كېلىپ ماتېماتىكا ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇستاز شۇ چاغدا مېنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇشۇمغا قارىتا بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، (بەلكىم ئۇ مېنىڭ كەسىپ تاللاش ھوقۇقۇمنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتتە ياخشىراق بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىۋېلىشىمنى زۆرۈر دەپ قارىغان بولسا كېرەك) لېكىن يەنىلا ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويماسلىقىمنى تەلەپ قىلدى. ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا، ئۇ ماڭا ھازىرقى داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتقا يېزىلغان بىر پارچە خەت بېرىپ: «ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇستاز تۇتۇڭ، ئۇ ھازىر شىمىگودا ئىشچى بولسىمۇ، ئاجايىپ مول بىلىمگە ئىگە، سىزنى يېتەكلىيەلەيدۇ» دېگەنىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئەينى چاغدا ھېلىقى خەتنى مۇھەممەت پولات ئاكىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمىدىم. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشۇمۇ ئىشقا ئاشمىدى. پەقەت 1976- يىلى ئۇستاز ئۆزى ئۈرۈمچىگە — «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ بارغان چاغدىلا ئاندىن مۇھەممەت پولات ئاكا بىلەن (بۇ چاغدا ئۇمۇ «تارىم» غا يۆتكىلىپ كەلگەنىكەن) بىر - ئىككى قېتىم يۈز كۆرۈشتۈم... ئۇستاز قاھار جېلىل كېيىنكى چاغلاردىمۇ، مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا كۆپ قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلغان. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا، مەن خوتەندە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ماڭا: «ھەي ... سىزنىڭ ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويغىنىڭىز ياخشى بولمىدى، بىر نەرسە يازسىڭىز ياخشى بولاتتى ...» دېگەنلىكى ئېسىمدە، ئاشۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەي مەن يەنە باشقا دوستلىرىمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن

(بەلكىم شۇ چاغلاردا تەبىئىي پەندە بىرەر يېڭىلىق يارىتالمايدىغانلىقىمنى تولۇق ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن) دەسلەپكى نەسر ۋە ھېكايىلىرىمنى ئېلان قىلدىم. زامانىمۇ خېلى كەڭرىلىشىپ قالغانىدى. كېيىنچە 30 - 40 پارچە نەسرىم مەتبۇئاتلاردا چىقتى. ئەمدى يەنە يۇقىرىقى گەپنى تەكرارلايمەن. ئەگەر مەن بۇگۈنكى كۈندە ئۆزۈمنى يازغۇچىمەن دېيىشكە ھەقلىق بولسام ياكى خەلقىم مېنى شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلسا، بۇ شان - شەرەپكە ئېرىشىشىمگە ئۇستاز قاھار جىلىلنىڭ نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەنلىكى پاكىت.

*　　　　　*　　　　　*

كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇستاز قاھار جېلىل بىلەن كۆپلىگەن سورۇنلاردا بىللە بولدۇم. بىللە خوتەندە، قومۇلدا، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يازغۇچىلار يىغىلىشلىرىغا ئىشتىراك قىلدىم. ئۇ ھەممە سورۇنلاردا بىر خىل، ئاددىي - ساددا، كەمتەر ئىدى. بەزىلەردەك بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، ھە دېسىلا سەھنىگە چىقىۋېلىپ ۋەز ئېيتىدىغان، رەسمى ئاپپاراتى ۋە سىنئالغۇ كۆزىنىڭ ئالدىنى تالىشىدىغان قىلىقلاردىن خالىي ئىدى. ئۇششاق ھەرىكەت قىلىپ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرىدىغان، يۇرتۋازلىق قىلىدىغان، يۇقىرى ھېسابلىغانلارغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، تۆۋەندىكىلەر ئالدىدا گېپىدىغان قىلىقلاردىن تېخىمۇ خالىي ئىدى. كىشىلەرگە مەيلى ئۇ قەيەرلىك بولمىسۇن ۋە قانداق دەرىجىدە بولمىسۇن، قىزغىن، دوستانە ۋە سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ھەر زامان تەييار تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى، مۇڭىغا مۇڭ بولۇشنى، سىردىشىشنى بىلەتتى. ئاق كۆڭۈل، ئادىل، توغرا ۋە ھالال ئىدى. 25 يىلدىن ئارتۇقراق باردى - كەلدى جەريانىدا، مەن





كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىنى بىر قېتىممۇ ئاڭلىمىغانمەن. شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمەن. بۇ ھېلىقى «ھۆرمەت قىلساڭ ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەن ئاتىلار سۆزىنىڭ ئىسپاتى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. بىرنەچچە پارچە توپلام ۋە رومان نەشر قىلدۇردى. كەسپىي يازغۇچىلىقتا تاللاندى. شۆھرەت قازاندى. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش، ئاندىن كېيىن يازغۇچى بولۇش دېگەن ئەقىدىنى ئۆزىگە مىزان قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىچكى كامالەت ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇش، ئۆزىنى ئەخلاقىي، روھىي جەھەتتىن پاكلاش — ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان، ھەرقانداق ئادەم ئېرىشەلەيدىغان نۇسرەت ئەمەس. نىيەت خالىسلىقىنى ئىش - ھەرىكەت مېۋىسىگە ئايلاندۇرۇش، بولۇپمۇ يازغۇچى ئۇچۇن ئۆز ئەخلاق قىياپىتى بىلەن تەشەببۇس بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. بۇ جەھەتلەردە ئۇستاز قاھار جېلىلنى بىزگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، بەزى زامانداشلىرىمىزغا قارىتا: «ئۆزۈڭ ئالدى بىلەن ئادەملىكىڭنى توغرىلاپ، ئاندىن بىزگە نەسىھەت قىل» دېيىشكە مەجبۇرمىز. يازغۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەنە شۇ تەشەببۇس بىلەن ئۆز بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىدۇر. شۇندىلا ئۇ ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۆز ئۆمرىدىن ئۇزاقراق ياشىيالايدۇ...

بىر ئۇلۇغ ئادەم، بىر ئەستايىدىل يازغۇچى ئارىمىزدىن كەتتى. بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئاران 51 يېشىدا كەتتى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئۆزى سۆيگەن دۇنيانى تاشلاپ كېتىشكە ئاسانلا كۆزى قىيغانمىدۇ؟ كۆزلىرى شۇنچىۋىلا ئوڭاي يۇمۇلغانمىدۇ؟ بۇ يەردە شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ

كۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلار يۇمدۇرۇپ قويغان، يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن ئاشۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى سىلاپ يۇمدۇرۇپ قويغان ... بۇ يەردە يەنە خۇدادىنمۇ، زاماندىنمۇ، تېخىچە كامالەت تاپالمىغان مېدىتسىنادىنمۇ ئاغرىنىشقا ھەقىقىمىز يوق. ۋاھالەنكى، ئادەم ھېس - تۇيغۇلۇق مەخلۇق. قايغۇرماي، ئېچىنماي، كۆز ياش تۆكمەي تۇرالامدۇ؟ ئۇ تېخى ئاران 51 ياشقا كىرگەن تۇرسا، ئۆيلەنمىگەن ئوغۇللىرى، ئورۇنلىيالمىغان نى - نى ئارزۇ - ئارمانلىرى تۇرسا ! يەنە نى - نى ... ئاھ، ئەلۋىدا ئۇستاز، ئەلۋىدا دوستۇم، ئەلۋىدا ! ...

1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurbook.com

# ئەدەبىياتتىكى تەسىر ۋە نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ تەسىرگە ئۇچراش مەسىلىسى

## 1

يېقىندا «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2008 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىرانتى رەيھانگۈل ئابدۇللانىڭ «ئاق پاراخوتتىن ‹چۆل ئوغلى›» غىچە سەرلەۋھەسىدىكى چىرايلىق ۋە ئىخچام بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئاپتور ئۆز سېلىشتۇرمىسىدىن ئېرىشكەن بىر قاتار ئىچكى ئاساسلارغا (جەدۋەللەشتۈرگىنى سەككىز تۈر) تايىنىپ، «بۇ ئەسەر ‹چۆل ئوغلى› بايان، قۇرۇلما، ۋەقەلىك، تەسۋىر، تىراگېدىيەلىك چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردىن ئاق پاراخوتقا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئايتماتوف ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. «چۆل ئوغلى» نىڭ ئاپتورى بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ماقالە دىققىتىمنى ئوبدانلا جەلپ قىلدى. نەشرىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ خۇددى باسمىغا بېرىلىشتىن ئىلگىرى كۆرۈپ چىققىنىمدەكلا يەنىلا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. «بايان، قۇرۇلما، ۋەقەلىك، تەسۋىر، تىراگېدىيەلىك چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.» ئوخشىغۇچى ئوخشىتىلغۇچىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغانمىكىن دەپمۇ ئويلاپ

قالدىم. ۋاھالەنكى، ماقالە ئاپتورى بۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە تەرەققىي قىلغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەدەبىيات. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى باشقا ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەسىرىدە يېتىلگەن ۋە يېتىلىۋاتقان يازغۇچىلار دەۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە قانداقتۇر بۇنىڭ ئىجابىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش تەرەپدارى ئىدى.

ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئۆزۈمنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقىمنى تەكشۇرۇپ باقتىم. ئارقىدىن تەسىر مەسىلىسى توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم. تەسىر مەسىلىسى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا خېلى چوڭ تېما بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى پىشقان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىغا تاشلاپ قويساممۇ بولاتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئالدىراپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ باشقىلارنىڭ «تەسىرىگە ئۇچرىغان» يازغۇچى بولۇپ قالغانلىقىمدىن كېلىپ چىققان ئوڭايسىزلىق تۇيغۇسى مېنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. نېمىگە ئوڭايسىزلىنىمەن؟ بۇ سوئال ئەلۋەتتە ئەستىلىكنى «چۆل ئوغلى» يېزىلىش ئالدىدىكى ھېكايىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مەن «ئاق پاراخوت» ئۇچۇن قەلەم تەۋرىتىشكە نېمىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، «ئاق پاراخوت» نى ناھايىتى ئەستايىدىل، ۋەقەلىك قوغلاشقۇچى ئاددىي ئوقۇرمەن سۈپىتىدىمۇ، ئەسەرنىڭ ئۇتۇق ياكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىزدىگۇچى يازغۇچى سۈپىتىدىمۇ ئوقۇپ چىققان ئادەممەن، بۇ، «چۆل ئوغلى» يېزىلىشتىن خېلى بۇرۇنقى ئىش، ئەلۋەتتە. مۇشۇ «بۇرۇنقى» نى نەزەردە تۇتقاندا، «چۆل ئوغلى» نى يازغۇچىنىڭ «ئاق پاراخوت» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى خېلىلا مۇقەررەردەك تۇيۇلماي قالمايدۇ. ئەگەر ئەھۋال راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا، تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشىم، غەشلىكتىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن، «تەسىرگە ئۇچرىغان» لىقىمدىن كۆڭلۇم يەنىلا غەش بولدى. نېمە

ئۇچۇن؟ بۇ ئاشۇنداق «تەسىرگە ئۇچراش» نىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىدىن، مۇستەقىل ئىجادىيەت «تەسىرگە يولۇققان ئىجادىيەت» تىن قەدىرلىك - تە، ئەلۋەتتە.

«چۆل ئوغلى» يېزىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال مۇنداق: ئالىم ئىسىملىك خىزمەتدىشىم ۋە تام قوشنامنىڭ يىراق تاغدا — چىرا ناھىيەسىنىڭ «نۇرى» يېزىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى يالغۇز قالدى. بوۋاينىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ۋاپادار يالغۇز ئوغۇل بوۋاينى شەھەرگە ئەكىلىپ باقماقچى بولدى. لېكىن، يەتمىشتىن ھالقىغان بوۋاي ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلىسۇنمۇ؟ ئاخىر قوشنام ئىلاج بولماي ئاتىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇ يىراق تاغقا خىزمەت يۆتكەپ كەتتى، ۋاپادارلىق دېگەن مانا شۇ ئىدى. مەن بۇ ئىشتىن خېلىلا تەسىرلەندىم ۋە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا «قەنتدەك بالام، قەنتدەك دادام» (كېيىن بىر مەزگىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ھېكايە شۇ) سەرلەۋھەسىدە بىر ھېكايە يېزىپ ۋاپادارلىقنى مەدھىيەلىدىم.

لېكىن، ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتەر - ئۆتمەي كونا قوشنام يەنە خىزمەت يۆتكەپ تاغدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: «شەھەردە تۇغۇلغان بالىچاقىلىرى تاغ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەپتۇ، بوۋايدىن خەۋەر ئېلىشقا ئادەم تېپىپ بېرىپ قايتىپ كەپتۇ». مەن: «قايتىپ كېلىشىڭلارغا بوۋاي قانداق پوزىتسىيەدە بولدى، نېمىلەرنى دېدى؟» دەپ سورۇشتۇردۇم. بوۋاي: «تاغ دېگەننىڭ ئاسمىنى كەڭ، ئۇ ياققا ئۆت، بۇ ياقتا تۇر دەيدىغانلار يوق دېيەرلىك، كۆڭلۈڭلار ئازادە تۇراتتى ...» دەپتۇ. ئېنىقكى، بوۋاي ئىنساننىڭ مەنىۋى ئازادلىقى، ھەرىكەت ئەركىنلىكى، تۇرمۇش ئىختىيارلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. بۇ گەپ ماڭا خېلىلا تەسىر

قىلدى ۋە ئۇنى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم، خېلى بىر چاغلارغىچە ئويلاپ يۈردۈم. ئاخىرىدا ئىنساننىڭ ئازاد، ئەركىن، ئىختىيارىي تۇرمۇشى توغرىسىدا، خىلمۇخىل بويۇنتۇرۇقلاردىن خالىي ھاياتى توغرىسىدا بىرنەرسە يېزىش خىيالىغا كەلدىم. ئارقا كۆرۈنۈشنى بوۋاي تىلغا ئالغان «ئاسمىنى كەڭ» تاغقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدۇم. ئەمما، قولۇمغا رەسمىي قەلەم ئېلىپ «تاغ ئوغلى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ بولغاندا، تاغ ۋە تاغلىقلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىم ۋە ھېچقانچە تەسىراتىم يوقلۇقى ئايان بولدى. دېكىراتسىيەنى چۆلگە يۆتكىدىم. چۈنكى، ئۆزۈم تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كىچىك بوستانلىقتا تۇغۇلغان ۋە باللىق چاغلىرىم شۇ يەردە ئۆتكەن. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ تەكلىماكان، توغراق، قومۇش ۋە سۇ قىسلىقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق تۇرمۇشى ماڭا ئايان ئىدى. تاغلىرىمنىڭ ھەر يىلى 4 - 5 ـ ئايلاردا «ئوغلاق باستۇرمىسى» غا ئاتلىنىپ تەكلىماكاندىن تېخى تۇغۇلغىنىغا بىر - ئىككى سائەتمۇ بولمىغان 3 - 4 (سائەت ئۆتۈپ كەتسىلا تىرىك تۇتۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن) كېيىك ئوغلاقلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ، سولاقمىغا سولاپ، ئۆچكىلەرگە ئېمىتىپ باقىدىغانلىقىنى؛ كىشىلەرنىڭ يۇرۇڭقاش بويىدىكى سازلىقلاردىن ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ تۇخۇملىرىنى تېرىپ چىقىپ، ئۆي قۇشلىرىغا باستۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. كېيىك ئوغلىقى ۋە ياۋا قۇش چۈجىلىرىنىڭ بەزىسى كۆنەتتى، بەزىسى كېيىن قېچىپ كېتەتتى. كۆنگەنلەر خۇشاللىق ئاتا قىلسا، قاچقانلار ھەسرەت - نادامەت قالدۇراتتى. تۇغقانلىرىم چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە چۆل بىلەن، تەبىئەت بىلەن ئۇلىپەتلىشىپ ئەنە شۇنداق ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشلىرىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، زامانىمىزغا كەلگەندە زامان تەرتىپلىرى ئەمدى ئۇنداق بىمالال تۇرمۇشقا ئىمكان قالدۇرمىغانلىقىمۇ ماڭا

ئايان ئىدى. ئىشقىلىپ، ئىنسانىنىڭ مۇتلەق بىمالال بولالمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ تەسىراتلىرىم ۋە چۈشەنچىلىرىم ئاساسىدا «چۆل ئوغلى» نى يېزىپ چىقتىم، يېزىپ بولۇپ قايتا ئوقۇغىنىمدا شېئىردەك گۈزەل ۋە ناخشىلىرىمىزدەك مۇڭلۇق بىر ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە ئېلان قىلدۇردۇم. ئەسەرنى يېزىۋاتقىنىمدا «ئاق پاراخوت» ۋە ئۇنىڭدىكى نۇقتىلارنى ئەسكە ئالغىنىم ئېسىمدە يوق، بەلكىم ئۇلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىق نەدىن كېلىپ چىقتى؟ ئەلۋەتتە بۇ «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقنى رەيھانگۈل توقۇپ چىققان ئەمەس. بۇ رېئاللىق، شۇنداقلا رەيھانگۈل ئەسەرلىرىمنىڭ «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقىنى بايقىغان تۇنجى بايقىغۇچىمۇ ئەمەس. ئىلگىرىرەك ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى كېرىمجان ئابدۇرەھىممۇ ئەسەرلىرىم توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇنىڭ ‹قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا› ناملىق پوۋېستىدىكى ۋەقەلىك دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئاساسلىق سۇژېت شەكلى ھېسابلىنىدىغان ئودىپۇس سۇژېتى تۈگۈنىگە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دەپ يازغان. مەن شۇ قۇرلارنى ئوقۇغان چاغدىمۇ «ئودىپۇس سۇژېتى تۈگۈنى» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغانىدىم. «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىق رەيھانگۈلنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئەلۋەتتە تەسىرگە ئۇچراشنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ، ئەمدى بۇ يەردىكى بىلمەي تۇرۇپ ئوخشىتىپ قويۇشنى نېمدەپ چۈشىنىش كېرەك؟ كېرىمجاندىنمۇ ئىلگىرىرەك يەنە بىر ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزىمۇ «شەھلا كۆز» ناملىق پوۋېستىمنى ماكسىم گوركىي « 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى» دەپ باھالىغان ستېپان زېۋېگنىڭ پوۋېستلىرى

بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ستېپان زېۋىگىنىڭ پوۋېستلىرىغا ئوخشىتالمىغانلىقىمنى تەنقىد قىلغانىدى. ئەگەر ئۇمۇ «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان بىرەر موتىف ياكى سۆزنىنى تېپىپ چىققان بولسا، مېنىڭ ئوخشىتىپ قويغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئوڭايسىزلىنىشىم ئەلۋەتتە كولمۇناتسىيە نۇقتىسىغا يېتىپ قالغان بولاتتى. ھەيھات، يالغۇن روزى بولسىمۇ «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرنى تاپالماپتۇ. بۇ مېنىڭ بىر قېتىم يېنىك تىن ئېلىشىم ئۈچۈن كۇپايە.

ئەسلىي گەپكە قايتىش كېرەك. ئېنىق بولدىكى، مېنىڭ ئەسەرلىرىم بىلەن چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقىنى كېرىمجانغا ئوخشاشلا رەيھانگۈلمۇ بايقاپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقنى ئەيىبلەش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ياندىشىش سۈپىتىدە تىلغا ئاپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن يەنە نېمە ئۈچۈن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىمەن؟ نېمىگە كۆڭلۈم غەم بولىدۇ؟ بۇ يەرگە «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك»، «تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر» دېگەن ماقال - تەمسىللەر ئۆيغۇن كەلمەيدۇ. سەۋەبى: مېنىڭ مەيلى «ئودىپۇس سۆزنىتى تۈگۈنى» گە «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان ۋەقەلىككە ئىگە «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» يىمى بولسۇن ياكى بايان، قۇرۇلما، ۋەقەلىك، تەسۋىر، تىراگېدىيەلىك چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردىن «ئاق پاراخوت» قا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان «چۆل ئوغلى» يىمى بولسۇن، ماقالە ئاپتورلىرى ئېيتقاندەكلا ھەرگىزمۇ ئوخشىتىلغۇچىنىڭ ئۆزى ئەمەس. «ئۇلار ئوخشىتىلغۇچىغا ئوخشايدۇ» دېمەي «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەندە ئەنە شۇ ئۆزى ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتقان. رەيھانگۈلنىڭ «بايان، قۇرۇلما، ۋەقەلىك، تەسۋىر، تىراگېدىيەلىك چوڭقۇرلۇق قاتارلىق جەھەتلەردىن ...» دېگىنى سەل كۆپتۈرۈۋەتكەنلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ باشقا جۈملىلىرىدە ئوخشىغۇچىنىڭ

ئوخشىتىلغۇچىدىن قىلچە كەم ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. تىلىمىزدا ئەلۋەتتە «ئوخشاش»، «ئوخشايدۇ» سۆزلىرى بىلەن «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» سۆزىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى باشقا - باشقا. كېيىنكىسى ئېنىقكى، ئوخشىمايدىغان يەرلىرى كۆپ دېگەنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئوخشايسىزلىنىش، كۆڭلى غەش بولۇشنىڭ سەۋەبى نەدە؟ سەۋەبى يەنىلا «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىق ۋە «تەسىرىگە ئۇچرىغان» لىقتا. يازغۇچى مايمۇن، شاتۇتى ياكى «سىركىچىنىڭ گاچىسى» ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىر يازغۇچى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ياكى ئۇ ئۆز تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ياراتقان مۇھىت، كەيپىيات، پېرسوناژ، ئۇسلۇب باشقا بىر يازغۇچىنىڭ ياراتقانلىرىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئۇ يازغۇچى ئەمەس، بىر دورامچىدۇر. ھېچبولمىغاندا باشلامچى يازغۇچى ئەمەس، ئەگەشكۈچىدۇر. بۇنداق دورامچىلىق ۋە ئەگەشكۈچىلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىش — بىر ھەقىقىي يازغۇچى ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس، بەلكى نومۇس ۋە خىجىللىق پەيدا قىلىدىغان ئىشتۇر. ھەرقانداق بىر يازغۇچى باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن (مەيلى بۇ تەسىر ئەدەبىيات جەھەتتىكى ياكى سىياسىي - پەلسەپە جەھەتتىكى تەسىر بولسۇن)، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىتىپ قويۇشتىن (مەيلى قايسى جەھەتتىكى ئوخشاپ قېلىش بولسۇن) قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب، رەيھانگۈلنىڭ قارىشى بويىچە، «تەسىرگە ئۇچرىغان» لىقتىنىغۇ. مېنىڭ «تەسىر مەسىلىسى» گە دىققەت قىلىپ كېتىشىم مانا شۇ ۋەجىدىن.

## 2

ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت شۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت

جەريانى ئەمەلىيەتتە تەسىر قىلىش ۋە تەسىرلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىغىز ياكى يېزىقتا تاماملىنىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ ئوبيېكتىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلۇپ، تەسىر قىلىش ۋە تەسىرلىنىش ئاياغلاشقاندا ئاندىن ئىجادىيەت جەريانى تاماملىغا يېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئىنسانىيەت ئالىمىدە باشقىلارنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنىمۇ ئاڭلىمىغان ياكى ئوقۇمىغان، باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان يازغۇچىنى تاپقىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ھەرقانداق يازغۇچى چوقۇم باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىر قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە تەسىرلىنىدۇ. ئۆزىمۇ نۆۋىتىدە يەنە ئەسەر يېزىپ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق تەسىر قىلىش ئالدىنقىلاردىن كېيىنلەرگە تەسىر قىلىش شەكلىدىمۇ، دەۋرداشلار ئارىسىدا تەسىر قىلىش شەكلىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى شۇنداق. بىز بۇ يەردە ئۆز ئەدەبىياتىمىزدىنمۇ، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىنمۇ، قەدىمدىنمۇ، ھازىردىنمۇ مىساللار تاپالايمىز. ئالايلۇق، تۈرك، پارس ئەدەبىياتلىرىدىكى «خەمسە» چىلىك ھادىسىسى، مەلۇم بولۇشىچە، «خەمسە» لەردىكى «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «فەرھاد ۋە شىرىن» نى يازغان شائىرلار 500 نەپەردىن ئاشىدىكەن. «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى يازغانلارمۇ شۇنىڭغا يېتىشىپ قالىدىكەن. «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» نى، «غېرىب ۋە سەنەم»، «تاھىر ۋە زۆھرا» نى يازغانلارنىمۇ يۈزلەپ سانىغىلى بولىدۇ. پارس ئەدەبىياتىدا «شاھنامە» يازغانلارنى، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى يازغانلارنىمۇ ئونلاپ سانىغىلى بولىدۇ. بۇ نېمە؟ بۇ ئىجادىيەتنىڭ ئىجادىيەتكە كۆرسەتكەن بىۋاسىتە ۋە ئاشكارا تەسىرى. بۇنى ھېچكىم يوشۇرمىغان. نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«فەرھاد ۋە شىرىن» گە قەلەم يۈگۈرتۈشتىن ئىلگىرى نىزامى گەنجەۋىينىڭ، خىسراۋدىھلەۋىيەلەرنىڭ شىرىن ۋەقەلىرىگە ئائىت داستانىنى ئوقۇپ چىققانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ئابدۇرېھىم نىزارىي ۋە نىمشېھىت داموللاملار بولسا، ئۆز داستانلىرىنىڭ بېشىدىلا نەۋايى داستانلىرىنىڭ ئالەمچە تەۋسىپىگە قەلەم يۈگۈرتۈشكەن...

بۇ مىساللاردىن مەلۇم بولىدىكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيىتى كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بەلكى يۈكسىلىش ئاتا قىلىدۇ. «ئالدىنقىلارنىڭ دولىسىنى شوتا بالدىقى قىلىپ ئۆرلەش» دېگەننىڭ ئۆزى مانا شۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەسىرنى يەنە بىۋاسىتە تەسىر ۋە ۋاسىتىلىك تەسىرگە، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەسىرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن. ئابدۇرېھىم نىزارىي ۋە نىمشېھىت داموللىلارنىڭ ئۆز «پەرھاد ۋە شىرىن» لىرىنى يېزىۋاتقاندا نەۋايىدىن ئېرىشكەن تەسىر بىۋاسىتە تەسىر بولىدۇ. «غېرىب ۋە سەنەم» نى، «تاھىر ۋە زۆھرە» نى، «رابىيە ۋە سەنەم» نى، «رابىيە ۋە سەئىدىن» نى يېزىۋاتقانلارنىڭ نەۋايىدىن ئېرىشكەن تەسىرى يوشۇرۇن تەسىر بولىدۇ. گەرچە يېزىۋاتقان ۋەقە ۋە سۇژىت باشقا بولغان بىلەن مەزمۇن ئوخشاش. يەنى ئىشق - مۇھەببەتكە مەدھىيە ۋە مۇھەببەتلىشىش ئەركىنلىكىنى قوغلىشىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىنتىلىش نۇقتىسى. ئالدىنقى تەسىر ئاشكارا تەسىرگە تەۋە بولسا، كېيىنكى تەسىر يوشۇرۇن تەسىرگە تەۋە، تەسىر يەنە ۋەقەلىك، سۇژىت، پىكىر، مەزمۇن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئاشكارا تەسىر ئاستىدىكى ئىجادىيەت تەكرارلانمىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلسا، يوشۇرۇن تەسىر ئاستىدىكى ئىجادىيەت ئازراق بولسىمۇ يېڭىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدۇ. خۇددى ئەينى زامان ئوقۇرمەنلىرىنى ئابدۇرېھىم نىزارىي يازغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» دىن كۆرە «رابىيە

ۋە سەئىدىن» بەكرەك جەلپ قىلغاندەك. ۋەقەلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى يۆتكىلىشمۇ يېڭىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ. مەسىلەن، رايونىمىز ئوقۇرمەنلىرىنى فەرھادنىڭ «شەھريار» غا شېرىننى ئىزدەپ بېرىشىدىن بەكرەك جەلپ قىلغاندەك. ۋاھالەنكى، مەيلى قايسى خىل تەسىر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجادىيەت بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىرگە ئۇچراش نىسبىتى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە. بۇ گەرچە ئىپادىلەش جەھەتتىكى يۈكسىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق خۇددى نەۋايى دەۋرلىرىدىن نىمشېھىت دەۋرلىرىگىچە سوزۇلغاندەك بىر قېلىپ، بىر چەمبەر، بىر رامكا ئىچىدە چۆرگىلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ئومۇمىي ئەدەبىي يۈكسىلىشكە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ بىزنىڭ داستانچىلىقىمىزدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئەمەس. دىداكتىك مەزمۇندىكى شېئىرلىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن ھازىرغىچە قانچىلىك يۈكسىلىش پەيدا قىلالىدى؟ بۇ گەپلەرنى تارىخىي تەزكىرىلىرىمىز ۋە باشقا نەسرىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ ئېيتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئالدىنقى قىسىمدا يازغۇچى مايمۇن، شاتۇتى ياكى «سېركىچىنىڭ گاچىسى» دەك دورامچى بولماسلىقى كېرەك، دېگىنىمىزنىڭ ئاساسى شۇ.

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاشكارا تەسىر ياكى يوشۇرۇن تەسىر ئاستىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەزەلدىن كۆچۈرمىكەشلىك ياكى دورامچىلىق دەپ قارالغان ئەمەس. چۈنكى، ئاشۇنداق تەسىرلەر ئارقىسىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئىلگىرىكى قەلەمكەشلەرنىڭ يازغانلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزى تەسىرگە ئۇچرىغان ئەسەرنىڭ ئۆزى بولۇپ قالمىغان. ئالايلۇق، ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ مىسرالىرى ھەرگىزمۇ نەۋايى مىسرالىرىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ ئۆز ئۇسلۇبىدا، ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە «فەرھاد ۋە شېرىن» ۋەقەلىرىنى قايتا،

ئىخچام تەسۋىرلەپ چىققان، نىمشىپھىت بولسا تېخىمۇ چوڭ يىغىلىقلار بىلەن تەسۋىرلىگەن. بىز بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. تەسىرگە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى كۆچۈرمىكەشلىك ياكى دورامچىلىق بولمىغانىكەن، ئۇ يەردە چوقۇم ئىجادىيەت دېيىشكە مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى بىر نەرسە ھەم بولغان بولىدۇ. خۇلاسە شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلار ۋە دەۋرداشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بۇ تەسىر چوقۇم مەلۇم چەك ئىچىدە بولۇشى كېرەك. ئاشكارا تەسىرلىك ئىجادىيەتتىن يوشۇرۇن تەسىرلىك ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئۈستۈن. يوشۇرۇن تەسىرلىك ئىجادىيەتتىن ھەممە جەھەتتە تەسىرگە ئۇچرىمىغان، يېڭىلىق يارىتىلغان ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئۈستۈن. يازغۇچى ئالدىنقىلاردىن، دەۋرداشلىرىدىن ۋە ئالدىنقى قېتىملىق ئۆزىدىن ئېشىپ كېتەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئاۋانگارت يازغۇچىغا ئايلىنالايدۇ.

## 3

تىرىشچان قىزىمىز رەيھانگۈل ئۆز ماقالىسىدە سېلىشتۇرۇپ: «‹چۆل ئوغلى›، ‹ئاق پاراخوت›، قا ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دەپ خۇلاسىلىدى. نۇرمۇھەممەت توختى «چۆل ئوغلى» نى يېزىۋاتقاندا «ئاق پاراخوت» ۋە ئۇنىڭدىكى ۋەقە، سۇژىتلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، بۇ ئوخشىشىپ كېتىش نەدىن كېلىپ چىقتى؟ رەيھانگۈل توغرا ئېيتىدۇ: «نۇرمۇھەممەت توختى ئايتماتوف ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.» گەرچە بۇ بىۋاسىتە ۋە ئاشكارا تەسىر بولمىسىمۇ، ۋاستىلىك ۋە يوشۇرۇن تەسىردۇر. نۇرمۇھەممەت توختى «ئاق پاراخوت» نى ئوقۇغان ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئېڭىدا «ئاق پاراخوت» تىن تەسىر قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئېگىدا غوۋۋا ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ تەسىر «چۆل ئوغلى» نى يېزىۋاتقاندا ئەلۋەتتە رول ئوينىغان. سەزدۈرمەي، يوشۇرۇن، ئاڭسىز تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ رېئاللىقنى مانا شۇ تەرزدە قوبۇل قىلىش كېرەك. ۋاھالەنكى، نۇرمۇھەممەت توختى ئۆمرىدە بىر «ئاق پاراخوت» نىلا ئوقۇغان بولۇشى ناتايىن. ئۇ يازغان «چۆل ئوغلى» نېمىشقا پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» غا، ۋېرىنىڭ «كاپىتان گىرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» گە، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» غا، لۇشۇننىڭ «ئا Q» سىغا ئوخشىشىپ قالماي، ئايتماتوفنىڭ «ئاق پاراخوت» ىغا «ئوخشىشىپ كېتىدۇ؟». دىققەت قىلىدىغان ھالقىلىق نۇقتا مانا مۇشۇ. بەزىلەر ھە دەپ تەرغىب قىلىدىغان «ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك» دېگەننى، «ئەدەبىياتتىكى دەۋر تۇيغۇسى» دېگەننى شۇ. ئەگەر نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئەسىرىدە پۇشكىننىڭ، ۋېرىنىڭ، ھېمىڭۋاينىڭ، لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرىگە «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرلەر كۆرۈلگەن ھالەتتىمۇ خاپا بولۇپ كەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، دۇنيادا كىم قايسى دۆلەتلىك، قايسى ئىرق ۋە مىللەتكە، قايسى مەدەنىيەتكە، قايسى ئېتىقادقا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنساننىڭ ماھىيىتى، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ماھىيەتلىك ئىنتىلىشلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەممە يەردە ۋە ھەرقاچان بىردەك. ئىنسان ماھىيىتىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەردە «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىن مەڭگۈ ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئىزدەنگۈچىلەر بۇنى ھەرقانداق ئىككى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېپىپ چىقالىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئايتماتوف تەسۋىرىدىكى قىرغىز يايلاقلىرى بىلەن نۇرمۇھەممەت توختى تەسۋىرىدىكى تەكلىماكان چۆللۈكلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ياشاش پەلسەپىسى، قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرى، ئىككى خەلقنىڭ ئېتىقاد،

ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخى خېلىلا ئوخشاش تۇرسا، ئوخشاش بىر مۇڭنى ئىپادىلىگەن ئاھاڭدا ئاتا مېھرىگە ئىنتىلىش بىلەن ئانا مېھرىگە ئىنتىلىشتەك، تەبىئەت بىلەن يېقىنلىدىن ئۇلىپەتلىشىشتەك تەبىئىي ئىشلاردا نېمىشقا «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرلەر چىقىپ قالمىسۇن؟ «ئاق پاراخوت» يېزىلغان دەۋر بىلەن «چۆل ئوغلى» يېزىلغان ۋاقىت ئارىسىدا ئاران 20 يىلچە پەرق بار. ئەگەر يەنە ئىزدەنسەك، ئوخشاپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى تېخىمۇ كۆپ تېپىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، ئىككى ئەسەردىكى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرلەردىن بەك ئارتۇق ئەجەبلىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. بەلكىم بۇنداق يېقىنلىقنى بۇ بىر يىلتىزلىق، ئوخشاش كەچمىشلىك ئىككى خەلقنىڭ «مىللىيلىكى»، ئىككى ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ «دەۋرداشلىقى» كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىدە دىققەت قىلىدىغان مەسىلە قايسى ئەسەرنىڭ قايسى ئەسەرگە قانچىلىك «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قايسى ئەسەرنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ۋە قەيەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. ساۋالات، گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە، «چۆل ئوغلى» نىڭ «ئاق پاراخوت»تىن زادىلا كەم ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك. بەلكى ئۇنىڭدىكى تىراگېدىيەلىك لىرىكا (مۇڭ) «ئاق پاراخوت» تىكىدىن خېلىلا قويۇق. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە «ئاق پاراخوت» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ جەملىگەن ئەمەسمۇ.

ماقالە ئاخىرىدا تەشەببۇس قىلماقچى بولغان نەرسە شۇكى، «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان يەرلەر ۋە «تەسىر» گە ئۇچرىغانلىقىنى بەك كۆپ تەكىتلەپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى ئوڭايسىزلاندۇرماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماسلىق مەسىلىسى. بۇ ھەرگىزمۇ «سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىقى» بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. شۇغۇللىنىش

كىرەك، لېكىن ھەللىسىدە: ئەگەر بىرى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى زوھرىدىن مۇھەممەت بابۇر شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېسە، يەنە بىرى «ئانا يۇرت» بىلەن «تىنچ دون» نى، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» بىلەن «ئەلۋىدا، گۈلسارە» نى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېسە، يەنە قايسىبىرلىرى قايسى «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» لارنى تېپىپ چىقمايدۇ دەيسىز. بۇ ئەلۋەتتە 2000 يىللىق ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا توغرا باھا بەرمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز مىللىي مۇھىتىدا ئۆز مىللىيلىكى بويىچە خېلىلا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەدەبىيات. ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىياتلاردىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بەزى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلغىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى ئەمەس.




# ئول كىمدۇر كۆپلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان

شائىر، پىروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان ئۆزىنىڭ 14 - 15 يىل بۇرۇن بىر ياش يىگىتنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرما ماقالە يېزىپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغانلىقىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيدۇ. سەل كېيىنرەك دەل ئاشۇ يىگىت توغرىسىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى توختى ئايۇپ بىر كىتاب نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاماللىق كۈندىكى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۇلىشىپ كېلىش داۋام قىلدى. ئاشۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ، سادىر تۇرسۇنىيازنىڭ، ئىدرىس رۇسۇل تەمكىنىنىڭ قەلەملىرىدە قايتا - قايتا قەغەزگە چۈشۈرۈلۈپ مەتبۇئاتلاردا ئېلىپ قىلىنىپ تۇردى. گېزىت، رادىيو - تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ ئاشۇ يىگىت توغرىسىدا قەلەملىك ۋە سۈرەتلىك خەۋەرلىرىنى بولسا ئەلۋەتتە ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھالەت خۇددى ھەممە ھەسەل ھەرىسى بىر گۈلگە يېپىشقانغا، بىرلا گۈلدىن شىرنە يىغىۋاتقانغا ئوخشايتتى. ھەممە شائىرنىڭ كۆزى بىر جانانغا قادالغاندەك ۋە شۇ بىرلا جانانىنى مەدھىيەلەۋاتقاندەك تۇيغۇمۇ بېرەتتى. شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكۈدەك قايسى سەنەمنىڭ غېرىبى، قايسى زۆھرانىڭ تاھىرى، قايسى شېرىنىنىڭ فەرھادى ئىدى ئۇ؟ ياكى شائىر، يازغۇچى، مۇخبىرلار بىرلىشىپ ھازىرقى زامان قەھرىمانى يارىتىۋاتامدۇ؟

ھەيران قېلىشنىڭ، گۇمان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر بىر ياش يىگىت شىنجاڭ بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ياش» نىڭ بىرى

بولۇش (1997 ـ يىلى 3 ـ نۆۋەتلىك باھالاش)، مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» لائۇرىيانتى بولۇش (1997 ـ يىلى)، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇش (1997 ـ يىلى)، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇش (2000 ـ يىلى)، ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنچىسى» بولۇش (2004 ـ يىلى)، ئاپتونوم رايوننىڭ «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» ى بولۇش (2008 ـ يىللىرى ئۇچۇن) تەك شان - شەرەپلەرگە نائىل بولغان بولسا، گېزىت، رادىيو - تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ئەلۋەتتە گۈل ھىدىنى سەزگەن كېپىنەكلەردەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ. چۈنكى، شان - شەرەپكە نائىل بولغۇچىنىڭ تالىشىپ خەۋەر قىلىغۇدەك ئىش ئىزلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئەمما، كۆزەتكۈچىنى سەل - پەل تەئەججۇپكە سالىدىغىنى شائىر - يازغۇچىلارنىڭمۇ مۇخبىرلار سېپىگە قېتىلىشى. شائىر - يازغۇچىلارنىڭ يازىدىغىنى زامانداشلارنى خەۋەر قىلىش ئەمەسقۇ. ئەمما، بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. ئەدەبىيات «ئەدەبىي ئاخبارات»، «ئەدەبىي خاتىرە» «راست ئىشلار ئەدەبىياتى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتقان ژانىرنى ئاللىقاچان قوبۇل قىلدى. تەپسىلىي خەۋەرنى ئاززاق «ئەدەبىيلەشتۈرۈپ» قەغەزگە چۈشۈرسە بولىۋېرىدۇ. گەرچە بۇنداق نەرسىلەرنى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى بەكلا تۆۋەن بولسىمۇ.

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، مانا شۇنداق بولۇپ، ئاشۇ شان - شەرەپ ئىگىسىنىڭ نامى كېيىنكى يىللاردا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ، مۇخبىر - خەۋەرچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئىزچىل مەتبۇئات سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. سوئال باياملقى:

تەرجىمىھال بەكمۇ ئاددىي: ئىسمى ئوبۇل، كېرىيە تاشيول ئۇچاستىكىسىدىكى ھاشىم ئابدۇراخمان بىلەن مەريەمخاننىڭ

1966 - يىلى 7 - فېۋرالدا تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى. 1980 - يىلى ئاۋغۇستتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تاشيول ئاسراش ئىشچىسى بولغان. ئىستاتىستىكچى، گۇرۇپپا باشلىقى، ئۇچاستكىدا ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىمى دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەمما، ئاتا مىراس كەسپىنى ئانچە ئۇزۇن ئىشلىيەلمەيدۇ. 1986 - يىلى 11 - ئايدا ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ئوبۇل ھاشىمنى تەشكىلىي تارماقلار كېرىيە يولۇچى توشۇش بېكىتىگە بېكەت باشلىقى قىلىپ يۆتكەيدۇ. كىچىك بولسىمۇ ئەمەلغۇ، شۇنچىۋالا ياش تۇرۇپ ئۆستۈرۈلگۈدەك ئىقتىدارلىقمىدى؟ يېقىملىقمىدى؟ تىلى تاتلىقمىدى؟ ئاددىي بىر تاشيول ئىشچىسىنىڭ ئوغلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا «ئارقا تېرىكى» بار ئىدى، دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق. بۇ يەردە ئىقتىدار ۋە باشقا ئامىللار رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ ھاشىم ئابدۇراخماننىڭ بۇ يېقىملىق ئوغلى بەكلا تىرىشچان ۋە چىقىشقاق بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولغان چاغلىرى داغدۇغىلىق ئىسلاھات يىللىرىغا توغرا كەلدى. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» شوئارلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان، ھەممە ساھەدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان يىللارغا توغرا كەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېيىلگەن ھەرىكەت باشلىنىۋاتقان چاغدا تۇغۇلغان ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئالدىنقى 30 يىللىق دۆلەت باشقۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈم - ئەنئەنىلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى - باغلىنىشى يوق ئىدى. ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ قالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەسىراتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇ كېرىيە يولۇچى توشۇش بېكىتىنى ئىسلاھات دەۋرىگە ئۇيغۇشلۇق باشلاپ كىرەلىگەن، بېكەت باشقۇرۇشتا يېڭى - يېڭى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، تېزلا نەتىجە قازانغان

بولۇشى مۇمكىن. ياش بالا يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدۇ. دەۋر شەخسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە پۇرسەتلىك رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات يىللىرى ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەلۋەتتە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. ھەممە كىشى ئىلىم - پەن ئۆگىنىۋاتقان، ھەممە كىشى ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇۋاتقان، ھەممە كىشى يېڭىلىققا ئىنتىلىۋاتقان ئاشۇ دەسلەپكى يىللاردا، بېكەت باشلىقى ئوبۇل ھاشىم «شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى ئوقۇپ (1987 — 1984 ـ يىللىرى) پۈتكۈزدى. خىزمەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز خەنزۇ تىلى ئۆگىنىپ، راۋان پىكىر بايان قىلالىغۇدەك، راۋان ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك سەۋىيەگە ئېرىشتى. كىتاب ئوقۇش، ئىنچىكە تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈردى. ئۇنىڭ تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، خىزمەتلەردە ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقىنى كۆزىتىپ، بىلىپ تۇرغان تەشكىل 1992 ـ يىلى ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىگە باش بېكەت باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ خىزمىتىدە نەتىجە قازانغانلىقىدىن، ئۆستۈرۈلگەنلىكىدىن، ئىشەنچكە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىشىمۇ مۇمكىن. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ زىممىسىگە بىر ۋىلايەتنىڭ يولۇچى توشۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتەك ئېغىر يۈك ئارتىلغانىدى. 274 مىڭ 800 كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە تارقاق جايلاشقان 1 مىليون 800 مىڭ ئادەمنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا يۈرۈشى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى. يەنە باشقا جايلارغا بېرىپ - كېلىشلەر ۋە باشقا جايلاردىن كېلىپ - كېتىشلەرچۇ؟ ئەمدىلا 26 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش يىگىت شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئوڭۇشلۇق سەپەر شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتەلەرمۇ؟

www.uyghurkitab.com كىتاب تورى

ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ بۇ يەردە ئاشۇ دەسلەپكى يىللاردىكى قالاق قاتناش شارائىتى، قالاق قاتناش ئۈسكۈنىلىرى، مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۈستىدىن ئاغرىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەش - پەش دېگۈچە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە 16 يىل ئۆتۈپ كەتتى. 16 يىل ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ كىچىك يېزا - قىشلاقلارغىمۇ ئاپتوبۇس قاتناش ئىشقا ئاشتى. ئادەم ئاپتوبۇسنى ئەمەس، ئاپتوبۇس ئادەمنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى. يەر - زېمىن سېتىۋېلىنىپ خوتەن شەھىرىدە تۆت ئورۇندا، ئالتە ناھىيە شەھىرىدە، 7 ئورۇندا، 74 يېزا - بازاردا زامانىۋى بىنالىق، كەڭرى ئاپتوبۇس توختاش مەيدانلىرى بار بېكەتلەر سېلىندى. سەپەرچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 400 نەپەرگە يەتتى. مۇقىم مۇلۈك 100 مىليون يۈەنلىك قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. بىز بۇلارغا خوتەندىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدىغان يوللارنىڭ بىردىن ئۈچكە كۆپەيگەنلىكىنى، ئىلگىرى ئۈرۈمچى يولىدىكى سەپەر تېزلىكى 30 - 35 كىلومېتىر سائەت بولغان بولسا، ئەمدى 100 كىلومېتىر سائەتكە يەتكەنلىكىنى، ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن كەم بولغاندىمۇ 5 - 6 كۈن سەرپ قىلىنغان بولسا، ئەمدى پەقەت بىر سوتكا، ھەتتا 20 سائەتلا ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى قوشىدىغان بولساق، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يولۇچى توشۇش ئىشلىرىدا كۆرۈلگەن مىسلىسىز تەرەققىيات كۆز ئالدىمىزدا «مانا مەن» دەپ ئايان بولىدۇ. ئەتىگەن - چۈشتە يولغا چىقامسىز، كەچ - كېچىدە سەپەر قىلامسىز، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرامسىز - كىچىك ماشىنىغىمۇ، يېتىپ ماڭامسىز - ئولتۇرۇپمۇ، تەلىپىڭىز ھەر زامان بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. سەپىرىڭىزنىڭ قولايلىقلىقىغا، راھەتلىكىگە، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئايھاي، بۇلارنى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىگە

سىلىنىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟! مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبۇل ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدا ۋۇجۇدقا چىقتى دېسەك، سەل ئاشۇرۇۋەتكەن، ئارتۇقچە كۆپتۈرۈۋەتكەن بولارمىز. ۋاھالەنكى، ئاشۇ تەرەققىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە گۈللەندۈرۈش دەۋرى ئوبۇل ھاشىمدەك بىر كارخانا باشقۇرغۇچىنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. دەۋر ۋە تارىخنىڭ قەھرىمان شەخسنى يارىتىدىغانلىقى، قەھرىمان شەخسنىڭ نۆۋىتىدە دەۋر ۋە تارىخقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى پەلسەپىدە ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەن قاراش. بىز بۇ يەردە ئىسلاھات ۋە گۈللەندۈرۈش دەۋرىنىڭ ئوبۇل ھاشىمدەك كارخانا باشقۇرۇشقا باب كېلىدىغان رەھبەرلىك ماتېرىيالىنى ياراتقانلىقى بىلەن بىللە، ئاشۇ ئوبۇل ھاشىمنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش شىركىتىنى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك.

2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، خوتەندىكى تۆت چوڭ (董事长) ترانسپورت شىركىتى بىرلىشىپ قۇرغان «شىنجاڭ شىڭخې ترانسپورت گۇرۇھى (新疆兴和运输集团)» ئوبۇل ھاشىمنى باش مۇدىر لىققا سايلىدى. 2100 نەپەردىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 770 تىن ئارتۇق ماشىنا ـ ئاپتوموبىلى بار، يىللىق ئوبوروت سوممىسى 170 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، يولۇچى توشۇش، يۈك توشۇش، ئىجارىگە بېرىش، يەر ـ مۈلۈك، ۋاكالىتەن بېجىرىش، مېھمانخانا، رېستوران باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى تىجارەت ئاساسى قىلغان بۇنداق چوڭ كارخانا گۇرۇھىغا باش مۇدىر بولۇپ سايلىنىشنىڭ ئۆزى، ئوبۇل ھاشىمدىكى كارخانا باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى ئىككىنچى بىر يان تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. پايچىلار بوش ئادەمنى باش مۇدىرلىققا سايلاپ يۈرمەيدۇ ئەمەسمو. دېمىسىمۇ ئۇ

كېيىنكى ئاشۇ 16 يىلدا ئۆگىنىشنى بىر مىنۇت توختىتىپ قويمىدى. ئالغا ئىلگىرىلەشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى، يېڭى - يېڭى مۇۋەپپەقىيەت پەللىلىرىگە كۆتۈرۈلۈشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. 2005 — 2003 ـ يىللىرى دالىيەن تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېخنىكا ۋە قۇرۇلۇش كەسپىدە ئوقۇپ ئاسپىرانتلىقنى تاماملىدى. زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇشنىڭ يېڭى قانۇنىيەت، يېڭى ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلدى. سىياسىي - نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى تولۇقلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ جەھەتلەردىكى بىلىملىرى كېيىن «ئالىي ئىقتىسادچى»، «ئالىي سىياسىي خىزمەتچى» كەسپىي ئۇنۋانلىرىنى ئېلىشىغا ئاساس بولدى.

كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى ئىككى تەرەپتىن مەلۇم بولىدۇ. بىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم، يەنى جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش، بۇ ئادەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشمۇ دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈم، بۇ دۆلەت، كارخانا خىزمەتچىلىرى ۋە كارخانا باشقۇرغۇچى ئېرىشىدىغان ئەمەلىي نەپنى كۆرسىتىدۇ. ئوبۇل ھاشىمنىڭ خوتەن يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنى باشقۇرغان 16 يىلغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇ ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۈنۈم قازانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قانچە يۈز مىڭ يولۇچىنى قەيەردىن قەيەرگە يەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا، دۆلەتكە قانچىلىك باج - پايدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قانچىلىك نەپ يەتكۈزگەنلىكىگە، ئۆزى قانچىلىك «مۇكاپات» قا ئېرىشكەنلىكىگە دائىر سان - سىپىرلارنى كەلتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. «زىيانغا ماڭىدىغان كارخانىنى پايدا ئالىدىغان كارخانىغا ئايلاندۇردى»، «يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنى خوتەندىكى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلاندۇردى» دېگەن گەپلەرنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ مەيلى ئىقتىسادىي، مەيلى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن،

كۆڭۈلدىكىدەك نەپكە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. قانداق چارە - ئۇسۇللارنى قوللاندى؟ بىز بۇ سەھىپىلەردە ئۇنىڭ زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلىغانلىقى توغرىسىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىر مەقسەت، بىر نىشان ئۈچۈن قانداق ئۇيۇشتۇرغانلىقى توغرىسىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا كەڭ - كۆشادە توختىلىشىمىز مۇمكىن. ھەربىرىگە بىر قانچە ھېكايە كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. مۇشۇ جەمئىيەت ۋە مۇشۇ دەۋردە ئۇلارسىز قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولسۇن؟ لېكىن بۇ ھېكايىلەرنى قىسقارتىمىز. تىلغا ئالىدىغىنىمىز شۇكى، مۇشۇ 16 يىلدا ئوبۇل ھاشىم ھەم نەزەرىيەچى، ھەم ئەمەلىيەتچى بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئۇششاق ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان غەمگۇزار بولدى. يولۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىمەتچى، ئامالسىز قالىدىغانلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان ساخاۋەتچى بولدى...

ھەر يىلى ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە تەبرىكلەپ گۈلدەستە سوۋغا قىلىدىغان رەھبەر ئۇلارنىڭ ئولتۇراق مەسىلىسىگە، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، داۋالىنىش مەسىلىسىگە، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش ۋە ئالىي مەكتەپكە كىرىش - ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇش مەسىلىسىگە، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي قالارمۇ؟ «يولۇچىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش فوندى» (يىللىق سوممىسى 40 مىڭ يۈەن)، «يولۇچىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ياتىقى) »ھەرقايسى بېكەت مېھمانخانىلىرىدا 30 كارىۋات تەسىس قىلىپ، پۇل - خىراجىتىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان يولۇچىلارغا بىلەت ئېلىپ بېرىپ ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇشنى، ئۇلارنىڭ سەرگەردان بولماي ئىسسىق ياتاقتا يېتىشىنى يولغا قويغۇچى،





ئوخشاشلا جەمئىيەتتە قىيىنچىلىقتا يولۇققۇچىلارغا ياردەم قولىنى سوزماي قالارمۇ؟ يېتىم بالىلارنى (21 نەپەر) تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇچى مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىشنى، «مېھرىبان ئانىلار جەمئىيىتى» نى قوللاشنى دائىملىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرماي قالارمۇ؟... ئەمەلىيەتچى بولۇش ئۈچۈن نەزەرىيەنى بىلىش زۆرۈر، مۇناسىۋەتشۇناس بولۇش ئۈچۈن كۈچلۈك دەرىجە قارىشى بولۇش زۆرۈر، مۇلازىمەتچى بولۇش ئۈچۈن تېز تاماقخانا خادىمىدەك تىنىم تاپماس بولۇش زۆرۈر، ساخاۋەتچى بولۇش ئۈچۈن شائىرلاردەك ھېسسىياتچان بولۇش زۆرۈر، غەمگۇزار بولۇش ئۈچۈن يازغۇچىلاردەك سەمىمىي بولۇش زۆرۈر. قارىغاندا ئوبۇل ھاشىم ئاشۇ «بولۇش» لارنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغاندەك قىلىدۇ، بۇ يەردە شائىر - يازغۇچى دېگەن گەپلەر چىقىپ قالدى. بۇ بىزنى نېمىگە ئۈندەيدۇ؟ ئەمدى بىز كارخانىچى ئوبۇل ھاشىمنى بىر دەقىقە ئۇنتۇپ، شائىر - يازغۇچى ئوبۇل ھاشىمغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. كارخانىچىلىق بىلەن شائىر - يازغۇچىلىق سىغىشالارمۇ؟ بۇ توختىلىشىمىز ئوبۇل ھاشىمنى بىلىشتە بەكلا مۇھىم.

ئوبۇل ھاشىمدىكى ئەدەبىيات ھەۋىسى ئۇ «رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان يىللاردا ئويغانغان، بىخلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئاشۇ ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە ياخشى بىر ئوقۇرمەن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ياخشى بىر زوقلانغۇچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىر چۈشەنگۈچى بولۇپ يېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇلار ئۇنى ئاستا - ئاستا ئەدەبىياتقا، شائىر - يازغۇچىلارغا يېقىنلاشتۇردى. ئەدەبىياتنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسىغا، ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ خالىس ياردەم بەرگۈچىسىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسى 1992 - يىلى خوتەن يولۇچى توشۇش باش بېكىتىگە يۆتكىلىپ

كەلگەندىن كېيىن بەكرەك ئايان بولدى. دېمىسىمۇ، خوتەننىڭ قاتناش ساھەسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى قىزغىن قوللايدىغان بىر ئەنئەنە بار ئىدى. ئاشۇ يىللاردا خوتەن قاتناش باشقارمىسىدىكى غەيرەت ئابدۇللا يولچى، تاشيول ئاسراش ئىدارىسىدىكى روزىمۇھەممەت ناسىر، قەييۇم ئابدۇقادىر شال (ھازىر ئاپتونوم ايونلۇق قاتناش نازارىتىدە)، قاتناش ھەققى يىغىۋېلىش باشقارمىسىدىكى ئېزىز مۇھەممەت شەمسى، بويا تاشيول ئاسراش ئۆچاستىكىسىدىكى ئوسمان (ھازىر ئاقسۇ تاشيول ئاسراش ئىدارىسىدە)، نىيە تاشيول ئاسراش ئۆچاستىكىسىدىكى بەكرى رەجەپلەر ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى مەبلەغ، سورۇن، قاتناش قورالى بىلەن دائىم تەمىنلەپ، ياردەم بېرىپ تۇراتتى. پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. ھەرقايسى ترانسپورت شىركەتلىرى ۋە تاشيول ئاسراش ئۆچاستىكىسىدىكىلەردىمۇ قىزغىن قوللىغۇچىلار، ياردەم بەرگۈچىلەر بار ئىدى. مانا شۇ ئەنئەنە ئوبۇل ھاشىمغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باش بېكەت باشلىقى كۆرسىتىشىغا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسىغا ئايلاندى. خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەيلى ئۇ قايسى ناھىيەدە، قايسى يېزىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولسۇن قاتناش قورالى باش بېكەتتىن تەخلىنىپ تۇردى يېتىشمىگەن مەبلىغىمۇ تەمىنلىنىپ تۇردى. 2003 - يىلى 28 - ئىيۇلدىن 31 - ئىيۇلغىچە باش بېكەت نامىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «يىپەك يولىدىكى كارۋان» نامىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئاشۇ قوللاشلارنىڭ ئەۋجىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قوللاش، ياردەم بېرىشلەر ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

ئوبۇل ھاشىم ۋە ئۇ باشقۇرغان كارخانىنىڭ ئەدەبىياتنى

قولىنىشى ھەرگىزمۇ ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشغا ياردەم بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنى ئۇسكۇنە جەھەتتىن سەرەمجانلاشتۇرۇش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا ياردەملىشىش، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى سۇ قىلىپ بېرىش ۋە ئۆلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلىرىغىچە ياردەم قىلىش — ئەنە شۇ كېيىنكى قوللاشلار جۈملىسىدىن. بۇ يەردە غوجىمۇھەممەت توغرىسىدىكى ھېكايىنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈش كېرەك. غوجىمۇھەممەت كىم؟

*«ئۇ بىر ئەبلەخ، بىلمەس ياشاشنى،*
*ئۆتتۇز يىلدا ئۆتكەندى ئاران*
*ئىچ - ئىچىدىن مۇڭلۇق يىغلاشنى،*
*ئۆتتۇز يىلدا ئۆتكەندى ئاران*
*سۆيگۈ ئۇچۇن قانداق ئۆلۈشنى.*

..............

*ئادەم بولۇپ يارالغاچقىلا،*
*ياشاپ كەلدى ئادەملەر ئارا.*
*سۆيگۈ ئۇچۇن توقۇدى داستان،*
*باھار رەڭلىك جىنازىسىدا.*
*شائىر بولۇپ يارالغاچقىلا،*
*شېئىر يازدى ئۆلۈپ ئولتۇرۇپ.*
*چىڭ قۇچاقلاپ جەسىتىنى، ئاھ!*
*يىغلىدى ئۇ كۈلۈپ ئولتۇرۇپ.*

..............

*مەڭگۈ كىيىم كىيمەيدىغان گۈل،*
*مەڭگۈ كىيىم سالمايدىغان قىز.*
*مەڭگۈ ئۆلۈپ كەتمەيدىغان ئاي،*
*مەڭگۈ ئۆچۈپ كەتمەيدىغان ئىز ...*

*ئۇنى يالاپ ئاپاردى بۈگۈن،*
*قەلبىدىكى دارىنىڭ ئالدىغا.*
*سۇندۇرۇپ دار تۈۋرۈكلىرىنى،*
*يۈگۈردى ئۇ يارىنىڭ ئالدىغا.*
*يار ئۆلدى!*
*تۇۋلىدى ئاھ، ھەسرەتلىك بىر كۈي،*
*يىقىلدى ئۇ تارىنىڭ ئالدىغا ...①»*

غوجىمۇھەممەت دېگەن ئەنە شۇ. شەكسىز، ئۇ زامانىمىزنىڭ شاھ مەشرىپى، ئاخىرقى چاغلىرىمىزنىڭ ئوت نەپەس شائىرى، ۋاھالەنكى، ئاشۇ غوجىمۇھەممەت:

«.........
*ۋىسال ئارغامچىسىدىن بىردەم ئۈزەي قەلبىم قاناتلانسۇن*
*چۈشۈمدە بىر كۆرەي يارنى، مېنى ئاۋارە ئەتمەڭلار.*
*جاھانغا بىر كېلىپتۇرمەن، ئۆزۈمگە لىق تولۇپتۇرمەن،*
*ئازارى، غەلۋە - ماجىراغا مېنى نىشانە ئەتمەڭلار.*
*ئۆلۈكلەر ئۆتتى ئالدىمدىن، ياقىسى چاك - چاك مەجنۇن،*
*جىنازا كەينىدىن ماڭغان مېنى پىيادە ئەتمەڭلار.*
........②»

دەپ پەرياد ئۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ھايات تەشۋىشلىرى ئۇنى بوش قويۇۋەتمىدى. غوجىمۇھەممەت فابرىكىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدى. كىرىمسىز، بىر تىيىنسىز قالدى. بىراق، شاھ مەشرەپىنىڭ چاغلىرىدىكىدەك مازارۇ - گۆرىستانلارنىڭ ئالتە قۇلاقلىق مىس قازىنىدا شىلەن — ئۇماچ قايناپ تۇرىدىغان زامان بولمىسا بۇ، ئەمدى جاننى قانداق جان ئېتىدۇ؟ جان چاڭگىسى بولمىش تەننى نېمە بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ؟

«.........

*غېرىب بىر ئۆي ئىرۇر قەلبىم چىراغى يوق گۆرىستاندەك،*
*كۆتۈپ شەمئى ۋىسالىڭنى كېسەل ئىتتەك قاۋاپ ياتتىم.*
*يىرىك ئاقتى پۈتۈن پىكرۇ خىيالىمدىن سىنى ئويلاپ،*
*گويا يالغۇز مۈشۈك ئوخشاش يارامنى مەن يالاپ ياتتىم.*
*ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقۇمغا قان، يېدىم ھەمدە ئۆز گۆشۈمنى مەن،*
*سوغۇقلاردا قۇرۇق قاقشال سۆڭەكىمنى قالاپ ياتتىم.*
.........③»

دەپ نالە قىلغانغا قورساق تويارمىدى؟ ئايدا ئەمەس، يىلدابىرەر قېتىم كېلىدىغان ئازغىنە قەلەم ھەققى بىلەن جان ساقلىغىلى بولارمۇ؟

غوجىمۇھەممەتكە ئىككى تەڭگە پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش - ئورۇن تېپىش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقان بىر پېشقەدەم جاھانغا كۆپ ئارىلاشمايدىغان، تونۇش - بىلىشسىز غوجىمۇھەممەتكە ئىش ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپتى. ئاخىر ئوبۇل ھاشىمنى تاپتى. ئوبۇل ھاشىم نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «بوپتۇ ئاكا، مەن ئورۇنلاشتۇراي، بىز باقساقمۇ بولىدۇ. بىر شائىرنى باققانغا شىركەت نامراتلىشىپ كەتمەس...» بۇ 2004 - يىلى دېكابىرنىڭ سۈزۈك ئاسمانلىق بىركۈنى ئىدى. مانا تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. غوجىمۇھەممەت ئوبۇل ھاشىمنىڭ يېنىدا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. ۋاقىتلىق ئەمەس. ئوبۇل ھاشىم ئۇنىڭ فابرىكىدىكى ئارخىپ - رەسمىيەتلىرىنى تاپتۇرۇپ يۆتكەپمۇ كەلدى. گۇما ناھىيەسىدىكى يولۇچى توشۇش بېكىتىدىن خوتەندىكى باش بېكەتكە ئالماشتۇرۇپمۇ ئەكەلدى. مەقسەت نېمە؟ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش.

شائىر - يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش - خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل

بۆلۈش ھەرقانچە بولسا، شۇنچىلىك بولار. بۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان، شېئىرنى ھېس قىلالمايدىغان قايسى دىرېكتورنىڭ قولىدىن كەلسۇن؟! خۇلاسە شۇكى، ئوبۇل ھاشىم ئەدەبىياتنىڭ، ئەدەبىي پائالىيەتلەرنىڭ، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى ۋە ياردەم بەرگۈچىسىدۇر. ۋاھالەنكى، قوللاش - ياردەم بېرىش بىلەنلا شائىرلىق - يازغۇچىلىق ماقامىغا يەتكىلى بولماس. بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە تەڭ ئەمەس. باشتا بىز ئوبۇل ھاشىمنىڭ شائىرلىقى، يازغۇچىلىقى ھەققىدە توختىلىدىغانلىقىمىزنى قەيت قىلغانىدۇق. ئەمدى نەق ئاشۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلەيلى.

ئوبۇل ھاشىم شائىرمۇ؟ ئوبۇل ھاشىم يازغۇچىمۇ؟ شېئىر - داستان، ھېكايە - پوۋېست يازالامدۇ؟ بۇ يەردە «ھەئە، شۇنداق، يازالايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ يەردە ھۆكۈمىمىزنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس — پاكىت بولۇشى كېرەك. توپلام نەشر قىلدۇرغان بىر قەلەمكەشنىڭ يازالايدىغان - يازالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ يۈرۈش بىھۇدە ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە بىھۇدە. لېكىن، بۇ زۆرۈرىيەتنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئېغىر گۇمانخورلار ھادىسىسى تەقەززا قىلىدۇ. كۆپلەرگە مەلۇمكى، خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، بىرەر ئەمەلدار، رەھبەر ياكى بىرەر زەردار بايۋەچچە ئەسەر ئېلان قىلسا، «كىم يېزىپ بەردىكىنە؟» دەپ گۇمان قىلىدىغان، «پالانچىنىڭ يېنىدا پوكۇنچى بار ئەمەسمۇ، شۇ يېزىپ بەرگەن گەپ ...» دەپ ئىغۋا توقۇيدىغان ئىللەت ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. شائىر - يازغۇچى ئوبۇل ھاشىممۇ كارخانا باشلىقى — ئەمەلدارلىق، ئالدىن بېيىغان بايۋەچچىلىك سالاھىيىتى بىلەن ئاشۇ گۇمان ۋە پىتنە - پاساتلار ئوقىغا نىشان بولمايمۇ قالمىدى. تېخى يېقىندىلا نۇرمۇھەممەد توختى بىلەن ئوبۇل ھاشىمنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشقان بىرى «ئۇنىڭ يېنىدا بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شائىر بار دەپ ئاڭلىدىم...» دېگەن گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ غوجىمۇھەممەتنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. سۆز ئۇراندىن «ئۇنىڭغا غوجىمۇھەممەت يېزىپ بېرىۋاتامدىغاندۇ - ھە» دېگەن گۇمان بۇقسۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەملەرگە نېمە ئامال؟ «ئاغزىڭنى يۇم!» دەپ ۋارقىرىغىلى بولامدۇ؟ شۇڭا، مۇشۇ پۇرسەتتە ئوبۇل ھاشىمنىڭ يازالايدىغانلىقىنى، يازالىغۇدەك ئەدەبىي تەربىيەلىنىشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىر قېتىم ئىسپاتلاپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر.

1. مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ گۇۋاھلىقى

بۇ 1998 - 1997 - يىللىرىدىكى ئىش. داڭلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت قايسىبىر كومپانىيە بىلەن بىللە خوتەنگە قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنلەر ئىدى. خوتەننىڭ ئىسسىق تەبىئەتلىك كىلىماتىدىنمۇ ياكى كاۋاپ - گۆشگىردىلەرنىڭ ھارارىتىدىنمۇ، ئۇنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ كېتىپ، بۇرنى قاناپ كەتتى. خېلى جىق ئېسىل قان بىھۇدە ئېقىپ كەتتى. توختىتىشقا ئامال بولماي، شۇ ئاخشامدىلا ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەشكە توغرا كەلدى. ئىككىنچى كۈنى روزى سايىت، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، نۇرمۇھەممەت توختى ۋە بىرقانچە ياش قەلەمكەش كېسەلخانىغا ياتقۇزۇلغان ئوسمانجاننى يوقلاپ باردى. قەلەمكەشلەر يىغىلغان يەردە نېمە پاراڭلار بولمىغان دەيسىز؟ ئاشۇ كېسەللەر ياتقىدا شۇ چاغدىكى خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا يولچىنىڭ يېڭى نەشر قىلغان شېئىرلار توپلىمى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالدى، پاراڭ ئارىسىدا بىرى: «روزاخۇن ئاكا، ئۇڭدىن ياردەم قىلىپ، سولدىن يۆلەپ يۈرۈپ غەيرەتنىمۇ شائىر قىلىپ چىقتىڭىز - ھە» دەپ تىل سوزۇپ قالماسمۇ، بۇ ئاشۇ خېلى ئۇمۇملاشقان گۇمانخورلۇقنىڭ بىمەھەل ئاشكارىلىنىشى ئىدى. روزى سايىتقا ئۆزى ۋە تۆھمەتكە قالغان غەيرەت ئابدۇللا

يولچىنى ئاقلاپ چىقىشقا توغرا كەلدى. ئۇ ھالال لەۋزى بىلەن خېلى چىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىمۇ، ھېلىقى تىلى ئۇزۇن قايىل بولمىدى. ئۇ روزى سايىتنى گەپكە سېلىش ئۇچۇن ئېغىز تاتلاۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئاخىر روزى سايىت: «ئەسەر ئېلان قىلمىغان ھەممە ئادەمنى يازمايدۇ، يازالمايدۇ دەپ ئويلىساق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېلان قىلمىغان بىلەن يېزىپ تاشلاپ قويىدىغان، مەشىق قىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشى بار بۇ جەمئىيەتتە. مەن يېقىندا ياش بېكەت باشلىقى ئوبۇل ھاشىمنىڭ شېئىرلىرىنى كۆردۈم، بىكار ۋاقىت تاپسىلا يېزىپ قويىدىكەن. لېكىن، مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ باقماپتۇ. يازغانلىرىنى مەشىق ئورنىدا كۆرۈپ، ئىش ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىغا تاشلاپلا بولدى قىلىدىكەن. ھازىر سىز غەيرەت تۇپلام چىقارسا مەندىن كۆردىڭىز. بىر كۇنلەر كېلىپ ئوبۇل ھاشىم ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىسا، يەنە مېنى شائىر ياراتتى دەرسىزمۇ ...» دېدى سەممىيلىك بىلەن ...

كېسەللەر ياتىقىدىكى ئاشۇ پاراڭلارنىڭ داۋامىغا ئەزۋەيلەپ يۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىزگە لازىمى روزى سايىتنىڭ گۇۋاھلىقى. ئوبۇل ھاشىم ۋۇجۇدىدا خېلى ئىلگىرىدىنلا يېزىقچىلىق ھەۋىسى بارلىقى ۋە مەشىق قىلىپ تۇرغانلىقىغا بېرىلگەن گۇۋاھلىق. ھەيھات، روزى سايىت ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىپ توپتوغرا ئۇچ يىلدىن كېيىن، ئوبۇل ھاشىم ئاندىن تۇنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ھېلىقى گۇمانخورلار ئەمدى كىمدىن گۇمان قىلىپ، كىم ئۇستىدە پىتنە تېرىپ يۇرەر.

2. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گۇۋاھلىقى

خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاسىم ياسىن خېلى دۇرۇس ئادەم سانىلىدۇ خوتەندە. ئەنئەنىۋى تەربىيەلىنىشى ۋە زامانىۋى بىلىمى يېتەرلىك، گەپ - سۆزى جايىدا، قولى

ئۆزۈن، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن ئەل - ئاغىنىلىرى ئارىسىدىمۇ ئوبدانلا تىناۋەتلىك. ئوبۇل ھاشىم مانا شۇ دەۋران سەرخىلى توغرىسىدا بىر پارچە شېئىر يېزىپ «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلغان. ئاشۇ شېئىرنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا پېرسوناژنىڭ ئۆزى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بىر يىغىن ئارىلىقىدا تىككىمىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئوبۇل زەنجالڭ كۆزۈمچىلا ماڭا بېغىشلاپ بىر پارچە شېئىر يېزىپ چىقتى. بىر مىسرا يازسا، بىر مىسرا ئوقۇپ ئولتۇردۇم. شېئىرنى پۈتكۈزۈشكە ئانچە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلمىدى. ئۇ راستىنلا شېئىر يازالايدىكەن، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بار ئىكەن ...»

مانا بۇ «شاھنامە» نىڭ يېرىم شېئىرلىرىنى، «كەلىلە ۋە دەمنە» مەسەللىرىنىڭ ئوندىن توققۇزىنى يادا بىلىدىغان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گۇۋاھلىقى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «ئۇ راستىنلا شېئىر يازالايدىكەن ...» دېگەن جۈملىسى ئۇنىڭمۇ ھېلىقىدەك پىتنە - پاساتلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىرگە بولسا، بۇ سۆز ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنىڭ غەرەزسىز گۇۋاھلىقى بولۇپ، شەك - شۈبھىسىزدۇر.

3. پاكىتنىڭ گۇۋاھلىقى

ئوبۇل ھاشىم 2004 ـ يىلى ئاۋغۇستتا تۇنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، ھازىرغىچە تۆت يىل يېزىقچىلىق مەيدانىدا چېپىپ يۈردى. 35 پارچىدەك ھېكايە، بىر پوۋېست، 50 پارچىدەك شېئىر ئېلان قىلدى. دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن «تەكلىماكاندىكى رىۋايەت» سەرلەۋھەسىدە توپلام نەشر قىلدۇردى. ئەسەرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غىمۇ ئېرىشتى. خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بىر ئىشتىن سىرتقى

قەلەمكەش ئۇچۇن ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلار ھەرگىز ئاز مىقدار ئەمەس. بۇنچىۋالا كۆپ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ھېچكىم بىرىگە يېزىپ بېرەلمەيدۇ. يېزىشىپمۇ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇسلۇب دېگەن نەرسە — توقۇلما قىلىش ئادىتى، تىل ئىشلىتىش — ئىپادىلەش ئادىتى، تېما تاللاش ساھەسى «مانا مەن» دەپ پەرقلىق تۇرسا، تولكىنىڭ قويرۇقى ئېچىلىپ قالمايدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ باشقا ئىشلاردا ھاۋالىگە بازار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يېزىقچىلىق مەيدانىدا ھاۋالە قىلىشقا ئورۇن يوق. بولۇپمۇ ساپ ئەدەبىيات مەيدانىدا.

مانا بۇ پاكىت ۋە رېئاللىقنىڭ گۇۋاھلىقى، 2 - 3 توپلام بولغۇدەك نەزمىي - نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقى. بۇنداق گۇۋاھلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز يۇقىرىقى پاكىت ۋە گۇۋاھلىقلارغا تايىنىپلا باشتىكى سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىشكە تامامەن ھەقلىق — ئوبۇل ھاشىم شائىر ۋە يازغۇچىدۇر. ئۇ شېئىر - داستان ۋە ھېكايە - پوۋېست يازالايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇستىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. شېئىر — چۈشىنىشنى ئارتۇق تەقەززا قىلمايدىغان، پەقەت ھېس قىلسىلا بولىدىغان قەلب ساداسى بولغانلىقتىن، ئوبۇل ھاشىم شېئىرلىرى توغرىسىدا توختىلىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىگە نەزەر سالايلى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى خىزمەت ئالدىراشلىقلىرى ئارىسىدىكى قىسقىغىنە بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «باشقىلار قورۇق پاراڭ سېلىشقا، راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە سەرپ قىلغان ۋاقىتلاردا مەن يېزىقچىلىق قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالىدۇ. ئەسلىدە ھەممە كىشىگە بېرىلگەن ۋاقىت ئوخشاش بولۇپ، ئارىدىكى قىسقا پەيتلەردىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلەر

پايدىلىنىشنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئەمەلىيىتىدە بۇ نۇقتا تولۇق ئىسپاتلاندى. ئۇ كۆندىلىك خىزمەت ئالدىراشلىقلىرى ئارىسىدىكى بىرەر - بىرەر ئۇچراپ قالىدىغان بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، كارخانىچى ئوبۇل ھاشىمنىڭ ھويلىسىدا شائىر - يازغۇچى ئوبۇل ھاشىمنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ چىقتى. ئوبۇل ھاشىم بىلەن ئوخشاش بەزى كارخانىچىلارنىڭ ھويلىسىدا بولسا، ئەلۋەتتە بۇنداق ھەيكەل يوق.

ئوبۇل ھاشىم ھېكايىلىرى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن پۈتۈنلەي كىشىلىك ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ نۇقتا ئادەمنى تېخىمۇ بەكرەك قايىل قىلىدۇ. بىر قىسىم ئالدىن بېيىپ كەتكۈچىلەر قىپيالىڭاچ ھالدا ئىستېمال كۆلچىكىگە ئۆزىنى ئېتىپ باشقا مۇقەددەس ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، ھەقىقەت، ئادالەت، ئىنساب، ساخاۋەت، ۋىجدان، مېھرىبانلىق دېگەنلەرنى پۇلغا ئايرىباشلاپ، بۇ دۇنيادا مەئىشەتتىن ئۆزگە ھېچنېمە يوقتەك يۈرۈۋاتقان، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى كۆزگە ئىلمايۋاتقان ئەھۋالدا يەنە بىر ئالدىن بېيىپ كەتكۈچى ئەخلاق جاكارچىسى، مېھرىبانلىق تەرغىباتچىسى، ئىنساب ئەسكەرتكۈچىسى، ئادالەت ياقلىغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ قەدىرلىك تەسىرات قالدۇرىدۇ ئەمەسمۇ. ئوبۇل ھاشىمنىڭ تۇنجى ھېكايىسىدىن ئاخىرقى ھېكايىسىغىچە تولۇق ئوقۇپ چىققان ناتونۇش ئادەم، ئۇنى ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ جاكارچىسى، قوغدىغۇچىسىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇ ئېغىشماي ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى، ۋاپادارلىقنى، ساداقەتمەنلىكنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

ھېكايىلەردە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خىزمەت ئىنتىزامى ۋە تەرتىپىنىڭ ئۈستىگە قويدى. روشەنكى، ياخشىلىقنى قەدىرلىمىگەن، گۈزەللىكنى مەدھىيەلىمىگەن، قاباھەت ۋە نادانلىقنى لەنەتلىمىگەن ھەرقانداق يازما كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئوبۇل ھاشىم ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قۇسۇر تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئۇنىڭ ئۆز ئەخلاق قارىشى ۋە ئەخلاق تەربىيەلىنىشى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، كارخانا شىركەت مەدەنىيىتى يارىتىش — ئۇنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى ئەمەسمۇ.

ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي تەرىپى، سۈپىتىگە توختالساق، يۇقىرى باھا ئوتتۇرىغا قويۇش — پۈۋلەپ كۆپتۈرگەندەك ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئوبۇل ھاشىم ھېكايىلىرىدىكى قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلا خىل، تۈز لىنىيەلىك ئىكەنلىكى، تۇرمۇشنىڭ بىرلا كارتىنىسى ئىكەنلىكى، باياننىڭ كۆپ، تەسۋىرنىڭ ئازلىقى، چۈشەندۈرۈش جۈملىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۇرمۇش تىلى ئىشلىتىپ، بەدىئىي تىل سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكى، بەكلا ئاممىباب بولۇپ قالغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ ۋە ئېيتىپ يۈرىدۇ. بۇنداق مەسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاپتورنىڭ خىزمىتىدىكى ئالدىراشلىقلارغا، كۆپرەك ئويلىنىش، كۆپرەك ئۆزگەرتىشكە ۋاقىت يېتىشتۈرەلمىگەنلىكىگە دۆڭگىتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۇ تامامەن ھەل قىلىپ كېتىشكە بولىدىغان مەسىلىلەر. ئوبۇل ھاشىم يېڭى ھېكايىلەرنى يېزىشقا تاپقان ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى مۇتالىئە قىلىشقا، ئەدەبىياتنىڭ

نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشىلا بۇ مەسىلىلەر ئاستا ـ ئاستا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆچرىشىدىغان ئادىمى كۆپ، ئاڭلايدىغىنى كۆپ، جەمئىيەتنى ئوبدان چۈشىنىشكە پۇرسەت بار، تۇرمۇش جۇغلانمىسى مول. مۇشۇ تەرەپ ئۇنى ياخشى تېمىلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئۇ ياخشى بەدىئىي تەربىيەلىنىش كاپالىتىگە ئېرىشسىلا يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقىرىدا مەسىلە دەپ تىلغا ئالغانلىرىمىز بەك يۇقىرى تەلەپنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىلەر ئوبۇل ھاشىم ھېكايىلىرىنىڭ ئوقۇشچانلىقىغا، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئانچە چوڭ نۇقسان يەتكۈزەلمىگۈدەكمۇ قىلىدۇ. ئۆچرىغانلا كىشىنىڭ ئۇنىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلىدىغانلىقى ۋە ئاپتورنىڭ ئۆيىدىكى مومايىنىڭ ئۇنىڭ بەزى ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتكەنلىكى بۇنى دەلىللەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى قىسقىلىقىدا. تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كەتكەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاشۇنداق قىسقا يېزىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، قىسقا يازالىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ماھارەت. قىسقا ھېكايە يېزىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مىساللىرى چەت ئەل ئەدەبىياتىدىنمۇ، جۇڭگو ئەدەبىياتىدىنمۇ تېپىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ رومانچىلىقتا سىبلىشتۇرۇپ كەمسىتىدىغان ژانىر ئەمەس. كېيىنكى چاغلاردا ئوبۇل ھاشىم خاس دىيالوگ ئارقىلىق ھېكايە قىلىشنىمۇ سىناپ كۆردى ۋە يامان ئەمەس تەسىرات پەيدا قىلدى. خاس دىيالوگ ئارقىلىق ھېكايە مۇھىتى يارىتىش ۋە ئوبراز ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ 80 ـ يىللاردا يېڭى ئۇسۇل دەپ قارالغانلىقىمۇ يادىمىزدا. قىسقا ھېكايىچىلىقنىڭ بۇ خىل

دىيالوگدىنلا پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئەلۋەتتە ئارتۇقچە بايان ۋە ئەگىتمە تەپسىلاتلارغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئالدىغا ھېكايىنىڭ نەق ئۆزىنىلا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى تېجەپ قالىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ يوق ئەمەس. ئەگەر دىيالوگ چىنلىق پۇرىقىدىن ئايرىلىپ قالسا، مەغلۇپ بولغىنى شۇ، بۇنداق يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ كېتىش — يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. ماھارەت بولسا قايتا - قايتا مەشىقنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقتىن، ئوبۇل ھاشىمنىڭ بۇ خىلدىكى ھېكايىلىرىنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. بەلكىم ئۇ كېيىنكى ئىزىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئىلگىرىكىلەردىن ئېشىپ كېتىش، زاماندىشلىرىدىن ئېشىپ كېتىش، ئالدىنقى قېتىملىق ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشنى ئورۇنلىيالىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئوبۇل ھاشىمنىڭ 2007 - يىلى 11 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە بىرلا ۋاقىتتا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى يەنە بىر يان تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئوبۇل ھاشىمدەك ھەم كارخانىچى، ھەم ئەمەلدار، ھەم يازغۇچىنىڭ رەئىسلىككە سايلىنىشى، ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا كۆپ پايدىلىق.

ئوبۇل ھاشىمنىڭ شەخسىي خىسلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ بەك كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئۇنىڭ كەمتەرلىكى. باشقىلارغا قانداق،

بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما ئۇ شائىر - يازغۇچىلار ۋە چوڭ باشلىقلار ئارىسىدا ھەرىكەتتىمۇ، سۆزدىمۇ باشتىن - ئاخىر تولىمۇ كەمتەر بىر ھالەتنى ساقلاپ كەلدى. سورۇن - سۆھبەت، يىغىلىش - ئەنجۇمەنلەردە ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ تۆردە ئولتۇرغانلىقىنى چىلىقتۇرمىدۇق. ھەتتا ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۇنىڭ ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ داستىخان سالغاندىمۇ تۆرگە ئۆتۈشكە ئۇنىمىغانلىقى يادىمىزدا. يۇمىلاق شىرەنىڭ تۆر - پەگاھسى يوققۇ، شۇنداقتىمۇ ئىشىككە يېقىن تەرەپ بىلەن ئىشىككە يىراق تەرەپنى ئايرىماق تەس ئەمەس. ئۇ دائىم ئىشىككە ئەڭ يېقىن تەرەپتە ئولتۇرۇۋالىدۇ. تېزلا سورۇندىكى مۇلازىمەتچىگە ئايلىنىۋالىدۇ. تونۇشلار بىلەن ئۇچراشقاندا بۇرۇن سالام بېرىش، بۇرۇن ئەھۋال سوراشمۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىكىگە قىنىق رەڭ بەرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ كەمتەرلىكى باشقىلارنى خىجىل قىلىپ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. تولىمۇ مۇۋاپىق ۋە يېقىشلىق. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى، ئىسسىق چىرايلىقىنى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە خۇشتارلىقىنى، كىشىلەرگە دوستانىلىكىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خوتەن جەمئىيىتىدىكى دوست - ئاغىنىلىرى ئەڭ كۆپ كىشىلەرنىڭ بىرى. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگەندەك ئىش ئەمەس. «لازىمى بار تاشنىڭ ئېغىرى يوق» قۇ. ئۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ھەر زامان تەييار تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۇنى قەدىرلىشى ۋە ھۆرمەتلىشىمۇ شۇ

سەۋەبتىن. ئۇنىڭ ئىچىدىن ھازىرغىچە ھەرقانداق كىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئاڭلىمىدۇقكى، يامان پارىڭىنى ئاڭلىمىدۇق. بۇ ئىش ئادەمنى ئازراق تەئەججۈپكە سالىسىمۇ، مۇناسىۋەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە خەيرلىك بولماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەيلى شىركەتنىڭ ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئۆزىنىڭ، دوستلىرىنىڭ ئىشلىرى بولسۇن، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈپ بارالىشىدىكى سەۋەب — ئەنە شۇ تىلى تاتلىقلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئوبۇل ھاشىم ۋاپادار ئوغۇل. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئاتا - ئانىسى ئەڭ لاياقەتلىك شاھىت. بىز پەقەت تېلېفون ئۇرغان چاغلىرىمىزدىكى «مەن كېرىيەدە، ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ كەلگەنىدىم ...» دېگەن كۆپ قېتىم تەكرارلانغان جاۋابلارغا ئاساسلىنىپ قىياس قىلالايمىز. ئادەتتىكى پاراڭلىرىدىن بولسا، ئاتا - ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى، بەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئاتىسىنى ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا داۋالىتىپ يۈرگەنلىكىمۇ شۇ جۈملىدىن. بىرنىڭچە ئۇ يالغۇز ئوغۇل بولسىمۇ، ئۇلارنى ئون ئوغلى بارەك رازى قىلىپ كەلگەنلىكى پاكىت بولۇشى مۇمكىن. ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى، ئۆزىنى ئاسرىشىدىمۇ ئۆزگىچىلىك ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىگەن، ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەتلىگەندىلا باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە، ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ بەك بالدۇر، بەك چوڭقۇر چۈشەنگەن بولسا كېرەك. ئۆزىنى ئاسرىشىمۇ شۇ جۈملىدىن. سالامەت بولمىساڭ تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئوبۇل ھاشىمنى «ئىتتىپاق مەيدانى» ۋە شەھەر كوچىلىرىدا چېنىقىش ئۈچۈن

مېڭىۋاتقان ھالەتتە ھەر كەچ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى ئانچە كۆپ ئەمەس. مېھمان كۈتۈش ۋە مېھمان بولۇشتىن ئېشىپ قالىدىغان ۋاقىت تېخىمۇ ئاز. يېزىقچىلىق ۋە كىتاب ئوقۇشقا بىر قىسمىنى چىقىرىۋەتسەك، ئۇنىڭ باشقا ھەۋەسلىرىگە — سۇ ئۈزۈشكە، تېنىس توپ، ۋاسكېتبول، بىليارت ئويناشقا، بېلىق تۇتۇش ۋە شىكارغا چىقىشقا زادىلا ۋاقىت ئاشمايدۇ. ئۇنىڭغا قالىدىغان بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋاستىسى — پەقەتلا مېڭىش. تولۇق ئوكسىگېنلىق چېنىقىشمۇ شۇ. ئۇنىڭ مەيدان، كوچىلاردا مېڭىشلىرى، بەزىدە خىزمەتكە بارغان يەردىن، يىغىلىش - ئولتۇرۇشلاردىن ماشىنىنى قايتۇرۇۋېتىپ پىيادە قايتىپ كېلىشلىرى ئەنە شۇ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن. ئۇنىڭ ھەۋەس - قىزىقىشلىرى ئىچىدىن بىمالال قانغىنى مۇزىكا، مۇزىكىنى ھازىرقى زاماندا ماشىنىلىق كېتىۋېتىپمۇ، ئولتۇرۇش - ئەنجۈمەنلەردىمۇ، ئىشخانىدا ئىشلەپ يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپمۇ ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، ئۇنى بۇنىڭدىن تولۇق بەھرىلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا قەيت قىلىدىغىنىمىز — زامانغا ماسلىشىپ بېرىۋاتقان، دەۋرگە يېتىشىپ مېڭىۋاتقان مۇشۇ نەۋقىران توغرىسىدىكى رەسىم بالدۇر سىزىلىپ قالدىمۇ - نېمە، دېگەن خىرە - شىرە بىر ئەنسىرەشتىن ئىبارەت. تەھرىرلەر تەكلىپ قىلىپ تېلېفون ئۇرغاندا تۇنجى ئويلىغان مەسىلىمۇ شۇ. ئەمما، ئۇنىڭ پول ۋە ئەمەلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدا ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، قەلەمگە (تىلغا) ئالغۇچىلىكى يوق ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ 42 گە قەدەم قويىدى. 42 ياش دېگەن بىر ئۆمۈرنىڭ يېرىمى. دۇنيا قاراش مۇستەھكەملىنىپ بولغان، ئەخلاق ۋە باشقا ئادەتلەر يېتىلىپ بولغان چاغ. ئەمدىكى

ئۆزگىرىش كۆپ ھاللاردا ئىجابىي تەرەپكە بولىدۇ. سەلبىي تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىدىغان، «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» بولۇپ قالىدىغان ئىش كەم كۆرۈلىدۇ. ھەرھالدا مۇشۇ تىرىشچان ئوغلانىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمرى سىزىپ قويۇلدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئارتۇقچىلىقلىرى كەينىدىن كېلىدىغانلارغا ئۈلگە بولسا ئەجەب ئەمەس.

# ئەلۋىدا، جاپپار ئاكا

يولۋاس يىلىدىن توشقان يىلىغا ئۆتۈشكە ئىككى كۈن قالغاندا ئۈرۈمچىدىن يەنە قايغۇلۇق خەۋەر كەلدى. ئۇستاز جاپپار ئەمەت ئاكا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپتۇ. 70 يېشىدا ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم قايغۇغا تولدى. ئۆزۈمنى تولىمۇ مىسكىن، بىچارە ھېس قىلدىم. شائىر روزى سايىت: «يولۋاس يىلى يەنە بىر ئۇستازنى يەپ كېتىپتۇ» دېدى ھەسرەت بىلەن. ئويلاپ كۆرسەم راست شۇنداق ئىكەن. يولۋاس يىلى كىرىشى بىلەنلا مەشھۇر تارىخچىمىز، «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىنى يەپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، روزى ھېيت شادىيانىسى ياڭراي دەپ قالغاندا دوستىمىز، پېشقان مۇھەررىر، قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئەپەندىمۇ يولۋاسنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى يەنە جاپپار ئەمەت ئاكا كېتىپ قاپتۇ. زوردۇن سابىر ئەپەندى، ئەرشىدىن تاتلىق ئەپەندى، قۇربان ئىبراھىم ئاكىلارنىمۇ يولۋاس يىلى يەپ كېتىپتۇ. يولۋاس يىلى يەپ كەتكەن ئۇستازلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن. يولۋاسنىڭ نەپسىمۇ ئۇ توغرىدا ئېيتىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىكىدەكلا بەكمۇ چوڭ ئىكەن. ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ نادىرلىرىمىزنى يەپ كېتىپتۇ. كۆڭۈللەر نېمىشقىمۇ قايغۇغا تولمىسۇن؟ بىر - بىرلەپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېتىپ قالىدىغان دۇنيانى كۆرۈپ، بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرساڭ ئۆزۈڭنى مىسكىن، بىچارە ھېس قىلماسلىقتا ئامال بارمۇ؟

جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ كۆڭلىدەكلا سۈزۈك چىرايى، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، كېلىشكەن قەددى - قامىتى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، تونۇشقان، بېرىش - كېلىش قىلغان، قەلب سىرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاڭلىغان، تونۇشقان، بېرىش - كېلىش قىلغان، قەلب سىرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلگەن، چۈشەنگەن چاغلىرىم يادىمغا كەلدى. بىر ئۇلۇغ ئادەم بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتكىنىمگە پەخىرلەنگەندەكمۇ بولدۇم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مىللەتنىڭ تاجلىرى بولغان شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنى دەرسلىك ئارقىلىق بىلىشكە باشلىغانىدىم. شۇ چاغلاردا جېلىل ئىسمائىل، سايىپ خانىم، تۇرۇپ تاھىر، ئىمىن مۇھەممەت قاتارلىق ئوت يۈرەك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كېسەكتىن سېلىنغان، كىچىك مەكتەپتىكى بارلىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ياتاق بولىدىغان، كۆندۈزلىرى يىغىن زالى رولىنى ئۆتەيدىغان ئورۇندۇقسىز كونا زالىدا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتالغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئاشۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ بىرىدە چىقىپ يازغۇچىسى يۇلئۇس فۇچىككە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوقۇتقۇچىمىز جېلىل ئىسمائىلنىڭ ئاجايىپ ياڭراق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا ھېزىم ئىسكەندەرنىڭ «نېگىر بالىسى» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا. ئاشۇ چاغدا ئورۇندۇقسىز زالدىكى سوغۇق توپىغا تىزلىنىپ ئولتۇرغان جۇل - جۇل كىيىملىك يۈزلىگەن دېھقان بالىسى ئاشۇ شېئىردا تەسۋىرلىنىۋاتقىنىنىڭ ئۆزلىرى ياكى «نېگىر بالىسى» ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قېلىشقانىدى. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. جېلىل ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ





دىپلوماتىيەسىدىن كېيىن مەن ھېزىم ئىسكەندەر دېگەن خوتەنلىك شائىر بولسا كېرەك. «نېگىر بالىسى» نى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزگە ئىشارە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ۋە ھېزىم ئىسكەندەر توغرىسىدا مۇئەللىمدىن سورىدىم. مۇئەللىم ماڭا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «شېئىرلار» ناملىق كىتابنى بەردى. ھېزىم ئىسكەندەرنىڭ قازاقىستانلىق ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكىنى، خوتەنلىك ئەمەسلىكىنى بىلگىنىمدە كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە ئەسىرى بېرىلگەن، تونۇشتۇرۇلغان يازغۇچى - شائىرلار ئىچىدە خوتەنلىكلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىمۇ ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى. مەن شۇ چاغدا جىلىل ئىسمائىل مۇئەللىمدىن «خوتەنلىك شائىر يوقمۇ؟» دەپ سورىدىم. «بار» دېدى مۇئەللىم. «ئۇ كىمكىن» دېگەن سوئالىمغا مۇئەللىم «جاپپار ئەمەت» دەپ جاۋاب بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئاشۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ئىسىم قەلبىمگە غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ ئورنىشىپ قالدى. كېيىن مۇئەللىم ماڭا خوتەننىڭ ئاشۇ بىردىنبىر شائىرىنىڭ مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ چاغلاردا تېخى شۇنداق بىر مەشھۇر شائىرنىڭ نېمىشقا ئاشۇنداق يامان كۈنلەرگە قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ھۆرمەتلىك ئىسىمنى قەلبىمنىڭ تۆرىدە ساقلاپ يۈردۈم.

تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئېھتىمال 1963 ـ يىلى كۈز ياكى 1964 ـ يىلى ئەتىياز بولسا كېرەك. بىركۈنى ئەدەبىيات دەرسى باشلىنىش ئالدىدا ئۇللۇق چىراي بىر ئادەم سىنىپىمىزغا كىرىپ، ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا بىرىپ ئولتۇردى. ئۇ كىشى ناتونۇش ئىدى. مەكتەپتىكى 40 - 50

ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى بىزگە تونۇش بولغاچقا، بىز ئۇ كىشىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدۇق. خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن بىرەر ئەمەلدار بولسا كېرەك، دەرس ئاڭلاپ باققىلى كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتۇق. لېكىن ئۇ كىشىدە ئەمەلدارلىق كىبىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ بولغانىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەريەم مۇھەممەت سىنىپقا كىرىپ دەرسنى باشلىدى. ئۇ كۈنى يېڭى دەرس ئۆتۈلمىدى. خانىم مەشىق ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى، قىسقا ھېكايە يېزىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز ھەيران بولدۇق. ئادەت بويىچە، بىرەر كىم، بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن بىرەر تەكشۈرگۈچى دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەندە، چوقۇم يېڭى دەرس ئۆتۈلۈشى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ دەرس سۆزلەش ماھارىتىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئەمەس، ئاشۇ سىرتتىن كەلگەن ئاڭلىغۇچى، تەكشۈرگۈچى ئالدىدا نامايان قىلىشى كېرەك ئىدى. «خانىم ئاشۇ ئارقىدا ئولتۇرغان كىشىنى كۆرمەي قالغانمىدۇ؟» بىز بىر خانىمغا، بىر ئارقىدا ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قوياتتۇق. خانىم خۇددى ئۇ ئادەمنى كۆرمىگەندەك مەشىق ھېكايىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز نېپىز ئاق قەغەزنى ياكى پاتلىق خوتەن قەغىزىنى تېشىپ تىكىۋالغان دەپتەرلىرىمىزنى (ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭ تىترات دەپتەر سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق ئىدى) ئېلىپ، ئۆزىمىز بىلگەنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشتۇق. ئارىدا بىرەر ۋاراق قەغەزنى بوياپ چىققان ياكى يېرىمى خەت يېزىلغان ۋاراقنى يىرتىپ - پۇرلاپ پارتا تېگىگە تاشلىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. مەن پات - پات كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ قوياتتىم. بىر چاغدا ھېلىقى ناتونۇش ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، پارتىمۇپارتا يېرىپ، يازغانلىرىمىزغا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

مەريەم خانىم بىلەن نىمىلەرنىدۇر دېيىشتى. خانىم بىزنى بىردەم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا چاقىردى ۋە ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ:

— ساۋاقداشلار، ئازراق ۋاقتىڭلارنى ئالماقچىمىز. سىلەرنىڭ يېزىقچىلىق مەشقىڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەن داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدىم. ئۇ ھازىر سىلەرگە ھېكايىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنى تەكلىپ قىلايلى، — دېدى.

بۇ چاغدا مېنىڭ كۆزلىرىم پىيالىدەك ئېچىلىپ، ئالدىمدىكى ئېسىل سۈپەت ئادەمگە قادىلىپ قالغانىدى. ئۆزۈمنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا ئاشۇ ئىدى. مەن ئۆزۈمنى كىتاب يۈزىدىكى ياكى سۈرەتتىكى شائىرنى ئەمەس، راستىنلا ئالدىمدا تۇرغان شائىرنى كۆرۈش بىلەن، يەنە كېلىپ خوتەندىكى بىردىنبىر تىرىك شائىرنى كۆرۈش بىلەن چەكسىز بەختلىك سېزەتتىم. قەلبىمدە ھۆرمەت، ئېھتىرام ئارىلاش بىر خىل ھاياجان لاۋۇلدايتتى. بۇ مېنىڭ كونا ژۇرناللار ۋە بىرلەشمە توپلاملاردىن جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشۇم خېلىلا كۈچەيگەن چاغلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ كۈنى شائىرنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. شۇ كۈنى ئۇ بىزگە يازماقچى بولغان تېمىنى قانداق تاللاش ۋە رەسمىي يېزىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال پىلاننى قانداق تۈزۈش توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. سۆزلىرى ئاددىي، چۈشىنەرلىك ۋە راۋان ئىدى. ئېھتىمال مەن ئاشۇ كۈنى تۇنجى قېتىم ئىلھامنىڭ قوزغىلىشى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەرنىڭ مەنىسىزلىكىنى، يېزىقچىلىق دېگەننىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق، جاپالىق ئىلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. يېزىقچىلىققا

بولغان دەسلەپكى ئىشتىياق بەلكىم قەلبىمدە شۇ كۈنى بىخلانغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى چاغلاردا مەن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ۋە هازىر ياشاۋاتقان بارلىق داڭلىق ئۇيغۇر شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆردۈم ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىمدا خۇشال بولغان، ھاياجانلانغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن جاپپار ئەمەت ئاكىنى كۆرگەن ئاشۇ تۇنجى قېتىمقىدەك كۈچلۈك ھاياجان ھالىتىدە بولدۇممۇ ـ يوق. بۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. جاپپار ئەمەت ئاكىنى تۇنجى كۆرگەندىكى ئاشۇ ھاياجان تۇيغۇسى تا ھازىرغىچە قەلبىمدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەتلىك ھەرىكەت باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي بىز بىر قېتىم خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قورۇسىغا (ھازىرقى قورۇ ئەمەس) كېلىپ، ئۇ يەرگە چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆردۇق. ئاشۇ يەردە شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا ئۈستىدىن يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرمۇ بار ئىكەن. گومىنداڭ ۋاقتىدا ئەركىنلىك ـ ئازادلىق ئىنتىلىشلىرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ھەپسىگە تاشلانغان شائىرنىڭ بېشىغا يەنە كۈلپەت چۈشكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەن شۇ كۈنى شائىرنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ يېزىلغان «ئازاد گۈلىستانىڭ قېنى» دېگەن شېئىرىنى ۋە شۇ شېئىر توغرىسىدىكى تېتىقسىز تەھلىللەرنىمۇ كۆردۈم. بۇ شېئىر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا يوقىتىلغاندىن كېيىن مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىندى. بەزىلەر شېئىرنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قارىتىلغان دېيىشىپ يۈردى. مېنىڭچە، بۇنداق دېيىشمۇ، بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شائىرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك پىكىر، ئىرادە ۋە ئىزدىنىش ئىزچىللىقىدىن قارىغاندا، بۇنداق دېيىش شائىر ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ،

ئۇنى كىچىك، يۈزەكى ئىشلارنى ئويلايدىغان، مىغىزغا ئەمەس، شاكالغا ئەھمىيەت بېرىدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭ كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا شائىر بىلەن قىلغان باردى - كەلدىلىرىم ۋە ئۇنى چۈشىنىشىمدىن قارىغاندا، جاپپار ئەمەت ئاكا جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە بەكرەك ئېتىبار بېرەتتى. كېيىن شائىرنىڭ ۋە شائىر ئائىلىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار ئىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىگىرمە يىلدەك ۋاقتى تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەقىبلەر ئاستىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ شائىر ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرىدىن كۆرە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلتۈرگەن زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولدى.

خۇداغا شۈكۈر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك ھەرىكەت ئۈستىدىن توغرا يەكۈن چىقاردى. خوتەننىڭ داڭلىق شائىرى جاپپار ئەمەت ئاكا ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقتى. تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغانىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە زور غەيرەت بىلەن ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىي ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەررىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا بىر قېتىممۇ ژۇرنال نەشر قىلىنمىغان خوتەن ئۈچۈن ئاشۇ ئەپسۇسلۇق تارىخقا خاتىمە بەردى. ياش ئاپتورلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى يىللاردا خوتەندە باش كۆتۈرگەن شائىر - يازغۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ تەربىيەلىشىگە، ئۇنىڭ ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشمىگەنلەر يوق دېيەرلىك. ئادەتتە «مېنىڭ ئۇستازىم يوق» دەپ تۇرۇۋالىدىغان روزى سايىتمۇ جاپپار ئەمەت

ئاكىنى تىلغا ئالغاندا، «جاپپار ئاكام مېنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇستازى» دەيدۇ ۋە ئۆزىنى قاراڭغۇ تاغدىن يۆتكەپ كېلىش جەريانىدا جاپپار ئاكامنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ئەسلەپ كېتىدۇ.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خوتەن شەھىرىدىن 135 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دۇۋا كان رايونىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا (1979 ـ يىلى بولۇشى مۇمكىن) يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمنى كۆتۈرۈپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كەلدىم. شۇ قېتىم مەن جاپپار ئاكا بىلەن تۇنجى قېتىم يۈزتۇرا سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئۇ شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى سوۋېت ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا بېغىشلاپ يازغان بىر ئۇزۇن شېئىرىم توغرىسىدا پىكىر بەردى. شېئىر خاھىشىنىڭ سەل يوشۇرۇنراق بولۇشى توغرىسىدا توختالدى. ئەدەبىي تەربىيەلىنىشنىڭ مۇھىملىقى، كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا توختىلىپ، مېنى كۆپرەك بىلىم ئېگىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا مەن جاپپار ئاكا بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىرەر نەرسە يازالىدىم دېيىشكە جۈرئەت قىلسام، بۇلاردا جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى، ئىلھام بېرىشى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. بولۇپمۇ مەن 1984 ـ يىلى نەسرىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم پىكىر ۋە ئىلھام بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ماڭا بىر قېتىم قەلەم ھەققىگە تايىنىپ باي بولۇشقا ئۇرۇنماسلىق ھەققىدە، قەلەمنىڭ پاكىزلىقىنى، پىكىر ئىزچىللىقىنى ھەر دائىم ساقلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى

ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق تېمىلاردا يازىدىغانلارنى، كىتاب چىقىرىپ، ئەسەر ئېلان قىلىشنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەمەل - مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشنىڭ شوتىسى ئورنىدا كۆرىدىغانلارنى زادىلا مەنسىتمەيتتى. ئۇ ماڭا دائىم تېما كۆرسىتىپ بېرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى يىلى ئۇ خوتەنگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە پاتىھەگە چىققاندىمۇ، بىز بىرقانچە تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشقانىدۇق. ئەپسۇسكى، ئاشۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشىمىزنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ مانا ئەمدى ئۇ كېتىپ قاپتۇ، بىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ! ئۆزى 55 يىل سۆيۈپ شۇغۇللانغان، ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلىگە ئايلانغان ئەدەبىياتىمىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

جاپپار ئەمەت ئاكا خوتەننىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەنگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا ئاشۇ زىيالىيلار توپىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى داڭلىق شائىر ئىدى. 1944 ـ يىلى «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ توپتوغرا 55 يىل ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللاندى. ئەسەرلەردىن بىرى نادانلىقتا قالغان خەلقىمىزنى ئويغىتىش، ئۇلاردا ھازىرقى زامان ئېڭىنى يېتىلدۇرۇش، ئۇلارغا ئۆز قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈش يولىدا توپتوغرا 55 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بۇ نېمىدېگەن سۇنماس ئىرادە، نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار روھ! ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە، ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. جاپپار ئاكىنىڭ 70 يىللىق ھاياتىدا تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئېرىشكەنلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئەسلا

مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرىنى تېرىقچىلىق دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ تەقدىم قىلغانلىرىنى قاراقۇرۇمغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئۆمۈرۋايەت بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، مەڭگۈ ئېگىلمەسلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا جاپپار ئەمەت ئاكىنى بىر ئۇلۇغ ئادەم دەپ باھالاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ خىسلەتلىرى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ، ئەلۋىدا، جاپپار ئاكا !

1999 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

# چۆلنىڭ ئۆزى بىر تىراگېدىيە

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت ئاكا، سىز ئەدەبىياتىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەل سۆيگەن قەدىرلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۆزىڭىز بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولۇپ تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتلەر ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشال. ئۇزۇندىن بېرى سىز بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەندىم. قىزىققانلىرىم ۋە بىلمەكچى بولغانلىرىم دائىرىسىدە سۆھبەت قۇرۇش بۈگۈنكى ئۇچرىشىشتىكى مەقسىتىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىجادىيەت ھاياتىڭىزغا يانداشتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ سەمىمىيەت — بىز يەتمەكچى بولغان بىر يۈكسەك مەقسەت، ئەلۋەتتە.

**نۇرمۇھەممەت توختى:** رەھمەت سىزگە. ھازىرغىچە ئۆزۈم توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېيىشتىن چەتنەپ كەلگەنمەن. راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈم توغرۇلۇق سۆزلەشكە توغرا كەلسە تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن، بىر ئاز ھودۇقۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ كۈندىلىك ھاياتىمىزدا رەسمىيەتكە ئايلىنىپ كەتكەن يىللىق خىزمەت باھالاش، ئىلغارلارنى باھالاش، پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك يىغىنى... دېگەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەرلەردە لاپ ئۇرۇشقا، چەللىدە ئات چاپتۇرۇشقا، قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەپ دۆڭمۇدۆك ئېلىپ قېچىشقا بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇنداق رەسمىيەتچىلىك ئاقمايدۇ! ئۆزىگە ھەقىقىي باھا بېرىش بەكمۇ تەس ئىش. تەڭقىسلىقتا قالدىم، دېگىنىممۇ شۇ. سىزگە ئايانكى،

تەڭقىسلىق دائىم يالغانچىلىقنىڭ شۇمبۇيىسى ئۇنۇپ چىقىدىغان تۇپراق. سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىۋاتقىنىمدا مەن ياراتقۇچىدىن ئۆزۆمنى يالغان سۆزلەپ سېلىشتىن يىراق قىلىشىنى تىلەيمەن ۋە شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن. ياراتقۇچى ماڭا پاك نىيەت ئاتا قىلغاي!

**سوئال:** ئەڭ دەسلەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولغان، تۇنجى ئەسىرىڭىزنى يېزىشىڭىزغا تەسىر قىلغان ئاساسىي ئامىللار قايسى؟

**جاۋاب:** مەن ئاتالمىش «تۈرتكە بولغان نەرسە» گە تازا ئىشىنىپ كەتمەيمەن. ئۇزۇن يىللار ئەدەبىياتقا ھەۋەسلىنىپ، ئەدەبىياتتىن زوقلىنىپ يۈرگىنىم راست، لېكىن ئىجادىيەتكە قانداق ھالدا كىرىشكىنىم ئېسىمدە يوق. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىمنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى بۇرۇنلا خاتىرە يېزىشقا ئادەتلەنگەنمەن. لېكىن ئۇ كۈندىلىك خاتىرە ئەمەس، تەسىرات خاتىرىسى دېسەك ئېنىقراق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاشۇ خاتىرە قالدۇرۇش جەريانىدا بىر نەرسىلەرنى بايان قىلىشنى، تەسۋىرلەشنى ئۆگەنگەن بولسام كېرەك.

**سوئال:** تۇنجى بېسىلغان ئەسىرىڭىز قايسى؟ قاچان چىققان؟ بۇلار ھەققىدە كۆزقارىشىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** تۇنجى ئەسىرىم — قىزلارغا يازغان تۇنجى مۇھەببەتنامەم، خېلى تەسىرلىك يېزىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق «ئەسەر»لەرنى جىق يازدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىز دوستۇم ھېلىقى «ئەسەر» لىرىمدىن قانچىلىك زوقلانغان، باشقىلارغا كۆرسەتكەنمۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن ئالىي مەكتەپتىكى قىز دوستۇم ئۆزىگە يېزىلغان ھەر قېتىملىق «ئەسىرىم» نى ئۆز يېنىدىكى قىزلار بىلەن ئورتاق ئوقۇغانىكەن. مەن ئاشۇ قىزلارنىڭ «ئەسىرىم» ھەققىدىكى ماختاشلىرىنى

ئاڭلىغانمەن. شۇڭا، تۇنجى ئەسىرىم — ئەنە شۇ «مۇھەببەت مەكتۇپلىرى» دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. مەن ئىجادىيىتىمنى رېئال ھاياتىم تەقەززاسى بارلىققا كەلتۈردى، دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن. بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم نەزەردە تۇتۇلغاندا بۇ خېلىلا كېيىنكى ئىش. يېزىدا ئاتالمىش «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقاندا ۋە ئىستۇدېنتلىق چاغلىرىمدا مۇھەببەت مەكتۇپلىرىدىن باشقا يەنە ھېكايە، پوۋېست ۋە نەسرلەرنى يازغىنىم ئېسىمدە. ئۇلار مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىلمىگەن. ئەمما ئۇلار دوستلىرىمنىڭ خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈلگەن، شۇڭا پەقەت دوستلىرىمنىڭ خاتىرىلىرىگىلا «بېسىلغان» دېسەم، خاتا بولمايدۇ.

مەتبۇئاتتا تۇنجى بېسىلغان ئەسىرىم «بويناق ھەققىدە خاتىرە» دېگەن نەسر بولدى. 1982 - يىلى قىشتا مەن بىر كۇچۇك باقتىم. ئۇ، قىلىقلىرى كۆپ كۇچۇك ئىدى، قىلىقلىرىدىن خاتىرە قالدۇردۇم، جەمئىي 30 پارچىدەك بولدى. 1983 - يىلى ئەتىيازدا ئاغىنەم، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر روزى سايىت ئۇنى كۆردى ۋە «ژۇرنالدا باسقان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟! لېكىن ئىمكانىيەت يوق...» دېدى. 1984 - يىلى بولسا كېرەك، ئەدەبىيات ساھەسىنى باشقۇرغۇچى تارماقلار تۇرپاندا بىر يىغىن ئېچىپتۇ. يىغىندا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى سۆزى يەتكۈزۈلۈپتۇ. روزى سايىت تۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ: «ئەمدى باسقىلى بولىدىغان بولدى» دېدى ۋە ھېلىقى پارچىلاردىن 18 نى تاللاپ «يېڭى قاشتېشى» دا باستى. بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم ئەنە شۇ.

**سوئال:** ھازىرغىچە قانچىلىك ئەسىرىڭىز چىقتى؟ ژانىرلار بويىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** دوستلىرىمنىڭ ھە - ھۆلىرى، ئۈندەشلىرى ئارقىسىدا خاتىرەمدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ژۇرناللاردا چىقاردىم. ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ باھاسى يامان ئەمەس بولدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە بىرەر يۈز پارچىدەك نەسر، 30 - 40 پارچە ھېكايە، بەش پوۋېست، 38 پارچىدەك ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي خاتىرە دېگەندەك نەرسىلىرىم چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رېئال تېمىدىكىلىرى كۆپرەك، تارىخىي تېما ۋە يېڭى ئېقىمغا تەۋەلىرى ئازراق. رېئال تېمىنى يازغاندا، كۆپرەك پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك دېگەنلەرنى تەنقىد قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدۈم. ئۇنۇمى قانچىلىك بولدى؟ ئەپلاتوننىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلغاندا، مەن خاتالاشتىم. كىشىلەردە: «ئۇلار قىلسا بولىدىكەنۇ، مەن قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟» دېگەن تۇيغۇنى ئويغىتىشقا، يۈزى قېلىنلىق كەيپىياتىنى ئەدىتىشكە، ئەيمىنىش ۋە نومۇس تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولۇشقا سەۋەب بولدۇم. دېمەك، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. كوت - كوت خوتۇنلارنىڭ غەيۋەت قىلىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغانچىلىك ئىش بولدى. بۇ نۇقتىدا، پارىخورلۇق تەنقىد قىلىنغانسېرى پارىخورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقى، خىرويىن چەكلەنگەنسېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، ئاتېئىزم تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلغانسېرى دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك مەسىلىنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بەزى گەپلەرنى دېمىگەن ھەم مەخپىيەت بولغىنى ياخشىكەن. شۇنداق بولغاندىلا ئەكس تەسىردىن، ياخشى نىيەتتىن يامان نەتىجە چىقىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدىكەن. مەن ئويلايمەنكى، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى پەقەت





كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

قەھرىمان - باتۇرلارنىلا يېزىش تەشەببۇسى توغرا بولسا كېرەك...

**سوئال:** مەتبۇئاتلاردا بېسىلماي ئۆزۈنغىچە تۇرۇپ قالغان ۋە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىڭىز بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدە دەپ ئويلايسىز؟

**جاۋاب:** ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭمۇ ھەممە ئەسەرلىرى بېسىلىشى ۋە بېسىشقا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن. «يولۋاسمۇ مۈگدەيدۇ»، «بۆركۈتمۇ پاكار، ئەسكى تامغا قونۇشى مۇمكىن.» بېسىلمىغان ئەسەر تېخى دېيىلمىگەن گەپ بولغاچقا، ئۇ ھەقتە توختىلىش ئارتۇقچە.

**سوئال:** بېسىلغان ئەسەرلىرىڭىز ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى، دەپ قارايدىغان ئەسەرلىرىڭىز قايسىلار؟ ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ باقامسىز؟

**جاۋاب:** يۇقىرىقى قاراشلىرىمنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا، ئۆزۈمنىڭ كۆپ نەرسىلىرىمگە ياخشى، دەپ باھا بېرەلمەيمەن. «ياخشى ئەسەر»، «ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر» لەر توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن «ناچارلار» نىڭ ئىچىدىن نىسبەتەن «ياخشى» نى تاللاشقا توغرا كەلسە «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» بولارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ كەمچىلىكلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا توختالمىغاندەك قىلىمەن. دوستلۇق، ھۆرمەت، ئادىمىيلىك قاتارلىق ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە تەھسىن ئوقۇلسا، بۇ مەڭگۈ خاتا بولمايدۇ.

**سوئال:** ئۆمرىڭىزدە بولغان ئەدەبىي ھاياتىڭىزغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈدەك كەچۈرمىشلىرىڭىز، ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلاتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي ھاياتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈدەك

كەچمىش مېنىڭچە، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەركۈنى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلە — ئۇنى سېزىش، بايقاش، تونۇۋېلىش ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇرىنىڭ نەتىجىسىنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا. كاتتا ۋەقەلەرگە، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ھادىسىلەرگە، تارىخىي توقۇنۇشلارغا ئىشتىراك قىلغانلاردىن يازغۇچى چىقىشىمۇ، چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن بولغىنىدەك، ئاددىي ھايات كەچۈرگەن كىشىلەر ئىچىدىمۇ شۇنداق ھالەت سادىر بولۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭ. مۇھىمى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەندەك. مېنىڭچە، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالدىدا ۋەقە ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى يوق.

**سوئال:** ئىجادىيىتىڭىزگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچىلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۆزىمىز ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىدىن كىملەرنى تىلغا ئالىسىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق ئادەم ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىلەنگۈچى، تەسىرلەنگۈچى بولۇشتەك جەرياننى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى سەۋەبلىك، باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەنمۇ شۇنداق. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە، يەنى يېتىلىۋاتقان مەزگىلىمدە رۇس ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن ئۆزگە ئەدەبىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. باشقا ئەدەبىياتلارغا دائىر كىتابلاردىن «ئەرەب پىروزىسى» ۋە «ھىندى ھېكايىلىرى» دېگەن كىتابلارنىلا كۆرگەنلىرىم ئېسىمدە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرنى پەقەت يۇقىرىقى ئىككى ئەدەبىياتتىنلا ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا چېخوف بىلەن لۇشۈننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ھېكايىلىرىمدىن شۇلارنىڭ تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزنىڭكىلەردىن ئابدۇللا قادىرىينى،

www.uyghurkitap.com

ئايبېكنى، مۇختار ئەۋېزوۋ، سابىت مۇقانوفنى، سەدىرىددىن ئەينى، ئۆمەر مۇھەممىدي، زۇنۇن قادىرىيلارنى ئەسكە ئالىمەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىكى ھاياجان ھېلىمۇ ئېسىمدە. «ماغدۇر كەتكەندە»نى كۆرۈپ، باقىنىڭ تونۇر بېشىدا ھېكايە ئېيتقانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمدا ئۆز تاغىلىرىم، ئاكىلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلگەندى. ۋاھالەنكى، ئىجادىيەت جەريانىمغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن مىساللارنى كەلتۈرمەك قىيىن. مېنىڭچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەسىر كۆپ ھاللاردا پىنھان بولىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولسا، ئەمەلىي پاكىت.

**سوئال:** بىزدە خېلى كۆپ رومانلار نەشر قىلىندى ۋە بۇ رومانلار ھەققىدە بەزىبىر يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېگەندەك مۇتالىئەلەر بولۇندى. سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان ياكى سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رومانلاردىن قايسىلارنى سانايسىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىياتىمىز ساھەسىدە كېيىنكى يىللاردا «رومان ئىجادىيىتى — بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ»، «بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەشتە قانچە رومان يېزىلغانلىقى ئاساس قىلىنىدۇ» دېگەندەك گەپلەر تارالدى. بۇ گەپلەرنىڭ قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ماڭا نامەلۇم. بۇ گەپلەر سەپسەتىمۇ ياكى ھەقىقەتمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا رومان يېزىلمىغانلىقىنى شۇ مىللەت ئەدەبىياتى سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ ئىنكاسى دېيىلسە، بۇ گەپ ئادەمنى ئانچە ئىشەندۈرەلمەيدۇ. رومان يېزىش ۋە رومانچىلىقنىڭ گۈللىنىشى ياخشى ئىش دېمەي ئىلاج يوق، ھەقىقىي يۇقىرى سەۋىيەلىك رومانلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە بىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، ھېلىقىدەك

گەپلەرگە ئىشىنىپ «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» تىراگېدىيەسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا بىسىم تۈيغۇسىدىن قۇتۇلۇش. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇنداق رومانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى كۆلكىلىك بولىدۇ. گەپ بۇ يەردە بىزنىڭ رومانىنى قانداق يېزىشىمىز ۋە قانداق سەۋىيەدە يازالىشىمىزدا.

كېيىنكى چاغلاردا ئەدەبىياتىمىزدا كۆپلىگەن رومانلار مەيدانغا كەلدى. ئېيتىشلارچە، 50 پارچىدىن ئاشتىمۇ ياكى قارىقويۇق ھەممىسى 50 پارچىمۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ سان ئادەمنى خېلىلا خۇشال قىلىدۇ. بىر يىللىرى «ئىز» بىلەن «ئويغانغان زېمىن» نى، ئۆتكەن يىللىرى « قۇم باسقان شەھەر» بىلەن «بەدۆلەت»نى ئوقۇپ چىقتىم. ھەر قېتىم رومانلىرىمىزدىن بىرەرسىنى ئوقۇپ چىقسام، كۆڭلۈم ئۇبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مايسىنىڭ تارتىلغىنى سەۋەبىدىن سولىشىپ قالمىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايمەن. ياخشى رومانلارنى ساناشقا، ئاتاشقا باشلىساق خېلى ئىش كېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. بۇنىڭغا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسى بىرنېمە دېسۇن. ئەمما، بىزدە رومانچىلىقنىڭ ياخشى بىر يۈزلىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى پاكىت. ئۇ ھېلىقى كېلىش مەنبەسى نائېنىق بولغان ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچەنسىمۇ، بىز مەيدىمىزگە ئۇرالايمىز ياكى زەپەر پەشتىقىدا ناغرا چېلىشقا لايىقمىز. بۇنى ھېلىقى «ناخشا - ئۇسسۇلچى مىللەت»، «توي - مۇراسىمچى مىللەت» بولۇشقا قارىغاندا ياخشىراق ئىشىمىكىن، دەپ قارايمەن.

**سوئال:** مەتبۇئاتلاردا كۆپلىگەن ھېكايە، پوۋېست، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەسرلىرىڭىز بېسىلدى. سىزدىمۇ رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇددىئاسى بارمۇ؟

**جاۋاب:** ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ھېلىقى ئۆلچەم - مىزانلاردىن

ئەڭ ئېغىر بېسىم ھېس قىلغان ئادەممەن. ھەتتا تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ: «سىزمۇ رومان چىقارسىڭىز بولاتتى» دېگەن تەكرار گەپلىرىدىن كېيىن كۆپ قېتىم: «يېزىۋاتىمەن» دەپ يالغان ئېيتقان چاغلىرىممۇ بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، رومان يېزىش خىيالىدا بولمىدىم، دېسەم، يېزىۋاتىمەن دېگىنىمگە ئوخشاشلا يالغان ئېيتقان بولىمەن. شۇ خىيالدا بولغانمەن. ھەتتا پىلان تۈزگەن چاغلىرىممۇ بولدى. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا توختاپ قالدىم. بۇ ئۈزۈمگە بولغان ئىشەنچىم تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، ئەلۋەتتە... شۇنداق قىلىپ، مەن ھازىرغىچە رومان يازالمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىشىم ۋە يازالىشىممۇ ناتايىن. شۇنداق ئىكەن، مەندە رومانلىرىمىزنى ياخشى - يامانكەن، دەپ ئايرىشقا نېمە سالاھىيەت بولسۇن؟! مەندىكى ھوقۇق زوقلىنىپ ئوقۇش، ھۇزۇرلىنىش ۋە تەجرىبە توپلاش. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە مېنى ئۇلاردىنمۇ ئېگىزرەك سەكرىتەلىسە، بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس.

**سوئال:** بىزدە ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ سانى جۇڭگودىكى گېزىت - ژۇرناللار ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزدە ئەڭ ياخشى چىقىرىلىۋاتقان ۋە باشقۇرۇلۇۋاتقان نەشرىي ئەپكارلارنى تىلغا ئېلىپ باقامسىز؟ بىزدىكى مەتبۇئاتچىلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** «بىزدە ئەڭ ياخشى چىقىۋاتقان ۋە باشقۇرۇلۇۋاتقان نەشرىي ئەپكار» دېگەندە، سىزنىڭ ئاساسەن ژۇرناللارنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. مەن ئاشۇ ژۇرناللاردىن ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىۋاتقان «بوستان»دىن باشقىسىغا ئىزچىل مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتىمەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىم بار. بۇنچە كۆپ ژۇرناللارنىڭ

چىقىۋاتقانلىقى بىز مۇشۇ دەۋر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئامىتى. تەھرىر ئەپەندىلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار تارتىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە تەڭقىسلىقنىڭ قەلەمكەشلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە تەڭقىسلىقىغا قارىغاندا يۈز ھەسسە، ئوقۇرمەنلەرنىڭكىگە قارىغاندا مىڭ ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمىز. بەزى گەپلەرنى دېمەك ئاسان، لېكىن ئۇنى ئىش يۈزىدە ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس. بىز تەھرىر ئەپەندىلەرگە قانچىلىك ياردەم بېرەلىدۇق، ئۇلارغا قانچىلىك ھەمدەمدە بولالىدۇق؟ بۇ سوئاللار ئالدىدا كۆپلىگەن كىشىلەر قاتارى مەنمۇ خىجىللىق ھېس قىلىمەن. ئۇلار تەھرىرلا ئەمەس، ئەسەر ئۈيۈشتۇرغۇچى، ئەسەر تۈزەتكۈچى، ژۇرنال چىقىرىشقا مەبلەغ توپلىغۇچى، ژۇرنال باستۇرغۇچى، ھەتتا تارقاتقۇچى قاتارلىق روللارنى ئويناۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا قانچىلىك جاپا چەككەندۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىشىمىزگە، ژۇرنال سەھىپىلىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى كەچۈرۈۋېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ژۇرناللارنى يامان دېيىشكە تىلىمىز بارامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئۆزىمۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن باشقىلاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» لارنى ياخشى چىقىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. بۇنى ئاشۇ مەتبۇئاتلاردىكى تەھرىر ئەپەندىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، ژۇرنال ئەتراپىدىكى مۇھىتمۇ بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، يەنە ھەممىنى مۇھىتتىن كۆرۈۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ، مۇھىت ھامان ئادەم تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بىزدىكى مەتبۇئاتچىلىق بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق گۈللىنىدۇ. بۇ، دەۋرنىڭ، كەلگۈسىنىڭ تەقەززاسى...

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىز قولۇمغا چۈشسىلا ئۆزۈلدۈرمەي

ئوقۇۋاتىمەن. «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ھېكايىڭىز ماڭا بىر خىل مۇزىكىدارلىقتا ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان ساپ بەدىئىي تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ھېكايىدىكى تەپسىلاتلاردىن شاھ مەشرەپنىڭ ئىسيانكار ئۇلۇغۋارلىقى ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان ۋۇجۇدىيىتى ھەققىدە روشەن ئەينەنلىككە ئېرىشەلەيمىز. بۇ ھېكايىنى يېزىپ چىقىشتىكى ئىلھام ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە بىلىش مۇمكىنمىكىن؟

**جاۋاب:** «شاھ مەشرەپ خوتەندە» نى يېزىشىم بابارەھىم مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ گىگانت ئىنسانغا بولغان ھۆرمەت ئىخلاسىم ۋە ئۇنىڭ ئىسيانكار ئادىمىيلىكىگە ئابىدە تىكلەش ئۈچۈندۇر. 1969 ـ، 1973 ـ يىللىرى يېزىدا «قايتا تەربىيە» ئېلىنىۋاتقىنىمدا بىر مەزگىل شەمسىددىن داموللام دېگەن ئۆلىما، شائىر ئادەمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ئولتۇرغانىدىم. ئۇ بەكمۇ پاراڭچى، ئۆتكۈر پىكىرلىك زات ئىدى. بىكار قالغان چاغلىرىمدا «دىۋان مەشرەپ» تىن غەزەللەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ چاغلاردا شائىرنىڭ يارقىن ئوبرازى ئۇنىڭ غەزەللىرى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلەتتىم. دېمەك، مەن ئەنە شۇ چاغدا شاھ مەشرەپنى چۈشەندىم. ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ چىن ئادىمىي سىيماسى روھىمنى ھەقىقەت مەشئىلىدەك يورۇتتى... ھېلىقى رىۋايەت - ئەپسانىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇ مەرھۇم ئەينى يىللىرى سۆزلەپ بەرگەن. كېيىنكى ئەسەرنى باشلاش ئالدىدا خوتەن ۋىلايىتى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش - رەتلەش ئىشخانىسىدىكى «دىۋان مەشرەپ» نى يەنە كۆردۈم. مەن ھېكايە قىلىش جەريانىدا بايان قىلدىم، خالاس. قارىشىمچە، ھېكايىدە ئەپسانە - رىۋايەت تۈسى كۈچلۈك، تۇرمۇش پۇرىقى ئاجىز، دىنىي تۈس بەكمۇ جۇلالىق بولۇپ قالدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ھېكايىنىڭ توپلىمىم «شەھلا كۆز»گە كىرگۈزۈلمەي

قىلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىنمىكىن دەيمەن.

**سوئال:** «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايىڭىزدىكى شاھ مەشرەپنىڭ ھېكمەتكە چۆمۈلۈشى بىلەن نەشە چېكىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

**جاۋاب:** ھېكايىدىكى شاھ مەشرەپنىڭ ئۆزىنى ئاللاغا بېغىشلىشى بىلەن نەشە چېكىشى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق. چۈنكى، «قەلەندەرىيە» مەزھىپىدىكىلەر ئۆزىنى ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان دەپ قارىغاچقا، ھەرقانداق كەيپ بىلەن ئۆز دەردىنى يېنىكلەتمەكچى بولۇشىدىكەن. شاھ مەشرەپنىڭ 1678 - يىلى يەكەنگە كەلگەندە نەشە چەككەنلىكى ۋە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىغانلىقى توغرىسىدا «دىۋان مەشرەپ» نىڭ تىتۇلىدا خاتىرە بار. مېنىڭچە، بۇ دېتال ھېكايىنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى قەلەندەرىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەشە چېكىدىغانلىقى پاكىت.

**سوئال:** «چۆل ئوغلى» پوۋېستىڭىز مۇھەببەت بىلەن يېزىلغان ئاجايىپ تەسىرچان زوقلاندۇرۇش كۈچىگە باي بىر ئەسەر. سۆيۈپتىمدە مېنى يەنە بىر مەرتە سۆيۈندۈرگەن. مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ بولۇپ، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئاق پاراخوت» پوۋېستىدىكى گۈزەل مېلودىيەگە چۆمۈلگەندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. ئىككى پوۋېستتىكى ئىككى بالىنىڭ ئىچكى تەشنالىقلىرى، سەبىي روھىي قاتلاملىرى ئوخشاشلا ئادەمنى بىرلا خىل ھېسسىياتقا يەنى مۇھەببەت بىلەن پاكلىنىش كەيپىگە باشلاپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىككىسى ئايرىم ئەسەر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن شەخسەن بۇ پوۋېستىڭىزنى «ئاق پاراخوت» تىكىدەك يۇكسەك نۇقتىلارغا يەتكەن، دەپ قارايمەن. سىزدە مۇشۇ ئەسىرىڭىزنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا سادىر بولغان ساپ ۋە چىن كەيپىياتنى، مۇھەببەتلىك مەۋقەنى تۆۋەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurbook.com

مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇلارنى ئەسلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** «چۆل ئوغلى» نى يېزىشىم ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن بولغان. 1990 ـ يىلىمۇ ياكى 1989 ـ يىلىمۇ، بىر قوشنام يەنى خىزمەتدىشىم مەكتىپىمىزدىن يۆتكىلىپ تاغقا — نۇرى دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىي دادامدىن خەۋەر ئالىمەن، دەپ يۆتكىلىپ كەتكەنىدى «(قەنتدەك دادام، قەنتدەك بالام» دېگەن ھېكايەمگە قاراڭ). كېيىن «كۆنەلمىدۇق» دەپ قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بوۋاينىڭ قانداق تەسىراتتا بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «دادام، تاغ دېگەن بەرىكەتلىك يەر، تىنچ، خاتىرجەم، تاغدا ياشىغۇچى جاپا كۆرمەيدۇ، كەتمىسەڭلار بولاتتى، دېدى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ گەپ نېمىشقىدۇر ماڭا بەكلا تەسىر قىلدى، مۇشۇنى چىقىش قىلىپ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر ئەسەر يازاي، دېگەن يەرگە كەلدىم، ماۋزۇسىنى «تاغ ئوغلى» دەپ قويماقچىمۇ بولدۇم. كېيىن قولۇمغا رەسمىي قەلەم ئالغاندا تاغ توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىم ۋە ھېچقانداق تەسىراتىم يوقلۇقى ئايان بولدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھىتىنى ئۆزۈمگە تونۇش بولغان چۆلگە يۆتكىۋەتتىم (مەن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن يەردە تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان). شۇنداق قىلىپ «چۆل ئوغلى» ۋۇجۇدقا چىقتى. پوۋېستتا ھېسسىيات بىرقەدەر قويۇق، دەپ قارايمەن. «ئاق پاراخوت» قا ئانداشقان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئېھتىمال غوۋا ئەسلىمىنىڭ مەھسۇلى. ئون يىللارچە ئىلگىرى «ئاق پاراخوت» نى ئوقۇغانمەن. ئوخشاپ كەتكەن تەرەپلىرى بار، دەپ قارالسا ئەھۋال شۇنداق، ئوقۇغان نەرسەڭدىن ئەسلىمە قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

**سوئال:** «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدىكى بالا بىلەن ئاھۇئانا

ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتنى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدىن چۈشەنسەك، ئاھۇئانا پاجىئەسى بىزنى يۈرىكىمىزنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك ئازابلىنىش كەيپىگە چۆمدۈرىدۇ. تىراگېدىيەلىك گۈزەللىكنىڭ مەستخۇشلاندۇرغۇچى بۇ خىل ماھىيىتى بۇ پوۋېستىڭىزدا تېگىشلىك تەرىپلەنگەن، دېسەك توغرىمۇ؟

**جاۋاب:** تىراگېدىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، جايىدا چىققان تىراگېدىيەدە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك بولىدۇ. چۆلنىڭ ئۆزى بىر تىراگېدىيە. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ىدا تىلغا ئېلىنغان خوتەن ئىپار ئاھۇسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر تىراگېدىيە. كىچىك بالىنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلىشى، راۋۇرۇس ئەركەكنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىشى، ئاق قۇ چۈجىلىرىنىڭ ئانا ئاق قۇدىن ئايرىلىشى، ئىپار ئاھۇسىنىڭ قاپقانغا دەسسىشى، سولاقخانىغا چۈشۈپ قېلىشى، زوراۋانلارنىڭ تىنچ چۆل قوينىنى پاراكەندە قىلىشى... ھەممىسى تىراگېدىيە. ھاياتنىڭ ئۆزى تىراگېدىيە بىلەن تولغان بولىدۇ. كېچە - كۈندۈز ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن مىللەت ھاياتىدا كۈلكىلا (كومېدىيەلا) بولىدۇ، دەپ قاراش ئەقىلگە سىغمايدۇ... شۇنداق قىلىپ، سالام تىراگېدىيە ئىچىدە قالدى. ئالدىنقىسى تەبىئەت ياراتقان تىراگېدىيە بولسا، كېيىنكىسى ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقان تىراگېدىيە. مەن سالامنىڭ كېيىنكى كەچمىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇردۇم. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭمۇ تىراگېدىيە بىلەن رەڭلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار ئەلۋەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ...

**سوئال:** «شەھلا كۆز»، «يۇقۇملۇق كېسەللىك» پوۋېستلىرىڭىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تىراگېدىيەلىك

نەزەردە تۇرۇپ، يۇكسەك بەدىئىي نۇقتىدىن جاۋاب ئىزدەلگەن ئەسەرلەردۇر. مۇشۇ ئەسەرلەرنى چىقىش قىلىپ تىراگېدىلىك سەنئەت گۈزەللىكى ۋە تىراگېدىيە ئۇستىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** مەن باشقا ئەسەرلىرىمدە، بولۇپمۇ پوۋېستلىرىمدا تىراگېدىيەنى ئاساس قىلدىم. تىراگېدىيە بولمىسا خۇشاللىقنى تەبىر بېرىش، كومېدىيەگە تەبىر بېرىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيە، ئازاب بىلەن شادلىق دائىم ياندىشىپ تۇرىدۇ. بۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بىلىشىمچە، قەدىمىي گرېتسىيە ئەدەبىياتىمۇ تىراگېدىيە بىلەن باشلانغان. تىراگېدىيە قەدىمىي گرېتسىيە روھىنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئەنە شۇنداق پارلاق مەدەنىيەت يارىتالىغان. بىزدە بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە تىراگېدىيە ئىككىدىن كومېدىيە ئىككى كۈچلۈك بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مېنىڭچە، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالماشقان بولسا، تارىخىمىزدىكى پاجىئەلەر ۋە تېتىقسىزلىقلار ئازىيارمىدىكىن، دەپ ئويلايمەن. ئەمما، ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قارىغاندا، بىزدە يەنىلا نۆۋەتتە تېتىقسىزلىقلارنىڭ ئازىيىشىدىن ئۈمىد ئاز. ئۈمىدىم، كۈلۈپ، تېلىقىپ كېتىپ تىنىقىمىزدىن قالمىساق دەيمەن...

**سوئال:** «خوتەندىن خەت» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىڭىز جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۆزىڭىز بۇ تۈپەيلى دۇچ كەلگەن بەزىبىر ئىجابىي ۋە سەلبىي كەچۈرمىشلەرنى بىلىپ باقساق بولارمىكىن؟

**جاۋاب:** ھازىرغىچە يەتتە پارچىدەك ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرەم بېسىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «خوتەندىن خەت» نىڭ

غۇلغۇلىسى چوڭراق بولدى: دېھقانلاردىن 50 پارچىدىن ئارتۇق خەت تاپشۇرۇۋالدىم. كۆپ قېتىم دېھقانلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولدۇم. ئىجتىمائىي ئۇنۇمى كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلاشتى. دېھقانلار ئورۇنسىز جەرىمانە تۆلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدى، كادىرلار ئورۇنسىز جەرىمانە ئېلىشنىڭ قانۇننىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. دېمەك، ئارتۇقچە كەتمىدى... ئەمما، ئەسەرنى بۇرمىلاپ چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن ئايرىم «دانىشمەنلەر»مۇ بولدى، سىرتتا گەپ بەك جىق. ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغانلارمۇ بولدى. ئەمما، ھېچقانداق بىر تەشكىلىي ئورگان مېنى چاقىرتىپ، ئەسەر ھەققىدە كۆز قارىشىنى، باھاسىنى ئۇقتۇرمىدى. مەن بۇ نۇقتىنى دۆلىتىمىز دېموكراتىك ھاياتىنىڭ نامايان بولۇشى، ئاخبارات ئەركىنلىكىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ تۈزىتىشىمىزنىڭ باشلىنىشى، دەپ قارايمەن. بۇ يەردە كۆز - كۆز قىلغۇدەك ياكى دەرد ئېيتقۇدەك ھېچقانداق كەچمىش يوق، يۈز بەرمىدى ھەم يۈز بەرمەسلىكى كېرەك!

**سوئال:** ئۆزىڭىزنىڭ دائىملىق ئىجادىيەت ئادىتى ھەققىدە توختىلىپ باققان بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىم ھەققىدە توختالغۇدەك پەۋقۇلئاددە تەرەپلەر يوق. كەم ھوسۇللۇق يازغۇچى بولغانلىقىمغا خاس، خىيالىمدا پىشقان نەرسىنى يەر تاللىماي، شارائىت تاللىماي يېزىۋېرىمەن. دىققىتىم مەركەزلەشكەندە، ھەرقانداق ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ ماڭا دەخلى قىلالمايدۇ. يېزىۋاتقاندا ئۆزۈمنى ۋۇجۇدۇمدىن تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ قانمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىر ئەسەرنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر مەزگىل سۇكۇتلۇك ئوي ئىچىدە يۈرىمەن. ھە، راست، بۇ گېپىم بىر

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەرەپلىمە. شاھمات ۋە پۇتبول ھەۋەسكارى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى كۆپ ۋاقتىم شۇ ئويۇنلار بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما، كىتاب ئوقۇشنى، ئاڭلىغان، كۆرگەن، ئوقۇغانلاردىن خاتىرە يېزىشنى ئۈزۈپ قويمايمەن. ئائىلە ئەھۋالىم ياخشى. ئايالىم مېنى ھەر جەھەتتىن تولۇق چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئومۇمەن، يېزىقچىلىقتا ئولتۇرساملا يېتەرلىك شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىدۇ...

**جاۋاب:** ۋاقىت، شارائىت، شۇنداقلا پۇرسەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھورۇنلۇقنى تاشلىسام، ئۆزۈمنى كونترول قىلالىساملا يەنە بەزى نەرسىلەرنى يازالىشىمدىن ئۈمىد بار. مەسىلە، پەقەت مېنىڭ ئىشلىشىمدە، بۇ يەردە يازماقچى بولغان ۋە يېزىۋاتقان نەرسىلىرىم توغرىسىدا توختالغۇم يوق. مەن ئىلگىرى يازماقچى بولغان ۋە يېزىپ پۈتتۈرمىگەن نەرسىلىرىمنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ باققان، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك ناچار بولدى. ئاشۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يازالمىدىم ۋە ئاخىرلاشتۇرالمىدىم. ھېس قىلىشىمچە، بىر قېتىم سۆزلەنگەندىن كېيىن خۇددى دەرد - ئەلەمنى سۆزلەپ، پۇخادىن چىقىپ يېنىكلەپ قالغاندەك، ئاندىن ئۇ نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىش ياكى شۇ نەرسىنىڭ سىرلىقلىقى ئاجىزلايدىكەن. سۆزلىگۈچىگە قارىتا جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەيدىكەن. بۇ، مەندىكى بىر چوڭقۇر تەسىرات، شۇڭا، بۇ ھەقتە توختالغۇم يوق. راست گەپنى دېسەم، مەندە چوڭراق نەرسە يېزىپ چىقىش پىلانىمۇ يوق. كىچىك نەرسىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈش ئانچە ئەھمىيەتلىك بولماس.

**سوئال:** ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىڭىزدىن ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئەسەرلىرىم بېسىلىۋاتقىنىغا ھەش - پەش دېگۈچە

15 يىل بوپقاپتۇ. ئەگەر ئۇ ئەسەرلەر راستتىنلا ئەدەبىياتقا تەئەللۇق نەرسە دەپ قارالسا، مەن ئاشۇلاردا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل خاتاغا يول قويدۇم: بىرى، قەلەمگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلدۈم. سىياسىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانلىقىم سەۋەبلىك يۈزەكى ھادىسىلەرنى يېزىپ، ئىنسان ماھىيىتىگە ياتىدىغان يۈكسەك تېمىلارغا سەل قارىدىم. سىياسىي ساھە كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلارنى كۆپرەك يېزىپ، خەلق قەلبى مايىل نەرسىلەرنى ئازراق يازدىم. قەلەمگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ئېتىقاد، ساداقەت، باتۇرلۇق، پىداكارلىق، مېھىر - شەپقەت، ئادالەت، ئىنتىلىش، ئارزۇ - ئۈمىد... ئۈستىدە كەم توختالدىم. ئىككىنچى خاتالىق، بۇ، يېزىقچىلىقنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە تەۋە مەسىلە بولۇپ، ئەسەرلىرىمدە تەسۋىردىن بايان كۆپ، بايانىدىن مۇھاكىمە كۆپ بولۇشتەك بىنورمال ھالەت داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت ئەسەرلىرىمنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى ياكى پۈچەك كۆرسىتىپ قويدى... ئەمما، مەن ئىجادىيەت ھاياتىمدا تۇرمۇشنى بېزەپ كۆرسىتىش، رەڭ بېرىش، دورامچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىلاجىمنىڭ بارىچە ساقلاندىم. تۇرمۇش ھەقىقىتىگە سادىق بولۇشقا تىرىشتىم. يېزىقچىلىقنى خۇشامەتچىلىك ۋاسىتىسىغا، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشتىن ساقلاندىم... ئەسەرلىرىمدە گەرچە بىر تالاي يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن تۇرمۇشنىڭ شۇ بىر دەۋر كارتىنىسىنى ئانچە - مۇنچە پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ھېچبولمىغاندا ئىجتىمائىيەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن شۇنداق!

**سوئال:** ئاخىرىدا، قەلەمداش دوستلىرىڭىز، سىزگە ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرىڭىز، جۈملىدىن دەۋرىمىز ياشلىرىغا ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار؟

**جاۋاب:** بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ھەممىدىن مۇھىمى — ئېتىقادلىق ئادەم بولۇش. مەن قايسىبىر كىتابتىن: «يېزىقچىلىق — تىلدىكى چېۋەرلىك ئەمەس، بەلكى بىر ئەقىدىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» دېگەن ھېكمەتنى ئوقۇغانمەن. يازغۇچى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق ئۆز ئەقىدىسىنى سەمىمىيلىك بىلەن تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىسا، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ساپالىق يازغۇچى، شۇنداقلا بەختلىك يازغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ...

مەندە ياشلار ئۆگەنگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. مېنىڭچە، ياشقىلاردىن ئۆگەنگەندە، ئەڭ ياخشىسى تۇغرا، ھالال، باتۇر، مەردانە، مۇھەببەتلىك، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئېتىقادلىق ئادەم بولۇشنى ئۆگەنگەن تۈزۈك. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ: «تومۇردىن قان چىقىدۇ، بۇلاقتىن سۇ» دېگىنى بويىچە قارىساق، دۇرۇس ئادەم بولماي تۇرۇپ، خەلققە پايدىلىق نەرسىلەرنى چىقىرالىشىمىز ناتايىن. ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن ئادىمىي كامالەتنى قوغلاشقان ئەۋزەل...

**ئابدۇقادىر ھاشىم:** رەھمەت، ناھايىتى ياخشى سۆزلەپ بەردىڭىز، ئاخىردا ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

# ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تاپتىم ئۆزۈمنى

ئىلاۋە: بۇلتۇر ئاۋغۇستتا نۇرمۇھەممەت توختى پىروزا ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانىدۇق. ۋاقىت ۋە يۈزتۇرا سۆھبەتتىكى بەزىبىر چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلىدىن، بۇنى يازما سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە تەييارلاشقا كېلىشتۇق. كېيىن يازغۇچى تەييارلانغان سوئاللارغا جاۋاب يېزىپ ئەۋەتتى. مىڭ رەھمەتكى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارغا يازغۇچى بىز ئويلىغاندىنمۇ ئىنچىكە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇستازغا قايتا ـ قايتا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇدۇق، ئاندىن يازغۇچى بەرگەن بۇ جاۋابلارنىڭ يازغۇچىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشكە تېخىمۇ ياردىمى بولارمىكىن دېگەن ئويدا، يازغۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

— رەتلىگۈچىدىن

**سوئال:** تەربىيەلىنىشىڭىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزگە بەلگىلىك تەسىرى بولدى دەپ قارامسىز؟ بىلىشىمىزچە، ماتېماتىكىدا ئوقۇدىڭىز ۋە ئۇزۇن يىل تېبىئىي پەندە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن بولدىڭىز. ھەممىگە ئايان، ئەدەبىيات ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، تەبىئىي پەن بولسا لوگىكىلىق تەپەككۇرنى. ئەسەرلىرىڭىزگە قارىساق بايانىدىن

مۇھاكىمە قويۇقراق، ئىسپات، دەلىل، خۇلاسە، يەكۈن، پەلسەپۋى قائىدىلەر مولراق.

**جاۋاب:** تەربىيەلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى «بەلگىلىك» دېگەن مۇجمەل تېرمىن بىلەن ئەمەس، بەلكى «كاتتا، زور، روشەن» دېگەندەك ئېنىقلىقى يۇقىرى سۆزلەردە سۈپەتلەش كېرەك. بۇ، ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى ئۆچۈن ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. تەربىيەلىنىش دەرىجىسى چوقۇم ئىجادىيەت سۈپىتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىم ھەم بۇنىڭ ئىسپاتى. ئەسەرلىرىمدىكى مۇھاكىمە، ئىسپاتلاش، دەلىللەشلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپلا مېنى ماتېماتىكىدا چوڭقۇر تەربىيەلىنىشكە ئىگە دېيىشكە تىل كۆيەر.

سىزگە ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ھازىرقىغا ئوخشاشلا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىمۇ كەڭ ياشلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ چۈشنى بەك تولا كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىز ئاشۇ بىر ئەۋلادقا زامان قىلغۇلۇقنى يەتكۈچە قىلدى. تولۇق ئوتتۇرىدىكى دەرسلەرنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىنىپ يۈرگەن 1966 ـ يىلىنىڭ ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىدى. شۇنداق قىلىپ تاكى 1969 ـ يىلى ئۆكتەبىرگە قەدەر يا مەكتەپتىن كېتەلمەي، ياكى ئالىي مەكتەپكە ئاتلىيالماي تۇرۇپ قالدۇق (ئارىدىكى ۋەقەلەرنى تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىم توغرىسىدىكى بىر ئەسلىمىدە يازغانمەن). ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىمىزغا تارىختا ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن «تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان،

تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىش» قىسمىتى كەلدى. ئىشچى - دېھقانلارنى زىيالىيلاشتۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، زىيالىيلارنى دېھقانلاشتۇرىدىغان بۇ تەتۈرلۈكنىمۇ شۇ چاغدا بېشىمىزدىن كەچۈردۇق. مەن خوتەن ناھىيەسىنىڭ «ئاۋانگارت» كوممۇناسى (هازىرقى يېڭىئاۋات يېزىسى، ئاتام شۇ يەردە خىزمەت قىلاتتى)دا «قايتا تەربىيە» ئالدىم. بىر يىلدەك 7 - چوڭ ئەترەتنىڭ 3 - كىچىك ئەترىتىدە ئەمگەك قىلدىم. كېيىن شۇ چاغدىكى كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىدە، كوممۇنا سودا كوپېراتىپىدا ئىشلىدىم (ۋاقىتلىق ئىشتات)، كاتىپ بولدۇم. 36 يۈەن ئىش ھەققى بېرىلەتتى. ھەرھالدا جان ساقلىغىلى بولاتتى. ئەمما، قەلبىمدە بىر ئوت — ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق كۆيۈپ تۇراتتى. مەشىق قىلىشنى، ماتېرىيال يىغىشنى، تاپقىلى بولىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشنى توختاتمىغانىدىم. ئۇ كوممۇنادا تۆت يىل يۈردۈم. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلگەننىڭ 2 - يىلى (1973 - يىلى ئاۋغۇستتا) كوممۇنا رەھبەرلىكىنىڭ باھالاپ بېرىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىلدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىشىم ئەدەبىيات ئۈچۈن تەييارلىنىپ يۈرگەن ماڭا يەنە بىر تەتۈر كەلگۈلۈك بولدى. تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان بىرىنچى يىلىدا داۋاملىق ئالمىشىشنى تەلەپ قىلدىم. ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدا تۇرسۇن نۇرى ئىسىملىك تەلەپچان بىر ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇ مېنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا قوشۇلمىدى. ئەينى چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرلىرى ئەنۋەر خانبابا، قەييۇم باھاۋۇدۇنلارنىمۇ ئىزدىدىم، ئۇلارمۇ قوشۇلمىدى. ئابدۇراخمان ئەبەي(هازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى)نىڭ ئالمىشىشىغا قوشۇلدى - يۇ، ماڭا قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ خېلى پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان سەۋەب ئىدى. ئۇلارچە، تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملىغان

مەن ماتېماتىكا ئوقۇمىسام، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا دېھقانلارنىڭ باھالاپ بېرىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەن چالا ساۋات باللار ماتېماتىكىنى تېخىمۇ ئوقۇيالمايدىكەن. ئەدەبىياتقا ئالماشتۇرۇپ قويمىساڭلار «ئوقۇمايمەن» دەپ دەرس تاشلاپ يېتىۋالدىم. ئىككى ئايچە دەرسكە بارماي قويدۇم، يەنىلا ئالماشتۇرۇپ قويمىدى، تەسلىم بولدۇم. دۈمبىنى دەپ ئۆپكىدىن ۋاز كېچىپ، ئاچ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق ــ تە. ماتېماتىكىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئۇ چاغلاردا ئىمتىھان ئالىدىغان تۈزۈم يوقتى. ئەگەر ھازىرقىدەك تۈزۈملەر بولغان بولسا، مېنى بىرىنچى يىلىدىلا مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېتىشكەن بولاتتى. دەرسلەرنى چۈشەنسەم ــ چۈشەنمىسەم، ئىشقىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىسىدا تۆت يىل ئولتۇرۇپ چىقتىم. مۇھەممەت ئابدۇللا دېگەن مۇئەللىمىمىز «ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەنلىرىڭلار ئوقۇتقۇچى بولماي سېكرېتار بولىسىلەر» دېگەنىدى شۇ چاغلاردا. دېگەندەك، قاغىلىقلىق ساۋاقدىشىم ئابدۇللا ئوسمان سېكرېتار بولدى. مەن سېكرېتار بولالمىغان بولساممۇ، يەنىلا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولمىدىم. مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە (خوتەن دۆۋا كان رايونىدا بىر مەزگىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىدىمغۇ)، مەيلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا بولسۇن، ماڭا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈشكە توغرا كەلمىدى. فىزىكا ئوقۇتۇشى بىلەن بولدۇم. بۇ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ مەھسۇلى. ئانچە ــ مۇنچە ئۆگەنگەن ماتېماتىكىنىڭمۇ ياردىمى بولدى.

ئالىي مەكتەپتە ماتېماتىكىنى پۈتكۈزگەنلىكىم راست. ئەمما، بىر كەسىپتە ئوقۇش بىلەن شۇ كەسىپتە چوڭقۇر تەربىيەلىنىشكە ئىگە بولۇش ــــ مېنىڭچە، باشقا ــ باشقا ئىش. ماتېماتىكىدا ئوقۇپ قېلىشىم ۋە بىر مەزگىل (ئۇزاق مۇددەت

ئەمەس) تەبىئىي يەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم زامان تەرتىپلىرىنىڭ، جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ، تۇرمۇش راسخوتىغا ئېرىشىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن بولغان. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا قىزىقىپ، ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەنگىنىم ئەدەبىيات. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن تۆت يىلدا ئېرىشكىنىم يەنىلا ئەدەبىيات ئۇچۇن تەييارلىنىش. ئەدەبىياتتا ئوقۇۋاتقانلار بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىددىن، روزىمۇھەممەت جۇمە، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، غەيرەت ئابدۇللا، ئۆركەش ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەيلەر بىلەن) داۋاملىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ كۆرۈپ يۇردۇم. تاپالىغانلىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئۇلارنى خاتىرىلەرگە قەدىرلەپ كۆچۈرۈش، نەسر مەشقى قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىكى ئەسەرلەرنى ـــ ئەدەبىي ئەسەر، تارىخىي ئەسەر، مۇھاكىمە ۋە باشقىلارنى ئالاھازەل تولۇق ئوقۇپ چىققانمەن. ئاشۇ چاغلاردىلا نەۋايى، شېكىسپېر، تولستوي، جىبران خەلىل جىبران، كىرىشان چاندىر، لۇشۇن، ئابدۇللا قادىرىي، ئۆمەر مۇھەممەدىيلەردىن خەۋىرىم بار ئىدى. شېكىسپېر درامىلىرىدىن (تىلى ئۆزبېكچە، يېزىقى سىلاۋيانچە كىتاب ئىدى)، جىبران خەلىل جىبران نەسرلىرىدىن ئەقلىيەلەرنى خاتىرىلەرگە كۆچۈرگەنىدىم. كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىنكى 1970 ـ يىللاردا بولسا، يوشۇرۇپ قېلىنغان ئايرىم كىتابلارنى («ئاننا كارىنىنا»، «بېلىقچىنىڭ ئوغلى»، «دەھشەتلىك تېھران» دېگەندەك) قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، ۋەقەلىكلەر، گۈزەل جۈملىلەر يادا بوپكەتكەنلىكى ئېسىمدە. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ماتېماتىكا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم

سۇسلىمىدى. شۇ يىللاردا يەنىلا ئېسىل ئەسەرلەرنى خاتىرىلەرگە قەدىرلەپ كۆچۈرۈشنى يەنىلا توختاتمىدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاغىنىلىرىم مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىددىن، روزىمۇھەممەت جۇمە، ئابدۇلئەھەد قۇربانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «كۆكۆيۇن»، «چالىقۇشى» ... قاتارلىق رومانلارنى سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ چىققانىمىز. يەنە نېمىلەرنى دەيمىز؟ كىتاب قەھەتچىلىكى يۈز بەرگەن ئاشۇ يىللاردا تېپىلىپ قالغان ئايرىم كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. شۇ يىللاردا قول يازما شەكلى بىلەن يوشۇرۇن تارالغان «گۈزەل نابادا جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا» (كېيىن مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق)، «پۇل» (پەرھاد جىلان)، «مۇقەددەس»، «قىز قەلبى»، «ئاخىرقى سىناق» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «مۇھەببەت لوگىكىسى» (مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق) دېگەندەكلەردىن قايسىلىرىنى كۆچۈرمىگەن بىز؟! ئوقۇش — تاپقانلىكى كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئۆگىنىش، كۆچۈرمە ئېلىش، ئەقلىيەلەرنى توپلاش بولسا تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىش. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇش، ساقلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بىر ئادەمنى ئەدەبىيات جەھەتتە «بەلگىلىك» تەربىيەلىنىشكە ئىگە بولدى دېيىشكە بولماسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بولسا مەن بىلىنىسكىينىڭ، گوركىينىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىققانمەن، يېزىقچىلىق ساۋاتىغىمۇ ئىگە بولغانمەن. مېنىڭچە، مېنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن مەنبە ئەنە شۇلار. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئۆز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز جەھەتتىكى ئوقۇش، ئۆگىنىشلىرىم بەكلا كېچىكىپ قالدى. ئۇلاردىن خېلىلا كېچىكىپ تەربىيە ئالدىم. بۇمۇ ئىجادىيىتىمگە ئەلۋەتتە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەي

قالمىدى.

تەربىيەلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇتلەق بولىدۇ، تەربىيەلەنمىگەن ۋە ياخشى تەربىيەلىنىشكە ئېرىشەلمىگەن ئادەممۇ ياخشى ئەسەر يازالايدۇ دېسە قەتئىي ئىشەنمەسلىك كېرەك. مېنىڭ ماتېماتىكىدا ئوقۇشۇم ۋە بىر مەزگىل تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشىم، ئەلۋەتتە بىلىم دائىرەمنىڭ كېڭىيىشىگە ئاساس سالغان. بىلىم دائىرىسى تار ئادەمنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى ئەلۋەتتە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى كەڭ قانات يايالمىغان ئادەم قانداقمۇ ياخشى ھېكايىلەرنى توقۇيالىسۇن؟ ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت تېخىمۇ كۆپ ئامىلغا باغلىق.

**سوئال:** قارىغاندا، نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۇسلۇب، ئالاھىدىلىكلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت باردەك قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن شەرھلىگىنىمىزدە كۆرۈنەرلىك ئىلمىي ئاساسقا ئېرىشەلەيمىز. سارترې، كافكادىكى پسىخىكا ـ مىجەزلەر ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتا ئۆزگىچە يول تۇتۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بىزدىمۇ مۇنداق مىساللار كۆپلەپ تېپىلىدۇ. بىز سىزدىكى ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان مىجەز بىلەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بايانىدىكى سوغۇققان ـ تەمكىنلىك ۋە مەزمۇن ئېغىرلىقى، ئەقلىي ۋەزىن، بەدىئىي چوڭقۇرلۇق ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت باردەكلا ھېس قىلىمىز. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مىجەز ـ خاراكتېر بىلەن ئۇسلۇبنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ جەھەتتە ئىلگىرى زادىلا ئويلاپ كۆرمەپتىمەن. «شائىرلار شوخ، يېنىك مىجەزلىك بولىدۇ، يازغۇچىلارنىڭ

مىجەزى ئېغىرراق بولىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئىلگىرى ئاڭلىغىنىم يادىمدا. پسىخولوگىيە جەھەتتىكى بىلىمىم چولتىراق بولغاچقا، شەرھلەپ بېرىشكىمۇ ئاجىزمەن. بۇ گەپ ئىنكاسىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چاقچاقچىلارنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تېزغۇ. ئۇلار كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇسلۇبنى ئىشلىتىدۇ. ئۇسلۇب دېگەن، مېنىڭچە، تىل ئىشلىتىش ئادىتى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرلارنىڭ چاققانلىقى، يازغۇچىلارنىڭ كالانپايلىقىغا دائىر گەپلەر ئاشۇ ئۇسلۇب مەسىلىسىگە قارىتىلغان بولسا، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولار. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداقراق. ۋاھالەنكى، مېنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىمنى ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان دەپ تەرىپلىگىنىڭىزدە خاتالاشقاندەك تۇرىسىز. بۇ پۈتۈنلەي سىرتقى كۆرۈنۈش ــ ساختا، ياسالما ھالەت، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، سوغۇققان بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشۇم ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەتتە مەن ھەرگىز ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ئادەم ئەمەس، سوغۇققان ئادەم تېخىمۇ ئەمەس. مەن ھەر سېكۇنت، ھەر مىنۇت تىتىلداپلا تۇرىمەن، توختاۋسىز ھاياجانلىنىمەن. ھاياجانلىنىشلىرىم بەزىدە ساراڭلىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. ھاياجانلىنالمىغان ئادەم شائىر بولالمايدۇ، يازغۇچىمۇ بولالمايدۇ. ھاياجانلىنىپ ئولتۇرۇپ يازمىسام، باشقىلارنى قانداق ھاياجانلاندۇرالايمەن؟ كۆڭلۈمدە كىم بىلەندۇر توختىماي مۇنازىرىلىشىمەن ۋە سوقۇشىمەن. قېنىم ئۈچ مىڭ گىرادۇسلۇق ماگمىدەك قايناپلا تۇرىدۇ. ئەمما، بۇلار سىرتقا قارىتا كەم ئايان بولىدۇ. ئايان بولىدىغىنى كۆز يېشىم! كۆز يېشىمنى سىلەرمۇ، دوستلىرىممۇ كۆرگەن. مەن كىتاب ئوقۇۋېتىپ، بىر نەرسە يېزىۋېتىپ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ناخشا ـ ساز ئاڭلاۋېتىپ، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، ھەر خىل

ئىشلارنى كۆرۈۋېتىپ يىغلايمەن. كۆز يېشىم بۇلدۇقلاپ ئاقىدۇ. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىمغا، كۆز يېشىمنى توختىتىۋېلىشقا ئامالىم يوق. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئادەم قانداقمۇ تەمكىن ئادەم ھېسابلانسۇن؟ ھاياجانلىنىپلا، تىتىلداپلا تۇرىدىغان ئادەم قانداقمۇ سوغۇققان ھېسابلانسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن ناھايىتى قورقۇنچاق. قورقۇنچاقلىقىم ئېھتىياتچانلىقىمنى قۇۋۋەت بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا ۋارقىرىيالمايمەن ـ جارقىرىيالمايمەن. تىتىلداتقانلارغا مۇشت كۆتۈرۈشۈم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پەقەت ۋە پەقەتلا يىغلايمەن، يىغلاشقىلا جۈرئەت قىلىمەن. تېخى ھازىرغىچە ھېچكىم يىغىنى، كۆز يېشىنى گۇناھ ـ جىنايەت ھېسابلاپ باقمىدىغۇ. يىغلاشقا جۈرئەت قىلىشىم مانا شۇنىڭدىن.

ئەسەرلىرىمدىكى سوغۇققان ـ تەمكىنلىك، مەزمۇن ئېغىرلىقى، ئەقلىي ۋەزىن ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇق (ئەگەر ئەسەرلىرىمدە راستتىنلا شۇنداق ھالەتلەر بولسا)، قايتا ـ قايتا ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى، يەنە بىر جەھەتتىن قورقۇنچاقلىقنىڭ، شۇنداق بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن، ئارزۇ ـ ئارمانىنىڭ نەتىجىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق شۇنداق بولۇشقا ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەر يېزىلىۋاتقاندا ئۇنىڭدىكى كەيپىياتنى كۆپىنچە ئارزۇ ـ ئارمان ئەمەس، چىنلىق بەلگىلەپ قويىدۇ.

يازغۇچىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن ئىجادىيەتتىكى ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزۈڭلار دېگەندەكلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىسخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن ئىزدەپ ھۆكۈم چىقارغىنىڭلار تۈزۈك. بۇ جەھەتتە ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما، مەن ئىلگىرى تىلغا ئالغىنىمدەكلا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «بۇلاقتىن سۇ چىقىدۇ، تومۇردىن قان» دېگەن سۆزىگە ئىخلاس قويغۇچى. يېزىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى

ئۆگەنگەن ئادەم، ئەگەر ئۇ ئەخلاقلىق بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئەخلاقسىزلىق تەرغىب قىلىنغان ئەسەر چىقىدۇ. پۇل، مال - دۇنياغا بېرىلگەن ئادەم بولسا، ئۇنىڭدىن ئەخلەت ئەسەر چىقىدۇ. بۇ گەپلىرىم ئەلۋەتتە مىجەز - خاراكتېر توغرىسىدا ئەمەس، ئەخلاق توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سوئال بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

**سوئال:** بىز ئىجادىيىتىڭىزنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «بويناق ھەققىدىكى خاتىرىلەر»دىن تاكى يېڭى ئەسىرىڭىز «قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ» قىچە ئوقۇغىنىمىزدا تىل ئىشلىتىش، بايان، تەسۋىر، ئوبراز يارىتىش جەھەتلەردە سىزدە بەك چوڭ بۇرۇلۇش، ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، ئاساسەن بىر خىل لىنىيە بويىچە مېڭىپ كېلىۋاتقىنىڭىزنى بايقايمىز. ۋاھالەنكى، بۇ ئارىدا ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن يېڭىلىق، سىناق، بۇرۇلۇش، ئۇرۇنۇش بولۇپ ئۆتتى. بۇ يېڭىچە ئۇرۇنۇشلار ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىر قىلغاندەك ئەمەس. بۇنىڭغا ئۆزىڭىز قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ئەگەر ئەھۋال راستىنلا سىلەر دېگەندەك بولسا، بۇ چاتاق بولغىنى. ئەگەر بىر يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرىنىڭ سەۋىيەسى بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىنىڭ، دەسلەپكى ئەسىرى ياراتقان بەدىئىي مۇھىت بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي مۇھىت، دەسلەپكى ئەسىرى يەتكەن بەدىئىي چوققا بىلەن ئاخىرقى ئەسىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي چوققا ئوخشاش ۋە تەڭ بولۇۋالسا، بۇ يازغۇچى تۇغۇلۇپلا بويى ۋە ئەقلى ئۆسمەي يىگلەپ قالغان نىمجان بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەدەبىياتتا «ئالدىنقى قېتىملىق ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىش، دەۋرداشلىرىدىن ئېشىپ كېتىش، ئىلگىرىكىلەردىن ئېشىپ كېتىش» دېگەن شوئار بار.

بۇنى ئازراق بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرالىمىغان يازغۇچى ياخشى ۋە باشلامچى يازغۇچى ئەمەس. بۇنداقلار نەچچە يۈز پارچە ئەسەر ئېلان قىلسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر نەرسىسى بولمايدۇ. بۇنداق يازارمەننى ھېچكىممۇ ئېسىدە تۇتمايدۇ ... ماڭا سەل ئۇۋال قىلغاندەك تۇرىسىلەر. مەن تېخى ئالدىنقى يىللا ئەسەرلىرىمنى توپلام قىلىش سەۋەبى بىلەن ھەممىسىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. ھېس قىلىشىمچە، يېزىقچىلىقىنىڭ تېخنىكا مەسىلىلىرىدىن تارتىپ تېما تاللاشقىچە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تارتىپ يەتمەكچى بولغان مەقسەتكىچە، ئەسەرلىرىمدىكى كەيپىيات - تۇيغۇدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. تەسۋىرنىڭ كۆپىيىپ، باياننىڭ، مۇھاكىمىنىڭ كېمىيىپ بارغانلىقىنى بايقىدىم. يۈزەكى مەسىلىلەرنى يېزىشتىن ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى قەلەمگە ئېلىشقا ئۆتكەنلىكىمنى، ۋەقەنى تەسۋىرلەشتىن ئادەمنى تەسۋىرلەشكە ھالقىغانلىقىمنى، دەۋرنى يېزىشتىن مەدەنىيەتنى يېزىشقا كۆچكەنلىكىمنى، مېدىيەلەرگە ئەگىشىشتىن مۇقەددەس چاقىرىقلارغا قۇلاق تۇتۇشقا بۇرۇلغانلىقىمنى سەزدىم. بۇلارنى ئۆزگىرىش دېيىشكە بولماسمۇ؟ سىلەرگە مەلۇم، مەن ئەسەرلىرىمنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، سۈپىتى بىلەن دىققەت قوزغىغان يازغۇچى؛ ئەسەرلىرىمنىڭ ھەجمى بىلەن ئەمەس، بەدىئىيلىكى بىلەن دىققەت قوزغاشقا ئۇرۇنغۇچى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە يازما ئوبزور ئېلان قىلىشقا سازاۋەر بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەزمۇنغا ئەمەس، بەدىئىيلىكىگە نەزەر سېلىندى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسەرلىرىمنىڭ مەزمۇنىنى قايتا چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى يوق.. ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىلەشلەر خېلى چوڭ. 1980 - يىللاردا يازغانلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا، 1990 - يىللاردا

يازغانلىرىم بەزى تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە. ئالدىنقىسى مېدىيەلەرگە ئەگىشىش، دەۋرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، دەۋر روھى دېگەنلەرنى قوغلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بوپقالغان بولسا، كېيىنكىلىرى ئىنساننىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن پەرقلەندى. تىل ئىشلىتىش ئادىتىمدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تىلنى نەگە ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى. بايان، تەسۋىرلەرنىڭ سالمىقى ۋە سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئوبراز ـ پېرسوناژلارنىڭ ئېنىقلىق، ئۆزگىچىلىك، چىنلىق دەرىجىلىرىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزگىرىش بولمىغان تەرەپ ئىجادىيەت مېتودىدا. باشتىن ـ ئاخىر رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن ئېغىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىپ كەلدىم. رېئالىزمغا چاپلانغان ھەرقانداق بوھتان ـ يالىلاردىن قورقۇپ كەتمىدىم. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى كىلاسسىكلار، مەشھۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رېئالىزمچى ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايان. مەشھۇر بولغان ھالەتتىمۇ رېئالىزمدىن چەتنەپ كەتسە كىلاسسىك بولالمايدۇ. ئۆتكەندە، چىڭغىز ئايتماتوف ۋاپات بولغاندا چىققان ماقالىلەردىن كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. شاڭخەيدىكى بىر كىتابخانىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى قويۇلىدىغان ئىشكاپلارغا تىزىلماپتۇ. مۇخبىر بۇنى سورىغاندا، كىتابخانا دىرېكتورى: «ئۇنىڭ رېئالىزمدىن چەتنەپ كەتكەن تەرەپلىرى بار. ئۇنى كىلاسسىك يازغۇچى ھېسابلاشقا بولمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىپتۇ. بۇ گەپ سىزگە رېئالىزمنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نوپۇزىنى قايتا بىر قېتىم ئەسكەرتىدۇ. رېئالىزمدىن باشقا مېتودلاردا، مەيلى ئۇنى ھەرقانچە پەردازلاشسىمۇ، خۇددى ھامبۇرگ بولكىسى، پىسا قاتلىمىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش، ئازراق ئۆزگىچە تەم باردەك سېزىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا بىر ئەخلەت، ھېچقانداق قۇۋۋەت

يوق. قوۋۋەتسىز يىمەكلىك كۈچ بېرەلمىگەندەك، ھېلىقىدەك مېتودلاردا ئىجاد قىلىش ئوقۇرمەنگە نېمە بېرەلىسۇن؟ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەپسانىلاشتۇرۇش دەمدۇ، غۇۋالاشتۇرۇش دەمدۇ، سىرلىقلاشتۇرۇش دەمدۇ، مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىشكە، بايقاشقا، تەسۋىرلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ھېلىقىدەك سىناق، ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رولى ۋە تەسىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ نۇقتىنى سىز ھېس قىلىپسىز. بىز چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە پەقەت رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىلا، شۇ مېتودتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرلا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى تېپىشماق تاپتۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشكە موھتاج.

**سوئال:** ئەدەبىياتتا تۈرلۈك ئېقىم ـ ئىزم مەۋجۇت. ۋاھالەنكى، ھەممىسى يازغۇچى ۋە ئوقۇرمەننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزىلەر ئەدەبىياتتىن مەقسەت ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر ساپ ئېستېتىك زوق ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. سىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش مەنىسىدە چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى تەكىتلىگەنتىڭىز... ھېلىھەم مۇشۇ قاراشتىمۇ سىز؟ ئەمما، سىزنىڭ مىللەتتىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەرنى ئېيىبلەپ، تەنقىدلەۋەرگەندىن كۆرە ياخشى تەرەپلەرنى يورۇتۇشنىڭ پايدىسى، ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆيۈنۈپ سۆزلىگىنىڭىزنىمۇ ئاڭلىغانمىز. ئەدەبىي ئاخباراتلىرىڭىزدىمۇ





تىرىشچان، مېھنەتكەش كىشىلەر، كارخانىچىلار، يەنى ياخشى تىپلارنىڭ ئوبرازى كۆپرەك يارىتىلدى. مۇبادا شۇنداق دېيىلسە، بۇ سىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش» دەيدىغان قارىشىڭىز بىلەن زىت بولۇپقالامدۇ ـ قانداق؟

**جاۋاب:** ھېلىقى قاراش بۈگۈنكى مەن ئۈچۈن خاتا. ئەينى چاغدا (بۇ بەلكىم 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى قارىشىم بولۇشى مۇمكىن) تېتىقسىزلىقلار ئۈستىدىن ئازراق شىكايەت قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولغانلىقىدىن، ئەدەبىياتنىڭ يۈزلىنىشى كۆپرەك شۇ تەرەپكە بۇرالغانىدى. لۇشۇندىن، چېخوۋتىن قالغان ئەنئەنىمۇ شۇ ئىدى. ئەزىز نەسىنمۇ شۇ يولنى تۇتقانىدى. شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات قارىشىم ئاشۇ ئىش ۋە ئاشۇ پېشىۋالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېچىۋېتىش شارائىتى بىزنى بەكمۇ كۆپ ئۇچۇر ۋە بىلىم بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دۇنيا قارىشىم، قىممەت قارىشىم، تۇرمۇش قارىشىم ۋە ئالەمنى چۈشىنىشىمدە تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر ئېيتالايمەنكى، 20 يىل بۇرۇنقى مەن ھەرگىز ھازىرقى مەن ئەمەس. ئۇ بىر تەنتەك، ئاسمانغا پىچاق ئاتقىلى بولىدۇ دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرىدىغان نادان، باشقىلارنىڭ شادلىقىغا كۆلۈشۈپ بېرىدىغان ئەخمەق! شۇڭا ئاشۇنداق ئەخمىقانە گەپنى دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ گەپنى ئېسىڭلاردىن كۆتۈرۈۋېتىڭلار. ئالەمنىڭ ئەسلىي قىممىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنقىد قىلىش، پاش قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئەدەبىيات ئۇنداقلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى «قەھرىمانلارنى يېزىش، ياخشىلىقنى مەدھىيەلەش، گۈزەللىكنى كۈيلەش» تەشەببۇسىنى سەل

كېينىرەك چۈشەندىم. بۇ ھەرگىزمۇ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى تۆت مەلئۇن تەشەببۇس قىلغان مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بەك چوڭ. ناچارلار ۋە ناچارلىق، رەزىللەر ۋە رەزىللىك، قانخورلار ۋە قاباھەت ئالەمدە مەڭگۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك پېرسوناژ. ئەدەبىيات بىرىنچى دەرىجىلىك پېرسوناژنى تىلغا ئېلىشى، شۇنى تەسۋىرلىشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھايات ۋەقەلىرىنى قايتا نامايان قىلىپ بېرىشى كېرەك. رېئالىزم دېگەن قايتا يورۇتۇپ بېرىشكى، ھەرگىزمۇ قامچا ئوينىتىش ئەمەس.

**سوئال:** قانداق قىلىپ تارىخىي ھېكايىلەرنى يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز؟

**جاۋاب:** ھەرقانداق پارتلاشقا پىستان كېرەك، رېئال تېمىدىكىلەرىگىمۇ، تارىخىي تېمىدىكىلىرىگىمۇ ئىلھامنى ئوت ئالدۇرىدىغان چاقماق بولمىسا بولمايدۇ. تارىخىي ۋەقەلەردىن تولىراق قىسقىلا بايان ۋە خۇلاسىلا يېتىپ كېلىدۇ. بەزىدە ماكان، زامان ۋە ئادەم ئىسىملىرىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ. جەريان بولسا ئەسلا يېتىپ كەلمەيدۇ. يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ بۇرمىلانغان ھالەتتە. ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرى تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ. يازغۇچىغا كېرىكى جەريان. ماھارەتلىك يازغۇچى جەرياننى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئەينى زامان چىنلىقىغا ئوخشىتىپ توقۇيدۇ. بۇرمىلانغان يەرلەرنى تۈزىتىدۇ، سەۋەبلەرنى قايتا ئىزاھلايدۇ. خەۋىرىڭلاردا باردۇ، ئابدۇللا قادىرىينىڭ «مېھرابتىن چايان» رومانىنىڭ يېزىلىشىغا «خۇدايارخان ئوردىسىدىن بىر كېنىزەك قېچىپ كېتىپتۇ، تاشكەنتكە كېلىۋاپتىكەن» دېگەن بىر تارىخىي مىش ـ مىش پىلتە بولغان، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنىڭ يېزىلىشىغا «چۆلدە ياۋايى ئادەم بار ئىكەن، يالىڭاچ يۈرەركەن» دېگەن مىش ـ مىش پىستان بولغان. قالغان ئىشلار





يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق.

ھازىرغىچە «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» قاتارلىق تۆت پارچە تارىخىي ھېكايىنى قەلەمگە ئالدىم (بەزى سەۋەبلەردىن سۆھبەت بايان قىلىغۇچىنىڭ بۇ ھېكايە ھەققىدىكى بايانلىرى قىسقارتىلدى ـــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). بۇلاردىن «شاھ مەشرەپ خوتەندە»گە شاھ مەشرەپكە بېرىلگەن خاتا ئىزاھلار پىستان بولدى. «ئالتە كۇنلۇك پادىشاھ» نى راخمان گۇگۇت ھەققىدىكى ئاجايىپ پاراڭلار ۋە ئۇنىڭ روھىدىكى جاسارەت، ئاجىزلىق، چەكلىمىلىكلەر كۆتۈرۈپ چىقتى. «شەمس تەبرىزىم مازىرى»دىكى ماجىرا» نىڭ پىستىنى ــ لېچەك ـ چۇمبەللەر بىلەن ھەپىلىشىش. قىزىقىپ قېلىشنى رېئاللىقنىڭ ئۆزى پەيدا قىلىدۇ. رېئال سەۋەب بولماي تۇرۇپلا زورمۇزور، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەر يېزىش ئۈچۈنلا تارىخىي ئەسەر يازسا، ئۇ ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلانمىسى بوپقېلىشى، قۇرۇق، تەسرلەندۇرۇش كۈچى تۆۋەن بىرنەرسە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. تارىخىي ئەسەر دېگەن «سىپارتاك»تەك، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ»دەك، «چىڭگىزخان»دەك، «مېھرابتىن چايان»دەك بولىدۇ. ئۇلگىلىك تارىخىي ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىياتىدا بەك كۆپ. بىزدىمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانى، تېيىپجان ھادىنىڭ ھېكايىلىرىنى تارىخىي ھېكايىلەرگە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىپارتاك توغرىسىدىكى تارىخىي ئەدەبىي ئەسەر سىپارتاك ئۈچۈن، چىڭگىزخان توغرىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەر چىڭگىزخان ئۈچۈن يېزىلماسلىقى كېرەك. «چىڭگىزخان» رومانىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ «تۈن ئۇزۇن، تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى بار، بىز ھاجى رەھىمنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىشىمىز لازىم.»

**سوئال:** بەزى ئەدىبلىرىمىزنىڭ «ھازىر جەمئىيەت

ئىدېئولوگىيەسى بەك زىلىللىشىپ كەتتى. ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان سىياسىي ئۆلچەم بەك يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، پائالىيىتىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈپ قويىدى. تۇرمۇش رەڭگارەڭ ۋە قايىنام ـ تاشقىنلىق ئەمەس. بۇ ھال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «تېما نامراتلىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا ياخشىراق بىر نەرسە يازغىلى بولمايۋاتىدۇ» دېگەندەك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەمما، بىز سىزنى بۇ چەكلىمىلىكتىن تامامەن مۇستەسنا دەپ قارايمىز. سىزچىچۇ؟

**جاۋاب:** ھېلىقى قاراشلار خاتا. نامراتلىقنىڭ سەۋەبى بايلىقنىڭ يوقلۇقىدا ئەمەس، ئۇنى تاپالمىغانلىقتا، ھورۇنلۇق ۋە ئېزىلەڭگۈلۈكتە. ئەدەبىيات تېما نامراتلىقى، چەكلىمە كۈچلۈكلۈكى دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەرنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بۇلار ھېسابقا ئېلىنغان ئەمەس. پالانى بۈيۈك يازغۇچى بولىدىغان ماتېرىيال ئىدى، چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن يازغۇچى بولالمىدى دېگەن گەپنى بىز تېخى ھېچبىر كىتابتا كۆرۈپ باقمىدۇق.

**سوئال:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېقىنقى يىللار مابەينىدە نۇرغۇن رومان نەشر قىلىندى. ھەتتا بىۋاسىتە رومانغا تۇتۇش قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزنىڭمۇ رومانغا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىڭىز توغرۇلۇق گەپلەر تارالغانىدى. ئەمما، سىزدىن بۇ توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق سادا ئاڭلىمىدۇق. بۇ گەپلەر راستمۇ؟ ياكى ...

**جاۋاب:** رومان يۈتكۈزۈپ باقمىدىم. يازماقچى بولغىنىم راست، ئەمما، بۇرۇنقى باشقا سۆھبەتلىرىمدە بۇنىڭغا كۆرسەتكەن باھانىلىرىمنىڭ ھەممىسى ياسالما گەپلەر. قارىغاندا، مەن رومانچى بولالمايدىغاندەك قىلىمەن. بىلىم ـ تەجرىبىلىرىمنىڭ كەملىكى، ھورۇن ـ ئىقتىدارسىزلىقىم، ئويۇن ـ

تاماشىچىلىقىم بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. قورقۇنچاقلىقىممۇ شۇ ۋەجىدىن. ھېكايە - پوۋېستلىرىچىلىك يازالمايتۇ، دېيىلىشتىن قورقۇۋاتىمەن.

**سوئال:** سىزنى ئەدەبىياتىمىزدىكى پىشقان، تىرىشچان، توختىماي ئوقۇيدىغان، ئۆگىنىدىغان، يازىدىغان، تەپەككۇرى ئويغاق ساناقلىق مۇتۇۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دەپ بىلىمىز. ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار... پىروزا ئەسەرلىرىدىكى ئاددىيلىشىش كىشىنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سالىدۇ. ئاددىيلىقمۇ سەنئەت. لېكىن بىزدىكى ئاددىيلىشىش ئەسەرلەرنىڭ تىل، قۇرۇلما، بايان، ۋەقەلىك، مەزمۇن، شەكىلگىچە شۇنچىۋالا ئاددىي، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان بوپقالدى. بۇنى كۆپ ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتىمىز. بىر پىشقان قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ئاجىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

**جاۋاب:** بۇنى تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەپ قاراش كېرەك. ئالدى بىلەن ئويلىشىپ كۆرىدىغان مەسىلە — تەلەپ ئېشىپ كەتتىمۇ ياكى يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان مالنىڭ سۈپىتى چاتاقمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. تەلەپنىڭ ئېشىشى ياخشى ئەھۋال. ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ساپاسىدا زور ئۆسۈش بولدى. ئىشچى - دېھقانلىرىمىز ئارىسىدىنمۇ يۇقىرى ساپالىق ئوقۇرمەنلەر يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا تەلەپنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرى سۈپەتلىك ئىستېمالغا ئىشتىھا راسلاپ تۇرغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغىنىمىز يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بوپقالسا، بۇ يەردە چوقۇم سىزنىڭ تەسىراتىڭىزدەك ھال پەيدا بولىدۇ. يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان ماللارنىڭ سۈپىتىگە

كەلسەك، ئومۇمىي ئەھۋال ياخشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە راستىتىنلا ئاددىيلىشىپ كېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. ئاددىيلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ئىچىدە قەلەمكەشلەرنىڭ ئىزدىنىش جەھەتتىكى ئىررىنچەكلىكى بىلەن زامان تەرتىپلىرىنىڭ كۆچىيىپ كەتكەنلىكى تۈپ ئامىل بولۇشى مۇمكىن. تەرتىپ قاشالىرىنى ئىزدىنىش ئارقىلىق بۆسۈپ ئۆتكىلى بولاتتى. ۋاھالەنكى، ئارىمىزدا يېزىقچىلىقنى ئاسان ھۈنەر ھېسابلايدىغان، شۇنداقلا يېزىپ قويۇپ، ئۆزىنى شۆھرەت پەشتىقىدا كۆرىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. سىلەردە ئاشۇنداق تەسىرات پەيدا قىلغانمۇ شۇلار. ئەمما، ياخشى ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. مەن خېلىدىن بېرى تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. يېقىندا ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» رومانىنى ئوقۇپ، تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ پاموكچە تەسۋىر ۋە بايانلىرى، باشلانما ۋە يېشىملەرنى ئالالىغاچان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغانلىقىنى سەزدىم. پاموكنىڭ ئەسەرلىرى ئەمدىلا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان تۇرسا؟ مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيەسى ھەرگىز باشقا ئەدەبىياتلاردىن كەم ئەمەس. ئابدۇرەھمان ئەزىزنىڭ، ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ، مۇتەللىپ سەيپۇللانىڭ، ئابدۇكېرەم قادىرنىڭ، ياقۇپ كېرەمنىڭمۇ ياخشى ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا سازاۋەر بولدۇم. بۇلارمۇ بىزدە ياخشى ھېكايىلەرنىڭ، ياخشى ھېكايىچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئىزدىنىش، تىرىشىش روھى بولسىلا ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولىدۇ، توسالغۇلارنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئىش پەقەت بىزنىڭ يوللارنى، يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تاپالىشىمىزغا باغلىق. سىز دېگەندەك ئاددىي، قۇرغاق تەسىرات قالدۇرىدىغان، جىنس مۇھەببىتىنىلا تەسۋىرلەشنى رامكا قىلىۋالغان، چىنلىق تۇيغۇسى كەم، ئەدەبىي قىممىتى تۆۋەن ئەخلەت يازمىلارنى توسۇپ





قالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنى يازىدىغانلارنىمۇ قەلەمنى تاشلاشقا كۆندۈرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال. ئەخلەت يازمىلارغا سېلىشتۇرۇلمىسا ئېسىل يازمىلارنىڭ قىممىتىنى قانداق مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ جاھان دېگەندە دان بىلەن سامان ھامان بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. گەپ، ئۇنى پەرقلەندۈرۈشتە. سىلەرمۇ پەرقلەندۈرۈپسىلەر، يەنە پەرقلەندۈرگەنلەر بار ئىكەن. مانا شۇ پەرقلەندۈرۈش كۈچى ئەدەبىياتىمىزنى، جۈملىدىن پىروزا ئەسەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتمەسلىك كېرەك.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدىن پەيدىنپەي شەكىللىنىۋاتقان جەمئىيەت تارىخىنى، يەنى بەدىئىي تارىخنى سېزىمىز. بولۇپمۇ خوتەن دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان، كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر ئەسەرلىرىڭىزدە ئاساسەن ئاجايىپ كەسپىي ئائىلىلەر، ئاجايىپ ئىجتىمائىي دولقۇنلار ۋە ھەر خىل تۈزۈم، يەرلىك سىياسەت، بەلگىلىمە، دولقۇن ۋە ئۆلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى، ئىدىيەسىگە، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن. سىز ئاشۇنداق خاتىرىلەشنى مەقسەتلىك قىلىۋاتامسىز ياكى؟...

**جاۋاب:** ئەسلىي مەنىسىدىمۇ رېئالىزملىق ئەدەبىي ئەسەر جەمئىيەت تارىخى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، پۈتكۈل دۇنيادا ئورتاق. ئەدەبىيات تەنقىدچىلىرىنىڭ ھيوگۇ ۋە بالزاكنىڭ ئەسەرلىرىنى فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى دېيىشكەنلىرىنى، تولستوي ۋە چېخوپنىڭ ئەسەرلىرىنى روسىيەنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى دېيىشكەنلىرىنى سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار. لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرى بولسا جۇڭگونىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تارىخى. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان تارىخ كۆپرەك بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تارىخى ۋە ھاكىمىيەت ئالمىشىش تارىخىنى

كۆرستىدۇ. ئۇ زور، پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەسىرگە ئىگە ۋەقەلەرنى خاتىرىلەيدۇ. پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئېڭىدىكى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىكى، ئىنتىلىش ـ تىرىشىشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، كەچۈرمىشلىرىنى بولسا ئەدەبىيات خاتىرىگە ئالىدۇ. بۇ ئاشۇ پۇقرالار ئۈچۈن شەخسىي تارىخ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تارىخ. ئەگەر بىر ئەدەبىي ئەسەر ئاشۇ ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالمىسا ياكى ئاشۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا بىز ئىجتىمائىي تارىخنىڭ بىر كىچىك كەسمە يۈزىنى كۆرەلمىسەك، بۇ ئەسەر تۇز ـ تەمى تەڭشەلمىگەن تاماقتەك بىزگە تېتىماي قالىدۇ... ئەسەرلىرىمدە ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما، يېزىلىۋاتقان جەريان بۇنى تەبىئىي ئىشقا ئاشۇرغان دەپ ئويلايمەن. ئەسەرلىرىمدىن باشقا يۇرتتىكىلەر خوتەننى، كەلگۈسىدىكىلەر هازىرنى كۆرۈپ يېتەلىسە، بۇ ئەلۋەتتە نەتىجە هېسابلىنىدۇ. بىرەر ئىشلەپچىقىرىش ـ ئەمگەك جەريانى تەسۋىرىدىن ئەينى چاغ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ۋە تېخنىكىسىنى بىلەلىسە، بۇ تېخىمۇ زور نەتىجە هېسابلىنىدۇ. نەۋايى هەزرەتلىرى فەرهادنىڭ مېتىن ـ كەكىلەر بىلەن تاشنى لاينى كەسكەندەك كېسىپ ئۆستەڭ قازغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، مېتىن ـ كەكىلەرنى نېمىدىن ياسىغانلىقىنى، خۇرۇجىنى قانداق سۇغارغانلىقىنى، ئۇنى لاي كەسكەندەك كېسىش ئىقتىدارىغا قانداق ئېرىشتۈرگەنلىكىنى يازمىغانلىقىدىن ئەپسۇس چەككەنىدىم. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئېھرام قوپۇرغان 80 تونىلىق تاشلارنى قانداق يۆتكىگەنلىكىنى ياكى قايسى هۈنەر بىلەن ياسىغانلىقىنى بىلىشەلمەي هازىرمۇ ئىزتىراپ چېكىشىۋاتىدىغۇ. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنچىكە، تارىخ بولغۇدەك تەسۋىرلەپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق. ئەدەبىي



ئەسەر ۋەقەنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ۋەقەدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشنى ھېكايە قىلىدۇ. نەتىجىنى ئەمەس، جەرياننى ھېكايە قىلىدۇ. تارىخىي تېمىدا ھېكايە يېزىپ باقتىم. بىزگە پەقەت نەتىجە ـ يەكۇنلا يېتىپ كەلگەچكە، جەرياننى توقۇلما قىلىشقا توغرا كەلدى. قانچىلىك ئوخشىدى؟ ئەينى زامان چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولدىمۇ؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلماق تەس. كېيىنكىلەر ئۇچۇن بولسىمۇ ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلەپ قويۇش زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، بىز ئەدەبىي ئەسەردە ئادەمنى يازىدىكەنمىز، ئىجتىمائىي ئادەمنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىنى يازماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بۈگۈنكى كۈندە يەككە ئادەمنى تاپماق بەسي مۇشكۇل. شۇنداقكەن، بىزنىڭ پېرسوناژلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتى چوقۇم ئاشۇ جەمئىيەت، ئىجتىمائىي دولقۇن، ھەر خىل تۈزۈم، سىياسەت، بەلگىلىمىلەر ئىچىدە بولىدۇ. ئارقا كۆرۈنۈش ــ دېكوراتسىيە چوقۇم شۇلار بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال چوقۇم ئىجتىمائىي تارىخنى خاتىرىلىگەندەك تەسىرات قالدۇرىدۇ.

**سوئال:** بىز ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلار ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، ئۇلاردا ناھايىتى كۈچلۈك تىراگېدىلىك گاڭگىراش، تەڭقىسلىق، بىچارىلىكنى سېزىمىز. ئۇلار قانداقتۇر بىر مەنزىل، ئەقىدە ئۇچۇن تىركىشىدۇ ـ يۇ، كۆپىنچىسى يېتەلمەي قىينىلىدۇ. قانداقتۇر بىر مەيدان مەسلەكنى ساقلىماق بولۇشىدۇ ـ يۇ، ئاجىز كېلىدۇ ... بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** بۇنى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ، سىياسىي، ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى دېيىش كېرەك. ئاشۇنداق يېزىلمىغان بولسا، بۇ، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىققا، چىنلىققا ئۇيغۇن بولمىغان بولاتتى. بۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىلا ئەمەس، مەسئۇلىيەتچان ئۇيغۇر

يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئەھۋال. خەلقىمىز كۆپ ماتېرىيالدا چاقچاقچى، ھەزىلكەش خەلق، ناخشىچى خەلق، بىغەم ـ بىپەرۋا خەلق، ھورۇن ـ لايغەزەل خەلق، نادان ـ ئەخمەق خەلق، ئەقىدە ـ ئىخلاسى سۇس خەلق، ئامەت كۇتۇشكە خۇشتار خەلق، قورقۇنچاق ـ ياۋاش خەلق، چېقىمچى ـ ساتقۇن خەلق، چېچىلاڭغۇ ـ ئىتتىپاقسىز خەلق... دەپ تەرىپلىنىپ (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا سەپەر قىلغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە قاراڭ) كەلدىغۇ. تېخى ئۆزىمىزمۇ شۇنداق تەرىپلەشكە خۇشتار بولۇپ يۇردۇق. ئەكسىچە، چاقچاق ـ ھەزىللىرىمىزدىكى قارا يۇمۇردەك ئاچچىق تەنبىھكە، ناخشىلىرىمىزدىكى ھەسرەت ـ نادامەتكە، بىغەم ـ بىپەرۋالىقىمىزغا يوشۇرۇنغان قېيىداشقا، ھورۇن ـ لايغەزەللىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشسىزلىقىمىزغا، نادان ـ ئەخمەقلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىتقا، ئەقىدە ـ ئىخلاسىمىزنىڭ سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخىي سەۋەبلەرگە، قورقۇنچاق ـ ئېھتىياتچانلىقىمىزنى كۆچەيتكەن تەكرارلىنىشلارغا توغرىراق باھا بېرىشكە ھەپىلىمىز كەم بولدى. ئاشۇلارنىڭ ئۆزى راستىنلا پاكىت. ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېيىلگەندىمۇ ئۇنىڭغا بىر قىسىم رېئاللىق يوشۇرۇنغان. بۇلار نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ گاڭگىراش، تەڭقىسلىق، بىچارىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ خەلقىمىز نەچچە ئەسىر ئاشۇ تەڭقىسلىق، بىچارىلىك ئىچىدە گاڭگىراپ يۇردى. تۇگىشىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئاشۇ قاملاشمىغان قىلىق دەپ تەرىپلەنگەن ئىشلاردىكى ئەۋرىشىملىك بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇردى. كۆچلۈك بوراندا مەجنۇنتالغا قارىغاندا چىنار ئۇڭايراق سۇنىدۇ. ئەۋرىشىملىكنىڭ ئۆزى بىر خىل ساقلىنىپ قېلىش چارىسى. ئاشۇ بىچارىلىك، تەڭقىسلىق

ئەۋرىشىملىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىت ــ تارىخىي چىنلىق ۋە ئىجتىمائىي چىنلىق. ئەدەبىيات تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشقا ئەھدە قىلغانىكەن، بىز ئاشۇ تەۋەككۈلچىلىقنى، بىچارىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، بىچارىلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىقتا قىلىش ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى. «ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى» («قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە، 83 ـ بەت.) ئاجىزلىق ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە بىچارىلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەدەبىيات ئىنسان ماھىيىتىنى، تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك، دەپ شۇئار توۋلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ يازغانلىرىمىزمۇ چوقۇم شۇ شۇئارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئەسەرلىرىمىز ئاشۇنداق يېزىلىدۇ.

پېرسوناژلىرىمىنىڭ تىركىشىشلىرىگە كەلسەك، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز بىلەن بۈگۈنكى «يەر شارىلىشىش» دولقۇنىدا بىزگە كۆچەپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر ماس كەلمەي قالدى. ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىز بىلەن تەرغىب قىلىنىۋاتقان قاراشلار ماس كەلمەي قالدى. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز رېئاللىققا ئۇيغۇن بولماي قالدى. بوللىۋۇد (ھىندىستان) كىنو چولپانلىرى ئۆزۈندىن بېرى كۆز قىسىپ كەلگەن بىزگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ھولليۇۋود چولپانلىرىمۇ قاش ئېتىشقا باشلىدى. بىز تەۋەككۈلچىلىقتا قالدۇق، زىددىيەتلەر ئارىسىدا قالدۇق. خۇداغا شۈكۈر، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز، ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر يىلتىزى بىزنى يەنىلا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىش كېرەك. پېرسوناژلىرىم تىركىشىۋاتىدۇ، ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ تىركىشىۋاتىدۇ. بۇ ھازىرقى رېئاللىقىمىز. يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى رېئاللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش،

تىركىشىشنىڭ نەتىجىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە تىركىشىشلەرنىڭ ئۇزۇن يىللارغىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەن. بۇنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ ئىلغارلىقى بەلگىلىگەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە سان ـ ساناق، كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي نامىلىرى ناھايىتى دەل، ئېنىق. بولۇپمۇ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىكى دەللىك كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدۇ. بۇ، يالغۇز ئەدەبىي ئاخباراتلىرىڭىزنىڭلا ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەرلىرىڭىزنىڭمۇ ئىنتايىن روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەرىپى. سىز بۇ خىل ئۇچۇرچانلىقنىمۇ بىر خىل مەقسەت سۈپىتىدە چۈشىنەمسىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي ئاخبارات ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە ئورۇن، ۋاقىت (ماكان ۋە زامان)، كىشىلەر ئىسمى توقۇلما قىلىشقا بولمايدىغان تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. سان ـ سېپىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ يەردە يۇقىرى ـ توغرا دەللىك، پاكىتلارغا ھۆرمەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، يۈكسەك دەرىجىدە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئەقەللىي تەلەپ.

ئۇچۇرچانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ سىلەر دېگەنلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ناتايىن. ئۇ يەنى تارىخىي ئۇچۇر، ئىجتىمائىي ئۇچۇر، تەبىئەت ئۇچۇرى، مەدەنىيەت ئۇچۇرى، پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى ... دېگەندەك كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇچۇرنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ. مەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەر جۈملىسىدە، ھەر ئابزاسىدا، ھەر بابىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈلۈشى كېرەك، دەپ قارايمەن. ئۇچۇرسىز بايان ۋە ئۇچۇرسىز تەسۋىرنىڭ جېنى بولمايدۇ، ئۇنىڭ رەڭ ۋە نۇرى تېخىمۇ جۇلالانمايدۇ. ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇپ، ئەسەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدىغان ئامىل دەل ئۇچۇر. ئۇچۇر بىلەن ئاخبارات ۋە

خەۋەر بىر گەپ ئەمەس، ئاخبارات ۋە خەۋەر ھازىر بولۇۋاتقان ئىش - ۋەقەلەرنىلا يەتكۈزىدۇ، ئۇچۇر بولسا ئۆتمۈشنىڭ، ھازىرنىڭ، يىراقنىڭ، يېقىننىڭ، ئېتىقادنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، ئەنئەنىنىڭ، ئادەتنىڭ، ھادىسە - ۋەقەلەرنىڭ، كۆرۈنۈش - ھالەتلەرنىڭ ... ھەممىسىدىن خەۋەردار قىلالايدۇ. ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي ئاخباراتتا بۇنداق ئۇچۇرلار بەك كۆپ بولىدۇ. ئالايلۇق، مەن يازغان «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە» دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتتا فەرھاد ۋە شىرىن ۋەقەلىرى توغرىسىدا، چىرا تاغلىرىدا 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن دىنىي ئۇرۇشلار توغرىسىدا، ئىمام زەبىبۇللالارنىڭ نەسەبلىرى توغرىسىدا، مافىڭ ئاپتورلۇقىدىكى «يېزىمىزنىڭ ياشلىرى» دېگەن كىنو توغرىسىدا، مەرھۇم قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» رومانى توغرىسىدا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بوستاندا كارىز تونېل قازدۇرغانلىقى توغرىسىدا، بوستانلىقلارنىڭ سۇسىزلىقتىكى نامرات تۇرمۇشى توغرىسىدا، شۇ چاغدىكى بوستان يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ھاتەمنىڭ قاشلىرىنىڭ قاش ئاتقاندەك يۇقىرى - تۆۋەن لىكىلداشلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا، بوستاندا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ۋە شائىر سېلىم ئەئلەم توغرىسىدا، ئاددىي دېھقان روزاخۇن كارىز توغرىسىدا، بوستانلىق بالىلارنىڭ مائاشقا ئېرىشتۈرىدىغان شەھەردىكى ئوقۇشتىن قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ... دېگەندەك بىر تالاي ئۇچۇرنى كەلتۈرگەنىدىم. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئەسلىدە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەمما، ئاشۇ ئۇچۇرلارنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشى «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە»گە خېلى جازىبىلىك قوشۇۋەتتى. بۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھالىرىدىن بىلدىم. بۇنداق مىساللارنى باشقا ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمدىنمۇ، باشقا ھېكايە - پوۋېستلىرىمدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ ... شۇڭا، بۇ يەردە

ئېيتمەنكى، ئۇچۇرچانلىق ھەم مەقسەت ۋە ۋاستە، ئۇ، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. سىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئۇچۇرچانلىق توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ جەھەتتە مېنىڭ بىلىمىم يېتەرسىز. يۇقىرىقى گەپلىرىمدە كېتىپ قالغان يەرلەر بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** ھەرقانداق سورۇن، يىغىن، ھەتتا زىياپەتلەردىمۇ قولىڭىزدىن قەغەز، قەلەم چۈشمەيدۇ. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئىجادىيىتىڭىزگە ناھايىتى زور نەپ ئېلىپ كەلدى دەپ بىلىمىز. ئەمما، مۇنداق خاتىرە يېزىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇنى ئىجادىيىتىگە مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى قىلىدىغان يازغۇچىلار كۆپ ئەمەس. بۇ ئادەت ۋە ئۇنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن؟

**جاۋاب:** باشتا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا گۈزەل شېئىرلار ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى خاتىرە ـ دەپتەرلەرگە كۆچۈرۈپ يۈرگەنلىكىمنى دەپ ئۆتتۈم. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر خىل كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى قالدۇرۇش. كېيىنرەك ــ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردا رەسمىي ھالدا كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىپ يۈردۈم. ئۇ چاغلاردىكى خوتەن ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىدا غازى قۇربان ئىسىملىك بىر مەسئۇلىيەتچان مويسىپىت كىتاب باشقۇرغۇچى ئىدى. ئارىيەت ئالغان كىتابتىن تەسىرات سۆزلەپ بەرمىسە يېڭى كىتاب بەرمەيتتى. مەن ئاشۇ مويسىپىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بولسىمۇ كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىپ يۈردۈم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدەك، قىسقارتىلىپ بايان قىلىنىشىدەك بىر نەرسىلەر ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدىكى كىتاب

كۆيدۈرۈشنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن نۇرغۇن كىتاب، خاتىرە، ئاتكرىتكا، رەسىم دېگەندەك ماتېرىيال بۇلاپ كېتىلدى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە زامان ياقتۇرىدىغان سىياسىي كىتابلارمۇ بار ئىدى، ھەممىنى قارىقويۇق كۆيدۈرسە بولمايتتى. بىز بىرقانچىمىزنى سىياسىي كىتابلارنى ئايرىۋېلىشقا بەلگىلىدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم كىتاب، خاتىرىنى، «فانايى» دېگەن شائىرنىڭ قول يازمىسىنى «ئوغرىلىۋېلىش» قا مۇۋەپپەق بولدۇق. شۇلار ئىچىدە بەختىيار (ئىسمىمۇ، تەخەللۇسىمۇ؟) دېگەن بىرىنىڭ ئۈچ دانە كۈندىلىك خاتىرىسىنىمۇ ئېلىپ چىقىپتىمىز. كېيىن ئوقۇپ كۆرسەك، ئۇ 1960 ـ ، 1962 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇرمۇشنىڭ ناچارراق يېزىلغان ئەسلىمىسى ئىكەن. گەپ پۇتۇنلەي ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە نېمە يېگەنلىكى، سائەت نەچچىدە قورسىقى ئېچىشقا باشلىغانلىقى، يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدىكى خىياللار، يېمەك ـ ئىچمەك ئارزۇلانغان گەپ ـ سۆزلەر توغرىسىدا باراتتى. بۇ خاتىرە مەندە چوڭقۇرراق تەسىرات قالدۇرغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا كىرىشتىم. ئۇ چاغدا ھەر كۈن توغرىسىدا تولۇق يازاتتىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئاساسەن توختىغان 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆچۈرگەن، خاتىرە يېزىلغان دەپتەرلىرىم 30 دەك بوپقالدى. «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن يېزىغا قايتقىنىمىزدا ئۇلارنى بىللە ئەكەتتىم. 1970 ـ ، 1971 ـ يىللاردىكى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچنى تەنقىد ـ كۈرەش قىلىش» ۋاقتىدا قورال ئىزدەپمۇ ياكى كىتاب ئىزدەپمۇ، ئىشقىلىپ ئائىلىمىز ئۈچ قېتىم ئاختۇرۇلدى، كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئەكىتىشتى، ھەتتا ئانامنىڭ پەرىجە ـ پەشمەتلىرىگە قادالغان كۈمۈش تۈگمىلەرنىمۇ ئەكىتىشىپتۇ. ياخشى بولغىنى، خاتىرە ـ دەپتەرلىرىمنى

تېپىشالماپتۇ. مەن ئۇلارنى بىر كونا قاپاقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، هويلىمىزدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويغانىدىم. ئەسكى قاپاق ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان چېغى، ئۇ قېتىم قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما، ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇش توختىمىدى، ئاتا ـ ئانام بەك ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. دادام ئاشۇ دەپتەرلەر ئىش تېرىپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ، مەن ئۆيدە يوق بىركۈنى دەپتەرلىرىمنى تېپىپ، ئۇكامغا كۆتۈرتۈپ بورانچى دەرياسىغا تاشلىۋېتىپ كەپتۇ. كېيىن مەن بۇنى ئۇقۇپ بىرھازا جېدەللەشتىم. دەسلەپكى دەپتەر ـ خاتىرىلىرىمنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى. لېكىن مەن خاتىرە يېزىشنى توختاتمىدىم. «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقان تۆت يىلدا داۋاملىق خاتىرە يازدىم، لېكىن بۇ كۈندىلىك خاتىرە ئەمەس، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىدەك بىر نېمە ئىدى. چوڭراق، تەسىر قىلغانراق بىرەر ئىش بولغان كۈنلىرى يېزىپ قوياتتىم ياكى ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر قېتىم ئومۇملاشتۇرۇپ يازاتتىم. شۇ چاغدىكى بىر دەپتىرىم ھازىرمۇ قولۇمدا. سىلەرگە بۇ گەپلەرنى يېزىۋېتىپ، يەنە ۋاراقلاپ كۆردۈم. كۈندىلىك خاتىرىلەر، تەسىراتلار، ماقال ـ تەمسىللەر، شېئىرىي مەشىقلىرىم ھەممىسى ئەينەن تۇرۇپتۇ. بۇنى بىر خىل ئەبجەش خاتىرە دېيىشكە بولىدۇ. 1973 ـ يىلى كۈزدە ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالغىنىمدىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرىنى نەسىر شەكلىدە يېزىپ يۈردۈم. شۇ چاغدا يازغان نەسرلىرىمنى باشقا ساۋاقداشلىرىممۇ كۆرگەن ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقان. ئەمما، ئالىي مەكتەپتىكى ئاساسىي ئىشىمىز باشتا يازغىنىمدەكلا ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ ساقلاش ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىھەم قولۇمدا.

يۇقىرىقىلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىكى مەقسەت، خاتىرە قالدۇرۇشقا كىچىكىمدىنلا ئادەتلەنگىنىمنى ئىزاھلاش ئۈچۈن. كېيىنكى چاغلاردىكى يېزىپ يۈرۈشلىرىم كۆپكە مەلۇم. ئادەتتە،

ئومۇمەن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن تولۇق خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشىمەن، بولۇپمۇ سىرتتىكى، باشقا شەھەر ـ يۇرتلاردىكى پائالىيەتلىرىمدىن. مېنىڭچە، بۇ بىر خىل ماتېرىيال يىغىش جەريانى. يىغىلغان ماتېرىياللارنىڭ، مەيلى كۈندىلىك خاتىرىدىكى ياكى باشقا يازمىلاردىكى (ئۆزۈم ساقلىغان) ماتېرىياللارنىڭ يېزىقچىلىقتىكى ئەھمىيىتىنى ھەممە كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. خاتىرە يېزىشنىڭ ئىجادىيىتىمگە ئېلىپ كەلگەن قولايلىقى توغرىسىدا گېپىڭلار توغرا، مەن راستىنلا بۇ جەھەتتە نەپ ئالغۇچى.

خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا، باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەكلا يازغۇچى ئۈچۈن جەريان كېرەك، باھا ۋە خۇلاسىنىڭ چوڭ زۆرۈرىيىتى يوق، خاتىرە مۇشۇنداق يېزىلسا خەتىرى ئاز بولىدۇ. ماكان، زامان ۋە جەريانىنىلا خاتىرىلەش كېرەك، تەسىرات ۋە ھېس قىلغانلاردىن خاتىرە قالدۇرۇشتا ئېھتىيات قىلماق كېرەك، بۇنى يازسا بولىدۇ، ئەمما ساقلاش خەتەرلىك. بۇنى مەنمۇ يازىمەن، لېكىن ساقلىمايمەن، كۆپىنچە باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن ياكى يېزىپ بولۇپلا يىرتىۋېتىمەن.

**سوئال:** ئەدەبىياتىمىز تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدە ئىزچىل ئېگىز ـ پەس داۋالغۇپلا تۇردى. يازغۇچىلار- نىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى- دىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈش بولدى. سىزمۇ ئىجتىمائىي ئۆزگى- رىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىرى بولدى دەپ قارام- سىز؟ بولسا، قايسى تەرەپلەردە بەكرەك ئىپادىلەندى؟

**جاۋاب:** ھەرقانداق ئۆزگىرىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىرى بولىدۇ، ئىجابىي ئۆزگىرىش ئىجابىي تەسىر، سەلبىي ئۆزگىرىش سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. كىچىك ئۆزگىرىش كىچىك تەسىر، چوڭ ئۆزگىرىش چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى يامان ئىش دېگىلى بولماس، ھەممىسىنى يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ دېگىلى بولماس. يامان ئۆزگىرىشنىڭ يامان تەسىرلا ئېلىپ كېلىشىمۇ، ياخشى ئۆزگىرىشنىڭ ياخشى تەسىرلا ئېلىپ كېلىشىمۇ ناتايىن. بىر يامان ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەسەرلەردىكى خاھىش پىنھانلىشىپ، غۇۋالىق ئىچىدىكى گۈزەللىكنى نامايان قىلىشى مۇمكىن. بىر ياخشى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەسەرلەردىكى خاھىش بەكلا ئاشكارىلىنىپ، قۇرغاق، زېرىكىشلىك تەسىرات پەيدا قىلىشى ھەم مۇمكىن. ھەرقانداق ئۆزگىرىش بىزنى يېڭى يول، يېڭى چارە تېپىشقا ئۈندەيدۇ، ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. سىز دېگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدە، يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا ئۆزگىرىش ۋە ئۆسۈش بولدى دېگەن مەسىلە شۇ. داردا ماڭغۇچىنىڭ تەقدىرى تەڭشەك خادىسىنى باشقۇرۇش ماھارىتىگە باغلىق. تەڭشەك خادىسىنى باشقۇرۇشنىڭ ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئىزدىنىشىمىزگە باغلىق. چارە ـ ئۇسۇل تولىمۇ كۆپ ئالەم بۇ، ئەمما ئۇلار يوشۇرۇپ قويۇلغان، ئىزدەپ، قىدىرىپ تېپىش كېرەك. ئۇنى تاپقىنىمىزدىلا ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرالايمىز.

ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ كىچىك ئەمەس، ئۇلار نۇرغۇن پىلانىمنى، يەنى تارىخىي تېمىدىكى نەرسىلەرگە قەلەم يۈگۈرتۈش پىلانلىرىمنى يوققا چىقاردى. بىر تالاي يازمامنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم، يېرىمىدا توختاپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مېنى ئاخىر يەنىلا رېئالىزمغا قايتۇرۇپ كەلدى، كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە پايدىلىنىش نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ مەجبۇر قىلدى. شۇڭا توختاپ قالمىدىم، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنىلا تىرىشىۋاتىمەن.

**سوئال:** سىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن غوللۇق كۈچ قوشقان يازغۇچى. ئەدەبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

ئاخباراتنى نېمە ئۈچۈن مۇھىم بىلدىڭىز؟

**جاۋاب:** يىغقان، ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئىچىدە ھېكايە ـ پوۋېست قىلىشقا لايىقلىرى بولغاندەك، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسر قىلىشقا لايىق كېلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنى زورمۇزور ھېكايە ـ پوۋېست قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، قايسىسىغا لايىق كەلسە، شۇ ژانىردا قەلەمگە ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. مەۋھۇم نەرسىلەردىن كۆرە ئىجتىمائىيەتتىكى راست ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەرگە بەكلا يېپىشىدىغان بولدى. بۇ تەرەپىمۇ مېنى جەلپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئۆزى بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن تەزكىرىچىلىكقۇ ئاخىر. ئۇزۇندىن بېرى بىزدىكى تەزكىرىچىلىك ئومۇملاشمىغان ئەھۋال ئىچىمنى ئېچىتىپ كېلەتتى. بۇ قاراشلىرىمنى باشقىلارغىمۇ دېگەنمەن. ئۇلارنى ئائىلە تەزكىرىسى، يۇرت تەزكىرىسى، مەسچىت تەزكىرىسى، شەھەر ـ بازارلار تەزكىرىسى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ تەزكىرىسى، يول ـ كۆۋرۈك تەزكىرىلىرىنى تۇرغۇزۇشقىمۇ ئۈندىگەنمەن. مۇشۇ جەھەتتىكى ئويلىنىشلىرىم مېنى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېلىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. راستىنىلا ئەدەبىي ئاخباراتقا تەۋە خېلى كۆپ (30 نەچچە پارچە) نەرسىنى يازدىم. كىتاب قىلسا ئىككى ـ ئۈچ توم چىقىدۇ. ئۇلاردىن ھازىرقىلارلا ئەمەس، كېيىنكىلەرمۇ پايدىلىنالايدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ سۈپىتىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرۇش كۈچىمۇ يامان ئەمەس. ئەدەبىي ئاخباراتلىرىم ھەققىدە مەن خەت ۋە تېلېفونلارنىمۇ تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرىمەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھېلىقى «يۇ جەمەتى» ھەققىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتىم تېخى ئىككى قېتىم (ئۇيغۇرچىسىمۇ، خەنزۇچىسىمۇ) مۇكاپاتقا

ئېرىشتى. خەنزۇ يازغۇچىلاردىن «ياخشى يېزىپسەن» دېگەن باھانىمۇ ئاڭلىدىم. گەرچە ئەدەبىي ئاخبارات دېگەننىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى بەكلا پەگاھتا بولسىمۇ، مەن ھەرگىز ئۇلارنى قىممىتى يوق دەپ قارىمايمەن. مەسىلە، ئۇنى قانداق يېزىشتا. ياخشى يازالىساقلا ئۇ چوقۇم پايدىلىنىش، زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۆتكەندە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى، ساۋاقدىشىڭلار ئايشەمگۈل قادىر ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللاپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلىغانىكەن، پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى كۆرۈپ، بەزى پىكىرلىرىمنى دېدىم. بۇ يېڭى ئەھۋال، شۇنداقلا ئەدەبىي ئاخباراتلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىشنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەدەبىي ئاخباراتلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلار ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ھېكايە ـ پوۋېستلاردىنمۇ بەكرەك قىممەتكە، رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدىكى گەپ ئاشۇ ژانىرنىڭ نامى توغرىسىدا. ئاشۇ نام تەرجىمىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق «ئوچېرك» دەيدىغان گېپىمىز بار ئىدى، ھازىر بولسا يەنە «راست ئىشلار ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي خاتىرە» دېگەندەك گەپلەرمۇ پەيدا بولدى. «ئەدەبىي ئاخبارات» دېيىشكەنلىرى يېزىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەندەك، كېيىنكى گەپلەرنىڭ ئىپادىلەپ بېرەلىشىدىمۇ گۇمان بار. شۇڭا، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ ژانىرغا، مۇشۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك بىر ئىسىم قويۇپ چىقسا بولاتتى. بۇ ژانىردا كۆپ كونىراپ كەتكەن ئىشلارنىمۇ يېزىۋاتىمىز، ئاخبارات ـ خەۋەر، ئاخبارات ـ دوكلاتلىقى يوققا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurbooks.com

چىققان ئىشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئەدەبىيلىكى بولسا ئاخباراتلىقىدىن ئۈستۈن ھالەتلەرمۇ مەۋجۇت. زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ مېنىڭچە، «ئوچېرك»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇۋاپىق. بۇ ئىسىمنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى باشقا تىللاردىن تېرمىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئىخچام بولسىلا، مەنىسىنى ئېنىقلىما بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلىۋالغىلى بولاتتى.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە باياندىن مۇھاكىمە، خۇلاسە، دەلىل، ئىسپات، چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىمىز. كۆپىنچە يازغۇچى بايانىلا تەكىتلەپ، ئەقلىي خۇلاسە، يېشىمىنى ئوقۇرمەنگە قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقاندا، سىز بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارىمامسىز؟

**جاۋاب:** ئەسەرلىرىم توغرىسىدا «بايان» سۆزىنى خېلى كۆپ ئىشلەتكەندەك تۇرىسىلەر. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مېنىڭ يازغانلىرىم ئەدەبىي ئەسەر. ئەدەبىي ئەسەرنى ئەدەبىي ئەسەر قىلىپ تۇرىدىغىنى «بايان» ئەمەس، بەلكى «تەسۋىر». ھېلىلا توختالغان ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئاخباراتلىقىنى بايان، ئەدەبىيلىكىنى تەسۋىر، قۇرۇلما ۋە باشقا ئامىللار ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھېكايە ـ پوۋېستلاردا بولسا ۋەقە، جەريانلارنى بايان، ئۇنىڭدىكى كەيپىياتنى تەسۋىر ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئەسەردىكى كەيپىيات ــ ھېسسىيات قويۇق بولمىسا، بۇنداق ئەسەر قۇرۇق، تۇزسىز، زېرىكىشلىك ، لىرىكىسىز بوپقالىدۇ. 2007 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى لى جىڭدې ئەپەندى دوكلات بەرگەندە، قانۇن ئورگانلىرى دېلو ئەھۋالىدىن يازغان

خۇلاسىنىمۇ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەلەردە سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىمۇ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى تەسۋىرىي خەۋەرلەرنىمۇ «ھېكايە» دەپ ئاتاپ، بۇنداق «ھېكايە»لەر بىلەن ئەدەبىي ھېكايىنىڭ، يەنى ھەقىقىي ھېكايىنىڭ پەرقىنى شەرھلىگەن. كۆرۈۋالايسىلەركى، ئالدىنقىسى بايان ئارقىلىقلا يەتكۈزگىلى بولىدىغان ھېكايىلەر، كېيىنكىسىنى بولسا بايان ئارقىلىقلا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. مەتتىمىن ھوشۇر بىر قېتىم ئەنگلىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق رازۋېدكا تېلېۋىزىيە فىلمى «5 ـ باشقارما ھەرىكەتتە»نى كۆرۈۋېتىپ، بۇلار ئەدەبىياتقا تەۋە نەرسىلەر ئەمەس ... دېگەن. روشەنكى، 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردا ھېكايە دېگىلى بولىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ھازىر ھېكايە دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلار ھازىرقى ھېكايىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە توشمايدۇ. ھازىرقى ھېكايىلەر يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ۋەقەدىن كېيىنكى بارلىق ئۆزگىرىشنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق مەلۇم كەيپىيات يارىتىپ، ئوقۇرمەنگە تەسىر قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. تەسۋىرسىز بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ماي بوياق رەسىم بىلەن سىدام سىزمىنىڭ بېرىدىغان تەسىرى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسىنى ھەرقانچە بولسا سىدام سىزما دېگىلى بولار، ئۇ ھەرگىزمۇ ماي بوياق رەسىمگە تەڭلىشەلمەيدۇ.

ئەمدى خۇلاسىسىزلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن بۇنى جەرياننى بېرىپ، پېشىمىنى قالدۇرۇپ قويۇش دەپ چۈشەندىم. بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكى چارە ـ ئامالغا قەلەم يۈگۈرتكىنىمدە توختىلىشىم كېرەككەنتۇق. سىلەر دېمەكچى بولغاننى بىر چارە دەپ چۈشىنىش كېرەك، بۇمۇ بولىدۇ. ئەمما، بۇنى كۆپ ھالدا سۇبيېكتىپ ئاكتىپلىقىمىز ئەمەس، بەلكى يېزىۋاتقان تېمىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. تېمىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پېشىمىنى بېرىشكىمۇ، بەرمەسلىككىمۇ بولىدۇ.





بەرمەسلىك چارە بولغاندەك، بىرىشمۇ بىر خىل چارە. داردا مېڭىۋاتىمىزغۇ، دارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويۇن كۆرسەتسەكمۇ، ئاخىرىغا بېرىپ بولۇپ ئويۇن كۆرسەتسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. ئېستېتىك ئۇنۇمىگە تەسىر كۆرسىتىش — ئوقۇرمەننىڭ سەۋىيەسىگە باغلىق ئىش. تاللىۋالغان چارىمىزنى ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك.

مەن ھازىرغىچە ھەقىقەتەنمۇ يېشىمنى تېپىشماق - مۇئەمما قىلىپ باقمىدىم. ئەسەرلىرىمنىڭ يېشىمى بەكلا ئېنىق. ھازىرغىچە بۇنداق ئىنىقلىقتىن بىزار بولغانلىق ھەققىدە ئويزور چىقىپ باقمىدى. يېشىمى مۇنداقراق بولسا بوپتىكەن، دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇ گەپلەرنى ئېستېتىك ئۇنۇمىگە تەسىر كۆرسەتمىگەنلىككە مىسال قىلغىنىم توغرا بولدىمۇ؟ مەن تەنقىدنى قارشى ئالىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىمدە يېشىمنى قالدۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشۈم مۇمكىن. بۇنى سىلەر ئەسكەرتتىڭلار. ئەمما، ئىشقا ئاشۇرالامدىم-يوق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. «كۆنگەن خوي ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

**سوئال:** جەمئىيەت، مائارىپ سىياسىتىدىكى تۇرلۇك ئۆزگىرىش مىللىي تىل - يېزىق، ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى، سورۇنىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. مېنىڭچە، دەۋر يازغۇچىلارنىڭ يەلكىسىگە تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەت يۈكلىدى. سىز بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ، نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** تىل - يېزىق ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خىرىس پەيدا بولدى دېگەن گەپلەر سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلدىمۇ - قانداق، بۇنى يەنە ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىشلەتكۈ-

چىلەر ۋە ئوقۇرمەنلەر تونۇشنىڭ ئازىيىشىغا قانلىقى پاكىت بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي تۈردە خىرىستقا دۇچ كېلىشكە يەنە نەچچە ئەۋلاد ئۆتكۈچىلىك ۋاقىت بار. ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ 1970 ـ يىللاردىكى بىر تەكشۈرۈشىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئۆزبېكىستاندا 20% كە يېقىن ئۆزبېكنىڭ «ئانا تىلى» دېگەن كاتەكچىنى «رۇس تىلى» دەپ تولدۇرغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. بىزدە ھازىرمۇ ئانا تىلى ئۆز تىلىدا چىقمىغان بالا 2% كىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى توختىتىپ قويۇلغىنى يوق، ئاتا ـ ئانىلارمۇ ھەر ئىككى تىلغا تېرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. تەتىل ـ كانىكۇللاردىكى ئانا تىل كۇرسلىرى بۇنىڭغا پاكىت، شۇڭا بەكلا ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزدە ئەدەبىيات داۋاملىق گۈللەيدۇ، تېخىمۇ سەرخىل يازغۇچىلار، ھەتتا بىرقانچە تىلدا يازالايدىغانلار مەيدانغا چىقىدۇ. نەشرىياتلار داۋاملىق روناق تاپىدۇ. ھۆكۈمەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنى قوللاش سالمىقىمۇ ئېشىۋاتقانلىقى مەلۇم. يېقىندا تېخى بېيجىڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان بىر ژۇرنال «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» كۆپىيىپتۇ. ئىنتېر تورى ئەدەبىياتىمۇ داۋاملىق گۈللەشكە، يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ ماڭىدۇ. قارىغاندا، بىزنىڭ ئۆمرىمىزدە، ھەتتا سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلاردىمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۆتمۈشكە، ئاسار ئەتىقىگە ئايلانمايدۇ.

يازغۇچىلاردىكى مەسئۇلىيەت ئانا تىلنىڭ ماھىيىتىنى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىش. گۈلىستان گۈزەل بولسىلا، كېپىنەكلەرنىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلمەسلىكىدىن، بۇلبۇللارنىڭ قونماسلىقىدىن ئەنسىرەش بىھاجەت. «ئەدەبىيات ــ چىرايلىق سۆزلەشتۇر» دېيىلىپتۇ بىر كىتابتا. ھەربىر قەلەم ئىگىسى ئاشۇ چىرايلىق سۆزلەشنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، تىلمۇ، ئەدەبىياتمۇ خىرىدارسىز قالمايدۇ.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە «كۆكقۇم» تولا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئېشىپ قالغان بىر نامرات»، «ھېلىمنىڭ ھال ئېيتىشى»، «قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ» قاتارلىقلار. ئەسەرلەردىكى ئوبراز، سۇژېتلارنى مۇنداق ئوخشاش بىر ماكان تەۋەلىكىگە قويۇپ تەسۋىرلەشنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بارمۇ؟

**جاۋاب:** «كۆكقۇم» — مەن ئۇچۇن ئالاھىدە مەنىلەرگە ئىگە. سىلەرنىڭ ئاتاپ ئۆتكەنلىرىڭلاردىن باشقا، ئومۇمەن 1990 - يىلىدىن كېيىن يېزىلغان ھېكايە - پوۋېستلىرىمنىڭ (تارىخىي تېمىلاردىكىدىن سىرت) ھەممىسىدە ماكانىنى «كۆكقۇم» قىلىپ ئالدىم. دەسلەپ «شەھلا كۆز»دە ئىشلەتكەندەك قىلىمەن. «ئامانەت»تە ئىشلەتكەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. «كۆكقۇم» ياسالما ئىسىم. ئەمما، ئۇنىڭ پىروتوتىپى بار. ئادەتتە ھېكايە - پوۋېست يازماق بولۇپ، دېكىراتسىيە قويۇلىدىغان ماكانىنى ئويلىساملا كۆز ئالدىمغا تۇغۇلغان يۇرتۇم — تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ ھوك دېگەن يېرى كېلىدۇ. (تەپسىلىي مەلۇمات ئۇچۇن مەن ئېلان قىلغان «ئانا يۇرت ئامان بولسۇن» دېگەن يۇرت تەزكىرىسىگە قاراڭ.) بالىلىق يىللىرىم شۇ يەردە ئۆتكەن. شۇ يەردىكى توپىلاڭ كوچىلاردا تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، شۇ يەردىكى «باقىدۆڭ»دە، «ئارقاداش»تا، «ئاياغداش» ۋە «بەرداخۇنىكامىنىڭ تىكەنلىكى»دە قوي باققانمەن؛ شۇ يەردىكى قېرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ كامارلىرىدىن قۇشقاچ تۇتۇپ، «ئاقئۆستەڭ»دىكى «نازىگۇم»دا چۆمۈلگەنمەن؛ تاغامنىڭ جىگدىلەرگە «چەتمەك» قويۇپ جىگدىچى تۇتقانلىقىنى، ئوۋچىلىق قىلىدىغان مەتتۇرسۇنكام، ئىمىن توختىكام دېگەن تۇغقانلىرىمىزنىڭ كېيىك ئوغلاقلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ، سولاقمىغا سولاپ باققانلىقىنى كۆرگەنمەن؛ كۈزدە قوناق ئاقلايدىغان چاغدا قوشنىلار لاپقۇتلىشىپ، ھەركۈنى بىر ھويلىغا يىغىلىپ قوناق ئاقلىغاچ نامانكام ئېيتقان«تىي پاشا («تاھىر ۋە

زۆھرا») داستانىغا قولاق تۇتقانلىقىغا شاھىت بولغانمەن؛ ياز بويى ئۆگزىدە يېتىپ، ئىتلار قوغلىغان ياۋا توخۇزلارنىڭ قانداق قاچقانلىقىنى خىرە - شىرە كۆرگەنمەن؛ ئۆزۈم سىدىرىشقا كۆنۈپ قالغان لالما ئىتلارنىڭ تۆمۈر قىسماققا دەسسەپ قانداق چىرقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن؛ قىش بويى دالاغا قويۇۋېتىلىدىغان بۇقىلارنىڭ ئۇسۇشۇشلىرىنى، ئىتلارنىڭ تالىشىشلىرىنى، خورازلارنىڭ چوقۇشۇشلىرىنى، يىگىتلەرنىڭ چېلىشىشلىرىنى تاماشا قىلغانمەن ... جىگدىلەرگە سېلىنغان ئىلەڭگۈچلەردە پەرى ئۇچاتتى؛ تاھىر ۋە زۆھرا، فەرھاد ۋە شىرىن ئۇچاتتى؛ قىش بويى ئاقىرىپ ياتىدىغان ئېتىزلاردا «توپ - شا»، « گەگە - چۈك» قىيقاس سالاتتى؛ قومۇشلار ئىسقىرتىپ، يېكەن توزغىقى پەرۋاز قىلاتتى؛ قامغاقلار دومىلايتتى؛ مورىلاردىن تىك ئۆرلىگەن كۆكۈچ ئىس ۋە پىچان قىلىنۇۋېلىنغان ئوت - چۆپلەردىن ئىپار - ئەنبەر بۇخسۇيتتى... قانداق قوۋناق، قانداق باراقسان، قانداق گۈزەل يۇرت ئىدى - ھە!؟

ئەمما، مەن ئۇ يەردە بەكلا قىسقا ياشىغانمەن. ئالتە - يەتتە ياشقىچە، ئېشىپ كەتسە سەككىز - توققۇز ياشقىچە ياشىغاندىمەن. قاي ۋەجىدىن شۇنداق چوڭقۇر تەسىراتلار قالدى؟ بۇنى ئىزاھلىماق بەك تەس. يۇرت مۇھەببىتى، ئانا يۇرت مۇھەببىتى دېگەن شۇ بولۇشى مۇمكىن. كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەر شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلىدىغاندۇ بەلكىم. ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغاندا، بۇغداي بىلەن خوخا، قوناق بىلەن قومۇش، جىگدە بىلەن چىڭگىلىك تەڭ ئۆسىدىغان ئاشۇ يېڭى ئېچىلغان يۇرت ئۇنچىۋالا گۈزەل ئەمەس، ياقا يۇرتلۇقلارغا تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈشى مۇمكىن. 1991 - يىلىمۇ ياكى 1992 - يىلىدىمۇ، «قۇم باسقان شەھەر» رومانى يېزىلىش ئالدىدا قۇملۇقنى، چۆل ۋە جاڭگالنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە — ئاشۇ يۇرتۇمغا مەمتىمىن ھوشۇرنى باشلاپ باردىم. مەمتىمىن

كۆڭلۈم ئۈچۈن «چىرايلىق يۇرتكەن» دەپ ماختاپ قويغان بولدى. ئەمما، بۇ يەرنى ئاشۇ داڭلىق يازغۇچى تۇغۇلغان ئىلى ۋادىسىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ يۇرتى ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يارىتىلغان، بۇ يەر بولسا ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈنلا يارىتىلغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇلاردىن تارتىۋالغان، خالاس. ئىككى يۇرتنىڭ مۇھىتىدا ئالەمچە پەرق، كۆرۈنۈشىدىمۇ دۇنياچە پەرق. ئەمما، مەن ئۈچۈن ئاشۇ يۇرتنى ئون غۇلجا شەھىرىگە تېگىشكىن دېسىمۇ، پۈتكۈل ئىلى ۋادىسىنى ئۈستەلەك بەرسىمۇ تېگىشكۈم يوق. ئانا يۇرت، تۇغۇلغان يۇرت مۇھەببىتى دېگەن مانا شۇنداق. تەسەۋۋۇر قىلىمەن، مۇبادا مەن غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان بولسام، يەنىلا ئەس ـ يادىم «تەۋەككۇل»، «ھوڭ»دا بولغان بولاتتى. 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىمۇ ياكى 1955 ـ يىلىدىمۇ، دادىلارغا ئەگىشىپ خوتەن شەھىرىگە كۆچتۇق. دادام ئوقۇشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى «تەۋەككۇل»غا قايتىپ يەنە بىر يىلدەك تۇردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا خوتەنگە چىقىپ تاكى 1971 ـ يىلى ئانام تۈگەپ كەتكۈچە «تەۋەككۇل» غا بېرىپ باقمىدىم. كېيىنمۇ ئۇ يەردە ياشاپ باقمىدىم. ئاندا ـ ساندا بېرىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇشلىرىمدا بولسا، پەقەت مېھمانلا بولدۇم. مېھمان قانچىلىك تەسىرات ئالالىسۇن؟ ئالغانلىرىمۇ پەقەتلا ساياھەتچە تەسىرات؛ يۈزە، ساختا، يېرىم ـ يارتا تەسىرات. گەپ، بالىلىقتىكى تەسىراتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە. كېيىنكى چاغلاردا خوتەننىڭ قەدىمىي يۇرتلىرىدىن بولغان «تايتاق»، «سېرىغئۆي»، «تۆۋەنئون»، «جاغلىغا»، «چاتاق» دېگەن يەرلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، كۆچۈپ يۈردۇق. بەزى يەرلەردە يەتتە ـ سەككىز يىل ئولتۇراقلاشقانمۇ، ئەمگەكلەرگە قاتناشقانمۇ بولدۇق، ئەستىلىكلەرمۇ قالدى، ئەمما ئۇلار يۇرتىمىز ھېسابلانمىدى. «تەۋەككۇل» ۋە «ھوڭ» قالدۇرغاندەك تەسىرات قالدۇرالمىدى. بۇ

يەردە رول ئوينىغىنى ئانا يۇرت، تۇغۇلغان يۇرت مۇھەببىتىلا ئەمەستەك قىلىدۇ. بالىلىقتا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ مەڭگۈ گۈزەل ۋە ئەستە مۆھۈر باسقاندەك ساقلىنىدىغانلىقى ھەم رول ئوينايدىغاندەك قىلىدۇ...

شۇنداق قىلىپ يۇرت سۆزىنى ئاڭلىساملا، ھېكايە ـ پوۋېست يازماق بولۇپ ئۇنىڭغا ماكان تاللىساملا تۇغۇلغان يۇرتۇم كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان ھالەت، مېنى يۇرتۇمنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىشكە خېلى قىزىقتۇردى. توقۇلما ھېكايىنى راست يۇرت ئارقا كۆرۈنۈشىدە بېرىش بەزى ئەپسىزلىكلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمىدىم ۋە ئويلاپ كۆرۈپ «تەۋەككۇل» ۋە «ھوڭ» دېگەنلەرگە «كۆكقۇم»نى تەخەللۇس قىلىپ تاللىۋالدىم. «كۆكقۇم»نىڭ تاللىنىشىدا، «ھوڭ»دا راستتىنلا ھەم ئېگىز، ھەم ئۇزۇن بىر قۇم بارخىنىنىڭ بولغانلىقىمۇ رول ئوينىدى. كىچىك ۋاقتىمدا، بوۋاملارنىڭ جەنۇبقا ئېچىلىدىغان دەرۋازىسى ئۇدۇلىدا، ئىككى تاختا يەر نېرىسىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، «ھوڭ»نى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان بىر ئۇزۇن قۇم بارخىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەرق تەرىپى 1960 ـ يىللاردىن ئىلگىرى كونا «يەكشەنبە بازار»دىن باشلانسا، غەرب تەرىپى «دۆڭئېرىق»تىن ھالقىپ، «شۇدىگەرلىك»كىچە تۇتۇشاتتى. بىر كىلومېتىرچە كېلەتتى. ئېگىزدىن قارىغان كۆزەتكۈچىگە يۇرت ئوتتۇرىسىدا يوغان ھەم ئۇزۇن بىر ھەيۋەت كۆك لەھەڭ سوزۇلۇپ ياتقاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. قۇملىرى بەك كۆك ئىدى. پەستىكى ئېتىزلارنىڭ بوزاڭ تۇپىسىغا سېلىشتۇرغاندا، بەكلا كۆك كۆرۈنەتتى. ئىككى بېشى قەبرىستانلىق قىلىنغان بۇ قۇم دۆۋىسى ئۇ چاغلاردا بەك ئېگىز ئىدى. ئۈستىگە چىقسا «ھوڭ»نىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر كۆپ پەسلەپ كېتىپتۇ. شامال ئۇچۇرۇپ پەسلىتىۋەتتىمۇ ياكى ئېتىزلارغا لاي چۈشۈپ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن

پەس كۆرۈنىدىغان بوپقالدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ھازىر بۇ قەۋم دۆۋىسىنىڭ ھەممە يېرى قەبرىستانلىققا ئايلىنىپتۇ. مەندە قالغان تەسىرات ھەممىدىن بەكرەك ئاشۇ قۇمنىڭ كۆكلىكى. شۇڭا «تەۋەككۇل» ياكى «ھوك»غا تەخەللۇس تاللىغاندا، ئاشۇ رەڭ رول ئوينىدى. باشقا سەۋەبلەرمۇ بار: قۇم — مىللىتىمىزنىڭ ئەلمىساقتىن بېرىقى ھەمراھى. بىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يېتىلگەن ۋە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق. قۇمنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرىمۇ، ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمۇ كۆپ. يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ نۇرغۇنى قۇمغا مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر نۇقتىدا كۆك — نامراتلىقنىڭ سۈپەت ـ سىمۋولى. كۆك ھەم يىراق ئېتىقادلارغا، ھەم ئاسمانغا باغلىنىشلىق... مانا شۇ ئامىللار مېنى، مەن ھېكايە ـ پوۋېستلىرىمدا ياراتماقچى بولغان ئىدېئال ماكانغا «كۆكقۇم» دەپ ئىسىم قويۇشقا ئېلىپ كەلدى. مېنىڭ ھېكايە ـ پوۋېستلىرىمدا «كۆكقۇم» بەزىدە پۈتكۈل «تەۋەككۇل»نى، بەزىدە «ھوك»نى، بەزىدە شۇ يەردىكى بىرەر مەمۇرىي ياكى تەبىئىي كەنتنى، كەڭ مەنىدە پۈتكۈل تەكلىماكان ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆكقۇملۇقلار پۈتكۈل مىللىتىمىزنى، كۆكقۇملۇقلارنىڭ تىراگېدىيەلىرى پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ تىراگېدىيەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «كۆكقۇم» بەك گۈزەل يۇرت، «كۆكقۇم» بەك ئالاھىدە يۇرت، «كۆكقۇم» بەك ئۆزگىچە يۇرت! «شەھلا كۆز»دىكى تەسۋىرلەر ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ يەردە قومۇشلارنىڭ ئىسقىرتىشى، تورغايلارنىڭ چۇچۇلاشلىرى ئاجايىپ ناخشىچىلارنى يېتىلدۈرگەن؛ «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ يەردە ئۈرۈك چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ ئاپئاق پاياندار ھاسىل قىلسا، ئامۇتلار ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشىدۇ؛ ئۇ يەردە ھېلىم تەلپەكنى بوزەك قىلىشسا، كىرەم كىرپە شۇنچە قەيسەر ۋە غۇرۇرلۇق؛ ئۇ يەردە ساجىدە ۋە ھۆرنىسالارنىڭ كۆز يېشى «كۆكقۇم»نى سۇغىرىپ تۇرىدۇ.

مەن «كۆكقۇم» دېكىراتسىيە قىلىنغان ئەسەرلىرىمدىلا ئەمەس، باشقا ئەسەرلىرىمدىمۇ تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى پۈتۈنلەي «هوڭ»دىن — يەنى «كۆكقۇم»دىن ئالىمەن. پېرسوناژلىرىمنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىمۇ شۇ يەرلىكلەردىن ئېلىنىدۇ. گەپ ـ سۆزلەرمۇ، تەلەپپۇز ۋە ئۆزىنى تۇتۇشلىرىمۇ شۇ يەرنىڭ.

مەن «كۆكقۇم»غا تالىق ئەسەرلىرىمدە كىشىلەر ئوبرازىنىلا ئەمەس، بىر ماكان ئوبرازىنىمۇ ياراتتىم دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ كەشپىياتىم ئەمەس. گارسىيە ماركوز «ماكوندو كەتتى»نى، لېف. تولستوي «ياسنايا پوليانا»نى ياراتقانغۇ بۇرۇن. باشقىلارمۇ بار. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىمۇ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن (ماۋۇ قېرىلىقنى كۆرۈڭ، ئۇ ئاشۇ يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ) بىرى توغرىسىدا، ئەسەرلىرىدە (بىر ماكاننى) ۋايىغە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى، دېيىلگەنلىكى يادىمدا. بۇ بەلكىم مېنىڭ «كۆكقۇم»نى ھەممە يەردە ئىشلىتىشىمگە ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن. چېچىۋەتكەندىن مەركەزلەشتۈرگەن ياخشى (بۇ گەپ مەبلەغ، كۈچ ۋە ھوقۇقتىمۇ ماس كېلىدۇ). مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ (ئاللا ئۆمۈر، سالامەتلىك، ئەقىل ۋە پۇرسەت بەرسە) داۋاملىق «كۆكقۇم»نى ئىشلەتمەكچى. ئۇ بىر تاغ، مەڭگۈ قېزىپ بولغىلى بولمايدۇ؛ ئۇ بىر باغ، مەڭگۈ تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

**سوئال:** 60 ياشقا كىردىڭىز. بىزچە، 60 ياشقا كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يول ـ ئىزلىرى ھەققىدە بۇرۇنقىدىنمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كىرىشىدۇ. بولۇپمۇ سىزدەك كىچىككىنە بىر ئىشقىمۇ ئالاھىدە ئىنچىكە، سوغۇققان، ئەقلىي تەرز بىلەن قارايدىغان ئادەم تېخىمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمىز. 60 ياش سىزدە قانداق ئويلىنىشلارنى پەيدا قىلدى؟ خۇسۇسىي

تۇيغۇلىرىڭىزدىن سىرت ئەدەبىياتىمىزغا، ئۆزىڭىزنىڭ بەدىئىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قانداق ئويلىنىش، ئارمان، ئۆكۈنۈش، تەسىراتلاردا بولدىڭىز؟

**جاۋاب:** بەرھەق شۇنداق بولدى. مەتبۇئاتلىرىمىزدا قايتا ئويلىنىش ھەققىدىكى دەۋەتلەر، پۇشايمان ـ نادامەتلەر ساداسى كۆپ بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئالىممىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» نىڭ تەسىرىدىنمۇ، مەن سەل بۇرۇنراق ئويلىنىشقا كىرىشتىم دەيمەن. ئويلىنىشلار 60 يېشىمدا ئەمەس، 50 يېشىمدىن بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتتى. ھايات، تۇرمۇش، نېمە قىلىش ۋە قانداق قىلىش ھەققىدىكى، ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىنىش ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىممۇ شۇ چاغلاردىن باشلاندى. كۆپكە نامەلۇمكى، مەن بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇنتىزىم تەربىيەگىمۇ، نامۇنتىزىم تەربىيەگىمۇ نائىل بولالمىغاندىم. ئۇچراشقان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما سىيپاپ ئۆتكەن شامالدەكلا تەسىر قالدۇرالمىغان، جەلپ قىلالمىغان بولسا كېرەك. ياشلىقتا كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇ. مەتبۇئاتچىلىق گۈللىنىپ مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى ئاياغلاشقان، پەلسەپە نامراتلىقى چۆرۈپ تاشلىنىپ، ھەممە قاراش تەڭ تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن مەن ئەڭ قەدىمىي بىلىملەر بىلەن قايتا ئۇچراشتىم. دەسلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمەكچى بولغان بولسام كېرەك. ئەمما، كۈتمىگەندە كۈچلۈك قايىنامدەكلا ئۆزىگە شوراپلا ئەكىرىپ كەتتى. دوستلىرىمنىڭمۇ تەسىرى بولدى. مەرھۇم شائىر روزى سايىتتىن مىراس قالغان ئاغىنىلىرىم بار ئىدى، شۇلار بەكرەك رول ئوينىدى. مەن ئۆزۈمنى ھازىر ئومۇمەن توغرا يولنى تېپىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۆكۈنۈشۈم — ئەسىر ئالمىشىشتىن بۇرۇنقى نادانلىقلىرىم ئۈچۈن. ئۇ چاغلاردا ھەقىقەتەن ھېچنېمە بىلمەس ئىكەنمەن. ئەكسىچە ئۆزۈمنى دانا

ھېسابلاپ يۈرەر ئىكەنمەن.

بىلىم، ئەدەبىيات قارىشىم، كەچۈرمىشلىرىم ئۇچۇنمۇ ئۆكۈنۈش بار. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى تۈزۈكرەك ئۆگەنمەي تۇرۇپلا يېزىقچىلىققا تەييارلىنىپ بولدۇم دەپ يۈرۈپتىمەن، بۇنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلدىم. ئاشۇ چاغدىكى ھالىتىم مۇقاملىرىمىزدىن خەۋىرى يوقلا «ناخشىچىمەن» دەپ ئالىتاغىل تولاپ يۈرگەن تەنتەككە ئوخشىسا كېرەك. ئەسلىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۈرنەكلىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا گۆھەردەك چاقناپ تۇرغانىكەن ئەمەسمۇ! بۇلارنى ھېس قىلغىنىمدىن كېيىن ئىجادىيىتىمدىمۇ يۈكسىلىشلەر بولدى. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۆزىنى ئاشۇ يىلتىز ئۇستىدە كۆرمىگەن ئىجادىيەت قوغۇننىڭ يىلتىزىغا يېپىشىۋالغان شۇمبۇيىغىلا ئوخشايدۇ، ئۆزى ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ، قوغۇنىنىڭمۇ تەمىنى بۇزىدۇ. بۇ قارىشىمنى سورۇنلاردا سۆزلەپ يۈردۈم. ئاشۇ بىر يىلى پاراڭدىن چىقىپ، يېزىقچىلىققا ئالدىراپ يۈرگەن، ھەتتا كىتابمۇ نەشر قىلدۇرغان بىرىدىن «قىسسەسۇلئەنبىيا»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «جالالىددىن رۇمىي»، «غوجا نەسرىددىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى سورۇشتۇردۇم. ئۇ ھېچقايسىسىنى ئوقۇماپتۇ. ساماۋىي كىتابلاردىن بولسا تېخىمۇ خەۋىرى يوق ئىكەن. قاراڭ، ئۇ نېمىگە تايىنىپ، قايسى كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىدۇ؟ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، قۇرۇلما سەنئىتى، كىرىشمە ۋە يېشىم سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى دېگەنلەرنى ئۆزى كەشىپ قىلالايتتىمۇ ئۇ؟ يېزىقچىلىق ئۇچۇن تەجرىبە ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۈرنەك ئالماي تۇرۇپ، سەكرەپلا ئۆگزىگە چىقىمەن، دېيىش

چۈش كۆرگەنلىك. ئىسىل، ياخشى، داڭلىق كىتابلارنى ئەڭ ياخشىسى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان تۈزۈك. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئۇچرىغانلا ئەسەرنى ئوقۇشنىڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇلار بىزگە چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە تەجرىبە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئەدەبىياتتا سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم تا ھازىرغىچە مېنى ئۆكۈندۈرۈپ كەلدى. رومان يازالمىغانلىقىمغا ھەر خىل تۈتۈرۈقسىز باھانە ـ سەۋەبنى كۆرسىتىپ كەلدىمغۇ؟! كۆڭۈلدىكىنى دېگەندە، مەسىلە سىستېمىلىق بىلىمىمنىڭ كەملىكىدە، تەجرىبىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمنىڭ كەملىكىدە. ئادەم دېگەندە ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ـ نادامەت كۆپ بولىدىكەن. پۇشايمان ـ نادامەت قىلىش ئىنسان ماھىيەتلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك. ئەڭ كۆپ پۇشايمانلىرىمنىڭ بىرى، ئەسەر ئىلان قىلىشقا يېڭى كىرىشكەن چاغلاردىكى ئەدەبىيات قارىشىم. نادانلىقىمغا ۋاي! ئەدەبىياتتىن نېمە ئۈمىدلەرنى كۈتمىدىم مەن؟ ھازىر بىلدىمكى، ئەدەبىيات خەلققە چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىكەن. ئەدەبىيات خەلقنى پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋاستىسى بىلەنلا تەمىن ئېتەلەيدىكەن. بىلدۇرۇشتە پەلسەپىگە، ھاياجانلاندۇرۇشتا ناخشا ـ مۇزىكىغا، تونۇتۇشتا تەشۋىقاتقا، قوزغىتىشتا شوئارغا يېتەلمەيدىكەن. جەمئىيەت سەھنىسىدە ئاران 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك رولچى ئىكەن. مۆمىن بوۋاي ۋاڭ مېڭغا دېگەن بىر دۆلەتتە پادىشاھ ۋە شائىر بولمىسا بولمايدۇ دېگەن سۆز سەل ئېشىپ كەتكەنمۇ ـ قانداق؟ ئەدەبىيات تەتقىق قىلىپ كۆزىتىش، ئەيىبلەپ توسۇپ قىلىش قۇربىغا ئىگە ئەمەسكەن. ئەكسىچە، ئەدەبىيات قورۇغانلىكى جاراھەتكە چۈشۈن كۆپرەك يېپىشىدىكەن. رېئالىزمدا، تۇرمۇشنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بايقاش ۋە مەدھىيەلەشتە چەك تۇرۇشلا توغرا ئەدەبىيات قارىشى

ھېسابلىنىدىكەن. ئەدەبىياتنى ساقلاش ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش زۆرۈر ئىكەن. ئاشۇ يول بىلەنلا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئۆكۈنۈش سۆزىنى ئىشلەتكەندە، سىلەر بەلكىم، سىزنىڭمۇ باشقىلاردەك ناچار، خاتا، تېتىقسىز، قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان، خەقنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ئۇلارنىڭ تەرتىپىدە نامىنى ئوقۇيدىغان نېمىلەرنى يازغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟ ئەقىدە - ئىخلاسقا، غەيرەت - شىجائەتكە، ئارزۇ - ئارمانغا دەخلى يەتكۈزۈپ يامانغا يانتاياق بولغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟ دېمەكچىدەك قىلىسىلەر. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، بىلىپ - بىلمەي، ئاڭلىق - ئاڭسىز، ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي كىرىپ قالغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ ئەمەس، پۇشايمانىنامە يېزىشقا مەجبۇر قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، ھەرھالدا قەلىمىمنى بۇلغاشتىن ساقلىنىشقا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلىشقا باشلىغانمەن. باشقىلارمۇ بۇ تەرىپىمگە «قەلىمى پاكىز» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇلارغا رەھمەت. مېنى بۇلغىنىشتىن ساقلىغان خۇداغىمۇ مىڭ قەتلە رەھمەت! ئىنىمىز يالقۇن روزىنىڭ بىر چىرايلىق ماقالىسىدە پۇشايمانىنامە يازغانلارنىڭ ئىسمى - شەرىپى بىر - بىرلەپ تىزىمغا ئېلىنىپتۇ. ئۇ ۋە سىلەر كەلگۈسىدە يەنە پۇشايمانىنامە يازغانلارنى تىزىمغا ئالغاندا، خۇدا خالىسا مېنىڭ ئىسمىم ئۇ يەردە بولمايدۇ. مەن ئىسمىمنىڭ «سىجىن» (يامان ئىش - ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر)دا ئەمەس، «ئىللىيۇن» (ياخشى ئىش - ئەمەللەر خاتىرىلىنىدىغان ئىلاھىي دەپتەر)دا بولۇشىغا تىرىشىمەن.

ھاياتىمنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ئۆكۈنىدىغان تەرەپلەر بەك كۆپ، پۇشايمانىغا، توۋا قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلەرمۇ كۆپ. قىڭغىر قەدەملىرىمنى، كۆپۈر سۆز - كۆپۈر خىياللىرىمنى ياراتقۇچى كەچۈرگەي!

# سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى

( راست ئىشلار خاتىرىسى)

## 1. چارەك ئەسىرلىك غوۋغا

توپتوغرا 25 يىلدىن بېرى بىر سۆز، بىر پاراڭ، بىر ھېكايە گويا ئەرۋاھتەك، گويا ماركس - ئېنگېلس تىلغا ئالغان 19 - ئەسىردە ياۋروپانى كېزىپ يۈرگەن «كوممۇنىزم ۋەھىمىسى»[1] دەك، گويا بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىنى ساراسىمىگە سېلىپ يۈرگەن ئۇسامە بىن لادىن ۋە «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى خەۋەرلىرىدەك يۈرۈڭقاش ۋادىسىنى، خوتەن ۋىلايىتىنى توختىماي كېزىپ يۈردى. خوتەن دىيارىدىن ھالقىپ شىنجاڭغا، جۇڭگوغا، جۇڭگو چېگرالىرىدىن پاسپورتسىز چىقىپ ياپونىيەگە، كورىيەگە، تەيۋەنگە، سىنگاپورغىچە تارقىلىپ باردى. ئەرۋاھ، «كوممۇنىزم ۋەھىمىسى»، بىن لادىن خەۋەرلىرى ئۆز دەۋرىگە قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سالغان بولسا، خوتەندىن تارقالغان پاراڭ ۋە ھېكايە ئاڭلىغۇچىلارغا ھەيرانلىق، مەمنۇنلۇق ۋە رازىمەنلىك بەخش ئەتتى. نېمە دەيمىز؟ ئائىلىدە ئاشۇ پاراڭ، توي - تۆكۈن سورۇنلىرىدا ئاشۇ پاراڭ، دوست - ھەقەمسايىلەر ئولتۇرۇشلىرى - رېستورانلاردا ئاشۇ پاراڭ، ئېغىزلار ھەتتا مېيىت نامىزى، نەزىر - نۈزرەت، مەسچىتلەردىمۇ ئاشۇ پاراڭ، ئېغىزلار ئاشۇ پاراڭ، ئاشۇ ھېكايىنى سۆزلەپ ھارمىدى. قۇلاقلار ئاشۇ پاراڭ ۋە ئاشۇ

① «كوممۇنىزم خىتابنامىسى — 1 » جۈملىگە قاراڭ.

ھېكايىنى ئاڭلاپ هارمىدى. تاتلىق ھېكايىدىن بىزار بولارمىدى قولاق دېگەن؟ ئاشۇ پاراڭ، ئاشۇ ھېكايە، ئاشۇ سۆز 25 يىل تەكرارلاندى، دېگىنىمىزدە ئازراق غەلەت كەتتۇق. تارىخنامىلەرنى ۋە تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى بولمىش رىۋايەتلەر دەپتىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئاشۇ سۆز، ئاشۇ پاراڭ، ئاشۇ ھېكايىنىڭ سۆزلىنىۋاتقانلىقىغا ئەڭ كەم بولغاندىمۇ 10 مىڭ يىل بولغانلىقىنى بايقايمىز. بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق بولغاندۇ. ئاشۇ ئۇزاق تارىخي جەريانلاردا ئاشۇ سۆز، ئاشۇ ھېكايە، ئاشۇ پاراڭ، ئېغىزدىمۇ، يازمىلاردىمۇ توختاۋسىز تەكرارلىنىپ تۇردى. بىز «كېيىنكى 25 يىلدا» دېگىنىمىزدە، ئاشۇ سۆز، ئاشۇ پاراڭ، ئاشۇ ھېكايە تەكرارلىنىشلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنىلا نەزەردە تۇتىمىز. مۇشۇ 25 يىلدا راستىتىنلا ئەۋجىگە چىقتى. توختاۋسىز تەكرارلىنىپ تۇردى. ھەر مىنۇتتا 10 قېتىم، 100 قېتىم تەكرارلىنىپ تۇردى. نېمىدۇر سەۋەبى؟

پەن - تېخنىكا ۋە سانائەتلىشىش دۇنيانى ئىش ۋە ئىشچانلىق دەۋرىگە، بازار ۋە سودا دەۋرىگە، ئىستېمال ۋە يەپ - ئىچىش دەۋرىگە، ھەشەمەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت دەۋرىگە، كەيپ - ساپا ۋە بۇزۇقچىلىق دەۋرىگە سۆرەپ كىرگەنىدى. ئالدىنقى ئىككىسى پۇل تېپىشنى نىشان قىلسا، كېيىنكىلىرى پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىشنى مەقسەت قىلاتتى. دېمەك، بۇ پۇل دەۋرى ئىدى. پۇل دەۋرىدە ھەممە ئىش پۇل ئۈچۈن قىلىناتتى. ھەممە ئىنتىلىش پۇل ئۈچۈن بولاتتى. تەرەققىي قىلغانلار پەن - تېخنىكىسى ۋە سانائىتىنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلسا، ئارقىدا قالغانلار تەبىئىي بايلىقنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلاتتى. ئەقىللىكلەر ئەقلىنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلسا، ئەقلى تەرەققىي قىلمىغانلار قارا كۈچىنى، تېنىنى، چىرايىنى، ئاۋازىنى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پۇلغا تېگىشەتتى. پۇلغا

ئايرىباشلايتتى. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ»، «ئىشەك ئىشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن گەپلەر بار ئەمەسمۇ، پۇتكۇل دۇنيا شۇ پۇل ھەلەكچىلىكىدە چېپىۋاتسا، خوتەن يۇقۇملانماي قالاتتىمۇ؟ دۇنيانىڭ ئەڭ كاتتا مەركەزلىرى ۋە ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى قاتارىدا ئاشۇ پۇل بىزنىڭ خوتەنىمىزمۇ جىم تۇرغۇزمايۋاتاتتى. خوتەننىڭ نامراتلىقتىن بىزار بولغان نېرىپلىرىنى چاراسلىتىپ، بەدەنلىرىنى توختاۋسىز تىپىرلىتاتتى. پۇت - قوللىرىنى توختاۋسىز ھەرىكەتلەندۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيادا پۇلدىن باشقا يەنە نۇرغۇن قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىشلار بارلىقىنى ئۇنتۇغان خوتەن ۋە پۇل ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن خوتەن، گويا پەرۋانە جاننى ئوتقا ئايرىباشلىغاندەك، گويا شاھزادە فەرھات سەلتەنەت، شان - شۆھرەت ۋە ھوقۇقنى سېرىق چاچ، زەڭگەر كۆزلۈك شېرىننىڭ ئىشقىغا ئايرىباشلىغاندەك، گويا نوقتىرىش، چوقتىرىش سانغۇنلار ۋەتەننى ئېتىقادقا ئايرىباشلىغاندەك، گويا ... خوتەندىكى جىمى ئېسىل، ياخشى نەرسىلەرنى پۇلغا ئايرىباشلاش قارارىغا كەلگەنتى. بۇ خوتەننىڭ باي بولۇش ئىنتىلىشى ئىدى. ماددىي جەھەتتىكى باياشات - پاراۋانلىقا ئۆزىنى ئۇرۇشى ئىدى. بىزنىڭ خوتەن ۋۇجۇدىدا جۇش ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئىنتىلىشنى ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق. ئەگەر ئىنسان بالىسىنىڭ باي - باياشاتلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسى، باي - باياشاتلىققا يېتىش يولىدىكى پاكىز ھەرىكەتنى نامۇۋاپىق ھېسابلىنىدىكەن، دۇنيا ئىشلىرى 50% مەنىسىزلىشىدۇ، ھايات 50% لىك قىممىتىنى يوقىتىدۇ. 50% مەنىسىزلەنگەن، قىممىتىنى يوقاتقان دۇنيا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خارابلىشىدۇ. بۇنداق بۇزغۇنچىلىقنى ساماۋى چۈشەنچىلەرلا ئەمەس، ئاددىي ئەقىلمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. دۇنيا توختاۋسىز گۈللىنىشى، باياشاتلىنىشى، ئەركىنلىشىشى،

تۇزۇلۇشى كېرەك. گۈللىنىش ئۈچۈن باياشاتلىشىش ئىنتىلىشى ۋە ھەرىكىتى، ئەركىنلىشىش، تۈزۈلۈش ئۈچۈن ماددىي كاپالەت بولۇشى لازىم. دېمەككى، خوتەننىڭ باي - باياشات بولۇش ئىنتىلىشىنى ئەيىبلەشكە ئاساس يوق. ئۇ ئاشۇ ئىنتىلىش تۇرتكىسىدە توختاۋسىز ئىلگىرىلىشى، باشقا ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، خوتەننىڭ ئاشۇ باي - باياشات بولۇش ئىنتىلىشى ئىچىدە، بىر مۇقەددەس نېمەت ھەققىدە تەكرارلانغان تۇمەنمىڭ ھېكايە، مىليون - مىليون پاراڭ مەيدانغا كەلدى. ئاشۇ ھېكايە، ئاشۇ پاراڭلاردا ئاشۇ نېمەتنىڭ ئىسمى - شەرىپى ھەر مىنۇت، ھەر جۈملىدە تەكرارلىنىپ كېلەتتى. ئاشۇ ئىسىم، ئاشۇ پاراڭ، ئاشۇ ھېكايە ئۇن مىڭ يىللارغا دائىر ئەپسانە، رىۋايەتلەردە، تارىخ - تەزكىرىلەردە گاھ تەكرارلىنىپ، گاھ ئۈزۈلۈپ داۋام قىلغان بولسا، بۇ قېتىم كېيىنكى 25 يىلدا، گويا كەلكۈن مەزگىلىدىكى يۈرۈڭقاش، قاراقاش دولقۇنلىرىدەك، گويا 25 يىل ياغقان چاڭ - توزان ئۇچقۇنلىرىدەك، گويا 25 يىل سوققان شامال - بوراندەك ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ، ئومۇمىي خورغا ئايلاندى. دەسلەپتە يەككە ئاۋازلارنىڭ يېقىملىق ساداسى بولغان بولسا، كېيىن يۈز مىڭلىغان خوتەنلىكنىڭ ياڭراق ناخشىسىغا ئايلاندى. كىشىلەرنى 25 يىل شەيدائىي - مەپتۇن قىلغان ئاشۇ سۆز، ئاشۇ ئىسىم — قاشتېشى! سورۇنمۇ سورۇن 25 يىل تەكرارلانغان ئاشۇ پاراڭ — قاشتېشى ھەققىدىكى پاراڭ! كىشىلەر قېنىپ - قېنىپ 25 يىل ئېيتىشقان ئاشۇ ھېكايە — قاشتېشى ھەققىدىكى ھېكايە! ئېھ قاشتېشى!

قاشتېشى ھەققىدىكى خەۋەرلەر كۆز شاملى سوققان غازاڭدەك ئۇچىدۇ. قاشتېشى ھەققىدىكى گەپلەر سېمونت ئۈستەڭگە باشلانغان سۇدەك ئاقىدۇ. قاشتېشى ھەققىدىكى مىش - مىشلار ئەڭ يېقىن قوشنىنىڭ غەيۋىتىدەك ئۈيمۇئۈي،

قۇلاقمۇقۇلاق شۇڭغۇيدۇ.

«مەتنىياز غوجاق دېگەن ئادەم 742 كىلوگىراملىق ئاق قاشتېشى تېپىۋېلىپ ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىپتۇ. ئۇنىڭغا 2000 يۈەن مۇكاپات بېرىلىپتۇ» دېيىلىدۇ 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى خەۋەرلەردە.

«بىر مومايغا مۆشتۈمدەك بىر پارچە قاشتېشى ئۇچرىغانىكەن. نەق مەيداندا 12 مىڭ يۈەنگە ياراپتۇ» دېيىلىدۇ ئاشۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى گەپلەردە.

«پۈكۈنى 40 مىڭ يۈەنگە ئالغان قاشتېشىنى 5 مىليونغا سېتىپ، بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلىنىپتۇ» دېيىلىدۇ 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا.

«نەچچە مىڭ ئادەم يورۇڭقاشتىن قاشتېشى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىلىدۇ 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا.

«40 ـ 50 مىڭ ئادەم قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ بۇيا كۆمۈر كېنىدىن يورۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ كۆمۈر توشۇۋاتقان ئىنىم 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا.

«تۆت قەۋەتلىك، ئىككى مىڭ كىلومېتىرلىق تىجارەت بىناسى سالغانتىم، شۇ بىناغا بىر ئىسىم قويۇپ بەرسەڭ بولاتتى ئاكا» دەيدۇ ئېلى ھاجىم 2001 ـ يىلى قىشتا. «نېمە تىجارەت بىلەن تاپقان پۇلغا سالدىلا؟» دەپ سورايدۇ ئاپتور. «قاشتېشى سودىسى بىلەن تاپقان پۇل ئىدى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ ئېلى ھاجىم.

«مۇقىملىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ‹باش ئازما› ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ بىرىدە ئىككى يىلچە تۇرۇپ قالدىم. ‹باش ئازما› دا قاشتېشى بازىرى قىزىيدىكەن. خىزمەتتىن سىرتقى چاغلاردا قاشتېشى سودىسىنى ئۆگىنىپ، كېيىنكى بىر يىلدا 20 يىللىق مائاشىمغا تەڭ پۇل تاپتىم» دەپ ھېكايە قىلىدۇ 2002 ـ يىلدا ئاپتورنىڭ ھەم كادىر، ھەم ئەدىب

ھەقەمسايىلىرىدىن بىرى.

«قاشتېشى سودىسى كاتتا - كاتتا بايلارنى پەيدا قىلدى» دەپ خۇلاسىلەيدۇ ئاپتورنىڭ جەمئىيەتشۇناس ئاغىنىلىرىدىن بىرى خۇلاسە قىلىپ شۇ يىلى.

«يورۇڭقاشتىن قاشتېشى قېزىش»، «سوغۇق قوم» غا كېڭەيدى. «سوغۇق قوم» دا نەچچە يۈز تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ دېيىلىدۇ 2003 - يىلىدىكى خەۋەرلەردە.

«پالانچىغا 2 مىليون يۈەنلىك، پوكۇنچىغا 5 مىليون يۈەنلىك قاشتېشى چىقىپتۇ» دېيىلىدۇ 2004 - يىلىدىكى مىش - مىشلاردا. «‹ يۈز مىڭدەك ئادەم يورۇڭقاشتا، سوغۇق قوم› دا، ‹تۈزاقچى› دا، ‹پاختىلىق دەرياسى› دا قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ» دېيىلىدۇ 2005 - يىلى قىشتىكى خەۋەرلەردە.

«پالانچىنىڭ ئوغلىغا 5 مىليونلۇق قاشتېشى چىقىپتۇ» دېيىلىدۇ 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى گەپلەردە.

«كېرىيە، چىرا تەرەپلەردىن نەچچە يۈز ماشىنا قاشتېشى قازغۇچىلار كېلىپ يورۇڭقاشقا چۈشتى» دېيىلىدۇ 2007 - يىلى 9 - ئاپرېل ئابدىمىلىك ئاخۇن دەريا بويىدىن ئۇرغان تېلېفوندا. خەۋەرلەر خاماندىكى ساماندەك ساناقسىز، مىش - مىشلار ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك تولا. گەپلەر توزغاقتەك ئۇچىدۇ...

مۇشۇ قېتىمقى قاشتېشى ئىزدەش، قاشتېشى قېزىش دولقۇنىنى قاراقۇرۇم بويلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ھېچبىر تارىخىي ۋەقەلەرگە تەققاسلاش مۇمكىن ئەمەس. مەنچىكىنىڭ چەنلۇڭ يىللىرىدا دوزاخ ئازابى كۆرسەتكەن 52 يىللىق «قاشتېشى ئالۋىڭى» داغدۇغىسى بۇ قېتىمى داغدۇغا ئالدىدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدۇ. 1959 - يىلىدىكى پولات - تۆمۈر ئېرىتىش ئاممىۋى ھەرىكىتى بۇ قېتىمقى قاشتېشى دولقۇنىنىڭ ئالدىدا پەگاھتا قالىدۇ. بۇ قېتىمقى قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق باي بولۇشنى

ھېچبىر تىجارەتتىكى باي بولۇشقا ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس. تۇنۇگۇنكى قوۋالتاق بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلاندى. تۇنۇگۇن ئەسكى كەپىدە شۈمشەيگەن بۇگۇن ئوردا - قەسىردەك سارايلارنى سالدى. تۇنۇگۇن ئولتۇرغىلى ئېشەك ھارۋىسىمۇ تاپالمىغان بۇگۇن سانتانا، ئۇۋدى، پاساتلاردا كېرىلىپ سەيەر قىلدى ...

يەنە نېمىلەرنى دەيمىز؟ گەپنىڭ قىسقىسى، قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى — خوتەن رايونىدا كاتتا، داغدۇغىلىق بىر ئىجتىمائىي ۋەقەگە ئايلاندى. بۇنداق كاتتا ئىجتىمائىي ۋەقەنى ئاخبارات ئەدەبىياتى ئەلۋەتتە قەلەمگە ئېلىپ قويۇشى، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى شەرھلىشى، ھېكايىلەرنى كەلتۈرۈشى كېرەك. بولمىسا، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

## نېمدۇر ئول قاشتېشى دېگەن؟

ئاددىي جاۋاب شۇدۇركى، ئۇ بىر خىل جاۋاھىرات. زىبۇ - زىننەت بولىدىغان ئالماس، كەھرىۋا، ياقۇت، مەرۋايىت، زۇمرەت، لەئلى، پىرۇزا، سەدەپ، خىرۇستال، بىرلىيانت، مەرمەر دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىۋاتقان ئېسىل تەبىئىي تاشلارنىڭ بىر خىلى، ئالتۇن، كۈمۈش، ئاق ئالتۇن قاتارلىق زىبۇ - زىننەت مېتالللىرى بىلەن خېرىدار تالاشقۇچى ياكى ئۇلارغا كۆزلۈك بولۇپ سۆيەت قوشقۇچى.

قاشتېشى دېگەن نام قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇيغۇر تىلىدا تاغ سۆزى قىر، قاش دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىمۇ قاش دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم. قاشتېشى ئەسلى چىقىدىغان ئورنى ياكى كۆپرەك سۈزۈۋېلىنىدىغان ئورنىغا قاراپ، ئاشۇنداق قاشتېشى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. خوتەن ۋالىي مەھكىمە ئىشخانىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان نادىر ئاخۇننىڭ، دادىسى سادىر ئاخۇندىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن

رىۋايەت قىلىشىچە، ئەسلىدە بۈگۈنكى جىيا يېزىسى ئەتراپىدىن شەرققە ئاقىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر كەلكۈندە يۆنىلىش ئۆزگەرتىپ، ھازىرقىدەك شىمالغا ئاقىدىغان بوپتۇ. دەريا ھەۋزىسىدىكى بوستانلىقلار سۇسىز قاپتۇ. ئاخىر بولماي، كىشىلەر كۆز كۆنلىرى دەرياغا تۇغان - قاش سېلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئارقىلىق بوستانلىققا سۇ باشلايدىغان بوپتۇ. تۇغان - قاش دەريادىكى قۇم ۋە تاشلاردىن سېلىنىدىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوتۇنچى ئېشەكلىرىگە ئوتۇن ئارتىپ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى خوتەن شەھىرىگە ئوتۇن ساتقىلى مېڭىپتۇ.

ئوتۇن ئېشەككە ياخشى ئارتىلمىغانمۇ، بىر ئېشەكنىڭ ئوتۇنى بىر تەرەپكە تولا سامداپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى يولەپ ئوڭشاپ قويسا، بىردەمدىن كېيىن يەنە سامداپ كېتىدىكەن. ئوتۇننى چۈشۈرۈپ قايتىدىن تەڭشەپ ئارتىشقا ئېرىنگەن ئوتۇنچى دەريادىكى ئاشۇ تۇغان - قاشتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر دانە پارقىراق تاشنى ئېلىپ يەڭگىل كېلىپ قالغان تەرەپكە قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. سامداش توختاپتۇ. ئوتۇنچى شەھەرگە كىرىپ ئوتۇننى بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. ئوتۇن چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا، ھېلىقى سودىگەر پارقىراق تاشنى قولىغا ئېلىپ خېلى ئۇزۇن زەن سېلىپ قاراپتۇ ۋە سوراپتۇ: «بۇنى نەدىن ئالدىڭىز؟»، «قاشتىن»، «بۇ نېمە؟»، «قاشتېشى.» قاشتىن ئالغاندىكىن قاشتېشى بولماي نېمە بولاتتى؟ سودىگەر ئوتۇنچىغا قاشتېشىنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوتۇنغا بولەك، قاشتېشىغا بولسا، ئوتۇن پۇلىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇل بېرىپتۇ. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ، ھېلىقى سۈزۈك، نۇرلۇق تاش «قاشتېشى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ ۋە كىشىلەر ئۇنى ئىزدەيدىغان، ساتىدىغان، ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان بوپتۇ . . .

بۇ رىۋايەتمۇ «قاشتېشى» دېگەن نامنىڭ ئاشۇ خىل ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

تاش چىققان ئورۇنغا قاراپ قويۇلغانلىقىنى ئاساسلايدۇ.

«قاشتېشى» دېگەن نام توغرىسىدا، تىلشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن «قاش» دەپلا ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «تاش» نى قوشۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئەسكەرتىدۇ. يۇرۇڭقاش، قاراقاش سۆزلىرىدىكى «قاش» نى مىسال قىلىپ، بۇ خىل تاشنىڭ قەدىمدە «قاش» دەپلا ئاتالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر «قاشتېشى» دەپ ئاتاش ئومۇملىشىپ بولدى. ئەمدى ئۆزگەرتمەك ۋە ئەسلىگە كەلتۈرمەك بەك تەس. شۇڭا بىزمۇ بۇ يازمىمىزدا «قاشتېشى» دەپ ئېلىۋېرىشنى لايىق كۆردۇق.

قاشتېشىنىڭ تارىختا، شاھ - خاقانلار تاجىغا قادىلىپ، سۈر - ھەيۋە پەيدا قىلىشقا، شاھ - خاقانلار قولىدىكى مۆھۈر - تامغا بولۇپ، ھوقۇق يۇرگۇزۇشكە، ئۈزۈك، بىلەزۈك، قۇلاق ھالقىسى، بۇرۇن ھالقىسى، بويۇن ھالقىسى، مارجان، بويۇن تۇمارى ۋە يان تۇمار بولۇپ گۈزەللەشتۈرۈشكە، رومكا، پىيالە، جام، قاچا بولۇپ، ئەيش - ئىشرەت سۈرۈشكە، ھەر خىل ھەيكەللەرگە ئايلىنىپ، ئۇستەل - ئىشكاپلارنىڭ كۆرۈنەرلىك يەردىن ئورۇن ئېلىپ، بايلىق كۆز - كۆز قىلىشقا، ئېستېتىك زوق ئېلىشقا، نەي، سۇنايغا ئايلىنىپ مۇزىكا ئورۇنلاشقا، ئاخىرەتلىك كىيىمگە ئايلىنىپ ھەمدەپنە بويۇمى بولۇشقا، ئۆلۈك ساندۇقى - گۆھسەيگە ئايلىنىپ، جەسەت ساقلاشقا ئىشتىراك قىلغىنى مەلۇم. ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ئۈچۈن ئېسىل ماتېرىيال بولغىنى ھەممىدىن كۆپ مەلۇم. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زامان پەن تەتقىقاتى قاشتېشى بىلەن يېتەرلىك شۇغۇللانمىدىمۇ، شۇغۇللانغان بولسىمۇ ئىنقىلاپ چىقالمىدىمۇ، ئىنقىلاپ چىققان بولسىمۇ ئېلان قىلىنمىدىمۇ، ئۇنىڭ سانائەت، ھەربىي ئىشلار قورالدازلىقى، يېزا ئىگىلىك ۋە باشقا ساھەلەردىكى رولى تېخى ئايدىڭلاشمىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىدە قاشتېشى تالقىنى

بىلەن شاپتۇل چېچەكلىرىدىن ئۇپا ياساپ، تېرە گۈزەللەشتۈرۈش ۋە تېرە كېسەللىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقى، قاشتېشى تالقىنى بىلەن بۆرەككە تاش چۈشۈشنى داۋالايدىغانلىقى ۋە باشقىلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئىشلىتىش توختاپ قالغان. جۇڭگو تېبابىتىدە قاشتېشىنىڭ دورىلىق رولى تەكىتلەنگەن. ھەتتا بىر چاغلاردا «بەش تاش تالقىنى» ئومۇملاشقان. داڭلىق تېۋىپ گې خۇڭ «قاشتېشى خاسىيەتلىكتۇر، لېكىن تاپماق قىيىن. ئويۇلمىغان قاشتېشىغا ئېرىشسە، ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئۇدۇن قاشتېشى ئەڭ ئەلاسىدۇر» دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقىنى مەلۇم ئەمەس. مەي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، دەپ قاشتېشى كومزەكتە مەي ساقلايدىغان، قاشتېشى رومكىدا مەي ئىچىدىغان، سۇنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ، دەپ سۇ ساقلايدىغان كۈپكە قاشتېشى تاشلاپ قويىدىغان ئادەتلەرمۇ ھازىر ئاللىقاچان توختىغان.

قاشتېشىنىڭ زىبۇ - زىننەتلىك رولى، ساقلاش - ساقلىنىشچانلىق رولى، كۆرۈشچانلىق رولى، ئويمىچىلىق سەنئىتىگە ماتېرىياللىق رولىدىن باشقا روللىرى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

قاشتېشىنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى خىلمۇخىل مۇرەككەپ. ئەگەر ئاپتور بۇ يەردە ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ، ئۇچرىغان ماتېرىياللاردىن تەمەچ تېرىشكە كىرىشسە، بۇ يازما ئەدەبىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئىلمي ماقالىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ھەم ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە راستىنلا قاشتېشىنىڭ خىمىيەلىك تەركىب، خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قىزىقىدىغانلار بولسا، ئۆمەرجان مۇھەممەتنىڭ خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ئىلمي ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «خوتەن

قاشتېشى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئۇلارنىڭ كۆرۈۋېلىشىغا تەۋسىيە قىلىمىز.

قاشتېشىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى ئېتىبارغا ئېرىشتۈرگەن، ئۇنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، رەڭگى (قاشتېشى ئاق، قارا، كۆك، يېشىل، سەيۋە رەڭ، چىپار ۋە باشقا رەڭلەردە بولىدۇ)، قاتتىق، يۇمشاقلىق دەرىجىسى (قاشتېشى قاتتىق - يۇمشاقلىقىغا قاراپ كاۋاش، چاقماق تاش ۋە قاشتېشى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ)، ئەۋرىشىملىك دەرىجىسى (بۇ ئويمىچىلىقتا ئىنتايىن مۇھىم)، نۇر ئۆتكۈزۈش، پارقىراش (نۇرلۇقلۇق) دەرىجىسى، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى رەڭگى، سۈزۈكلۈكى، نۇرلۇقلۇقىدۇر. رەڭگى ئاق، سۈزۈك، نۇر ئۆتكۈزۈشى ياخشى بولغانلىرى ئەڭ ئېسىل ھېسابلىنىدۇ. قاشتېشى دۇنيادىكى 16 دۆلەت (جۇڭگو، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، بىرما، ياپونىيە، كورېيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە، پولشا، فىنلاندىيە، مالاۋىي، مۇزامبىك، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە)، 95 رايوندىن چىقىدىغان بولسىمۇ، جۇملىدىن جۇڭگودا 68 ئورۇن، 136 كاندىن چىقسىمۇ، ئەمما فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئېسىللىكى جەھەتتە ھېچقايسى رايون ۋە دۆلەتتىن چىققان قاشتېشى خوتەن قاشتېشىغا يەتمەيدۇ. باشقا جايلاردىن چىقىدىغانلىرى كاۋاش ياكى چاقماق تاش بولۇپ، ھەقىقىي قاشتېشى ھېسابلانمايدۇ. كاۋاشنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن، چاقماق تاشنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئەۋرىشىملىكى يېتەرلىك ئەمەس. ئويمىچىلىققا باب كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتە، خوتەن قاشتېشى ئۇلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داڭ چىقىرىپ، ئەتىۋارلىنىپ كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇنىڭ دەل

ئەۋرىشىملىك، نۇرلۇقلۇق، سۈزۈكلۈك، قاتتىق - يۇمشاقلىقتىكى مۇۋاپىقلىق قاتارلىق جەملىمە ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئۈزگىچىلىكتۇر. خوتەن قاشتېشى بۇ جەھەتلەردە تەڭداشسىزدۇر. بۇ گېپىمىزگە پاكىت كېرەك. 1 ـ پاكىت: جاۋاھىراتلار ئائىلىسىدىكى باشقا تاش ۋە مېتاللارنىڭ ئېنىق باھاسى، نەرخ - ھاۋاسى باركى، خوتەن قاشتېشىنىڭ باھاسى يوق. كىچىككىنە بىر تال خوتەن قاشتېشى تونۇغانغا مىڭ تىللا، تونۇمىغانغا بىر تىللا (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز). 2 ـ پاكىت: خىرۇستال، مەرمەر دېگەن قوپال تاشلاردىن باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ ھېچقايسىسى ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىققا يارىمايدۇ. تەبىئىي شەكىللەنگەنلىرىنىڭ ھەجىم ۋە ئېغىرلىقى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. مارجان، كۆز مۇنچاق ۋە كۆز تۇمار قىلىشقىلا يارايدۇ؛ قاشتېشىنىڭ چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بولۇپ، مارجان، كۆز مۇنچاق، كۆز تۇمار، ئۈزۈك قىلىشقا يارايلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئويمىچىلىق - ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئەڭ ئىدىيال ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچىمۇ ئۇنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ جەھەتتە بەكرەك ئىپادىلىنىپ كەلدى. 3 ـ پاكىت: باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ كۆرۈشچانلىقى بىردەملىك بولۇپ، خوتەن قاشتېشىنىڭ كۆرۈشچانلىقى مەڭگۈلۈكتۇر. قانچە قارىساڭ، شۇنچە قارىغۇڭ كېلىدۇ. قارىغانسېرى شۇنچە گۈزەللىك ھېس قىلىسەن، كۆرگەنسېرى شۇنچە مەپتۇن بولىسەن. خۇددى ئۆتكۈر ئەپەندى مىرئەلىشىر نەۋايىدىن ئىستاتا ئېلىپ تەسۋىرلىگەندەك: «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يەنە سەندە ». 4 ـ پاكىت: باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ ساقلىنىشچانلىقى قانچىلىك؟ ئەمما، خوتەن قاشتېشىنىڭ ساقلىنىشچانلىقى مەڭگۈلۈكتۇر. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلىش بىزگە ھازىردىن 6000 يىل بۇرۇنقى خوتەن قاشتېشىنى قايتۇرۇپ كەلدى. 6000 يىللىق بوران - چاپقۇن، نەملىك ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ

سۈپىتىدە قىلچىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان. قىزىلغاندا قانچىلىك نۇرلۇق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. 5 ـ پاكىت: باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ تۇمارلىق خاسىيىتى، بالا ـ قازادىن ساقلاشچانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىمىدۇق. ئەمما، خوتەن قاشتېشىنىڭ تۇمارلىق رولى توغرىسىدا تارىختىن بىرى ئاجايىپ ھېكايەتلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلمەكتە. «قاشتېشىنىڭ بەش خىسلىتى (سىلىقلىقى مۇلايىم ـ رەھىمدىللىككە، سۈزۈك، ئىچىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقى مەرد ـ مەردانىلىككە، ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى بىلىمدانلىققا، ئېگىلمەسلىكى باتۇرلۇققا، سۈزۈك، داغسىزلىقى پاكلىققا سىمۋول)»، (قاشتېشىنىڭ 9 خاسىيىتى) «قاشتېشى ئۆزىنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغۇچىغا سالامەتلىك، ئامانلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بايلىق، باياشاتلىق، گۈللەپ روناق تېپىش، ئىززەت ـ ئىكرام، ئۇزۇن ئۆمۈر، نامى مەڭگۈ ئۆچمەسلىك، قايتا تىرىلىش قاتارلىق 9 نۇسرەت ئاتا قىلارمىش»، قاشتېشىنىڭ 11 ئالاھىدىلىكى (فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلەر) دېگەنلەر شۇ جۈملىدىن. مەھمۇد كاشغەري «قاشتېشىنىڭ ئېقى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق سوقۇۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ» دېسە، «ئالىيجانابلار خەتەردىن ساقلىنىشتا قاشتېشىنى تەندىن ئايرىمىغاي» دېيىلىدۇ. بىر خەنزۇچە كىتابتا، «كىمىياگەرلىك» دېگەن كىتابتا بولسا، «ئالتۇن بىلەن قاشتېشى جەسەتنى چىرىتمەيدۇ» دەپ يېزىلىدۇ. «پالانى يەردىكى ئاۋىياتسىيە ئاۋارىيەسىدە پەقەتلا ئۈچ كىشى ئامان قاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بويىنىدا قاشتېشى زۇننار، قوللىرىدا قاشتېشى ئۈزۈك بار ئىكەن»، «پالانى يەردە يۈز بەرگەن ماشىنا ئاۋارىيەسىدە ئامان قالغانلاردا قاشتېشى بېزەك بار ئىكەن»، «پو كۈنى يەردە يۈز بەرگەن كۆمۈركان

ئاۋارىيەسىدە قۇدۇق ئاستىدىكى 27 ئادەمدىن بىرىلا ئامان قاپتۇ. كېيىن قارىسا ئۇنىڭ بويىندا قاشتېشى تۇمار تۇرغۇدەكمىش»، «پۇستانى يەردىكى يەر تەۋرەشتە بىر قىزچاق 15 كۈندىن كېيىن خارابىلەر ئاستىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ. ئۇ خارابە ئاستىدا تۇرغان مەزگىلدە قاشتېشى ئۈزۈكنى ئاغزىغا سېلىۋالغانىكەن. زادىلا سۇسىزلىنىش كۆرۈلمەپتۇ» دېيىلىدۇ ھازىرقى زامان رىۋايەتلىرىدە. بۇنداق مىش - مىشلار ساماندەك تولا. ھەممىسىدە قاشتېشىنىڭ تۇمارلىق، بالا - قازادىن ساقلاش رولى كۆپتۈرۈلىدۇ. ئاشۇ مىش - مىشلار يەنە خوتەننىڭ «تۆت ئاپەتتىن خالىي رايون» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئەسكە سالىدۇ. خوتەن تاغلىرىدا، خوتەن دەريالىرىدا قاشتېشى بولغانلىقى ئۈچۈنلار «تۆت ئاپەت» تىن خالىي بولۇش ئىشقا ئاشمىدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى.

قاشتېشىنىڭ تۇمارلىق رولى، ئۇنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى داۋالاش رولى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. باشقىلارنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشىچە، داڭلىق تېۋىپ، مەرھۇم ئەمەت ھاجىم يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا قاشتېشى تۇمار ئېسىۋېلىشنى، قاشتېشى ئۈزۈك، قاشتېشى بىلەزۈك سېلىۋېلىشنى بۇيرۇپتىكەنمىش، بۇ بەلكىم قاشتېشىنىڭ تۇمارلىق رولىدىن پايدىلىنىش بولۇشى مۇمكىن.

بىزنىڭ بۇ يازمىمىزدىكى قاشتېشى سۆزى كۆپ ھاللاردا خوتەن قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى چەرچەن تاغلىرىدىن تارتىپ، خوتەن ۋىلايىتى، قاغىلىق، يەكەن، تاشقورغان تاغ - دەريالىرىدىن چىقىدىغان سۈپەتلىك قاشتېشىنىڭ نامى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خوتەن قاشتېشى دېيىلىدۇ. خوتەن قاشتېشى ياكى قاشتېشى دەپ يېزىلسا، ئەنە شۇلارنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، قاشتېشى دېگەن تېخى رولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېنىق ئېچىلمىغان بىر سىرلىق، گۈزەل، سۈزۈك جاۋاھىراتتۇر.

## رىۋايەت ۋە تارىخنامىلەردىكى قاشتېشى

خوتەن خەلق رىۋايەتلىرىدە، قاشتېشىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتا - ئانىسى ئادەم بىلەن ھاۋاغا تۇتىشىدۇ: «ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ ئالەمدە باشقا - باشقا جايغا چۈشۈپتۇ. ئۇزاق يىللار ئىزدىنىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر قاراقۇرۇمنىڭ ئۈستىدە بىر - بىرىنى تېپىشىپتۇ. ئۇزۇن يىللىق جۇدالىقتىن كېيىنكى ۋىسال پەيتىدە، ھېسسىياتلىرىنى باسالماي، مۇز ئۈستىدىلا شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشۇپتۇ. شۇ قېتىم تېمىپ كەتكەن مەنىيدىن قاشتېشى پەيدا بولغانمىش...

بۇ رىۋايەت گەرچە تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ يارىتىش ۋە يارىلىش ئەقىدىسىگە خىلىلا خىلاپ بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسىم مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: ئىنسان بالىسى نېمىدىن ئاپىرىدە بولغان بولسا، قاشتېشىمۇ شۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولغان، قاشتېشى مۇھەببەت ۋە ۋىسالنىڭ مېۋىسى. قاشتېشى پەقەت قارا - قۇرۇمدىنلا چىقىدىغان سىرلىق ۋە گۈزەل بىر نېمەت، ۋەھاكازا دېگەندەك.

قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رىۋايەتلىرىدە، قاشتېشىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرش تەڭرىسىگە باغلىنىدۇ. (ئەرش تەڭرىسى، قاشتېشى ئىمپېراتور، (玉皇大帝) مۇ دېيىلىدۇ: «(ئۇماي غەربىي قاراقۇرۇم تاغلىرىنى ئىدارە قىلىشتا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئەرش تەڭرىسى ئۇنىڭغا گۈزەل قاشتېشى ئىنئام قىپتۇ. ئۇماي پانىي ئالەمدىكىلەرنى بۇ شان - شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئەجدىھا تاشپاقىغا بۇ قاشتېشىنى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. دەريا قاشتېشىنى بوستانلىقتىكى

كىشىلەر ئارىسىغا ئېقىتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر دەريادىن قاشتېشى سۈزۈۋالىدىغان بوپتۇ. قاشتېشى دەرياسى دېگەن ئىسىممۇ شۇنىڭدىن باشلاپ پەيدا بوپتۇ.»

بۇ رىۋايەتمۇ بىزگە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: قاشتېشىنىڭ ئەسلىي ئەرشتىكى نېمەت ئىكەنلىكى، يەر يۈزىدىكى تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكى، ئەڭ بۇرۇن ياخشى ئىدارە قىلىنغان ئەل، ئەڭ بۇرۇن گۈللەنگەن يۇرت، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ۋە شان - شەرەپتىن خەلقى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان پادىشاھ ۋەھاكازا... مەرھۇم شائىر روزى سايىت «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى» دېگەن داستاندا، ئاق قاشتېشى ۋىسالىغا ئېرىشەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئەلەملىك كۆز يېشىدىن پەيدا بولغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرىنىڭ خوتەن قاشتېشىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك خاتىرىلەر تۇنجى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھى خۇاڭدي (黄帝) غىچە تۇتىشىدۇ. خۇاڭ دىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىنى بۇنىڭدىن 4500 يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بىر بۇيۇمنىڭ ئۆزى پەيدا بولغان يۇرتتا بايقىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى، ئۇنىڭ باشقا يۇرتلارغا توشۇلۇشىدىن كۆپ بۇرۇن بولىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنسا، خوتەن قاشتېشىنىڭ دەريالاردىن تېرىلىشكە، تاغلاردىن قېزىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنى ھېسابلاپ چىقماق تەس ئەمەس. ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق قاشتېشى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ: «خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇن قېزىلىشقا باشلاپ، 7000 يىللار بۇرۇن سىرتقى رايونلارغا توشۇلۇشقا باشلىغان» دېگەن يەكۈنىدىن ھەرگىز گۇمانلانماسلىق كېرەك.

خۇاڭ دېغا قاشتېشى تەقدىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى

رىۋايەتتىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تارىخنامىلىرىدە، خوتەن قاشتېشى توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە راست ئىشلار ئۈزۈلمەي خاتىرىلىنىپ كەلدى. بۇلارنى بۇ يازمىمىزغا كۆچۈرۈشكە باشلايدىغان بولساق، توم - توم كىتاب بولىدىغان ئۇ خاتىرىلەر سەھىپىنى ئۈزارتىۋېتىدۇ. بىز ئۇلارنى پىروفېسسور، شائىر ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ 4 - تومىدىكى ئابدۇرېشات مۇساجاننىڭ ماقالىسىدىن، خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن تەرجىمە كىتابتىكى يىن چىلڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۆھەر زېمىن خوتەن» دېگەن كىتابتىكى سۇن بىڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ۋە ئەسلىي مەنبەلەردىن كۆرۈۋېلىشقا تەۋسىيە قىلىپ، پەقەت خوتەندىن توشۇلغان، توشۇلماقچى بولغان ۋە خوتەندە ئاشكارا بولغان ئايرىم قاشتېشىلىرى توغرىسىدىكى گەپلەرگە توختىلىمىز.

ئاشۇ مەنبەلەردىن مەلۇمكى، خوتەندىن توشۇلماقچى بولغان ئەڭ چوڭ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 90 توننىدىن ئارتۇق كېلىدۇ. 1264 - يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بۇ يەن دېگەن ئادەم چاغاتايخانغا تەۋە خوتەنگە كەلگەندە ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى كۆرگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «ئېرىشكەن» دېيىلگەن بولسىمۇ، بەلكىم سىمۋول خاراكتېرىدە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە بۇنداق چوڭ قاشتېشىنى پۈتۈن پېتى يۆتكەش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. خانبالىققا راستىنلا يۆتكەپ بېرىلگان ئەڭ چوڭ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 6 توننا بولۇپ، بۇ 1781 - يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. نەچچە يۈز ئادەم، نەچچە يۈز ئات - ئۇلاغ ۋە هارۋا كۈنىگە 7 - 8 چاقىرىمدىن يول يۈرۈپ ئاشۇ خوتەن قاشتېشىنى ئۈچ يىلدا ئاران بېيجىڭغا

يەتكۈزۈپ بارغان. مانا بۇ، چىيەنلۇڭ خان كېيىن ئالتە يىل ۋاقىت، نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش، نەچچە ئون ئويمىكەشنى ئىشلىتىپ، «دايۈينىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» دېگەن ھەيكەلنى ئويدۇرغان مەشھۇر خوتەن ئاق قاشتېشىدۇر. «خان ئوردىسى مۇزېيى» دا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ گۈزەل ھەيكەلنىڭ پۈتكەندىن كېيىنكى ئېغىرلىقىلا 5350 كىلوگىرام كېلىدۇ. ئېچكىرىگە توشۇپ بېرىلغان باشقا چوڭ - كىچىك خوتەن قاشتېشىلىرىنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت 1761 - يىلىدىن 1813 - يىلىغىچە بولغان 52 يىلدىلا 200 مىڭ جىڭ قاشتېشى يۆتكەپ ئاپىرىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەر يىلىغا ئوتتۇرىچە 4000 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ سان شۇ چاغدىكى قاشتېشى قېزىش سەۋىيەسى، يۆتكەش - توشۇش شارائىتىغا خېلىلا ماس كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئارىدا بەزى يىللىرى يۆتكەلگەن قاشتېشى خېلىلا كۆپ، مەسىلەن 1776 - يىلى بىر يىلدا يۆتكەپ ئاپىرىلغان ئالتە پارچە چوڭ قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقىلا 20 مىڭ جىڭدىن ئوشۇق چىقىدۇ. 1799 - يىلى يۆتكەش باشلىنىپ، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ ئۇششاقتالغا بارغاندا تاشلىۋېتىلگەن ئۈچ پارچە قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى 21 مىڭ جىڭ دەپ خاتىرىلەنگەن. قانداقلا ئىزدەنمەيلى، ئاشۇ تولىمۇ ئۇزاق يىللار جەريانىدا قېزىلغان، يۆتكەلگەن، يۆتكىمەكچى بولغان قاشتېشىلىرىنىڭ سانى، ئېغىرلىقىنى، باھاسىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بەزى تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن چوڭ قاشتېشىلىرىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە ئۇچۇرمۇ يوق. مەسىلەن، «چىڭگىزنامە» ۋە «تارىخى رەشىدىي» دىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى، شۆھرەتلىك سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، 1570 - يىلى، خوتەندە نائىبلىق قىلىۋاتقان ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننىڭ ھەمراھلىقىدا، يۇرۇڭقاش

كىتاب نۇر بىكتى www.uyghurkitab.com

دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە، بۇگۇنكى «مىلىك ئاۋات خارابىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەدىمىي شەھەرنىڭ جەنۇبىغا، دەريادا چوقچىيىپ تۇرغان غايەت چوڭ ۋە گۈزەل قاشتېشىنى كۆرگىلى چىقىدۇ. قايتىشىدا، بۇگۇنكى توساللا يېزىسىنىڭ «جامەدار» دېگەن يېرىدە تۇيۇقسىز كېسەل تېگىپ، ئات ئۈستىدىلا ۋاپات بولىدۇ. سۇلتان ئابدۇرېشتخان ئالايىتەن كۆرگىلى چىققان ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولدى؟ يەكەنگە يۆتكەپ ئاپىرىلغانلىق توغرىسىدا خاتىرە يوق. باشقا خاتىرىلەرمۇ يوق. بەلكىم بۇ قاشتېشى چىيەنلۇڭ خان يىللىرىدىكى 52 يىللىق «قاشتېشى ئالۋىنى» دا پارچىلاپ، يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

1813 ـ يىلى جياچىڭ خان 1761 ـ يىلىدىن باشلىنىپ 52 يىل داۋام قىلغان قاشتېشى ئالۋىڭىنى توختىتىش، قاشتېشى قازماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىللاردا قاشتېشى قېزىشنىڭ يەنىلا داۋاملاشقانلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار بار. مەنچىڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى مىنگو يىللىرىدىمۇ قاشتېشى قېزىش توختىغىنى يوق. بۇ يىللاردا داۋاملىق قاشتېشى قېزىلغانلىقى توغرىسىدا بىر پىرژېۋالىسكى، ئاۋرېل ستەيىنىنىڭ، سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ، پۇ جۈڭچۈەن ئەپەندىنىڭ يازمىلىرىدىن خاتىرىلەر ئۇچراتتۇق. بۇ ھەقتە يەنە شىنجاڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىنىڭ، مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى) كېرىيەدە قاشتېشى كېنى ئېچىش توغرىسىدا تەستىقىي يوليورۇق چۈشۈرگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قاشتېشى قېزىشنىڭ يەنىلا توختىمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. قاشتېشى قېزىشنىڭ ئالتۇن دەۋرى 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەقىقىي يېتىپ كەلدى. 1956 ـ يىلىدىن كېيىن

خوتەن، كېرىيە، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيەلەردە، قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى ۋە قاشتېشى قېزىشنى باشقۇرىدىغان ئىدارىلەر قۇرۇلدى. ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئەگىشىپ قاشتېشىچىلىق گاھ گۈللەپ، گاھ پەسىيىپ تۇردى ۋە تەدرىجىي، ئاستا - ئاستا كۆلەملەشتى. ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - 80 - يىللىرىدا قېزىلغان قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مىقدارى 30 توننا ئەتراپىدا بولغان. «ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 15 تونندىن ئازلاپ كەتمىگەن. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 100 تونىغا يەتكەن.» بۇلار ئەلۋەتتە 1963 - يىلى ياڭجوۋ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن 190 كىلوگىراملىق ئاق قاشتېشىنى، يەنە شۇ يىلى شاڭخەي قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن 170 كىلوگىراملىق ئاق قاشتېشىنى، 1976 - يىلى كۈزدە، ماۋجۇشى خاتىرە سارىيىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن سوۋغات قىلىنغان 178 كىلوگىراملىق ئاق قاشتېشىنى، يەنە شۇ يىلى بېيجىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن 159 كىلوگىراملىق ئاق قاشتېشىنى. 1981 - يىلى مەتنىياز غوجاق دېگەن ئادەم تەرىپىدىن بايقىلىپ، ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىنغان، كېيىن ياڭجوۋ ئويمىچىلىق زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلگەن 472 كىلوگىراملىق، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تېپىلغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئېسىل ئاق قاشتېشى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، باشقا ھەر خىل رەڭلەر ۋە ھەر خىل ئېغىرلىقتىكى، ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل سۈپەتتىكى قاشتېشىلىرىنى بۇ يەردە تىزىملاپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاپتور 1949 - يىلدىن كېيىن تېپىلغان ئەڭ چوڭ قاشتېشى توغرىسىدا ئىزدەنگىنىمدە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چەرچەن ناھىيە «مۇزتاغ مېھمانخانىسى» نىڭ زالىغا قويۇپ قويۇلغان، 1995 -

يىلى تېپىلغان، 1502 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى يېشىل ئاق قاشتېشى (玉白青) كەلدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا شاڭخەي جىننىس رېكورتىنى باھالاش كومىتېتى بەرگەن «تارىختىكى ئەڭ چوڭ خوتەن قاشتېشى» دېگەن گۇۋاھنامە ئېسىپ قويۇلغاندى. راستىنلا ئەڭ چوڭى شۇمۇ؟ ئۇنداق بولسا، جۇڭگو گېئولوگىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 1848 كىلوگىراملىق يېشىل قاشتېشىنى، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىملىق «خوتەن قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» دا مۇھەممەت ئېلى ھاجىم كۆرگەزمىگە قويغان 3600 كىلوگىراملىق چوڭ قاشتېشىنى نېمە دېگۈلۈك؟ 2006 ـ يىلى كۈزدە، «خوتەندە 40 توننا ئېغىرلىقتىكى چوڭ قاشتېشى تېپىلىپتۇ»، «خوتەن گىلەم كارخانىسىنىڭ ھويلىسىغا قويۇپ قويۇلۇپتۇ»، «ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنى كىملەردۇر ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ»، «پالانچىنىڭ ئوغۇللىرى ھېلىقى 40 توننىلىق قاشتېشىنى يۆتكەپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئاپتور ھەتتا بۇ گەپلەرنى خېلىلا ئىشەنچلىك ئادەملەردىن ئاڭلىدى. ئەگەر مۇشۇ گەپلەر ھەقىقەتەن راست بولىدىغان بولسا، ئاشۇ 40 توننىلىق قاشتېشى، كېيىنكى چاغلاردا بايقالغان ئەڭ چوڭ قاشتېشى بولۇشى مۇمكىن.

نىيىتىمىزدىن سەل چەتنەپ كېتىپ قالدۇق. گەپ ئەسلىدە رىۋايەت ۋە تارىختىكى قاشتېشىلىرى ھەققىدە ئەمەسمىدى؟ رىۋايەت ۋە تارىخي نامىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساقلا قاشتېشىنى ياخشى كۆرۈش، قاشتېشىغا چوقۇنۇش، قاشتېشىغا ئىنتىلىشنىڭ شاھانە ئوردا ـ قەسىرلەردىن كەڭ ئاۋام ئارىسىغا تارقىلىپ، ئاستا ـ ئاستا بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى بايقايمىز. يەنە قاشتېشىنى قانچە ياخشى كۆرگەن، قاشتېشىغا قانچە كۆپ ئېرىشكەن پادىشاھلارنىڭ شۇنچە روناق تېپىپ، شۇنچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرۈپ، شۇنچە داڭ

چىقارغانلىقىدەك غەلىتە ھادىسىلەرنىمۇ بايقايمىز. بۇنىڭغا تۇنجى شاھ خۇاڭ دىنى، غەربىي جۇ سۇلالىسىدىكى جۇمۇۋاڭنى، خەن سۇلالىسىنىڭ 6 ـ شاھى ۋۇدى ۋە مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ 7 ـ شاھى چىيەنلۇڭ خانلارنى مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار قاشتېشىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاقتىمۇ بەك ئۇزۇن بولدى. بۇ ھادىسە، ئېسىمىزگە ئۇيغۇر يازمىلىرىدىكى «بۆكۈخان رىۋايىتى» ۋە «كۆچ ئەپسانىسى» نى سالماي قالمايدۇ. قاشتېشى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ۋە قاشتېشى بىلەن پادىشاھلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان ئاشۇ ھادىسە ۋە ئەپسانىلەر ئادەمدە ئەلۋەتتە غەلىتە ئويلارنى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ بابنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، جۇڭگو ھوقۇقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ، جۇڭگو زىبۇ - زىننەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئويمىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ 1 ـ بابى خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا يېزىلغاندۇر. «خوتەن قاشتېشىچىلىقىنىڭ تارىخى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى بىلەن تەڭ» ۋە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا قاشتېشىغا چوقۇنۇش، قاشتېشىغا ئىنتىلىش، قاشتېشىنى سۆيۈشتەك شۇنداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنى روياپقا چىقاردىكى، ئاشۇ مەدەنىيەتسىز خوتەن قاشتېشىنىڭ قىممىتى خېلىلا تۆۋەن بولغان بولاتتى. خۇددى «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەندەك بۇنداق يۈكسەك ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشمىگەن بولاتتى. ئەلۋەتتە ئاشۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى (قاشتېشىنى بايقاش، ئەتىۋارلاشتىن تارتىپ ئويمىكارلىقىچە) ئەڭ دەسلەپ خوتەندە پەيدا بولغان ۋە خوتەندىن باشقا يۇرتلارغا تارقالغاندۇر.

# سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتىكى خوتەن قاشتېشى

خوتەن قاشتېشى بىز كۆرۈۋاتقان تەبىئەتتىكى ئەڭ سۈزۈك، ئەڭ نۇرانە، ئەڭ گۈزەل سەنئەت ئۆلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر. سەنئەتتىكى خوتەن قاشتېشى دېگىنىمىزدە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئىي سەنئەتلىكلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتى، يەنى بېزەكچىلىك، زىبۇ - زىننەتچىلىك، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ئارقىلىق خوتەن قاشتېشىغا قوشقان سەنئىتىنى نەزەردە تۇتىمىز. قەدىمدىن ھازىرغىچە، خوتەننىڭ ئۆزىدىكى قاشتېشى ئۇستىلىرى ۋە ئويمىچىلىق كارخانىلىرىدىن تارتىپ، ياڭجوۋ، شاڭخەي، گۇاڭجوۋ، بېيجىڭلاردىكى ئۇستىلار ۋە ئويمىچىلىق كارخانىلىرىغىچە ئويغان بارلىق قاشتېشى بۇيۇملىرى؛ جۇملىدىن تامغا - مۆھۈر، بۇت، بۇت سۈپىسى، مەشھۇر شەخسلەر ۋە مەشھۇر پېرسوناژلارنىڭ ھەيكەللىرى، پەتنۇس، چىنە، تەخسە، قۇتا، رومكا، جام، شاھمات، غاڭزا، قىلىچ، خەنجەر، ھاسا، نەي، يالمان، پالتا، كىيىم، ئۈزۈك، بىلەزۈك، ھالقا، مارجان، تۇمار، تەبىئىي مەنزىرە، ھايۋانات ھەيكەللىرى، قوش - قانات ھەيكەللىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى سەنئەت بۇيۇمىدۇر. تەبىئەتنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسىرىگە ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت ھۈنىرى قوشۇلسا، قاشتېشىنىڭ سەنئەتلىكى ئەلۋەتتە يەنىمۇ يۈكسەلمەي، يەنىمۇ كۆز چاقناتماي قالمايدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە ئويۇلغان ئاشۇ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئادەم كۆرۈپ تويمايدۇ، قاراپ قانمايدۇ، بىئىختىيار ھالدا تۇتۇپ باققۇسى، قولىغا ئېلىپ باققۇسى كېلىدۇ. قويىنىغا تىقىۋېلىشنى، بويىنىغا ئېسىۋېلىشنى خالاپ قالىدۇ. ئەگەر ئاشۇ قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىدا ئاشۇنداق جەلپكارانە سەنئەت

بولمىغان بولسا، 1582 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەمەرقەندكە زىيارەتكە كەلگەن دىپلومات: «ئۇدۇن ماللىرىنىڭ سەرخىللىرىنى سەمەرقەند بازارلىرىدىن تاپقىلى بولىدىكەن. ئۇدۇننىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقىدىكى گۈل، نەقىش چىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكىگە دۇنيادىكى ھەرقانداق جاي يېتىشەلمەيدۇ» دەرمىدى؟ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا: «قاشتېشى ئويما بۇيۇملارنىڭ نېپىزلىكى تومۇزغا قانىتىدەك نەپىس ئىكەن» دەپ يېزىلارمىدى؟ قاشتېشىدىن ئويۇلغان قارلىغاچنىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى، قاشتېشىدىن ئويۇلغان يولۋاسنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر توقۇلارمىدى؟ ھەيھات، قاشتېشى ئويمىچىلىقى ھەقىقىي گۈزەل سەنئەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئاشۇ گۈزەل، نۇرانە ئويمىلارنى ھەممىمىزنىڭ كۆرۈشىگە نېسىپ بولسۇن !

قاشتېشى ئاشۇنداق ئەڭ ئىدىيال ئويمىچىلىق ماتېرىيالى ئىكەن؛ ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق سان - ساناقسىز گۈزەل ئويمىلارنىڭ ياسىلىشىنى تەبىئىي ئىش دەپمۇ قارايلى. ئۇنداقتا، قاشتېشىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىلھامكىرانە رولىنى نېمە دەيمىز؟ يازما ئەدەبىياتنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، قاشتېشىنىڭ نۇرلۇق جامالىغا ئەسرا بولغانكى شائىر - يازغۇچىنىڭ قاشتېشى توغرىسىدا خۇددى غۇنچىنى كۆرگەن بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ نېمە ۋەجىدىن؟ ئىلھام بۇلىقىنىڭ مەنبەسى گۈزەللىكتە. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىك ئۆلگىسى بولغان قاشتېشى ئەلۋەتتە شائىر - يازغۇچىلارنى قولىغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۇنجى شائىرى چۈي يۈەندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى شائىرلىرىغىچە قاشتېشى ھەققىدە كىم قەلەم تەۋرەتمىدى؟ چۈي يۈەن:

www.uyghurbooks.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

*چىقتىم كۈئىنلۇن تېغىغا بۇندا،*
*ئېسىل قاشتېشى بولدى غىزايىم.*
*ئەمدى ئۆمرۈم بولغۇسى چەكسىز.*
*ئاي، كۈن كەبى ياشناي ئىلاھىم.»*

دەپ كۈيلىسە، دۇفۇ:

*غەرب ئەلچىلىرى سوۋغا قىلسا دۆۋە - دۆۋە قاشتېشى،*
*توپ - توپ يىپەك بىلەن جاۋاب قىلماق خاقانلار ئىشى.*
*دەپ يازىدۇ. يۈەن سۇلالىسىدە ياشىغان مازۇچاڭ:*
*دەريا قىرغاقلىرىدىكى سۈزۈك تاشلار،*
*تېگىشىلەر شەرىق ئېلى يىپەكلىرىگە.*

دەپ كۈيلىسە، چىيەنلۇڭ خان شاھانە قەلىمى بىلەن:

*رەڭگى ئاپپاقتۇر چىرايلىق سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك،*
*جۇلالىنىپ تۇرار بەك ئۇز، قوي يېغىدا ياسىغاندەك.*
*بۇ قاشتېشى جام ئاشۇرغۇسى سەلتەنەت ئابرۇيىنى،*
*ئىچسە گەر چاي قىلغۇسى ئاي كەبى رۇخسارىنى.*
*روياپقا چىقمىقى بۇنىڭ بەك تەس بولدى، ئەجىرلەر بىھېساب،*
*تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز. نەزم بولمىدى دەل باب.*
*قولى گۈل ئۇستىلار ئويدى بۇ جامنى كۆپ ئەجىر ئەيلەپ،*
*ساۋابلىقتا تۇتۇڭلار يول، بۇ ئىشنى مەڭگۈگە ئەسلەپ.*

دەپ يازدى. مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان ياڭ بەيجۇن بولسا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا:

*بەك غۇۋا قۇملۇق، مارايدۇ ئاي بۇلۇتلار كەينىدىن،*
*كۆڭۈللەرگە چاڭگال سېلىپ تۇرماقتا زەڭگەر قاشتېشى.*
*بىر تاسادىپ: مەن يىقىلدىم، قىرغاقتا شۇ كۈن پۇتلىشىپ،*
*دەستىنىسنى قەلىمىمنىڭ دەپ قاپتىمەن قاشتاش - سەدەپ.*
*مۇھەببەتنىڭ كۆيلىرىنى سۇ شاۋقۇنى باسالماس،*
*يالتىرايدۇ جۇلالىنىپ قاشتاش سۇنىڭ تېگىدىن.*
*ئولتۇرۇشتۇق قاپاق تېرەك تۈۋىدە بىر جۈپ بولۇپ،*
*ئېلىپ ھۇزۇر سۇ يۈزىدە چاقنىغان تاش نۇرىدىن.*

دېگەن مىسرالارنى قالدۇردۇ. ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن جاڭ جېمىن:

*روجەك ئالدى ئالمىلىق، كەينى شاپتۇللۇق،*
*قولۇڭ سالساڭ دەرياغا چىقار قاشتېشى.*

دەپ تەسۋىرلىسە، شائىر ۋاڭ جىڭچەن:

*دۆلەتنىڭ گۆھىرى — خوتەن قاشتېشى،*
*ئەل سېنى ئۇلۇغلاپ شۇنداق ماختىشار.*
*قاشتېشى ئۇستىدە ئاينىڭ سۇس نۇرى،*
*تاشچىنىڭ قولىدا يېڭى تاڭ ئاتار.*

دەپ قوشاق قاتىدۇ. بىز ئاشۇ شېئىرلاردىن ئىچكىرى جۇڭگودى-كى قاشتېشى قىزغىنلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئاشۇنداق قىزغىنلىقنى پەيدا قىلغان قاشتېشىنىڭ تەڭدىشى، سۈپەتدىشى، مىسالدىشى يوقلۇقىنى بولسا، 1795 — 1796 - يىللىرى خو-تەندە تۇرغان، ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز دېگەن يېرىدىن كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شائىر قەلەندەرنىڭ شېئىرىدىن كۆرىمىز.

*بەدەخشان لەئلى بولۇر تاجى ئەفسەر،*
*خوتەننىڭ قاشتاشىغا ئىرمەس بارابەر.*
*خوتەن دەرياسىنىڭدۇر قاشتېشى،*
*خىجىلدۇر نۇرىدىن گەردۇن قۇياشى.*
*يەمەننىڭ سەن ھېقىقىن ۋەسلىن ئېيتما بەس.*
*خوتەننىڭ بىر شېغىل تاشچە ئىرمەس.*
*چاچ فىروزەدىن سەن ئۇرما غىل دەم.*
*خوتەننىڭ بىر ئېشەك مونچاقىدىن كەم.*

نېمىدېگەن چىرايلىق سېلىشتۇرۇش - ھە؟! كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قۇندۇزلۇق شائىر شاھانە تاجلارغا قادىلىدىغان قان رەڭلىك بەدەخشان قىزىل ياقۇتىنى، يەمەننىڭ ئاق ياقۇتى ھېقىقىنى، چاچنىڭ يېشىل ياقۇتى فىروزانى خوتەننىڭ نۇرىدىن قۇياشمۇ خىجىل بولىدىغان قاشتېشىغا، نە قاشتېشىكى بىر تال شېغىل تاشقا، نە شېغىل تاشقا، ئېشەك بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان بىر مۇنچاققا تەڭ كۆرمەيدۇ. خوتەن قاشتېشىنى لەئلى، ھېقىق، فىروزالاردىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن كۆرىدۇ...

خوتەن قاشتېشىنىڭ گۈزەللىكىنى، نۇرانىلىقىنى، خىسلىتىنى كۈيلەشتە، خوتەن شائىرلىرىمۇ ئارقىدا قالغىنى يوق. مەشھۇر خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىت، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەكلا «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى» سەرلەۋھەسىدە داستان يازغان بولۇپ، ئۇ داستاننىڭ دەسلەپكى قۇرلىرىنى:

*ئاق تاش، كۆك تاش، قىزىل تاش،*
*رەڭدار نەپىس، ئېسىل تاش.*

*بايان ئەيلەي سىرىڭنى،*
*كەل مىسراغا تىزىل تاش،*
*قازسام ھېكمەت ـ خەزنەڭ بار.*
*رىۋايەتلىك نەزمەڭ بار.*

دەپ باشلىسا، مۇھەببەت، توسقۇنلۇق ۋە ئاخىرقى ئېلىشىش ھې-
كايىسىدىن كېيىن، داستانىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى:

*قىزنىڭ ھىجران كۆز يېشى،*
*تامغىنى ــ ئاق قاشتېشى!*
*قىزىل (رەڭدار) بولغىنى،*
*يىگىت قېنى ــ تامغىنى،*
*دۈشمەنلەرنىڭ كاللىسى،*
*ئەكەن ئاندىن قالغىنى،*
*شۇڭا ئۇلار قەدىرسىز.*
*يوق بۇ سۆزنىڭ يالغىنى،*
*ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق.*
*يۇرۇڭقاشقا بېرىپ باق،*
*يىلدا كەلگۈن پەسلىدە.*
*كىم شۇ قىزنى ئەسلىسە،*
*قاراپ مۇزتاغ تەرەپكە.*
*قىز سىماسى ــ سۈرەتكە،*
*چوڭقۇر تەزىم بېرىدۇ.*
*(بۇنى قىزمۇ كۆرىدۇ.)*
*يۇرۇڭقاشنى كېزىدۇ.*
*بەزمە ــ سورۇن تۈزىدۇ.*
*ئاندىن سۇدا ئۈزىدۇ،*
*قاشتېشىنى سۈزىدۇ.*





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurbookapp.com

دەپ چۇشۇرىدۇ. شائىرنىڭ باشقا شېئىرلىرىدىمۇ قاشتېشىغا دائىر مىسرالار پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ.

*ئۈمىدلىك كەلگۈسىگە باق، نىشان تەڭ ئىنتىلىش بولسۇن،*
*مۇرادىڭ مەرپەت دەرياسىدىن قاشتاش سۈزۈش بولسۇن.*

*يا چىقار رومدىن، يا گۆمدىن، دەپتىكەن، باققىن سىناپ،*
*مەرد كىبرەك ھازىر ئۈلۈغ كەلكۈندە قاشتاش سۈزگىلى.*

مەلۇمكى، روزى سايىت قەلبىدە قاشتېشى ئەڭ مۆتىۋەر ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە ئۇ قاشتېشىنى جاھاندىكى بارچە گۈزەللىك، پاكلىق، ئىززگۈلۈك، ئالىي ماقام مەنىسىدە چۈشىنىدۇ.

خوتەندىكى يەنە بىر داڭلىق شائىر، پىروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىدە بولسا، گاھى قاشتېشىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ قاشتېشى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى سۈرەتلەنسە، گاھى قاشتېشىدەك سۈزۈك ھېسسىياتلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

*تاشقۇ تولا، تاش تولا بازىرىدا جاھاننىڭ،*
*ئەڭ ئېسىلى يۇرۇڭقاشتىن چىققان ئاقۇچ قاشتېشى.*
*كەتمىگەندە ئالەم يوقاپ، قاشتېشىمۇ ئازلىماس*
*چۈشۈپ گاھى يۇرۇڭقاشقا، تەرسەم سۈزۈك قاشتېشى،*
*سىردىشاتتىم قاپتاللارغا بېرىپ گاھى ئاھۇ بىلەن*
*قاشتېشىغا ئايلاندۇق، قاشتاش بىزگە ئايلىنىپ،*
*سىڭىپ تۇپراق قوينىغا جۇپ كۆزلەردىن ئاققان ياش،*
*كەتتى چىدام، چىن سۆيگۈ بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ،*
*باغلىنىشنىڭ ۋەسپىدە يۇرۇڭقاش ھەم قاراقاش.*

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر قاشتېشىغا، قاشتېشى شائىرغا ئايلىنىپ بارىدۇ. كۆز يېشى قاشتېشىغا، قاشتېشى كۆز يېشىغا ئايلىنىپ بارىدۇ. مۇھەببەت قاشتېشىغا، قاشتېشى مۇھەببەتكە ئايلىنىپ بارىدۇ. نېمىدېگەن چوڭقۇر پىكىرلەر - ھە؟!

شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇن قاشتېشى توغرىسىدا:

*قاشتېشىنىڭ كانى ئەزىم يۇرۇڭقاش،*
*تاۋلىنىدۇ شۇ دەريادا گۆھەر تاش.*
*دىللارنى لال قىلىپ چاقنار زۇمرەتتەك،*
*شۇڭا دەيمەن ھەربىرىنى بىر قۇياش.*
*يەيدۇ كۆزنىڭ يېغىنى ئاق رەڭلىكى،*
*ئەڭ سەرخىلى قىزىل چاپان سەيۋىسى.*
*ئەلمىساقتىن بىلگەن ئۇنى ئەتىۋار،*
*قۇلى گۇل بۇ خوتەنلىكنىڭ ھەممىسى.*

*.......................*

*بۇ جاھاندا ئاڭا تەڭداش يوق ئىكەن،*
*بولمايدىكەن بازارلاردا باھاسى.*
*تاشچىلارغا بەرىكەت، قۇت تىلەيمەن.*
*كۆككە يەتسۇن ئەلنىڭ خۇشال ناۋاسى!*

دەپ كۈيلىسە، شائىر ئەنۋەر ھىدايەت:

*يۇرۇڭقاشتىن تېپىلغان قاشتاش.*
*بەرىكەت تىلەپ ئانا دىيارغا،*
*ئاستانىدە تۇرماقتا چاقناپ،*
*پارىژ، خاڭجوۋ ئامىستىردامدا،*
*تۇمار قىلىپ ئاشۇ تاشلارنى.*
*پەرىزاتلار كەلمەكتە ساقلاپ...*

دەپ يازىدۇ. پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سېيىتمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۇ قاشتېشى چىقىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسى توغرىسىدا:

*سەن قاچان يارالدىڭ قاشتېشىڭ بىللە،*
*بەھرىڭدىن داڭلاندى چىن ماچىن ئېلى.*
*شېرىننى كۆرسەتكەن قاشتېشى ئەينەك،*
*قىلىپ شۇ فەرھادنى ئىشق ئەسىرى.*
*خوتەنلىك ھۆسنىدەك سۈزۈك تاش سەندە،*
*سەن ئۈزلۈك پەرىسى، ئۈزلۈك ئەخترى.*

دەپ يازىدۇ. ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ.

*كەلتۈرگىن مېھمانغا قاشتېشى قەدەھ،*
*قاشتېشى پىيالە بەرسۇن ئۇسسۇزلۇق.*

يەنە قايسى شائىرنىڭ شېئىر مىسرالىرى ئارا كۆز چاپتۇرىمىز؟ ۋاھالەنكى، قاشتېشى مەدھىيەسىنى، قاشتېشىنىڭ خۇشاللىق ۋە دەرد - ئەلەملىرىنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزگەنلەر يەنىلا خەلقتۇر. خەلق قوشاقلىرىغا بىر قۇلاق تۇتۇڭ:

*ئۇلۇغ ئىگەم يەر - زېمىننى، تاغنى ياراتتى،*
*تاغدىن زەمزەم سۈنى باشلاپ، باغنى ياراتتى.*
*ئىككى تارام: يۇرۇڭقاش، قاراقاش ئۆزى،*
*بىرى ماچىن زۇلپى - چاچى، بىر قاش - كۆزى.*
*قۇرۇم تېغى - قاراڭغۇ تاغ، ئەلنىڭ تېغىدۇر،*
*قىزىل چاپان ئاق قاشتېشى قوينىڭ يېغىدۇر.*
*تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا تاغنى ياراتتى.*
*تاغ - ئېقىندىن تاش قازىدىغان چاغنى ياراتتى.*

ئاشىق - مەشۇق قوشاقلىرى دىللارنى سۆيۈندۈرۈپ، ھايات شامىغا ئوت ياقسا، نېمىدىن ئەجەبلەنگۈلۈك؟

*قىز:*

*كىچىك ئۆردەك چۆجىسى،*
*سۇدا ئۈزگۈدەك بوپتۇ.*
*يايرىم دەريا ئىچىدىن.*
*قاشتاش سۈزگۈدەك بوپتۇ.*

*ئوغۇل:*

*يۇرۇڭقاشتىن سۇ ئاقتى،*
*تاشتىن - تاشقا شارقىراپ،*
*ئۆچرىدى سۈزۈك قاشتاش.*
*ئايدىڭ ئاخشام پارقىراپ.*

*قىز:*

*ئاخشام تۈزگەن مەشرەپتە،*
*دېپىڭ بارمىدى يارىم؟*
*قاشتېشىنى ئىزدەشكە،*
*ئېپىڭ بارمىدى يارىم؟*

*ئوغۇل:*

*سىرلىق ساندۇق سىرىمەن.*
*ئىككى گۈلنىڭ بىرىمەن.*
*سەن يار ئۈچۈن دەريادىن،*
*ئاق قاشتېشى تېرىيمەن.*

*قىز:*

*ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،*
*ئېقىپ كەلسەم كۆرەرسەنمۇ؟*
*قاشتېشىغا ئايلانسام،*
*قول سېلىپ سۈزەرسەنمۇ؟*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغۇل:

ناخشا ئېيتىمەن يارىم.
ئۈنۈمدىن تونالامسەن؟
بىرەي ئاپپاق قاشتېشى،
كۆڭلۈمنى ئۇتالامسەن؟

قىز:

دەريا ھەيۋەت ئاقارمۇ؟
ئېقىپ قىردىن تاشارمۇ؟
قاشتاش ئىزدىگەن يارىم،
ئېسىلىنى تاپارمۇ؟

ئوغۇل:

ئاۋۋال ئاخشام قىچقىردىم،
يارنى دەريا بويىغا.
قاشتېشى سۇزۇپ قويدۇم،
تۇمار ئاساي بويىنغا!

ۋاھالەنكى، ئۆتمۈش، زۇلۇم توغرىسىدىكى قوشاقلار قەلب يارىلىرىدىن ئېقىپ چىققان قان - زەردابنى ئەسكە سالىدۇ.

ئامبال ـ دوتەي ھەيدىدى،
تاش ئىزدەشكە دەرياغا.
قاچانمۇ بىر توياركىن،
نەپسى ـ كۆزى دۇنياغا.

قاشتېشىنى ئىزدىدۇق.
يېغىر بولدى تاپانلار،
تارتىۋالدى ھەممىنى،
تەييارتاپلار ـــ چاپانلار.

تاغدىن قېزىپ قاشتېشى،
دوملاتتۇق مۇزلۇقتىن.

*توخلاپ ئۆلدى قانچىلار،*
*قىينالدى جان خورلۇقتىن.*

*يۈرۈڭقاشنىڭ بويىدا،*
*تاشچىنىڭ ئىزى قالدى.*
*تاش ئىزدىگەن يوقسۇلنىڭ،*
*تەلمۈرۈپ قىزى قالدى.*
*.............*

شېئىر - قوشاق قاشتېشىدىن ئىلھام - قاناتقا ئىگە بولدى. تۈرۈپ قاشتېشىدىن سۆيۈنسە، تۈرۈپ قاشتېشىدىن دەرد - ئەلەم چەكتى. سۆيۈنۈشمۇ ئىلھام، دەرد - ئەلەممۇ ئىلھام. ۋاھالەنكى، قاشتېشى گۈزەللىكىنى، قاشتېشى ئەتىۋارلىقىنى، قاشتېشى قىممىتىنى، قاشتېشى خىسلىتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشكە قايىيە، رىتىم، تۈراق ئىنتىزامى ئىمكان بېرەرمۇ؟ ئۇنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشكە پىكىر ۋە جۈملە ئەركىنلىكى — نەسىر كېرەك. زامانىمىزنىڭ داڭدار قەلەم ئۇستىسى ئۆتكۈر ئەپەندى سەتىرلىرىگە باش ئېگەيلى.

«ئەي گۈزەل قاشتېشى! نېمىشقىدۇر سەندىن كۆزۈمنى ئالالمايمەن. قاراپ - قاراپ ھۆسنۈڭگە تويمايمەن. بېقىپ - بېقىپ مېھرىڭگە قانمايمەن. گويا سېنىڭ ئىشقىڭ قەلبىمنى چۇلغىۋالغاندەك... ئەلنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئېيتسام: ‹ھەر بارە كۆزۈم سەندە›!

قىزىل ئىش، سەن بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغان ياقۇت بىلەن فىروزا، زۇمرەت بىلەن كەھرىۋا ھۆسن - جامالدا سېنىڭدىن گۈزەلرەك، جىلۋە كامالدا سېنىڭدىن ئەۋزەلرەك كۆرۈنىدۇ، نېمىشقىدۇر بىلمەيمەن؛ ‹ھەر بارە كۆزۈم سەندە،ياندۇرۇپ يەنە سەندە›!

ئەي گۈزەل قاشتېشى! ھۆسنىڭ قانچە — پەزلىڭ شۇنچە،





كىتاب تورى www.uyghurbook.com

پەزىلىتى بىلەن قوشۇلۇپ قەدرىڭمۇ شۇنچە. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر. ھۆسنىڭ بىلەن خۇلقىڭ بىر. ئىسسىقنى كۆرۈپ ئېرىپ كەتمەيسەن، سوغۇقنى كۆرۈپ توڭلاپ قالمايسەن. بوران - چاپقۇندىمۇ ئوخشاش، يامغۇر - كەلكۈندىمۇ ئوخشاش. قەسىر - ئايۋانلارغا قەندەل بولساڭمۇ بىر خىل، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل. ھەيكەل ياساپ تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل، كۈرسى ياساپ يەردە قويسىمۇ بىر خىل، كۆتۈرگەنگە ئۈچمايسەن. تاشلىغانغا سۇنمايسەن. گۈزەللەرنىڭ قۇلىقىدا ھالقا، بىلىكىدە بىلەزۈك، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن، تالىپقا قەلەمدان، زاھىتقا تاۋاق بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن. قىسقىسى، ئىنسانىڭ ھاجىتى نېمە بولسا، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق!

ئەي گۈزەل قاشتېشى! قانداقمۇ تەرىپلەپ بولاي، ئەڭ ياخشىسى ئەمدى سۆزۈمنى قىسقا قىلاي. ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق. قىزنىڭ ئۈزلۈكى ئانىغا تالىق، داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق، گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق. سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا!»

نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن پاساھەتلىك سەتىرلەر - ھە!؟ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «قاشتېشىغا مەدھىيە» سەرلەۋھىلىك ئاشۇ نەسرىنى تولۇق بىر ئوقۇپ چىقىش — بىر ئالەم ھۇزۇر. ئۇنى قايتا - قايتا ئوقۇساڭ، قەلبىڭ گويا «شارابى ئەنتوھۇر» ئىچكەندەك راھەتتىن يايراپ كېتىدۇ. كۆز ئالدىڭدا گۈزەل خوتەن قاشتېشى تولۇق سىماسى، تولۇق گۈزەللىكى، تولۇق خىسلىتى، تولۇق پەزىلىتى بىلەن نامايان بولىدۇ.

شېئىرىيەت ۋە نەسر قاشتېشى گۈزەللىكىدىن ئاشۇنداق ئوتلۇق ئىلھاملارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېكايىچىلىق

قاشتېشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئەسەرلەرنى ئانچە كۆپ ئۇچرىتىپ بولمايدۇ. نۇرمۇھەممەت توختى 1992 - يىلى ئېلان قىلغان «سېخىيسەن ئانا دەريا يۇرۇڭقاش» دېگەن ھېكايىنى، مۇتەللىپ سەيپۇللا 2005 - يىلى يازغان «لوكچەك» دېگەن چىرايلىق ھېكايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاشتېشى ۋەقەلىرىگە چېتىشلىق ئەسەرلەرنى ئانچە كۆپ چىلىقتۇرمىدۇق. ئەمما، قاشتېشىدىن راسا ئىلھام ئالالمىغان ساھەنى ھېكايىچىلىقلار دېيىشكە بولمايدۇ. ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، سۈرەتچىلىك، نەسرچىلىككە خېلىلا ئىلھام بېرىۋاتقان قاشتېشى مۇزىكا - ناخشا ساھەسىگە ئانچە زوق ئاتا قىلالمىغان بولسا كېرەك. ھازىرغىچە بۇ ساھەدە بىرەر ئەستە قالغۇدەك كۈي - ئاھاڭنى، تەسىر قوزغىغۇدەك ناخشىنى ئاڭلىمىدۇق. ئەمما، قاشتېشى چىقىدىغان خوتەندىن خېلىلا يىراق يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاشتېشى ھەققىدە تولىمۇ گۈزەل بىر ناخشا بارمىش. ئالدىنقى يىلى قازاقىستاندىن زىيارەت قىلىپ كەلگەن رەبۇك ئىسمايىل (ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىسى) ئاشۇ ناخشا ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەردى. ئەپسۇسكى، ئۇ كىشى ناخشىچى بولمىغاچقا بىزگە ئۇنى ئۆگىتىپ قويالمىدى...

ناخشا - مۇزىكا ساھەسى راسا ئىلھاملىنالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋال ھەرگىزمۇ قاشتېشىنىڭ گۈزەل ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قاشتېشى شۇنداق سۈزۈك، شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق غايىۋى گۈزەل نەرسىكى، ئۇ مەڭگۈ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولالايدۇ ۋە بولۇپ كەلدى. بۇ مۇشۇ بابتىكى ئاخىرقى سۆزىمىز.

## خوتەن قاشتېشىنىڭ باھاسى

خوتەن قاشتېشى باھاسىزدۇر. باشتا قەيت قىلىپ

ئۆتكىنىمىزدەكلا باشقا جاۋاھىرات ۋە قىممەتلىك مېتاللارنىڭ ئېنىق باھاسى باركى، خوتەن قاشتېشىنىڭ باھاسى يوق. كىچىككىنە بىر پارچە قاشتېشى تونۇغانغا مىڭ تىللا، تونۇمىغانغا بىر تىيىن !

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئېلىم - سېتىمىدىكى نەرخ - ھاۋاسىغا مۇنداقلا بولسىمۇ بىر قاراپ بېقىش — بىزنىڭ قاشتېشىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشىمىزگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس.

تارىخ ۋە ئەپسانە خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قاشتېشى ئەڭ دەسلەپ سوۋغات ھېسابىدا تەقدىم قىلىنغان. سوۋغات دېگەن ھۆرمەت ۋە كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، چوڭ - كىچىك، ئاز - كۆپ، ئەرزان - قىممەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ئەتىۋارلىنىدۇ. قاشتېشى سەل كېيىنرەك «ئولپان» بويۇمغا ئايلاندى. «ئولپان» تەۋەلىك بىلدۈرگەن تۆۋەننىڭ، تەۋەلىك قوبۇل قىلغان يۇقىرىغا يوللىنىدىغان نەرسىسى بولغانلىقتىن، چوڭ، كۆپ، قىممەت بولۇشقا بولاتتىكى، كىچىك، ئاز، ئەرزىمەس بولۇشىغا بولمايتتى. ئالدىنقى شەرت ئورۇنلانسا، مەنزۇر كۆرۈلەتتى. كېيىنكىدەك بولۇپ قالسا، نەزەردىن ئۆتمىگەننىڭ ئۈستىگە، غەزەپكە سەۋەب بولۇپ قالاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، سوۋغات ياكى ئولپان قىلىنغان قاشتېشىنىڭ نەرخ - ھاۋاسىنى مۆلچەرلىمەك بەك قىيىن. شۇنداقتىمۇ بىزگە ئاشۇ ئۇزاقتا قالغان دەۋرلەردىن يېتىپ كەلگەن بەزى ئۇچۇرلار، ئۇنىڭ يەنىلا باھاسى بارلىقىنى، ئايرىباشلاش ھېسابىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا تاڭ سۇلالىسىدە ياشىغان شائىر دۇفۇنىڭ:

*غەرب ئەلچىلىرى سوۋغا قىلسا دۆۋە - دۆۋە قاشتېشى*
*توپ - توپ يىپەك بىلەن جاۋاب قىلماق خاقانلار ئىشى.*

دەپ، يۈەن سۇلالىسىدە ياشىغان مازۇ چاڭنىڭ:

*دەريا قىرغاقلىرىدىكى سۈزۈك تاشلار،*
*تېگىشلەر شەرق ئېلى يىپەكلىرىگە.*

دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ شېئىرلاردا گەرچە جاۋاب قىلىنىدىغانلىقى ۋە تېگىشلىدىغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلاردا قانچىلىك ئولپانغا قانچىلىك قايتۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلمايدۇ. بىزمۇ بۇنى بىلىشكە ئامالسىز، لېكىن مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا خاتىرىلەنگەن «چىن جىنىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1452 ـ يىلى) 3800 جىڭ قاشتېشى سوۋغا قىلىنغان. ھەر ئىككى جىڭ قاشتېشىغا بىر توپ يىپەك بېرىلگەن»، دېگەن مەلۇمات بىزگە قاشتېشىنىڭ باھاسى توغرىسىدا كىچىككىنە، ئېنىقسىز ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. بىر توپ يىپەك دېيىلگىنى خام يىپەكمۇ، يىپەك رەختمۇ؟ بىر توپ يىپەك قانچە سەر كۈمۈشكە تەڭ؟ بۇلار پۈتۈنلەي ئېنىقسىز.

سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن بىزگە جاۋ بەگلىكىدىكى ۋەزىر لىن شاڭرۇنىڭ قىسسەسى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا چىن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق سودا يېزىلغان. يەنى جاۋ بەگلىكىنىڭ بىر پارچە قاشتېشىغا چىن بەگلىكىنىڭ 16 شەھەرلىك زېمىنى تېگىشلىمەكچى بولغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. گەرچە ئۇ يەردە يېزىلغىنى «خې فامىلىلىكنىڭ قاشتېشى» سى بولۇپ، خوتەن قاشتېشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى نەرخ ـ ھاۋا بىزنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ. كىچىككىنە بىر پارچە قاشتېشى 16 شەھەرلىك زېمىنغا تەڭ!

«مېھماندارچىلىقتىكى پاراڭلار» دېگەن كىتابتا، خوتەندىن تەقدىم قىلىنغان بىردانە چاشقاننىڭ ھەيكىلى يوقاپ كەتكەنلىكى

ھېكايە قىلىنىغان. ئوردىدىن يوقاپ كەتكەن ئاشۇ قاشتېشى چاشقاننى تېپىۋالغۇچى ئۇنى شېكەرپۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ 100 سەر شېكەرگە تېگىشىپتۇ. شېكەر ساتقۇچى ئۇنى جاۋاھىراتشۇناسقا باھالاتقاندا، 500 سەر ئالتۇنغا يارايدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. بىر كاتتا باي ئەمەلدار ئۇنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، شېكەرپۇرۇش باھاسىنى «500 سەر ئالتۇن» دېيمەن دەپ، ھودۇقۇپ كېتىپ «50 مىڭ سەر ئالتۇن» دەپ ساپتۇ. سېتىۋالغۇچى «50 مىڭ سەر ئالتۇن بولسا، ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، پەقەت سېتىپ بولۇپ پۇشايمان قىلمىسىلا بولىدۇ» دەپتۇ...

بۇ گەرچە بىر ھېكايە بولسىمۇ، بۇنىڭدىن تالڭ دەۋرىدىكى قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس. چاشقانچىلىك قاشتېشى، بىلمىگەنگە 100 سەر شېكەرگە تەڭ، بىلگەنگە 50 مىڭ سەر ئالتۇن!

مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ يىللىرىدا، خوتەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە تەسەررۇپىغا ئۆتكەندىن كېيىن قاشتېشى ئولپان قىلىش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ يىللاردىكى قاشتېشى ئالۋان ھېسابىدا قېزىلغانلىقتىن ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە كونترول قىلىشىدا بولغانلىقتىن، نەرخ ـ ھاۋا مەسىلىسىنى ھېچكىم ئويلاشمىدى. مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە قاشتېشىنىڭ باھاسى قانداق بولدى؟ بۇ ھەقتە بىز خەۋەردار بولغان ئۇچۇر پەقەت ئىككىلا. رۇسىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى، پولكوۋنىك مىخايىل پاۋلوۋىچ پىرژىۋالىسكى 1885 ـ يىلى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاتچان يېزىسىدىن ئۆتكەندە تاغدىن قېزىلغان، ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى 35 سانتىمېتىردىن بولغان ئاق قاشتېشىنى ئۇچرىتىدۇ ۋە: «جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار شۇنچە چوڭ قاشتېشىنىڭ باھاسىنى 100 يامبۇ (5000 سەر كۈمۈش)

بېكىتىپتۇ. بۇ رۇسىيەدىكى 10 مىڭ رۇبلىغا تەڭ» دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە. شۇنداقلا ئۇ ئاشۇ قاشتېشىغا كەم باھا قويۇلغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ.

پۇ چۇڭچۇەن ئەپەندى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 23 ـ سانىغا بېسىلغان «جىڭ شۇرېن دېلوسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى» ماۋزۇلۇق ئەسلىمىسىدە، «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە قېچىپ بارغان جىڭ شۇرېننىڭ نەنجىڭدا تۈرمىگە قامالغانلىقىنى، شىنجاڭدا 20 يىل يۇرۇپ توپلىغان بارلىق بايلىقىنى پارا بېرىپمۇ تۈرمىدىن چىقالمىغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئەڭ ئاخىرقى قىممەت باھالىق مۈلكى — بىر ساندۇق قاشتېشىنى پارا بەرگەندىلا تۈرمىدىن چىققانلىقىنى بايان قىلىپ، جىڭ شۇرېننىڭ ھەسرەت بىلەن: «... بۇ بىر ساندۇق قاشتېشىنى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ئەڭ تۆۋەن باھادا ساتقاندىمۇ 5 مىليون دوللارغا ساتقىلى بولىدۇ. يۇقىرى باھادا ساتقاندا 10 مىليون دوللارغا ساتقىلى بولىدۇ. ئەمدى مانا بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەردىمگە چىداپ ئۇنى خەققە بېرىدىغان بولدۇم» دېگەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ.

جىڭ شۇرېننىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن بىز، بىرىنچىسى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ «جىڭ شۇرېن ئەڭ چوڭ قاشتېشى بۇلاڭچىسى ئىدى» دېگەن سۆزىنىڭ ئاساسسىز ئېيتىلمىغانلىقىنى بىلسەك، ئىككىنچىسى، شۇ چاغلاردىكى قاشتېشى باھاسىنى قىياس قىلالايمىز. ساندۇق دېگەن ئەلۋەتتە تونىلاپ قاشتېشى سىغىدىغان نەرسە ئەمەس.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى كۆپرەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يىللاردا خوتەندىكى كارخانىلار ئىزچىل ۋە تەرتىپلىك ھالدا

ئىچكىرىدىكى كارخانىلارغا قاشتېشى سېتىپ بېرىپ تۇردى. سېتىپ بېرىلگەن قاشتېشى ھەر يىلى 15 ــ 100 توننا ئارىسىدا بولدى. لېكىن، ئاشۇ يىللاردا، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن، قاشتېشىنىڭ باھاسى ئۇنچىۋالا يۇقىرى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولمىغان ئاشۇ يىللاردا كىمنىڭ زىبۇ - زىننەتكە ھەۋىسى بولسۇن؟ «بۇغداي ـ قوناق ئاش ئىكەن، ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن» دېيىلىدۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە. بازارشۇناسلار: يېمەك - ئىچمەكلەر باھاسى بىلەن زىبۇ - زىننەتلەر باھاسىنىڭ تەتۈر ئۆسۈش - پەسلەش مۇناسىۋىتىدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يەنى ئاشلىق باھاسى ئۆسسە، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى باھاسى تۆۋەنلەيدىكەن. ئاشلىق باھاسى چۈشسە، زىبۇ - زىننەت باھاسى ئۆرلەيدىكەن. يۇقىرىقىلار بىزگە قورساق غېمى ئازايغاندىلا ئاندىن ياسىنىش ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قاشتېشى بىر خىل زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى بولغانلىقتىن ئاشۇ غورىگىل يىللاردا ئۇنىڭ بەكلا يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلىشىنى پەرەز قىلماق تەس.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - 70 يىللىرىدىكى قاشتېشى باھاسى توغرىسىدا، بىز پەقەت بىرقانچىلا ئۇچۇرنى تىلغا ئالالايمىز.

1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنلەردە، خوتەن ۋىلكوم سېكرېتارى خۇاڭ چىڭ خوتەن خەلقى نامىدىن مەركەز ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مارشال خې لۇڭغا خوتەن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بىر يۇرۇش جۇڭگوچە شاھمات تەقدىم قىلغانىكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، خۇاڭ چىڭ ئۈستىدە يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەردە، ئاشۇ بىر يۈرۈش جۇڭگوچە شاھماتنىڭ باھاسى 50 مىڭ يۈەن دېيىلگەنىدى.

خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىدىن پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچۇم لى يىڭچۈەننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1970 ـ يىلىدىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، داڭلىق ئەدىب، ئالىم گومورو ئەپەندى خوتەنگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. لى يىڭچۈەن مۇئەللىم كۇتۇۋېلىش - قوغداش خىزمىتىگە قاتنىشىپتۇ. شۇ قېتىم گومورو ئەپەندىم بۈگۈنكى «مەرھابا مېھمانخانىسى» (ئۇ چاغلاردا ۋەيبىڭگۈەن دېيىلەتتى) دا، قاشتېشى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرۈپتۇ. قاشتېشىدىن ئويۇلغان چىرايلىق بىر بۇدساتۋا ھەيكىلىنى قولىغا ئېلىپ دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ. ھەيكەل شۇنداق نەپىس ۋە چىرايلىق ئويۇلغان ئىكەنكى، ھەتتا بۇدساتۋانىڭ قاشتېشى قۇلىقىدىكى قاشتېشى ھالقىسى لىغىرلاپ تۇرىدىكەن. خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئالىمنىڭ قوللىرى بەك تىترەپ كەتكەنمۇ، قاشتېشى بۇدساتۋانىڭ قۇلىقىدىكى قاشتېشى ھالقىسى چۈشۈپ كېتىپ، سۇنۇپ كېتىپتۇ، نەپىس ھەيكەلنى بۇزۇپ قويغىنىغا ئالىم خىجىللىق تارتىپتۇ. تۆلەپ بەرمەكچى بولۇپ قاشتېشى ھەيكەلنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. ھەمراھ بولغان خوتەن رەھبەرلىرى تۆلەپ بەرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى قانچە ئېيتسىمۇ ئالىم ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇلار قاشتېشى ھەيكەلنىڭ باھاسىنى ئېيتىپتۇ. 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى، خېلىلا غوللۇق، ساپ ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان ئاشۇ ھەيكەلنىڭ باھاسى 3000 يۈەن ئىكەن! ئالىم 3000 يۈەن تۆلەپ بېرىپ بۇدساتۋانىڭ قاشتېشى ھەيكىلىنى ئېلىپ كېتىپتۇ...

شۇ چاغلاردا ئاشۇنچىلىك قاشتېشى بۇيۇمىنىڭ باھاسى راستىنلا 3000 يۈەن ئىدىمۇ ياكى خوتەن رەھبەرلىرى ئالىمنى خىجىللىقتىن چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغانمۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. بەلكىم ئاشۇ غورىگىل يىللاردا ئۇنىڭ باھاسى راستىنلا شۇنچىلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، لى يىڭچۈەن مۇئەللىم ھېكايىسىنى سۆزلەۋېتىپ، ئاشۇ قاشتېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيكەل توغرىسىدا «ھازىر بولغان بولسا، بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يارىغان بولاتتى» دېدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1978 - يىلى پۈتكۈزۈپ، قاتناش سىستېمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بىر ساۋاقدىشىم تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەيدۇ: «تاغدا، خوتەن — بۇيا تاشيولىنى ياساۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. بىركۈنى بىر ئادەم (قويچىمۇ، دېھقانمۇ، تاغلىقلارچە كىيىنگەن ئادەم ئىدى) بىر ئېغىر تاغارنى يۈدۈپ، يېنىمىزغا كېلىپ قالدى. تاغارنى ئاچقاندا مەلۇم بولدىكى، ھەممىسى قاشتېشى ئىكەن. چوڭ - كىچىك، ھەر خىل شەكىلدە سۈزۈلۈپ - نۇرلىنىپ تۇراتتى. بىرەر پارچىدىن قوللىرىمىزغا ئېلىپ ھەۋەس بىلەن كۆرۈشتۇق. ئەمما، ھېلىقى ئادەم قاشتېشلارنى ساتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى، ھېلىقى ئادەم ئالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ خېلىلا ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇ يىللاردا بىزدەك كادىر خەق سودا ئىشلىرىغا ئارىلىششقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. قاشتېشى سودىسىدىن بولسا ئەسلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى. ھېلىقى ئادەم بۇ تاشلارنى شەھەرگە ئەكىرسىغۇ ئالىدىغانلار چىقاتتى. ئەمما 100 نەچچە كىلومېتىر يول ئۇ كىشىگە ئىمكان بەرمىگەن بولسا كېرەك ... مەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەل ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم. تەستە تاپقاندۇ، جاپا چېكىپ يۈدۈپ ئەكەپتۇ. مانا ئەمدى ... مەن ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىدا قاشتېشىنىڭ باھاسىنى سوراپ قويدۇم. ‹چاغلاپ ئالسىلا› دەپ قاراپ تۇردى ھېلىقى ئادەم. مېنى سېتىۋېلىشقا كۈشكۈرتىدىغانلارمۇ چىقتى. مەن تاغاردىكى ھەممە قاشتېشىنى 500 يۈەن قىلدىم. ‹بىر - ئىككى مىڭغا يارارمىكىن دېگەنىدىم› دېدى قاشتېشىنىڭ ئىگىسى. يەنە سالاچىلار ئارىغا چۈشتى. ئاخىر بىر تاغار تاش 700 يۈەنگە مۇقىمدالدى. مەن ھېلىقى بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىپلا ئاشۇ تاشلارنى 700 يۈەنگە

ئېلىپ سالدىم. تاغدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاشلارغا خېرىدار ئىزدىدىم 3 - 4 يىلغىچە خېرىدارمۇ تېپىلمىدى. 1985 - يىلى شۇنداق بىر خېرىدارغا يولۇقۇپ، ھېلىقى تاشلارنى 35 مىڭ يۈەنگە ساتتىم. ئۇ چاغدا بەش ھەسسە پايدا چىقتى دەپ بەك خۇشال بولغانىدىم. ھەي، ئەپسۇس، ھازىر ئاشۇ تاشلار بولغان بولسا، گەپ يوق بىرەر مىليونغا يارىغان بولاتتى، بەك چىرايلىق تاشلار ئىدى ...»

مەكتەپدىشىمنىڭ بۇ ھېكايىسىدىن مەلۇم بولدىكى، تېخى ئاشۇ 80 - يىللارنىڭ بېشىدىمۇ قاشتېشى دېگەن ئۇنچىۋالا پۇلغا ياراپ كەتمەيدىكەن. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنىدىكى بىر ئاغىنەم مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

60 -، 70 - يىللاردا بىرەر كىمگە قاشتېشى ئۇچراپ قالسا، ۋىلايەتلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگە ئەكىلىپ ساتار ئىكەن. باشقا جايلاردا ساتقىلى بولمايدىكەن. سېتىۋالغۇچى ئورۇننىڭ شۇنداق نەزىرى ئۇستۇن ئىكەنكى، كىچىككىنە ئارىلاشمىسى ياكى ئازراق داغ - دەزى بار تاشلارنى زادى سېتىۋالغىلى ئۇنىمايدىكەن. يىراق تاغ يوللىرىدا قوتازلارغا ئارتىپ ئەكەلگەن تاشلارنى سېتىۋالغىلى ئۇنىمىسا، تاشلىۋەتمەي نېمە ئىلاج؟ ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن قاشتېشى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى ئەتراپىدىكى دەڭلەرگە تاشلىۋېتىلگەنىكەن. جۈملىدىن ئاشۇ 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگە قوشنا بولمىش ئاسار ئەتىقىلەرنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغىمۇ تاشلىۋېتىلگەنىكەن. يىللار ئۆتۈپ ئۇ تاشلار ئاشۇ قورۇ ھويلىسىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئىدارىدىكى ياش باللار باشقىلاردىن ئاشۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورۇنى كولاپ بېقىپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. بۇ خوتەن شەھىرىدە ئاممىۋى مەيدان (بۈگۈنكى ئىتتىپاق مەيدانى) ئەھيا قىلىنىۋاتقان، ھېلىقى قورۇ ۋە ئىدارە چېقىلغان چاغدىكى ئىش ئىكەن. كېيىن ئاشۇ تاشلارنىڭ

نەلەرگىرەك كۆمۈلگەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغان بىر كىشى قۇرۇلۇش چاققۇچىلار بىلەن شېرىكلىشىپ، ھېلىقى كۆمۈلۈپ قالغان قاشتېشلىرىنى ئېچىۋالغانمىش. بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كەتكەنمىش...

يەنە بىرىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئاشۇ يىللاردا قاشتېشى سېتىۋالىدىغان 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىغىمۇ نۇرغۇن «سۈپەتسىز» قاشتېشى تاشلىۋېتىلگەنىكەن. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەخسىي قورۇ - جاي بىنا قىلىش شامىلى چىققاندا، ئاشۇ ئىدارىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ئاشۇ «سۈپەتسىز» تاشلارنى يىغىپ، سېلىۋاتقان ئۆيىنىڭ فۇندامېنتىغا باسقانىكەن. كېيىنكى يىللاردا قاشتېشى پۇل بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن باشلىق ئۆيىنى چېقىپ، فۇندامېنتتىكى «سۈپەتسىز» قاشتېشلىرىنى سۆكۈپ بازاردا سېتىپ يۇرەرمىش...

بۇ ھېكايە گەرچە توقۇلمىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ يىللاردا قاشتېشىنىڭ ئۇنچىۋالا ئەتىۋارى بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

قاشتېشى قىزغىنلىقى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن كېيىنكى يىللاردا، قاشتېشىنىڭ نەرخ - ھاۋاسى قانداق بولدى؟ يازمىمىزنىڭ داۋامىدىكى ھەممە گەپ ئەلۋەتتە مۇشۇ مەسىلىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئېنىقراق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە پاكىتنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك. «خوتەن گېزىتى» نىڭ 2004 ـ يىللىق 10 ـ ئىيۇل سانىدا «نۆۋەتتە بىر كىلوگىرام ئاق قاشتېشىنى يۈز مىڭ يۈەنگە ئالىدۇ. ئەگەر ئاق قاشتېشىدا كەھرىۋا رەڭلىك ئىز بولسا (سېرىق چاپانلىرى بولسا دېمەكچى) باھاسى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ» دەپ يېزىلدى.

يەنە شۇ گېزىت شۇ يىللىق 19 ـ ئاۋغۇست سانىدا: «1 ـ قېتىملىق قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمىدا خوتەن

شەھەرلىك داڭلىق قاشتېشى سودىگىرى مۇھەممەت ئەلى ئېغىرلىقى 3.6 توننا بولغان، 12 مىليون يۈەن باھا قويۇلغان چوڭ قاشتېشىنى كۆرگەزمىگە قويدى» دەپ خەۋەر قىلدى.

يۇقىرىقى خەۋەر بويىچە بولغاندا، ئاق قاشتېشىنىڭ ھەر گىرامىنىڭ باھاسى 100 يۈەن بولغان بولىدۇ. ئىككىنچى خەۋەر بويىچە بولغاندا، ھەر گىرامىنىڭ باھاسى ئاران ئۈچ يۈەندىن سەل ئارتۇقراق بولغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ گەپنى قاشتېشى سودىگەرلىرى ئاڭلىسا كۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قاشتېشى بازىرىدىكى باھا بۇنىڭدىن كۆپ يۇقىرى. مۇشۇ يازمىغا قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، قاشتېشى بازىرىدا، خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى ئادەمنى خېلى غەيرىي ئويلارغا سالىدۇ. كىچىككىنە، ئون گىرامىمۇ كەلمەيدىغان تاشلار ئۈچۈن نەچچە مىڭ يۈەن سانىلىدۇ ئۇ يەرلەردە، قاشتېشىنىڭ نەرخ - ھاۋاسى ئۇنىڭ ھەجىم ۋە ئېغىرلىقىغا قاراپ ئەمەس، سۈپىتىگە قاراپ قويۇلىدۇ. سۈپىتى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدىلا ئېغىرلىقى، ھەجمى رول ئوينايدۇ. سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان ئەھۋالدا، قانچە چوڭ بولسا، ھەر گىرامى ئۈچۈن قويۇلىدىغان باھا شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا ئاساسلانغاندا، ئېغىرلىقى 1 كىلوگىرامچە بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق قاشتېشىدىن 1 مىليون يۈەنگە سېتىلغانلىرى بار ئىكەن. بۇنداقتا، ئۇنىڭ ھەر گىرامىنىڭ باھاسى مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. ئاغىنەم x ، ئېغىرلىقى 30 گىرامچە كېلىدىغان بىر دانە ئاق قاشتېشىنى كۆرسىتىپ: « 8000 يۈەنگە ئالدىم، ھازىرلا 11 مىڭ يۈەنگە ئالىدىغان خېرىدار بار» دېدى ئاشۇ يۇرۇڭقاش كونا كۆۋرۈكى بويىدىكى قاشتېشى بازىرىدا. ئۇنىڭ ئالغىنى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاشۇ تاشنىڭ ھەر گىرامى 266 يۈەندىن، ساتماقچى بولغىنى بويىچە ھېسابلىغاندا، 366 يۈەندىن

ئارتۇقراق بولىدىكەن. ئاشۇ بازاردا يەنە بىر ئاغىنەم ھەجىملىرى تەڭ دېگۈدەك، ئېغىرلىقلىرى 200 گىرامچە كېلىدىغان ئىككى دانە ئاق قاشتېشىنى كۆرسىتىپ: «بىرىگە 20 مىڭ يۈەن، يەنە بىرىگە 50 مىڭ يۈەن باھا قويۇلدى» دېدى. ئۇ تاشلارنىڭ بىرىنىڭ ھەر گىرامىغا 100 يۈەندىن، يەنە بىرىنىڭ ھەر گىرامىغا 250 يۈەندىن باھا قويۇلۇپتۇ. ئالتۇننىڭ ھەر گىرامى 170 - 180 يۈەن ئېقىۋاتقان شۇ كۈنلەردە بۇنى ھەرگىز تۆۋەن دېگىلى بولمايدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، «قاشتېشىنىڭ باھاسى يوق» دېگەنلىرى راست گەپ. قاشتېشىنى تونۇيالىغانلار ئۇنى شۇنچە يۇقىرى باھادا ساتالايدۇ. يەنە تونۇيالىغانلار ئۇنى ھەم شۇنچە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا رازى بولىدۇ. ھېلىقى كونا گەپ يەنە شۇ: تونۇغانغا مىڭ تىللا، تونۇمىغانغا بىر تىيىن! ئەلۋەتتە كېيىنكى چاغلاردىكى يۇقىرى نەرخ - ھاۋانى ئىقتىسادتىكى گۈللىنىش ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى ھاللىنىشتىن ئايرىپ قارىماسلىق كېرەك.

## خوتەن قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى

مۇتەخەسسىسلەر ئۇزاق تەتقىقاتلاردىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلار، رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي يېزىلمىلارغا ئاساسلىنىپ، «خوتەن قاشتېشىنىڭ 10 مىڭ يىللار بۇرۇن قېزىلىشقا باشلاپ، 7000 يىللار بۇرۇن سىرتقى جايلارغا توشۇلۇشقا باشلىغان» لىقىنى بېكىتىشتى. بۇ ھۆكۈمگە قىلچە گۇمان يوق. ئەمما، بۇ يەردە ئاشۇ چاغلاردىكى «قېزىش» توغرىسىدا ئازراق توختالماي بولمايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە، خوتەن قاشتېشىنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن چىقىدىغانلىقى ئازراق، يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدىن چىقىدىغانلىقى

كۆپرەك تىلغا ئېلىنىغانلىقىغا، شۇنداقلا شۇ زامانلاردىكى كان قېزىش، يۆتكەش، توشۇش شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى قاشتېشى «قېزىش» نى «تېپىۋېلىش»، يەنى ئىزدەپ تېپىش شەكلىدىكى «قېزىش» ئىدى دەپ هۆكۈم قىلساق ئەمەلىي ئەهۋالغا خېلىلا ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. كان ئېچىپ قاشتېشى قېزىش — بەلكىم مىلادىيەنىڭ ئىككىنچى ئېراسىغا تەۋە ئۇسۇل بولۇشى، مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئاندىن رەسمىي يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مىرزا ئابابەكرى هۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردىن بۇرۇن قاشتېشى ئاساسەن، دەريادا كەلكۈن توختىغان چاغلاردا (هەر يىلىنىڭ 10 ـ ئېيىدىن كېيىنكى يىلىنىڭ 6 ـ ئېيىغىچە) دەريادىن تېرىۋېلىناتتى. كەلكۈندىن كېيىنكى سېزىندى سۇلار ئىچىدىن تېرىۋېلىش سۈزۈۋېلىش دېيىلەتتى. مىرزا ئابابەكرى يىللىرىدا كونا ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنى كولاپ ئالتۇن قېزىش بىلەن بىللە، يۇرۇڭقاش قىرغاقلىرىدىن ئورەك كولاپ قاشتېشى ئىزدەلگەنلىكمۇ مەلۇم.

كېيىنكى يىللاردىكى قاشتېشىچىلىق دولقۇنىدىمۇ، دەريا قىنىدىن تېرىش بىلەن قېزىش ئاساس قىلىندى. ئەمما، قېزىش ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. هازىر يۇرۇڭقاش دەرياسى قىنىدىن، كونا ئېقىن ئىزلىرىدىن، «سوغام قۇم» دىن، قاراقاش دەرياسىدىن، «توزاقچى» (ئەسلىي ئالتۇن كان ئىدى) دىن، لوپ بىلەن چىرا ئارىسىدىكى پاختىلىق دەرياسىدىن قېزىش ئاساس قىلىنماقتا. لېكىن ئۇ يەرلەردىن قاشتېشى چىقىش مىقدارى ۋە چىققان قاشتېشىنىڭ سۈپىتى راسا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقتىن، يەنىلا يۇرۇڭقاش دەرياسىدەك جەلپكار ئەمەس. قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى كانلاردىن قاشتېشى قېزىش شارائىت ۋە يول چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەقەت ياز كۈنلىرىلا مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، يۇرۇڭقاش دەرياسى قىنىدىن ۋە كونا ئېقىن ئىزلىرىدىن كولاپ قاشتېشى قېزىش بۇرۇن ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپ ئۆتكەن. بىرىنچى قېتىم مىرزا ئابابەكرى يىللىرى( 1513 — 1477 ـ يىللار)، ئىككىنچى قېتىم 52 يىل داۋاملاشقان «قاشتېشى ئالۋىنى» يىللىرى (1813 — 1761 ـ يىللار)، ئۈچىنچى قېتىم 1878 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە بولغان نىسپىي ئەمىنلىك يىللىرى، بۇ قېتىم 1990 ـ يىللاردىن باشلانغان قېزىش تۆتىنچى قېتىملىق قېزىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، قاشتېشى يەنىلا تېپىلماقتا، تېخى تارىختىكى ھەرقانداق قېزىش ۋاقتىدىنمۇ كۆپ تېپىلماقتا. گويا ئاشۇ يىللىرى ئالۋان ئۈچۈن قازغانلار قەستەن پاك ـ پاكىز تېرىۋالمىغاندەك ۋە ياكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆزىدە قاشتېشى يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقاندەك، بۇ ئىشلارغا راستتىنلا ئادەمنىڭ خېلىلا ھەيران بولغۇسى كېلىدۇ. ئىلمىي دەلىللەشتىن ئۆتمىگەن پەرەزلەردە، قاشتېشى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدا، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا، مۇۋاپىق بېسىم، مۇۋاپىق نەملىك ۋە مۇۋاپىق ماددىلارنىڭ مۇۋاپىق مولېكۇلالىق باغلىنىشلىرى ئارقىسىدا تەدرىجىي ھاسىل بولغان، قايتا پەيدا بولمايدىغان تاغ جىنسلىرىنىڭ بىرى، ئۇ تاغدىن كەلكۈن سۈيىگە قېتىلىپ ئېقىپ كەلگەن، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل پەرەز ئاشۇ پارامېتىرلار باغلىنىشلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندا، بولۇپمۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆزىدە ھازىرلىنىشلىرىنى قەتئىي چەتكە قاقىدۇ. ئەگەر بىز ئاشۇ پەرەزگە ئىشىنىدىغان بولساق، ئىلگىرى ئۈچ قېتىم قېزىلغان يەرلەردىن تۆتىنچى قېتىم قېزىلغاندا يەنە قاشتېشى چىققانلىقىغا ھەيران بولماي تۇرالمايمىز.

ئاپتور 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا يۇرۇڭقاش دەرياسى ئىچىدىن گۆرجەك، مېتىن ۋە باشقا سايمانلار بىلەن قاشتېشى

قىزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر كولىغان ئورەكلىرى ئىككى مېتىرغا يەتمەيتتى. 2007 ـ يىلى 31 ـ يانۋار ۋە 7 ـ مارت كونىلىرى ئىككى قېتىم يورۇڭقاش دەرياسى كونا كۆۋرۈكىدىن 6 كىلومېتىر ۋە 14 كىلومېتىر جەنۇبتىكى دەريا قىنىدا قاشتېشى قېزىشنى كۆزدىن كەچۈردى. گورجەك قاتارلىق ئىپتىدائىي سايمانلار بىلەن قېزىۋاتقانلارنىمۇ، غايەت كۈچلۈك قېزىش ماشىنىلىرى بىلەن قېزىۋاتقانلارنىمۇ كۆردى. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى، ئەھۋال ئىگىلىدى. كۆرگىنى شۇ بولدىكى، نېمە بىلەن قېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمدىكى قېزىش خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. ھەتتا 10 - 15 مېتىرغا يېتەتتى. بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئالغان پەرەز راست بولۇپ، قاشتېشى قايتا پەيدا بولمايدىغان بايلىق بولسا، ئەمدى چىقىۋاتقان قاشتېشى ئاشۇ چوڭقۇر قېزىشنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ھەربىر تاشنى ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھازىرقى قاشتېشى قېزىشتا، ئالتۇن چايقىغاندەك، بۇغداي تاسقىغاندەك بولمىسىمۇ، يەنىلا ئالماس ئىزدىگەندەك ئەستايىدىللىق كېتىۋاتماقتا. ھەربىر قاشتېشى قازغۇچى، مەيلى گورجەك بىلەن قېزىلغان تاشلارنى بولسۇن، مەيلى قېزىش ماشىنىلىرىدا قېزىپ چىقارغان تاشلارنى بولسۇن، ئالا قويماي، بىر - بىرلەپ نەزەردىن ئۆتكۈزىدۇ. تۇتۇپ، سىلاپ باقىدۇ. قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ تەكشۈرىدۇ. بۈگۈنكى يورۇڭقاش دەرياسىدا، ئادەملەرنىڭ كۆزى چۈشمىگەن، ئۇلار تۇتۇپ - سىلاپ باقمىغان بىرمۇ تاش - شېغىل قالمىدى دېسەك، بۇ گەپ ھەرگىز مۇبالىغە ئەمەس.

بۇ باپتا بىز قاشتېشى قېزىشتىكى ئەركىنلىك مەسىلىسىگىمۇ قاراپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە دەۋرگە ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ چىقىدۇ. تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قاشتېشى

سۈزۈش، تېرىش ۋە قېزىش ھوقۇقى ھاكىمىيەتتە بولۇپ كەلگەن. «ئالدى بىلەن خان دەرياغا چۈشۈپ قاشتېشى سۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالار قاشتېشى سۈزىدۇ» (بەش دەۋر تارىخىدىن)، «بىر ئەمەلدار يىراق قاشتا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بىر لەشكەر يېقىن قاشتا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئىشقا پىشقان قاشتېشى سۈزگۈچىلەردىن 20 - 30 ى دەرياغا چۈشۈپ، سەپ بولۇپ يالاڭئاياغ مېڭىپ قاشتېشى ئىزدەيدۇ، قاشتېشى يولۇقسا، قاشتېشى سۈزگۈچى ئېگىلىپ، ئۇنى سۈزۈۋالىدۇ. يېقىن قىرغاقتىكى لەشكەر جاڭ ئۇرۇپ بەلگە بېرىدۇ. ئەمەلدار ساناپ تۇرىدۇ، قاشتېشى سۈزگۈچىلەر سۇدىن چىققاندىن كېيىن، قاشتېشى ساناق بويىچە ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.» (چۈن يۈەن: «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دىن)، «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەننىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى دەرياغا 12 يەردىن كۆزەتچى قويۇپ، قاشتېشى قازغۇچىلارنى تەكشۈرگەن»، «غەربىي دىيارنىڭ دەريا - ئېقىنلىرىدا قاشتېشى قېزىشنى مونوپول قىلىپ باشقۇرۇش ئىنتايىن ئېغىر بولغان»،(«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن)، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاچىڭ يىللىرىدىن كېيىن، قاشتېشى باشقۇرۇشتىكى چەكلىمە تەدرىجىي بوشىدى، قاشتېشى قېزىش ۋەزىپىسىنى بەزىدە ئەمەلدارلار سودىگەرلەرنىڭ بېجىرىشىگە ھۆددىگە بەردى»، «شۇ جايدىكى ئەمەلدارلار، بايلار چوڭ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، دېھقان - چارۋىچىلارنى ئالداپ، ‹تاغقا› قاشتېشى قېزىشقا ئېلىپ چىقاتتى... قارلىق تاغ - جىلغىلارغا چۈشۈپ كېتىپ، بىمەھەل ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى» ( «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن).

تارىختىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق، كېيىنكى چاغلاردا قاشتېشى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى ئازراق بوشاپ، كىشىلەر ئەركىن قاشتېشى ئىزدىيەلەيدىغان، قازالايدىغان بولغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى پىرزىۋالىسكى خاتىرىسىگە يازغاندەك، قاشتېشىنىڭ

باھاسىنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بېكىتىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. ئەركىن ئېلىپ ـ سېتىشقا يول قويۇلمىدى. قاشتېشى تاپقۇچى ساتماقچى بولسا چوقۇم ئامبال ـ دوتەيگە سېتىشى، ئامبال ـ دوتەي ئۆزى خالىغان باھادا سېتىۋېلىپ، يۇقىرىغا، خانغا ئەۋەتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، قاشتېشى تاپقۇچىمۇ، ئامبال ـ دوتەيلەرمۇ جازاغا ئۇچرايتتى.

بۇ ئەھۋال يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن (1978 ـ يىلى) تەدرىجىي ئۆزگەردى. قاشتېشىمۇ، قاشتېشى ئىزدەش ـ قېزىش ئىشلىرىمۇ، قاشتېشى سودىسىمۇ ئەركىنلىككە چىقتى. كېيىنكى چارەك ئەسىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسىغا ئارىلاشمىدى. بەلكى قوللىدى، ھېچقانداق چەكلىمە ئېلان قىلمىدى. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئىگىز ـ پەس گەپلىرىنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتى، دېيىشكە بولمايدۇ. قېزىلىدىغان يەر ۋە دەريا قىنىغا ھەق ئېلىنىشتىن بولسا، بۈگۈنكى ئىگىلىك تەرتىپىدە، خاپا بولۇپ كېتىشكە بولماس. مۇشۇ 25 يىلدىكى قاشتېشىچىلىقنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى ۋە مىڭلىغان بايلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەلۋەتتە ئاشۇ ئەركىنلىكتىن ئايرىپ قاراش ئادالەت جۈملىسىدىن بولمايدۇ.

## قاشتېشى قېزىش دولقۇنى ۋە يۇرۇڭقاشتىكى قاينام ـ تاشقىنلىق

ئەمدى بىز خوتەن قاشتېشى ھەققىدىكى ئومۇمىي تونۇشتۇرما ۋە تارىخىي ئۇچۇرلار توغرىسىدىكى زېرىكىشلىك مەلۇماتلار دۆۋىسىدىن چىقىپ، كېيىنكى چارەك ئەسىرلىك قاشتېشى دولقۇنى پەيدا قىلغان ھېكايەتلەرگە ئىشىك ئاچىمىز. ھەقىقەتەنمۇ يېقىنقى يىللاردا، قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى گويا ئاستا ـ ئاستا كۈچەيگەن ۋە ھەممىنى سوقۇپ

ئۆتكەن بوراندەك، تۇغاندىن سىرغىپ، تېشىپ، ئاخىرىدا تۇغاننى يېرىپ دولقۇنلاپ ئاققان سۇدەك تەسىرات پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ گۈركىرەشلىرى، شارقىراشلىرى ھەممە كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى ۋە كۆپلەرنى ئۇچۇرتىپ ئېقىتىپ كەتتى. قاشتېشى بورىنىدا ئۇچۇپ، باي - زەردارلىق ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغانلار بولدى. قاشتېشى بورىنى قاناتلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئەسكى تاملىققا يىقىتقانلارمۇ كۆرۈلدى. قاشتېشى دېڭىزىدا دولقۇنلارغا پالاق ئۇرۇپ، باياشاتلىق قىرغىقىغا ئۇلاشقانلار بولدى. قاشتېشى دولقۇنىدا چۆكۈپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئەسلى - ۋەسلىدىن جۇدا بولغانلارمۇ كۆرۈلدى. ئەمما، نۇسرەت قازانغانلارنىڭ غەلۋىسى خاراب بولغانلارنىڭ پەريادىنى بېسىپ كەتكەنلىكتىن، قاشتېشى بورىنى ۋە دولقۇنى بارغانسېرى كۈچەيسە كۈچەيدىكى پەسەيمىدى. زامان ھارۋىسىنىڭ ئۇپرىماس چاقى توختاۋسىز دۈگىلەپ، يېڭى ئېراغا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، بوران ۋە دولقۇن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بۇ پۇل دەۋرىنىڭ ئومۇمىي خورى ئىدى. دۇنيادىكى ھەممە كىشى پۇل ناخشىسىنى ئېيتىپ، پۇل دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتسا، خوتەنلىكلەر سىرتتا قالاتتىمۇ؟ كىشىلەر مىلىيون - مىلىيونلاپ پۇل خەجلەپ يۈرسە، خوتەنلىكلەر پۇلسىزلىققا چىدالايتتىمۇ؟ پۇل دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ يۈرۈۋاتسا، خوتەنلىكلەر ئاشۇ تەقدىر بەلگىلىگۈچىگە ئېرىشىشكە نېمىشقا ئىنتىلمىسۇن؟ ئەمەلىيەتتىمۇ، دەل شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە، خوتەنلىكلەرگە پۇل تاپالىغۇدەك ئىش، پەقەت ئاشۇ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سېتىشتىلا قالغانىدى. چوڭ كۆمۈركان، چوڭ نېفىتلىكلەرنى ئېچىشقا خوتەنلىكلەرنىڭ مالىيە كۈچى ۋە تېخنىكا كۈچى يار بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چوڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش تۈرلىرى دۆلەت كونتروللۇقىدا بولغاچقا، ئاسان قول تىققىلى، رەسمىيەت بېجىرگىلى بولمايتتى. تەكلىماكاننى يالىڭاچلاپ ئوتتۇن

سېتىش، مېۋە - چېۋە، ياڭاق، گۈلە - قاق سېتىش تېز باي بولغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. دەللال سودىگەرچىلىكمۇ شۇنداق ئىدى. زاۋۇت - كارخانا قۇرۇپ، پىلە بېقىپ، يىپەك تارتىپ، ئەتلەس، شايى توقۇشنى، قوي بېقىپ، يۇڭ يىپ تالاپ، يىپ چىگىپ گىلەم توقۇشنى خوتەنلىكلەر ئالدىنقى يىللاردا سىناپ كۆرگەنىدى. بۇلاردا كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولاتتى - يۇ، باي بولغۇدەك ئاشۇرغىلى بولمايتتى. پۇل كويىغا چۈشكەن خوتەنلىكلەر ئويلا - ئويلا ئاخىر قاشتېشىنى يادىغا ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ مەزگىللەردە، ئاسىيادىكى سىنگاپور، شياڭگاڭ، تەيۋەن، كورېيەدىن ئىبارەت تۆت كىچىك يولۋاس ئىقتىسادىي گۈللەشنى ئىشقا ئاشۇرغان، ياپونىيە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە دۇنيادىكى ئالدىنقى ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى ئېتىبار سىياسەتكە ئېرىشىپ، شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلغان، قاشتېشىنى گۆھەر بىلىدىغان خەلقلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپ، قاشتېشى سودىسى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىتمۇ ھازىرلانغانىدى.

مانا شۇ زۆرۈرىيەت ۋە شارائىتلار خوتەندىكى قاشتېشى بورىنى ۋە قاشتېشى دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ئاز ساندىكى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ قاشتېشى ئىزدىشى يۈز مىڭلىغان ئادەمنىڭ دەرياغا ئېقىپ كىرىشىگە كېڭەيدى. ئاز ساندىكى سودىگەرلەرنىڭ قاشتېشى سېتىپ يۈرۈشى، زور بىر سودىگەرلەر ئارمىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قاشتېشى سۈزۈش، قاشتېشى تېرىش، قاشتېشى قېزىشقا، گۈرجەك بىلەن قېزىش زامانىۋى ماشىنىلار بىلەن قېزىشقا تەرەققىي قىلدى. يۈرۈڭقاش دەرياسىدىنلا قېزىش، «سوغاق قۇم» دىن، قاراقاش دەرياسىدىن، «توزاقچى» دىن، پاختىلىق دەرياسىدىن، يىراق ۋە ئېگىز تاغلاردىن قېزىشقا كېڭەيدى. قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ ۋە

كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurbook.com

قاشتېشى سودىسى قىلغۇچىلارنىڭ سانى يىلسېرى ئېشىپ باردى. ھەر يىلى يازدىكى كەلكۈن ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە، قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ سانى سەل ئازايسىمۇ، لېكىن قىشتىكى بىكار ئۆتىدىغان چاغلاردا شىددەت بىلەن كۆپەيدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەتتە ناھىيە، بىر شەھىرىدىكى تەۋەككۇلچىلەرلا ئەمەس، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلىدىن، ھەتتا يىراق غۇلجىدىن كېلىپ قاشتېشى قازغۇچىلار، قاشتېشى سودىسى قىلغۇچىلار پەيدا بولدى. بۇ يەردە بىرىنچى بابتا يېزىلغان خەۋەرلەرنى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ، قاشتېشى قازغۇچىلارنىڭ سانىنى 100 مىڭدىن ئارتۇق، قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى بەش مىڭدىن ئارتۇق دەپ مۆلچەرلەشمەكتە. ھەتتا ئاپتورغا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا «200 مىڭ ئادەم قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگۈچىلەرمۇ بولدى (ئەپسۇسكى، ئاشۇ گېزىتنى تېپىپ كۆرستەلمىدى).

نېمانچە كۆپ ئادەم، نېمانچە كۆپ قېزىش ماشىنىلىرى بۇ؟ بۇ سانلار كۆپتۈرۈش تەسىراتى پەيدا قىلىپ قالماسمۇ؟ ئاپتور 2007 ـ يىلى 7 ـ مارت كۈنى، ئاغىنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، يۇرۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكىدىن 14 كىلومېتىر جەنۇبتا، ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىرلىق دەريا قىنىدىكى قېزىش ماشىنىلىرىنى ساناپ چىقتى. 38 دانە! ئاشۇنىڭدىن سەل ئالدىدىراق ئاشۇ دەرياني بويلاپ، بويا كۆمۈركان ۋە «قاشتېشى يېزىسى» غىچە بېرىپ كەلگەن ئىنىم: «يۇرۇڭقاش كونا كۆۋرۈكىدىن 100 كىلومېتىر جەنۇبتىكى دەريا قىرغاقلىرىدىمۇ قېزىش ماشىنىلىرى ئىشلەۋاتىدۇ. ئاشۇ 16 توننا ئېغىرلىقتىكى قېزىش ماشىنىلىرىنى تىك قىيالىق دەريادىن غەربىي قىرغاققا قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بەلكىم پارچىلاپ ئۆتكۈزۈپ، قايتا قۇراشتۇرغان بولسا كېرەك» دەيدۇ...

ئەگەر ئاشۇ 100 كىلومېتىرلىق دەريا قىنىغا راستتىنلا ئاشۇنداق ئوخشاش زىچلىقتا ماشىنا سېلىنغان بولسا، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىلا ئىشلەۋاتقان قېزىش ماشىنىسى 3800 دانە بولغان بولىدۇ. بەلكىم دەريا ئىچىنىڭ ھەممە يېرىدە ماشىنا زىچلىقى بىر خىل بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇ، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى قاينام - تاشقىنلىقنى، قاشتېشى قېزىش دولقۇنىنى زادىلا خۇنۇكلەشتۈرەلمەيدۇ. «سوغاق قوم» دا، «توزاقچى» دا، «پاختىلىق» تا ۋە باشقا جايلاردا كۆركىرەۋاتقان ماشىنىلار، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر بار ئەمەسمۇ؟ سىز كۆز ئالدىڭىزغا غايەت چوڭ 3000 ـ 4000 تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى گۈركىرەپ ئىشلەۋاتقان، ھەربىر ئۇسۇشىدا بىر - ئىككى تونىنا تاش - توپا قېزىۋاتقان، ماشىنىلار ئەتراپىدا 60 - 70مىڭ ئادەم تىمىسقىلاپ، گۈرجەك، تاماقلار بىلەن تاتىلاپ، قاشتېشى ئىلغاۋاتقان مەنزىرىنى كەلتۈرۈڭ. نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش - ھە؟! بەلكىم سىز بۇنداق بەھەيۋەت كۆرۈنۈشلەرنى «موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى»، «كۇرىسكا تانكا ئۇرۇشى» دېگەن فىلىملەردە كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ۋاھالەنكى، يۇرۇڭقاشتىكى قاشتېشى ئۇرۇشىنىڭ كۆرۈنۈشى بولسا، ھەرگىزمۇ ئالدىن رېپېتىتسىيە قىلىپ، ياساپ ئېلىنغان كۆرۈنۈش ئەمەس! سىز بەلكىم جۇڭگو فىلىملىرىدىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدىكى قاينام - تاشقىنلىق بوز يەر ئېچىش ۋە تاغ - دەريالارنى رەتلەش كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئۇ كۆرۈنۈشلەردە ئادەم ۋە قول ھارۋىسى مىغ - مىغ بولسىمۇ، قېزىش ماشىنىلىرى كەم. بىزنىڭ بۈگۈنكى، يۇرۇڭقاشتىكى قاشتېشى قېزىش كۆرۈنۈشلىرىدە بولسا، ئادەملەرنىڭ مىغىلدىشى ئوخشىغان بىلەن لەپىلدەپ تۇرغان بايراقلار كەم، ئەمما مىڭلىغان ماشىنىلار گۈرۈلدەپ ئىشلەپ تۇرىدۇ...

بەلكىم ئاپتور يۇقىرىقىدەك ئوخشىتىشلىرى ئارقىلىقمۇ يۇرۇڭقاشتىكى قاشتېشى قېزىش قايىنام - تاشقىنلىقىنى سۈرەتلەپ بېرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز، شۇ كۈنلەردە يۇرۇڭقاشنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر ياۋا ئۆردەك ماياقلىسا، چوقۇم ياكى ئادەمنىڭ بېشىغا، ياكى قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى، دېسەك، بۇ مۇبالىغە خېلىلا مەقبۇل كۆرۈلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئاشۇ قايىنام - تاشقىنلىقنى ۋە ھەيۋەتلىك قاشتېشى قېزىش كۆرۈنۈشلىرىنى ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى ئەپقاچتى گەپ، مىش - مىشلارنى سەمىڭىزگە ھاۋالە قىلىمىز:

1. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىق نوتىسى تۇغرىسىدىكى مىش - مىش. ئامېرىكىنىڭ رازۋېدكا سۈنئىي ھەمراھلىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ بەش بۇرجەكلىك بىناغا يوللاپ بەرگەنمىش. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىكى سۈرەت تەھلىلچىلىرى تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىنى تانكا - بىرونېۋىك، گۈرجەك - تاماق كۆتۈرۈپ تاش ئىلغاۋاتقانلارنى ئەسكەر دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ: «بۇ يەردە نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك موتورلاشقان ئارمىيە مانېۋىر ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنمىش. ئەسلىدىنلا جۇڭگو ھەربىي ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىدىن ئاغرىنىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دەرھال جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق نوتىسى تاپشۇرۇپ، بۇ قېتىمقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ ھەربىي مانېۋىرنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغانمىش...

2. تانكا - بىرونېۋىكلارغا ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇ ماينىڭ بەك كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى مىش - مىش. تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ماي تانكا - بىرونېۋىكلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماي بىلەن ئوخشاش

ئالاھىدە مايمىش. قاشتېشى قېزىش مەيدانلىرىدا نەچچە مىڭ تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى توختىماي ئىشلەشكە باشلىغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تانكا - بىرونېۋىكلارغا تەييارلىغان ماي زاپىسى تېزدىن ئازىيىپ كەتكەنمىش. دۆلەت مۇداپىئە ئارقا سەپ تەمىنات تارمىقى بۇنى سەزگەندىن كېيىن، دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانمىش. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ تەكشۈرگەنمىش ۋە يەرلىككە تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىنى ئىشتىن توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنمىش. 2007 - يىلى يېڭى يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر مەزگىل تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىنى دەرياغا كىرىشكە يول قويمىغانلىق شۇ ۋەجىدىن ئىمىش...

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، 1 - مىش - مىش قىپقىزىل توقۇلما. 2 - مىش - مىش بولسا، تېخىمۇ يالغان. ئاپتور سۈرۈشتۈردى: تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىغىمۇ، تانكا - بىرونېۋىكلارغىمۇ ئالاھىدە ماي ئىشلىتىلمەيدىكەن. ئادەتتىكى سالياركا ئىشلىتىلىدىكەن..

يۇقىرىقى مىش - مىشلار گەرچە يالغان ۋە توقۇلما بولسىمۇ، بىزگە بىرىنچىدىن، قاشتېشى قېزىشتا يۈز مىڭ كىشىلىك موتورلاشقان ئارمىيە مانېۋىر قىلىۋاتقاندەك داغدۇغا ۋە قاينام - تاشقىنلىقنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، قېزىش ماشىنىلىرىغا سەرپ بولۇۋاتقان زور مىقداردىكى يېقىلغۇ مەسىلىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. (يېقىلغۇ مەسىلىسى توغرىسىدا كېيىنكى بابلاردا يەنە توختىلىمىز.)

خۇلاسە شۇكى، قاشتېشى قېزىشتا، مىسلى كۆرۈلمىگەن دولقۇن ۋە قاينام - تاشقىنلىق مەيدانغا كەلگىنى پاكىت.

## قاشتېشى باي قىلغانلار ھەققىدە ھېكايە

تارىختا خان - پادىشاھلارنى باي، پۇقرانى (بولۇپمۇ خوتەنلىك

پۇقرانى) خانىۋەيران ئەيلەپ كەلگەن قاشتېشى، كېيىنكى چارەك ئەسىردە، ئاددىي پۇقراغىمۇ جىلمىيىپ، نۇرلۇق جامالىنى كۆرسەتتى. ئاددىي پۇقرامۇ ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن ھۇزۇرلىنىش، پۇلغا ئايرىباشلاپ، قەنتنى چېقىش شەرىپى ۋە بەختىگە مۇيەسسەر بولدى.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئاددىي پۇقرا — دېھقان، ئىشچى، شەھەر ئاھالىسى، تىجارەتچىلەرنى، ھەتتا پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، پوچتالىيون، بانكا خادىمى، ساقچى، سوت - ئەدلىيە كادىرلىرى — ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكىلەر ئىچىدىن ئاز ساندا بولسىمۇ، قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسىغا قول تىققانلار چىقىپ تۇردى. ئەلۋەتتە، سەل مەخپىي بولدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئاشكارا بولسىمۇ بولىۋېرەتتى، چۈنكى تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى مەلۇم ساھەگىلا مەنسۇپ بولۇپ، كادىر - خىزمەتچىلەر بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنسا، ئادىللىق بولماي قالاتتى. ئەمما، يەنىلا بەزى بەلگىلىمىلەر ۋە ئورۇنسىز ئەنسىرەشلەر سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى بازىرىدىكى ھەرىكىتى مەخپىيرەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، نەپ ئالغۇچىلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ سالمىقى ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس. ئاپتور پاراڭلاشقان كىشىلەر ئىچىدە، مەيلى ئاشۇنداق مەخپىي بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى ئاشكارا بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار بولسۇن، ھېچكىم مۇشۇ يازمىدا، ئىسىم - شەرىپىنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشىمنى خالىمىدى. مال - مۈلۈك ئامانلىقى، جىسمانىي ئامانلىق، نام - شەرەپ ئامانلىقى ۋە تارىخىي ساۋاقلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. شۇڭا ئاپتور بۇ يازمىدا كەلتۈرگەن ۋەقە - ھېكايىلەردە، «خوتەن گېزىتى» دىن ئىستاتا ئالغانلىرىدىن باشقا، ئۆزى پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى

تىلىغا ئالمايلا، ھەتتا ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنىمۇ قالدۇرۇۋېتىپ، ۋەقەنىڭ ئۆزىنىلا بايان قىلدى. ۋاھالەنكى، بۇ بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر چۈشەنگەي.

قاشتېشىچىلىق ئارقىلىق باي بولغانلارنى ئىش تۈرىگە ئاساسەن، قېزىپ باي بولغانلار ۋە سودا ئارقىلىق باي بولغانلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن. قېزىش ئارقىلىق باي بولغانلار سالغان مەبلىغىگە، قىلغان ئەمگىكى، تۆككەن قان - تەرىگە ۋە ئامىتىگە تايىنىپ باي بولغانلار بولۇپ، بۇ يەردە ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - كامالەتنىڭ رولى يوق دېيەرلىك، پەقەت قېزىۋالغان قاشتېشىنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلىدىغان، باھا قويىدىغان چاغدىلا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت ئازراق رول ئوينايدۇ. بۇ يەردە بىز ئالدى بىلەن ئاشۇ ئەمگىكى ۋە ئامىتىگە تايىنىپ باي بولغانلار ھەققىدە مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

«لوپ ناھىيە سامپۇلا يېزا قارايانتاق كەنتىدىكى 48 ياشلىق دېھقان سىيىت ئاخۇن ناۋا يېزىسىدىكى قاشتېشى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەخمەتتوختى ئاخۇنىڭ قاشتېشى كولاش ماشىنىسى (تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى دېمەكچى بولسا كېرەك، ئاپتور مەخسۇس قاشتېشى قېزىش ماشىنىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى) نى پايدا - زىيانغا تەڭ ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئارىيەت ئېلىپ، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، ئىككى يېرىم ئاي جاپالىق قېزىش ئارقىلىق، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئېغىرلىقى 50 كىلوگىرام كېلىدىغان ئاق رەڭلىك بىر دانە ئېسىل قاشتېشى تاپتى» دەپ خەۋەر قىلىدۇ «خوتەن گېزىتى» 2004 - يىلى 20 - ئىيۇل ساندا.

گەرچە بۇ بىر جۈملىلىك خەۋەردە، قاشتېشىنىڭ سېتىلغان - سېتىلمىغانلىقى، نەچچە پۇل باھا قويۇلغانلىقى يېزىلمىغان

كىتاب نۇر بىكتى www.uyghurbook.com

بولسىمۇ، بىز «ئېغىرلىقى 50 كىلوگىرام كېلىدىغان ئاق رەڭلىك ئېسىل قاشتېشى» دېگەن ئۇچۇرغا ۋە شۇ كۈنلەردىكى بازار نەرخ - ھاۋاسىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلالايمىزكى، سىيىت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتتوختى ئاخۇن مىليونېرغا ئايلاندى، ئۇلار باي بولدى.

«خوتەن گېزىتى» يەنە شۇ يىلى 24 - ئىيۇل سانىدا، يۇقىرىقى سىيىت ئاخۇن بىلەن بىر كەنتلىك سىراجىدىن ھاجىمنىڭ « 1985 - يىلىدىن باشلاپ، قاشتېشى قېزىش، قاشتېشى سودىسى قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم. 95 - يىلىغا كەلگەندە، كەنتتىكى 25 كىشىنى قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇردۇم. 500 - 600 يۈەندىن ئىش ھەققى بەردىم. 2002 - يىلى ئەتىيازدا 260 مىڭ يۈەنگە بىر توپا - تاش قېزىش ماشىنىسى سېتىۋالدىم. 2003 - يىلى ئەتىيازدا 520 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، يەنە بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، يەنە بىر تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى سېتىۋالدىم. 200 كىۋادرات مېتىرلىق پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالدىم. 20 مىڭ يۈەنگە بىر ئاپتوبۇس، 120 مىڭ يۈەنگە بىر ‹سانتانا› ماركىلىق كىچىك ماشىنا سېتىۋالدىم» دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. 780 مىڭ يۈەنگە تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى، 140 مىڭ يۈەنگە ئىستېمال ماشىنىسى سېتىۋالغان، 25 ئادەمنى ئىشلىتىۋاتقان ئادەمنى باي بولدى دېيىشكە بولارمۇ - بولماسمۇ؟ ئاپتورنىڭ قارىشىچە، سىراجىدىن ھاجىم ئوبدانلا باي بوپتۇ.

«خوتەن گېزىتى» نىڭ يەنە شۇ يىللىق 29 - ئىيۇل سانىدا، لوپ ناھىيە سامپۇلا يېزىلىق ئۆمەر قارىھاجى تۇغرىسىدا: «200 مىڭ يۈەنلىك ئۆي سالدى، 280 مىڭ يۈەنگە ‹سەنلىڭ› ماركىلىق كىچىك ماشىنا سېتىۋالدى، 300 مىڭ يۈەنگە قاشتېشى كولايدىغان 300 مو يەر سېتىۋالدى، 520 مىڭ يۈەنگە توپا - تاش قېزىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى ۋە بىر توپا ئىتتىرىش

ماشىنىسى سېتىۋالدى» دېگەنلەرنى خەۋەر قىلدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، تۆرمۆش ئىستېمالى ئۈچۈنلا 480 مىڭ يۈەن سەرپ قىلالىغان ئۆمەر قارىھاجىمنى ئەلۋەتتە باي بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

«خوتەن گېزىتى» نىڭ 2004 ـ يىللىق 27 ـ ئىيۇل سانىدا: لوپ ناھىيە سامپۇلا يېزىسىنىڭ 360 ئائىلىلىك «قارا ياناتاق» كەنتى توغرىسىدا «قاشتېشىدىن قىلغان كىرىم دېھقانلار يىللىق كىرىمىنىڭ %40.2 نى ئىگىلىدى. 116 ئائىلە قول تېلېفون ئىشلىتىۋاتىدۇ، 100 ئائىلىدە كىچىك تىراكتور، 5 ئائىلىدە تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى، 300 ئائىلىدە موتو بار بولدى. كەنتتىكىلەر سېتىۋالغان چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل 81 گە يەتتى. 201 ئائىلە ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالدى» دەپ خەۋەر بېرىلدى. « قارايانتاق» لىقلارغا مۇبارەك بولسۇن ! ئۇلار ھەقىقەتەن ھالىلىنىپتۇ...

«خوتەن گېزىتى» سەھىپىلىرىدە بېسىلغان قاشتېشى ئارقىلىق باي بولغانلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر شۇ. بۇ خەۋەرلەر «خوتەن گېزىتى» نىڭ تىرىشچان مۇخبىرى ئوبۇلقاسىم مەتنىياز قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق «قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» نىڭ ئالدى - كەينىدە يېزىلغان. يۇقىرىقى خەۋەرلەر لوپ ناھىيە سامپۇللا يېزا قارايانتاق كەنتى ۋە قارا ياناتاقلىقلارلا باي بوپتۇ، دېگەن بىر تەرەپلىمە تەسىراتنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىز باشقا خەۋەرلەرنىمۇ كەلتۈرۈشىمىز، گېزىت - ماتېرىياللاردىن تېپىلمىسا ئۆز ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسلىنىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە قاشتېشى ئارقىلىق باي بولۇش كۆپ ھاللاردا زەنجىرسىمان شەكىلنى ئالىدۇ. مەلۇم بىر ئورۇندىن مەلۇم بىر كىشى باي بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ھەم نەپكە ئېرىشىدۇ ۋە باي بولۇشقا باشلايدۇ. قارايانتاقلىقلارنىڭ

ھالىلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ، ئۇ يەردىن سىراجىدىن ھاجىم، ئۆمەر قارىھاجىم، سىيىت ئاخۇندەك قاشتېشى ئارقىلىق ئالدىن باي بولغانلارنىڭ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىكى ئىككى كەنتنىڭ قاشتېشى ئارقىلىق خېلىلا ھاللىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بېرىشتى. چۈنكى، ئۇ يەردىنمۇ ئاشۇنداق قاشتېشى ئارقىلىق ئالدىن بېيىغان ئەزىمەت چىققانىكەن. بۇنداق ئەزىمەتلەر باشقا يېزىلاردىنمۇ تېپىلىدۇ.

xx يېزىدا يېزا باشلىقى بولۇۋاتقان تونۇشۇمدىن سورۇشتۇردۇم: «يېزاڭلاردا قاشتېشى ئارقىلىق باي بولغانلاردىن قانچىلىك بار؟» يېزا باشلىقى جاۋاب بەردى: «خېلى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئېنىق سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. x كەنتتىكى xx ئاخۇنغا بىر ئېسىل تاش ئۇچراپ، 700 مىڭ يۈەنگە سېتىپتۇ. ئۆزى بىزنى مېھمانغا چاقىرغاندا سۆزلەپ بەردى. باشقىلاردىن پات - پات پالانچىغا مانچە پۇللۇق، پوكۇنچىغا مانچە مىليونلۇق تاش ئۇچراپتۇ، دەپ ئاڭلاپ تۇرىمىز. لېكىن سورۇشتۇرسەك، ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى ئۇنىمايدۇ. ‹خۇدايىم رىزقىمىزغا تۇشلۇق بەردى› دەپلا قاراپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بەزىلەر خېلى ئەتلىنىپ قالدى. ئولتۇرۇۋاتقان ماشىنىلىرىمۇ بىزنىڭكىدىن كۆپ ئېسىل ۋە ئون ھەسسە قىممەت. ئۇچراشقاندا تېخى ھال تارتىپ، سالام قىلغۇسىمۇ كەلمەيدۇ بەزىلەرنىڭ...»

ئاڭلىغان مىش - مىشلىرىمگە ئاساسەن تونۇشۇم x تىن سورۇشتۇردۇم: «ئاڭلىسام باي بولۇپ كەتكەندەك قىلىلا؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «سىلە ئىشەنچلىك ئادەم، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ ئىككى ئوغلۇم ئىشسىز، ئۆزۈم پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى باشلاپ بىرەر ئىش قىلمىسام بولمىدى. ئۇنى - بۇنى قىلىپ باقتۇق، ھېچ يانچۇق تولدىغاندەك ئەمەس. ئاخىر دەرياغا

چۈشتۇق. قول بىلەن قېزىپ باقتۇق، بولمىدى. قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ بىر - ئىككى ئاي ئىشلىۋىدۇق، خۇدا بەردى، ھازىر قوۋۇرغىلىرىمىزمۇ ياغ ئالدى دېسىلە ...»، «كونكرېتراق سۆزلەپ بەرسىلە، مەخپىيەتلىكلىرىنى ساقلاشقا كاپالەت بېرىمەن»، «نېمە مەخپىي بولاتتى، بىر قېتىم چىققان تاش 1 مىليون 200 مىڭغا، يەنە بىر قېتىم چىققىنى 1.5 مىليونغا ياردى. 200 ـ 300 مىڭلىق، 40 - 50 مىڭلىقلىرىمۇ بار. خۇدا بەردى دېسىلە، بالىلارمۇ خۇشال، ھەر ئىككىلىسى ئايرىم - ئايرىم كىچىك ماشىنا ئالدى. بىرەر ئىشلىرى چىقىپ ماشىنا ئىشلەتمەكچى بولسىلا، تېلېفون ئۇرارلا، دەرھال خىزمەتلىرىگە ھازىر بولىمىز. ماشىنىلىرىمىز ئېسىل، ھەرگىز سۈپەتلىرىگە تەسىر يەتمەيدۇ ...».

ئاغىنىلەردىن بىرى ھېكايە قىلىدۇ:

«x ناھىيەسىدىكى xx نى بىلىشىلىغۇ، خېلى نامدار ئادەم. شۇنىڭ ئوغۇللىرى تاش قېزىپ يۈرگەنگە 2 - 3 يىلچە بولغان، خېلى چىقىممۇ تارتقانىكەن. بۇ قېتىم شۇنداق ئېسىل تاشتىن بىرى چىقىپتۇكى، تاشنى كۆرۈپ ئوغۇللارنىڭ ئانىسى ھوشىدىن كېتىپتۇ. xx نىڭ ئۆزى ئىچكىرىدە ساياھەتتە ئىكەن. بولغان بولسا، خۇشاللىقتىن نېمە بولۇپ كېتەتتىكىن ـ تاڭ. ئاشۇ تاشنىڭ ئۆزى نەقمۇنەق 5 مىليونغا يارايتۇ ...»

ھېكايىنى ئاڭلاۋاتقان ئاغىنىلىرىمدىن ئابدۇقادىر تۇرسۇن دەرھال بىر ھېساب ئىشلىدى: «xx نىڭ ئائىلىسى ئەگەر شۇ پۇلنى ئېيىغا 10 مىڭ يۈەندىن خەجلىسە، 41 يىل يېتىپ، يەنە ئېشىپ قالىدۇ...»

ئىنىلەردىن بىرى ھېكايە قىلىدۇ:

«قاشتېشى قېزىش باشلانغاندىن بېرى چىققان تاشلارنىڭ ئەڭ قىممىتى 40 مىليونلۇق ئىكەن، تۆت كىشى شېرىك ئىكەن، تاش چىققاندىمۇ ياكى سېتىلغاندىمۇ، شېرىكلەرنىڭ بىرى بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپتۇ، ئۇزۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurbook.com

داۋالىنىپ ئاران ساقىيىپتۇ ...»

مىش - مىش، ئەپقاچتى پاراڭلارغا ئوخشايدىغان ئاشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست. ئەگەر ئاپتور ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلىمىغان، يەنە ئاشۇ تاش — مىليونلارغا دائىر دەللاللەرگە ئېرىشمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇنداق گەپلەرگە ئۆزىمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئەمدى نېمە دەيمىز؟ خوتەنلىكلەر باي بولدى. قاشتېشى قېزىشقا، تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلار باي بولدى. ئەگەشكەنلەرمۇ باي بولدى، ئېھ، سەن بىزنى باي قىلدىڭ گۈزەل قاشتېشى! ئېھ، سەن بىزنى باي قىلدىڭ سېخىي يۇرۇڭقاش!

## ئامەت ھەققىدە ھېكايە

بۇ بابمۇ قاشتېشى قېزىش ئارقىلىق باي بولغانلار ھەققىدە بولىدۇ. ئەمما، گەپنى ئامەت، تەلەي دېگەنلەرگە دۆڭگەپرەك بايان قىلىمىز.

ئالدى بىلەن ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، خوتەن تاغ - دەريالىرىنىڭ قايسى يېرىدىن، قايسى قورام تېگىدىن، قايسى شېغىللىق ئارىسىدىن، قانچىلىك ئېگىز ۋە قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقى ئىنسان بالىلىرىدىن ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. كۆمۈر، تۆمۈر، مىس رۇدىلىرىنى قېزىشتىن ئىلگىرى، تاغ - تاشلار ئارىسىدىن كىچىك ئورەكلەر — قۇدۇقلارنى قېزىپ، تاش - تۇپراق ئارىسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ دەللىلىگەندەك ياكى نېفىت، تەبىئىي گازلارنى ئېچىشتىن ئىلگىرى پارتلىتىپ، تەۋرىتىپ، ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن بار - يوقلۇقىنى بېكىتكەندەك، قاشتېشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئالدىن دەللىلەشكە ۋە بېكىتىشكە ئەسلا مۇمكىنچىلىك يوق. بۇ يەردە: «بۇرۇن مۇشۇ يەرلەردىن قاشتېشى چىققانىكەن، ھازىرمۇ

چىقىشى مۇمكىن»، «باشقىلارغا قاشتېشى ئۇچرىغانىكەن، بىزگىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن» دېگەن غۇۋا بىر ئۈمىدلا ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنچىلىك كىچىك، باھارنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرى قوڭغۇز قاناتلىرىدا يالتىرىغان ئۇچقۇنچىلىك ئۈمىد ئۇچۇن يەڭ شىمايلاپ ئىش باشلاشقا ئەلۋەتتە ناھايىتى زور تەۋەككۇلچىلىك روھى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن، قاشتېشى قازغۇچىلارنى تەۋەككۇلچىلەر، قارامىلار دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، تەۋەككۇلچىلىك، قارامىلىق بىلەنلا قاشتېشىغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى يەنىلا چوڭ ئەمەس. چوقۇم تەۋەككۇلچىلىك روھىغا ئامەت قوشۇلۇپ كېلىشى كېرەك.

ئامەت دېگەن نېمە؟ ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك نۇسرەتكە ئېرىشىش ئامەت دېيىلىدۇ. ئۇ تاسادىپىي يۈز بېرىدۇ. ئامەت - تەلەي مەسىلىسى قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كەلدى ۋە ھەر زامان، ھەر جايدا پات - پات ئىسپاتلىنىپ تۇردى. بۇ دۇنيادىكى ھەممە مىللەت، ھەممە خەلقلەر ئۇچۇن ئوخشاش. قەدىمكى كىتابلاردا: دۇنيانى توختىماي ئايلىنىپ، بۇزۇق ئايالدەك ھەممىگە جىلمىيىپ، ئەمما ھېچكىمگە ۋاپا قىلماي، ھېچكىمنىڭ يېنىدا ئۇزۇن توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان شامال، بەخت، ئەمەل ۋە بايلىق قاتارىدا ئامەتمۇ تىلغا ئېلىنغان. بىزنىڭ خەلقىمىزدە «نامرات تالقان يېمەكچى بولسا، بوران چىقىپتۇ»، «بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ»، «بىتەلەي تېزەك تەرگىلى چىقسا، ئېشەك سۇغا تېزەكلەپتۇ»، «چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق»، «ئامەت نەگە؟ دوقا ماڭلايغا»، «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ»، «ئەزەلدىن تەلىيىم كاجدۇر، مەن كىمدىن يامانلايمەن» دېگەندەك تەمسىل ۋە قوشاقلار تارقالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامەت ۋە تەلەي مەسىلىسىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە شۇنى سۆرەتلەيدۇ. قەدىمكى داڭلىق ئۇرۇشلاردىن تارتىپ ھازىرقى زامان پۇتبول

مۇسابىقىلىرىگىچە بولغان ھەممە ئىلمىشلاردا، سودا - تىجارەتلەردە، ئىززەش - ئىززىتىشلەردە ئامەت - تەلەي رول ئويناپ كەلدى.

بەزى ساددا، نادان بىلەرمەنلەر بەلكىم ئامەت - تەلەي مەسىلىسىنى خۇراپاتقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگۈچىلەر چوقۇمكى، ئامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا ئامەتنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر جايدا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار، قورقۇمسىزلار ۋە تىرىشچانلارغا كۆپرەك يولۇقۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئېنىقكى، ئامەت «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگۈچىلەرگە يېقىن يولىمايدۇ. بىكار تەلەپ، ئەخمەق ۋە بىپاكلارنىڭ تېخىمۇ دوستى ئەمەس. لېكىن، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار، قورقۇمسىزلار ۋە تىرىشچانلارغىمۇ دائىم ھەمراھ بولىۋەرمەيدۇ. پەيتى كەلگەندىلا ھەمراھ بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى قاشتېشى ئىزدەش جەريانىدىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. بىز يۇقىرىقى بابتا تىلغا ئالغان 50 كىلوگىراملىق ئېسىل ئاق قاشتېشى ئۇچرىغان سىيىت ئاخۇن، ئىككى قېتىم ئېسىل قاشتېشى تاپقان پېنسىيەگە چىققان كادىر، xx ناھىيەسىدىكى xx نىڭ ئوغۇللىرى، 40 مىليونلۇق تاشقا ئېرىشكەن تۆت شېرىك ... ھەممىسى ئامەتلىكلەردۇر. ۋاھالەنكى، بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك، ئامەت بىرەر كىمنىڭ يېنىدا بەك ئۇزاق توختايدىغان نەرسە ئەمەس. ھەرقانداق تەۋەككۇلچىنىڭ ئالتە ئوشۇقى ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئالچە چۈشۈۋېرىدىغان ئىش يوق. ئامەت مەڭگۈ تاسادىپىي يۈز ئاچىدۇ. تىرىشچانلىق، پاكىزلىق، ئېتىقاد، شېرىكلىك، نىيەت، تىلەك، پەيت، ئورۇن ... ناھايىتى نۇرغۇن پارامېتىرلار ماس كەلگەن، كوردىناتلار بىر نۇقتىدا كېسىشكەن ئەھۋالدىلا يۈز كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## 1. ھېكايەت: «كىم ئامەتلىك، كىم بىتەلەي؟»

تاغامنىڭ ئۈچ ئوغلى قوشنىلىرىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن شېرىكلىشىپ «ئېگەرچى» كەنتىنىڭ سەل ئايغىغىراق ئۆدۈل كېلىدىغان دەريا قىنىدىن قاشتېشى قېزىپتۇ. بۇ 2002 ـ يىللىرىدىكىمۇ ياكى 2003 ـ يىلىدىكىمۇ ئىش ئىكەن. دەسلەپ گۈرجەك، لوم، تۆمۈر، تاماق دېگەندەك ئىپتىدائىي سايمانلارغا تايىنىپ ئىزدەپتۇ. چوڭراق، جىقراق بىرەر قاشتېشىغا ئېرىشەلمەپتۇ. كېيىن ئالتە كىشى تەڭ مەبلەغ چىقىرىپ، 28 مىڭ يۈەنگە بىر زەنجىر تاپانلىق (گوستىنلىق) توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋاپتۇ. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى توپا قېزىش ماشىنىلىرىدەك قولاي بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قاشتېشى ئىزدەش سۈرئىتىنى تېزلىتەلەيدىكەن. ئۇلار شۇنىڭغا تايىنىپ 2 ـ 3 ئاي قېزىپتۇ. ھېچنېمە چىقماپتۇ. ماي چىقىمى، رېمونت چىقىمى، ئىش ھەققى چىقىمى ئارتىپ، قەرز گەدەنگىچە يالاپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار نە قاشتېشى كولاشتىن ۋاز كېچىشنى، نە داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قاپتۇ... ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، نېمە خىياللار كەلمەيدۇ كۆڭلىگە؟ تاغامنىڭ ئوغۇللىرى «بىتەلەيلەر بىلەن شېرىكلىشىپ قالدۇقمۇ ـ نېمە؟» دەپ ئويلايدىكەن. شېرىكلىرى بولسا، بىتەلەيلىكنى تاغامنىڭ ئوغۇللىرىدىن كۆرىدىكەن، «بىتەلەيلەر بىلەن شېرىكلىشىپ قاپتۇق» دېگەن گەپ بۇرۇنراق شۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. تاغامنىڭ ئوغۇللىرىغا يۈزتۇرا دېمىگەن بولسىمۇ باشقىلارغا دەپتۇ. گەپ دېگەن بىر يەردە تۇرامتى؟ تاغامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شېرىكلەر ئارىسىدا پەردىشەپ كۆتۈرۈلۈپ، قوشنىلار ئارا ئېيتىلمايدىغان گەپلەر ئېيتىلىپتۇ. كۆڭۈلسىزلىك بوپتۇ. ئاخىر شېرىكلىك سېۋىتى چۇۋۇلۇپتۇ.

ئايرىلىپ كېتىش ئۈچۈن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى سېتىۋېتىش، قەرزلەرنى تەڭ كۆتۈرۈش كېرەك ئىكەن. ئۈچ ئاي ئىشلەتكەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا ئەمدى 22 مىڭ يۈەن باھا قويۇلۇپتۇ. سېتىۋالغۇچىلار پۇل سانايدىغان چاغدا، تاغامنىڭ ئوغۇللىرى: «ماشىنىنى ئۆزىمىز ئوڭچىلاپ ئىشلىتىپ كۆرمەيمىزمۇ؟» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. ئۇلار خۇددى «يىقىلغان چېلىشىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، تېخى تەۋەككۇلچىلىكتىن تويمىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، شېرىكلىرىگە 11 مىڭ يۈەن تۆلىسە، توپا تۈرتۈش ماشىنىسى ئۆزلىرىگە ئوڭچە قالىدىغان بوپتۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دەسمايىسى غالتەككە چىققان بولۇپ، ئاران 6000 يۈەننى چىقىرالاپتۇ. ئايرىلىشىپ كېتىۋاتقان شېرىكلىرى «قالغان 5000 يۈەننى كېيىن بېرەيلى» دېگەنگە ئۇنىماپتۇ. «ھەممىنى بېرىپ بولۇپ ئاندىن ماشىنىنى قوزغىتىسىلەر، بولمىسا ...» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تاغامنىڭ چارىسىز قالغان ئوغۇللىرى بىرەرسىدىن 5000 يۈەن قەرز ئېلىپ، شېرىكلىرىنى رازى قىلىپ بولغۇچە، قاشتېشى قېزىش ھەپتە - ئون كۈن توختاپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار كىملەرنىڭ ئالدىدىدۇر سارغىيىپ، قەرز ئېلىپ ئۇ 5000 يۈەننى شېرىكلىرىگە ئۆتكۈزۈپتۇ. پۇلنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان چاغ ناماز پېشىن ۋاقتى ئىكەن. ناماز پېشىندىن كېيىنلا تاغامنىڭ ئوغۇللىرى ئاندىن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، يەنە قاشتېشى قېزىشقا كىرىشىپتۇ. مۇنۇ كارامەتنى كۆرۈڭ: ماشىنا قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارغا بىر دانە قاشتېشى ئۇچراپتۇ. نەق مەيداندىلا 23 مىڭ يۈەنگە سېتىلىپتۇ ... بىر نەۋرە ئىنىم ماڭا ئۆزىنىڭ شۇ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن «قېنى قارالڭ، كىم ئامەتلىك؟ كىم بىتەلەي؟» دېگەن بىر غالىبانە خىتابنى كۆرگەندەك بولدۇم، مېنىڭچە، ھېلىقى بالىلارنى بىتەلەي

دېيىشكە ئاساس يوق. پەقەت يا ۋاقىت، يا ئورۇن، يا تىلەك... ئىشقىلىپ نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇدۇل كەلمەي قالغان گەپ.

## 2. ھېكايە: «ئاخىرقى كۈن»

xx ناھىيە xx يېزا xx كەنتىنىڭ سېكرېتارى xx ئاخۇن 30 مىڭ يۈەنگە بىر تاش - توپا قېزىش ماشىنىسىنى بىر ئايلىق ياللاپ، ئۆز كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريا قىرغىقىدىن قاشتېشى قېزىپتۇ. توپتوغرا 30 كۈن قېزىپتۇ. ھېچنېمە چىقماپتۇ. بىر تال مارجانچىلىكمۇ قاشتېشى ئۇچرىماپتۇ. كىرا پۇلى، ماي پۇلى، تاش ئىلغايدىغانلارنىڭ ئىش ھەققى قوشۇلۇپ، چىقىم 60 مىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. تارتقان جاپا، سەرپ قىلغان ۋاقىت، كۈتكەن ئۈمىدلەرچۇ؟ بىچارە سېكرېتار بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ھەتتا روھسىزلىنىپ كېتىپتۇ. چاڭ - توزان باسقان چىرايىدىن ھەسرەت - نادامەت بۇخسۇپ تۇرىدىكەن. ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، تاش - توپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ ئىگىسى: «ئەمدى سېكرېتار، بەكلا ئىچلىرىگە ئەپكەتمىسىلە، پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. خېلى ئەجىر قىلدىلا، مەن سىلىگە يەنە بىر كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرەي» دەپتۇ. دېمىسىمۇ ئۇلار شۇ بىر ئاي جەريانىدا، بىللە تۇز - تاماق يېيىشكەن، ئاغا - ئىنىمۇ بولۇپ قېلىشقانىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى تاش - توپا قازىدىغان ئورەكتە قېزىش ماشىنىسى يەنە بىر كۈن گۈرۈلدەپتۇ تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە گۈرۈلدەپتۇ، كۈن غەربتىكى دۆڭلەرنىڭ كەينىگە ئولتۇراي دېگەندە، ئۇلار تەقدىرى - قىسمەتكە تەن بېرىپ، ئىشنى يىغىشتۇرايلى دېگەندە، ئاخىر بىر دانە قاشتېشى ئۇچراپتۇ. ئەتىسلا 270 مىڭ يۈەنگە سېتىپتۇ... نېمە دەيمىز؟ ئەگەر ئامەت xx ئاخۇن سېكرېتارنى ئاشۇ ئاخىرقى كۈندە،

ئاخىرقى پەيتتە كۈتۈپ تۇرغان بولسا، كىم ئۇنى ئۇ يەردىن قوغلىۋېتەلىسۇن؟ بەلكىم سىكرىپتارغا ئامەت ئاشۇ يېڭى ئاغىنىسىنىڭ خەيرخاھلىقىغا قوشۇلۇپ كەلگەندۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، كۆپ ھاللاردا پۇل ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمىغان نەرسىگە دوستلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

## 3. ھېكايە: «يۇرەكلەر ئەنسىزلىكتىن سۇ بولغاندا»

«ئاغىنىلەردىن 4 - 5 كىشى شېرىكلىشىپ قاشتېشى قازماقچى بولۇشۇپتۇ. مېنىمۇ قوشۇلۇشقا ئۈندىدى، قوشۇلدۇم، لېكىن ئۇلاردىن ئازراق، 3000 يۈەنلا پاي قوشتۇم ئاغىنىلەر 6 - 7 مىڭدىن پاي قوشۇشقانىكەن. بىر تاش - تۇپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ بىر ئايلىقىنى 42 مىڭ يۈەنگە يالاپ، «تۇزاقچى» دىن قاشتېشى قازدۇق. قېزىش ماشىنىسى قازغان تاش - شېغىللاردىن قاشتېشى ئىلغايدىغانلارنى ياللىدۇق. ھەربىر پاي قوشقۇچى ھەپتىدە بىر كۈن ئاشۇلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان دېجورنى بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. ھەپتە قازدۇق، ئون كۈن قازدۇق، ھېچنېمە چىقمىدى. يۈرەكلەر ئەنسىزلىكتىن سۇ بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىر ئاي قېزىپ، ھېچنېمە چىقمىسا 80 مىڭ يۈەن شامالغا ئۇچتى دېگەن گەپ بولاتتى. 80 مىڭ يۈەن دېسىلە، بىزدەكلەرگە ئاز پۇلمۇ بۇ؟ يۈرەكلەرنى ئەنسىزلىك باستى، مانا چىقار، ئەنە چىقار، دەپ قېزىۋاتىمىز - يۇ، ئەمما يۈرەكلەر سۇ... مانا شۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئونىنچى كۈنى بىر تاش چىقىپ قالدى. بۈگۈن ئەتىگەن «ھېلىم ئاتامنىڭ قومى» دا تالاشتۇرۇپ سېتىش سورۇنى تۈزۈپ، ئاشۇ تاشنى 90 مىڭغا ساتتۇق. 90 مىڭ دېسىلە، ھەممە چىقىم ئۈزلىشىپ، ھەربىرسىمىزگە يەنە ئانچە - مۇنچىدىن بىر نەرسە قالىدىغان

بولدى، يۈرەكلەر جايىغا چۈشتى، خۇداغا شۈكۈر ...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قوشنامنىڭ كۈيۈ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى، ئامەت ئىش باشلىغاننىڭ 10 - كۈنى كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. 7 -، 8 - ،9 - كۈنلىرى ئەمەس دەل 10 - كۈنى كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مانا كۆردىڭىزمۇ، ئاخىرغىچە بەل قويۇۋەتمەسلىك ئامەت دېگەنلىكتۇر.

كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان، مېنىمۇ يېقىن كۆرىدىغان ئاشۇ تەقۋادار يىگىت 4 - 5 كۈنلەردىن كېيىنكى بىر مەرىكىدە ئۇچراپ يەنە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى: «تۈنۈگۈن يەنە بىر تاش چىقىپ، 293 مىڭغا سېتىلدى. «توزاقچى» دېگەن كىچىك تاش چىقمايدىغان، چىقسا چوڭ تاش چىقىدىغان يەركەن، يەر ئىگىسى 20% (59 مىڭنى) نى ئالدى. قالغىنىنى قاتقان پېيىمىزغا قاراپ بۆلۈشتۇق» ...

ئامەت دېگەن شۇ. چوڭى چوڭ ئامەت، كىچىكى كىچىك ئامەت!

ئەگەر ئاپتور بۇ يەردە خاتىرىسىگە يېزىۋالغان پالانچىغا ئانچە پۇللۇق، پۇستانچىغا مانچە پۇللۇق تاش چىقتى دېگەنلەرنى كۆچۈرۈۋېرىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، قاشتېشى قازغۇچىلاردىن ئاشۇنداق ئامەتكە يولۇقۇپ، بىراقلا باي بولۇپ كەتكەنلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. ئەمما، بۇ يەردە بىز ئامەتتى قاچقانلار ھەققىدىمۇ بىر - ئىككى ھېكايە كەلتۈرەيلى. ئامەتلىكلەر بار يەردە ئەلۋەتتە ئامەتسىزلەرمۇ بولىدۇ، بەلكىم كۆپرەك بولىدۇ.

1. تونۇش دوختۇر ئېيتقان ھېكايە: «تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى».

«يېرىم كېچىدە بىر جىددىي كېسەلنى ئېلىپ كېلىشتى. دەرھال تەكشۈردۇق. باشقا دوختۇرلارنىمۇ ئويغاتتۇق. ‹يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى› دەپ دىياگنوز قويۇلدى. كېچىچە قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردۇق. بىمار ياش، كۈچلۈك بولغانلىقتىنمۇ ياكى

بىزنىڭ قۇتقۇزۇش تىرىشچانلىقىمىز ئۇنۇم كۆرسەتتىمۇ ۋە ياكى ياراتقۇچى شىپالىق ئاتا قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز قەتئىي مىدىرلىماسلىقنى، كارىۋاتتىن چۈشمەسلىكنى، گەپ - سۆز قىلماسلىقنى تاپىلاپ، داۋاملىق داۋالىدۇق. كېيىنكى كۈنلىرى مەن ئۇنىڭ يېڭى تۇرغۇزۇلغان كېسەللىك تارىخىنى كۆرۈپ سەل ھەيران بولدۇم: ئىسمى xx، 29 ياش، x يېزىدا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقانداق كېسىلى يوق ئىكەن. كېسەلخانىدا يېتىش تۈگۈل، زۇكام دورىلىرىدىن باشقا دورىمۇ يەپ باقمىغانىكەن. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئۇ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىدىغان ياشتىن خېلى كىچىك ئىدى. سوراشتۇردۇم: «ھېرىپ كەتكەنمۇ؟ — ياق، بىرەرسى بىلەن خاپىلاشقانمۇ؟ — ياق، يۇقىرىدىن تەنقىد ئاڭلىغانمۇ؟ — ياق. بىرەر دەردى بارمىدى؟ — ياق» خوتۇنى بىلەن ئاتا - ئانىسى ئاشۇ «ياق» تىن ئۆزگە ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمىدى. ھېلى كېسەللىك تارىخىغا، ھېلى بىمارغا قاراپ ئويلايمەن: يا سەمرىپ كەتمەپتۇ. يا قاندىكى ماي، خولېستېرىن مىقدارى ئارتىپ كەتمەپتۇ. قاننىڭ قويۇقلۇق - يېپىشقاقلىق كۆرسەتكۈچىمۇ نورمال. سەۋەبسىزلا قوزغىلىدىغان قانداق يۈرەك كېسىلى بۇ؟ مەن ھەيران بولاتتىم. ئەمما، مېنىڭ ھەيرانلىقىمنىڭ تۈگۈچلىرىنى ئىككى كۈندىن كېيىن، يوقلاپ كەلگەن ھەقەمسايىلىرى يېشىپ تاشلىدى.

ئەسلىدە ئۇلار بىرقانچىسى شېرىكلىشىپ 10 - 15 مىڭ يۈەندىن چىقىرىشىپ، قاشتېشى قېزىشقا مەبلەغ سالغانىكەن. تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ، تاش ئىلغايدىغانلارنى يالالاپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قاشتېشى قېزىپتۇ. ئىككى ئاي، ئۈچ ئاي قېزىپتۇ. تۈزۈكرەك بىرنەرسە چىقماپتۇ. ئەمدىلىكتە سالغان مەبلەغ تۈگەپ يېڭىدىن مەبلەغ

سېلىشقا توغرا كەپتۇ. ھەقەمسايىلەر بوگۇن ئۇچرىمىسا، ئەتە ئۇچرار، دەپ ئويلايدىكەن. ئۇمىدلىنىدىكەن، لېكىن مۇنۇ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى يېگىدىن مەبلەغ سېلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ. ئۇنىڭ مائاشتىن باشقا يەنە قانداق كىرىم مەنبەسى بولسۇن؟ پارا دېگەنمۇ ھەر كۇنى كېلىپ تۇرمايدۇ - دە، بولۇپمۇ مۇئاۋىنلارغا. چوڭ قىلالىسا، بىر كەنتتە 2 - 3 مو، 4 - 5 مو كېۋەز تېرىتالايدۇ شۇ. پاختا ساتقان ئۇنچىلىك پۇل ئۇنىڭ چىقىمىغا يەتسۇنمۇ؟ شۇنداق قىلىپ: مۇئاۋىن يېزا باشلىقى — مۇنۇ بىمار قاشتېشى كولاش كومپانىيەسىدىكى شېرىكلىكتىن چېكىنىپتۇ. «بۇ چاغقىچە سالغان مەبلەغ زىيان بولسۇن، ئەمدى توختاپ قالاي» دەپ جاكارلاپتۇ ئۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ: مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئاشۇنداق جاكارلاپ، ئەتىسىلا ئاشۇ شېرىكچىلىك كومپانىيەسىگە بىر دانە ھەم چوڭ، ھەم گۈزەل قاشتېشى چىقىپ، 2 مىليونغا سېتىلىپتۇ. مانا شۇ خەۋەر ئۇنىڭغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ گويا يۇرىكىگە ئوق تەگكەن ئەسكەردەك ئارقىسىغا تىرىككىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ...»

دوختۇر ئېيتقان ھېكايە ئەنە شۇ. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولالىغان يىگىتنى «تەلەيسىز» دېيىشكە بولماس. ئەمما، ئۇ يەنە بىر كۇن بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ئامەت يېتىپ كېلىدىغان پەيتكىچە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى، بىز شۇنداق دېمەي يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟

2. باجام ئېيتقان ھېكايە: «مىليون يۇەندىن قۇرۇق قېلىشىغا ئۆي سېتىۋېلىش سەۋەب بولدى».

باجامنىڭ تۆتىنچى ئوغلى قاشتېشى قېزىشقا مەبلەغ سېلىپ يۇرگەنىكەن. تېخى قايسى شېرىكچىلىك گۇرۇپپىسىدا ئىكەن دېمەمسىز؟ بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندە xx ناھىيەسىدىكى

xx نىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىر گۇرۇپپىدا ئىكەن. تۆتىنچى ئوغۇل پات - پات: «بىر ئېسىل تاش ئۇچراپ، بۇ ئايلىق چىقىم تۈزلەندى»، «بىر پارچە تاش چىقىپ 270 مىڭ يۈەنلىك قىزىش ماشىنىسى هايىنغا قالدى»، «بۇ ئايدا مانچى پۇلدىن پايدا تەگدى» دېگەندەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىكەن. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شېرىكچىلىك گۇرۇپپىسىدا ئەھۋال - ئامەت يامان ئەمەستەك ئىكەن. 2006 - يىلى يازدا تۆتىنچى ئوغۇل ئۆي - مۈلۈك سودىگەرلىرى سالغان قەۋەتلىك بىنالاردىن ئۆي سېتىۋاپتۇ. دېمىسىمۇ ئەمدى بىر پەرزەنتلىك بولغان ئۇنىڭغا ئۆي لازىم ئىدى - دە. ئەمما، پۇلنى تاپشۇرىدىغان چاغدا سەل قىسىلىپ قاپتۇ. باشقا چارە قىلالماي، ئاخىر قاشتېشى قېزىش شېرىكچىلىك گۇرۇپپىسىدىن چېكىنىپ چىقىپتۇ. سالغان مەبلىغىنىمۇ، ئارىدىكى ئانچە - مۇنچە پايدىسىنىمۇ ئېلىپ چېكىنىپ چىقىپتۇ. ئۇ چېكىنىپ چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاشۇ گۇرۇپپىغا ھېلىقى داڭقى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەن 5 مىليونلۇق گۈزەل قاشتېشى چىقىپتۇ، باجام — تۆتىنچى ئوغۇلنىڭ دادىسى ئاشۇ ئىشنى سۆزلەۋېتىپ «مىليون يۈەندىن قۇرۇق قېلىشقا ئۆي سېتىۋېلىش سەۋەب بولدى» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئازراق ھەسرەت باردەك ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ بۇ خېلىلا ھەسرەتلىنەرلىك ئىش ئىدى. ئاپتور سەل كېيىنرەك ئاشۇ تۆتىنچى ئوغۇل بىلەن دىدارلاشقاندا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىۋېدى، تۆتىنچى ئوغۇل ئېرەنشىپمۇ قويمىدى. تېخى چاقچاققا ئايلاندۇردى. ئۇ راستىنىلا بۇ ئىشنى قېتىغا ئالمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ياش يىگىت مىليون يۈەننىڭ قىممىتىنى تازا چۈشەنمەيدىغاندۇ. بەك چوڭ قىيىنچىلىق تارتىپ كۆرمىگەچكە، پۇلنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغاندۇ. ئەمما، ئۇ ھازىرقى سەۋىيەدە مائاش ئالسا، ئاشۇ 1 مىليوننى تېپىش ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ

50 يىل ۋاقىت كېتەتتى. ئەمما، بىزنىڭ ئەسلىي گېپىمىز بۇ ھەقتە ئەمەس. ئامەت ـ تەلەي مەسىلىسى توغرىسىدا، ئامەتنىڭ بۇ قېتىم تۆتىنچى ئوغۇلنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكىنى راست. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بەكلا قېتىمغا ئېلىپ كەتمىگىنىمۇ توغرا. ئېيتىشلىرىچە، ئوغۇل بالىغا ئامەت ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئالدىنى قىلارمىش. ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، يەنە ئىككى قېتىملىق ئامەت پۇرسىتى بار دېگەن گەپ. كېيىنكى ئىككى قېتىمدا ئۇنىڭ بېشىغا تېخىمۇ چوڭ ئامەت قۇشى قونۇشى مۇمكىن.

قاشتېشى قازغۇچىلار ئارىسىدا: «بىرەر شېرىكچىلىك گۇرۇپپىسىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت قاشتېشى ئۇچرىمىسا، شۇ گۇرۇپپىدىن بىرەر كىم چىقىپ كەتسە ياكى يېڭى بىر ئادەم گۇرۇپپىغا قېتىلسا تاش چىقىدۇ» دېگەن گەپ ئېقىپ يۈرىدۇ. بەلكىم بۇ گەپمۇ ئامەت پەيتى توغرىسىدىكى گەپ بولۇشى مۇمكىن.

بىز تەلەيسىزلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى 11 ـ بابتا داۋاملاشتۇرىمىز. ئەمدى باي بولۇپمۇ كېتەلمىگەن، ئەمما تېخى خاراب بولۇشقىمۇ ئۇلگۇرمىگەنلەر ھەققىدە ھېكايە قىلايلى.

## كىرىمى ئاشقان، ئەمما باي بولالمىغانلار ھەققىدە ھېكايە

قاشتېشى قېزىپ كىرىمى ئاشقان، ئەمما باي بولالمىغانلار قاشتېشىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ 60% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاشتېشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى بىر جەمئىيەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە، ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى ئەركىن بايلىق تەقسىماتى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 20% نى تەشكىل قىلىدىغان بايلارنى، 60% نى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا ھاللارنى، 20% نى تەشكىل قىلىدىغان

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurix.com

نامراتلارنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قاشتېشىچىلىقنىمۇ بىر ئەركىن تەقسىماتلىق جەمئىيەت بولغانلىقتىن، ئاشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا بولۇشى تەس. شۇڭا بىز قاشتېشىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرغان، لېكىن بېيىپ كېتەلمىگەنلەرنى 60% تە پەرەز قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ نىسبەتتىن كۆپ بولۇشىمۇ، ئاز بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا قاشتېشىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن چەكلىك، ئۇنى ئىزدەش بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى بولغانلىقتىن، ھېلىقى نىسبەت، يەنى 60% دىكىلەرنىمىز تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ھەم مۇمكىن. ھەتتا ئۇنى 80% دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، قاشتېشى قېزىش ئارتۇقچە زىيانمۇ تارتمىغان، بەك كۆپ پايدىمۇ ئالالمىغانلار تەبىقىسىنى، قاشتېشى سەۋداسى جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم، دەپ قاراش ئەقىلگە خېلىلا ئۇيغۇن. ئەمدى شۇنىڭغا دائىر بىرقانچە مىسال ئالايلى.

1. ھېكايە: كۆنلۈك ئىش ھەققى 20 يۈەنگىمۇ يەتمەسلىك.

2 ـ باجامنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزى 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ قاشتېشى قېزىشقا چىقىپتۇ (ئالدىنقى يىللىرى قىشتىمۇ ــ دېھقانچىلىق بوشىغان چاغلاردا چىقاتتى. بۇنى ھېسابقا ئالمىدۇق)، قوشنىلار ۋە تونۇشلار بىلەن 15 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا بولۇپ، «باش ئازما» نىڭ 4 ـ 5 كىلومېتىر يۇقىرىسىدا، دەريا ئىچىدىن ئورەك كولاپ، قاشتېشى ئىزدەپتۇ. ئىش ئېپتىدائىي قوراللار بىلەن بىلەككە تايىنىپ قىلىنىدىكەن. قاشتېشى چىقمايمۇ قالماپتۇ. پات ـ پات، ئانچە ـ مۇنچە چىقىپ تۇرىدىكەن. چىققانلىرىنى ئۇدۇللۇق سېتىپ، تەقسىماتمۇ قىلىپ تۇرىدىكەن. ھازىرغىچە (بىز پاراڭلاشقان 2007 ـ يىلى 14 ـ فېۋرالغىچە) 100 كوندەك بوپتۇ. ھەربىر بالىنىڭ قولىغا تەگكەن پۇل ئاران 2000 يۈەنگىچە توغرا كېلىدىكەن. مەن

ھېسابلاپ: «ھەربىر بالىنىڭ كۆنلۈك ئىش ھەققى 20 يۈەنگىمۇ يەتمەپتۇ» دېدىم. مەدىكار بازىرىدىن يالـلايدىغان مەدىكارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى 40 يۈەندىن تۆۋەن بولمايۋاتقان (ئەلۋەتتە ئىش تاپالىغان كۈنى) شۇ كۈنلەردە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك تۆۋەن تاپاۋەت ئىدى. ئەمما، قېيىنسىڭلىم نېمە دەپ سۆز قاتتى دېمەمسىز؟ «ئىش يوق، ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ بىكار ئولتۇرىدۇ. گىلەم توقۇسا، كۈنلۈك ئىش ھەققى 10 يۈەندىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئاشۇ دەريادا يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى بولسىمۇ باقسا، بۇ پايدىغا ھېساب...» مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى چۈشەندىم. نېمە ئامال؟ تېرىلغۇ يەر نوپۇسقا بىر مودىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ. گىلەمچىلىكتىن باشقا ئىشمۇ يوق. قاشتېشى كولاشتىن شۇنچىلىك بولسىمۇ، كىرىم بولسا، يەنىلا كىرىم ئاشقانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

2. ھېكايە: كۈنلۈك ئىش ھەققى 40 يۈەندىن بولۇش.

2007 ـ يىلى 7 ـ مارت. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ خىزمەتچىسى، يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ يېقىنى ئىلى ئاخۇن بىزنى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكىدىن 14 كىلومېتىر جەنۇبتىكى دەريا قىنىغا قاشتېشى قېزىشنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ چىقتى. شۇ يەردە، ئاغىنىلەرنىڭ گۇۋاھچىلىقىدا، لوپ ناھىيە دول يېزىسىدىن كېلىپ، جوتو، گۈرجەك بىلەن قاشتېشى قېزىۋاتقان ئابلىز ھاجىم ئىسىملىك مويسىپىت بىلەن پاراڭلاشتىم. ئاپپاق ساقىلى تولىمۇ چىرايلىق ياراشقان، ئېگىز بوي، ئورۇق، قاتمال، 70 ياشتىمۇ ماغدۇرىدىن كەتمىگەن دېھقان «قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا (2006 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر) 20 كۈندەك قازغانتىم. كۈنلۈك كىرىمىم 100 يۈەن ئەتراپىدا بولغانىدى. يېقىندا كېلىپ قېزىۋاتقىنىمغا يەنە 20 - 30 كۈن بولدى. ھېچنېمە چىقمىدى. ئىلگىرى قازغان يېرىمنى ماشىنا

www.uyghurkitap.com

بىلەن قازىدىغانلار ئىگىلىۋالدى. كورلىدىن كەلگەن قىزىش ماشىنىسىنىڭ خەنزۇ شوپۇرى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر كۈن ھەقسىز شىغىل تۆكۈپ بەرمەكچى بولغانتى، ئۇنى يالالاۋاتقانلار «بىز بىلەن تۈزگەن توختام مۇددىتى توشقاندا قىزىپ بەر» دەپ يول قويمىدى. يەنە بەش كۈن ساقلايدىكەنمەن» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. بىز بۇۋاينىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ قاشتېشى ئارقىلىق قىلغان كىرىمىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئومۇمەن ئۇنىڭ ھازىرغىچە بولغان كۈنلۈك ئىش ھەققى 40 - 50 يۈەن ئەتراپىدا بوپتۇ. بۇنچىلىك كىرىم بىلەن بېيىپ كەتكىلى بولارمۇ؟

يۇقىرىقىلاردەك ئىككى قولىغا تايىنىپ، گۈرجەك، جوتو، تاماق بىلەن قاشتېشى قېزىۋاتقانلار سان - ساناقسىز. مەن بۇ يەردە يەنە ئىشسىز ئىككى سىڭلىمنىڭ قاشتېشى قېزىشلىرىنى، نەۋرە تۇغقانلىرىمنى، مەن سۆزلەشكەن - پاراڭلاشقان تونۇش - ناتونۇش ئادەملەرنى تالاي مىسال كەلتۈرۈشۈم مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ 2 - باجامنىڭ بالىلىرى ۋە ئابلىز ھاجىمنىڭكىگە ئوخشاش. ئازراق كىرىم قىلدى - يۇ، لېكىن بېيىپ كېتەلمىدى. ئەمدى قاشتېشى قېزىشتا ماشىنىلاشقانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى.

3. ھېكايە: چىقىم ئاران - ئاران تۈزلىنىش.

ئىگىلىك تىكلەشكە ناھايىتى ئېپى بار كونا ئاغىنەم ئا xx، يۇرۇڭقاش كونا كۆۋرۈكى يېنىدىكى 30 مولۇق زېمىنغا تىجارەت بىناسى ۋە ماشىنا توختىتىش مەيدانى سالماقچى بوپتۇ. ئەمما زېمىن يول يۈزىدىن سەل پەسرەك بولغاچقا بىزە كۆتۈرۈش زۆرۈر ئىكەن. ئۇ دەريا باشقارمىسى ئارقىلىق يۇرۇڭقاشنىڭ قىنىدىن 300 ماشىنا تاش - شېغىل يۆتكىۋېلىشقا رۇخسەت ئاپتۇ ۋە قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ 2006 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا دەريادىن تاش - شېغىل قېزىشقا كىرىشىپتۇ.

2007 ـ يىلى 26 ـ يانۋار كۈنى ئاپتور ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئاغىنىسى قەييۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئا xx تاش ـ شىغىل قېزىۋاتقان يەرنى، كۆۋرۈكتىن 3 ـ 4 كىلومېتىر جەنۇبتىكى دەريا ئىچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كۆردىكى، بۇ يەردە «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار قېزىش ماشىنىسى 8 ـ 10 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن قېزىپ چىققان تاش ـ شىغىلنى، ئۇنىڭ ئۇسكۈنىسىدىن تۆمۈر تاماق بىلەن ئاستا ـ ئاستا سىيرىپ چۇشۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ كۆزىتىپ قاشتېشى ئىزدەيدىكەن، قاشتېشى پارقىرىسا تېرىۋالىدىكەن. بۇ جەريان توشۇش ماشىنىسىدا بىر ماشىنا شىغىل دۆۋىلەنگۈچە داۋاملىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قېزىش ماشىنىسى قاشتېشى ئىلغىۋېلىنغان ئادەتتىكى تاش ـ شىغىلنى توشۇش ماشىنىسىغا قاچىلاپ بېرىدىكەن. توشۇش ماشىنىسى ئۇنى كۆتۈرۈلمەكچى بولغان يەرگە تۆكۈپ كەلگۈچە، يەنە قېزىش، قاشتېشى ئىزدەش داۋاملىشىدىكەن. ئىش شۇ تەرتىپتە ئۈزۈكسىز داۋاملىشىدىكەن.

شۇ مەيداندا ئا xx ئاغىنىلىرىگە قەدىمكى تەڭگە خالتىسىغا ئوخشايدىغان بىر ياغلاش خالتىنى ئېچىپ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتا چىققان قاشتېشىلىرىنى كۆرسەتتى. 20 ـ 30 تالچە. چوڭى تورۇزا تېشىچىلىك، كىچىكى زىرىدەك، سۈپىتىمۇ ھەر خىل، نەۋرە قىزىمدەك تاتلىق كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغانلىرىمۇ، ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازدەك خاپا چىرايلىرىمۇ بار. ئاغىنىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېسىلرەك بىرىنى «50 مىڭ يۈەنلىك» دەپ، يەنە بىرىنى «10 مىڭ يۈەنلىك» دەپ باھالىشىپتۇ. قالغانلىرى 2 ـ 3 مىڭ، 5 ـ 6 يۈز، 20 ـ 30 يۈەنلىكلىرى ئىكەن. ئاغىنىمىز: «ئەگەر راستتىنلا شۇنداق باھادا ساتقىلى بولسا، چىقىم ئاران ـ ئاران تۈزلىنىدۇ. بىنا سالماقچى بولغان يەرنى كۆتۈرۈش ھايىنىغا قالىدۇ» دېدى.

نەۋرە تۇغقانلىرىمدىن بىرى 200 مىڭ يۈەنگە بىر دانە تاش ـ توپا قېزىش

ماشىنىسى سىتىۋېلىپ، سوغۇق قۇمدىن قاشتېشى قېزىۋاتقاندى. ئۇنىڭ 2007 ـ يىلى 20 ـ يانۋاردا پاراڭ قىلىپ بېرىشىچە، كۆنلۈك چىقىم كۆندە تۈزلەنمەيدىكەن. بىر ئايدا بىر قېتىم ئۇدۇللاشتۇرغان ياخشى ئىكەن. ئايلىق چىقىم ئاران ـ ئاران تۈزلىنىۋاتىدۇ. قېزىش ماشىنىسى سېتىۋالغان پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا تېخى خېلى بارىدەك قىلىدۇ. قېزىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ياكى ئىجارىگە ئېلىپ قاشتېشى قېزىۋاتقانلارنىڭ تولىسى دەيدىغان گەپ ئاشۇنداق بىر خىل: «چىقىم ئاران ـ ئاران تۈزلىنىۋاتىدۇ.» ئۇلارنىڭ ئاپتورغا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگۈسى كەلمىدىمىكىن؟ ھەرقانچە بولسىمۇ، يېقىن ئاغىنە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان يوشۇرۇپ يۈرمەس. قاشتېشىنىڭ مىقدارى ۋە تېپىلىش مىقدارىدىن قارىغاندا، «ئاران ـ ئاران تۈزلىنىش» خېلىلا ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. پايدا تاپقاندىمۇ، پايدا باي بولۇپ كەتكۈچىلىك ئەمەس. ھەممە ماشىنا بىلەن قازغۇچىنى باي قىلىۋەتكۈدەك كۆپ قاشتېشى نەدە؟

بۇ يەرگە قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتقان سىيلىنمىسى ئاز، خوتەننىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئۆزىدە سېتىۋاتقان كىچىك سودىگەرلەرنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ كىرىمى ئاشقان ـ يۇ، ئەمما باي بولۇپ كېتەلمىگەن. بۇنداقلار قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدۇ.

## قاشتېشى قېزىپ زىيان تارتقان ۋە خاراب بولغانلار ھەققىدە ھېكايە

قاشتېشى قازغۇچىلار، مەيلى ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن

قازسۇن، مەيلى قېزىش ماشىنىسى بىلەن قازسۇن، « 20% ى پايدا ئالىدۇ، 30% ى ئۇدۇللۇق، 50% ى زىيان تارتىدۇ» دېگەن گەپكە ئاپتور ئىشەنمەيدۇ. ئاپتورنىڭ مۆلچەرى باشتىكى بابتا ئېيتىلغاندەكلا: پايدا ئالغۇچى ۋە زىيان تارتقۇچىلار 20%، ئۇدۇللۇق ئېرىشىۋاتقانلار 60%.

«ھەر كۈنلۈكى چىققان قاشتېشى ھەرقانچە بولسا 500 مىڭ يۈەنلىكتىن ئاشمايدۇ. شۇ كۈنى 1.5 مىليونلۇق زىيان بولىدۇ» دېگەن گەپ توغرىسىدا، ئاپتور سەل ئويلىنىپ قالدى. ئېرىشكەن ئىستاتىستىكىلىق سان - سېپىرلار راسا ئىشەنچلىك ئەمەس. قاشتېشى قېزىش ئورۇنلىرىدا 5000 دانە تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى ئىشلەۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر كۈندە 500 يۈەنلىك ماي كۆيدۈرسە، ھەقىقەتەنمۇ 2.5 مىليون يۈەنلىك ماي كۆيدۈرگەن بولىدۇ. شۇ كۈنى تېپىلغان قاشتېشى نەچچە پۇللۇق؟ ئەگەر بىز ئىشلەۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سانىنى 2500 گە ئازايتىپ مۆلچەرلىسەك، ئۇلار يەنىلا بىر كۈندە 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنلىك ماي كۆيدۈرىدۇ. ئاپتورغا ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ئېيتقان قاشتېشى مىقدارىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ، 1 مىليونلۇق قاشتېشى چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، شۇ كۈنى يەنىلا 250 مىڭ يۈەن زىيان بولغان بولىدۇ. تېخى بىز بۇ يەردە ئىجارە ھەققى، يەر پۇلى، ئىش ھەققى ۋە باشقا چىقىملارنى ھېسابقا ئالمىدۇق. قارىغاندا، چوڭ جەھەتتە يەنىلا زىيان كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ئېنىقتەك تۇرىدۇ.

كۆپ پۇللۇق قاشتېشى تېپىۋالغانلىق ۋە بىراقلا مىليونېر بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ داۋرىڭى جاھاننى بىر ئېلىش، زىيان تارتقۇچىلار ۋە خاراب بولغانلارنىڭ گېپى سىرتقا چىقماسلىق، بۇ قېتىمقى قاشتېشى غوۋغاسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولغانلىقتىن، ئاپتورغا يەتكەن پاراڭ ۋە ھېكايەتلەردە، كېيىنكىلەر تولىمۇ ئاز تىلغا ئېلىندى. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇلار

ھەققىدە بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرەيلى.

1. ئىدارە باشلىقى ئېيتقان ھېكايە:

ئىدارىگە قاراشلىق شۆبە ئورگاندىكى يېقىن باللار بىر كۈنى: «بىرقانچىمىز بىرلىشىپ، قېزىش ماشىنىسى ۋە يەر ئىجارىگە ئېلىپ قاشتېشى قازماقچى بولۇۋاتىمىز. شېرىك بولامىلا؟» دەپ تېلېفون قىپتۇ. مەن «پاي قاتقۇدەك پۇلۇم يوق» دەپ رەت قىلدىم. ئۇلار كېيىن ئۇچراشقاندا: «ئىشنى باشلىۋەتتۇق، سىلە پۇل چىقارمىسىلىمۇ شېرىك قىلىپ قويدۇق» دېيىشتى. مەن كۇلۇپلا ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئارىدىن 2 - 3 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. يېقىندا ئۇلار يەنە: «ئۈچ ئاي قازدۇق، 180 مىڭ يۈەن چىقىم بوپتۇ، چىققان قاشتېشى 60 مىڭ يۈەنگە ياردى. ھەربىرىمىز 20 مىڭ يۈەندىن زىيان تارتقان بولدۇق، زىياننى سىلىگە تەقسىم قىلمىدۇق» دەپ تېلېفون قىلىشتى ... ئىش ئاشۇنچىلىك، 20 مىڭدىن زىيان. بۇ ئاشۇ باللارنىڭ ئاز كەم بىر يىللىق ئىش ھەققى دېگەن گەپ. ئارزۇلاپ كەتكۈچىلىكى يوق قاشتېشى قېزىش دېگەننىڭ ...

2. نەۋرە ئىنىلىرىمدىن بىرى ئېيتقان ھېكايە:

مەھەللىدىكى 20 دەك ئادەم شېرىكلىشىپ، پاي قېتىپ «توزاقچى» دىن بىر ئاي قاشتېشى قازدۇق. ھەربىر پاي ئۈچۈن (بىر پاي 1000 يۈەن ئىكەن) 450 يۈەندىن زىيان چىقتى. يەنە بىر ئاي قازماقچى بولۇۋاتىمىز، ئالدىنقى زىياننى تولدۇرۇۋالالايمىزمۇ ياكى قاتقان پاينىڭ قالغىنىمۇ شامالغا ئۇچامدۇ؟ ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئەمدى ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتقۇمىز كەلمەيۋاتىدۇ ...

3. دەريادا ئاڭلىغان ھېكايە:

ئاشۇ تولا تىلغا ئېلىنغان 2007 ـ يىلى 7 ـ مارت كۈنى. كونا كۆۋرۈكتىن 14 كىلومېتىرلىق جەنۇبتىكى دەريا قىنىدا،

لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىن كېلىپ قاشتېشى قېزىۋاتقان ئىمىننىياز ئاخۇن ئىسىملىك يىگىت بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ئاشۇ يەردە ئايلىقىنى 40 مىڭ يۈەندىن ئىجارىگە ئېلىپ OWLOV ماركىلىق تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى بىلەن قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. «قېزىۋاتقىنىمىزغا بەش كۈن بولدى. 1000 يۈەنلىكچە قاشتېشى چىقتى» دەپ سۆزلەپ بەردى ئۇ. ھېسابلاپ كۆردۈق. ئۇ بەش كۈندە 6500 يۈەن چىقىم قىلىپ، 1000 يۈەنلىك قاشتېشىغا ئېرىشىپتۇ. بۇ زىيان بولماي نېمە؟ ئۇنىڭدىن «بۇ تۈنجى قېتىملىق قاشتېشى قېزىشىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئالدىدا ‹سوغۇق قۇم› دىمۇ قازغان. شۇ چاغدىمۇ زىيان چىققانتى» دەپ جاۋاب بەردى. بىز تۆت ئاغىنە ئاشۇ يەردە، ئىمىننىياز ئاخۇن ئىشلىتىۋاتقان قېزىش ماشىنىسى 15 ئۇسكەن تاش - شېغىل قازغۇچە، ئۇلار 15 ئۇسكەن تاش - شېغىلنى تۆمۈر تاماقتا تاتىلاپ، ئاستا - ئاستا يەرگە چۇشۇرگۈچە قاراپ تۇردۇق. كۆزلەر تاش - شېغىللارغا ئۇمىد بىلەن مىختەك قادالغان ھالەتتە ئىدى. تاكى 15 ئۇسكەن تاش - شېغىل چۇشۇرۇلۇپ بولغۇچە ئۇلار بىر قېتىممۇ قول ئۈزاتمىدى. بۇ ئاشۇ 15 ئۇسكەن تاش - شېغىلدىن بىرەر تال مارجان بولغۇدەكمۇ قاشتېشى ئۇچرىمىدى دېگەنلىك. ئۇلارنىڭ ئامىتى ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىز ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈردۇق. خوشلىشىۋېتىپ: «يازماقچى بولغان خەۋىرىمگە ئىسمىڭىزنى يازسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. «يېزىۋەرسىلە، بۇ يەردە يوشۇرغۇدەك ياكى خىجىل بولغۇدەك ئىش يوق، ئوغۇل بالا دېگەن زىياندىن قورقۇپ قالمايدۇ» دېدى ئۇ مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ.

4. تونۇشۇم x ئېيتقان ھېكايە:

قوشنام تاكسى ھەيدەيتتى، كىرىمى ئوبدانلا ئىدى. كېيىن قاشتېشى قېزىشقا قىزىقىپ تاكسىنى ساتتى. 3 - 4 ئايچە

بولدىغۇ دەيمەن. مانا ئەمدى كىرىم توغرىسىدا ھېچ گەپ يوق. دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپلا قالدى...

5. خىزمەتدىشىم ئېيتقان ھېكايە:

بېكەتتە چىرىغا قايتىۋاتقان يۇرتداشلىرىمدىن 8 ـ 9 كىشى ئۇچراپ قالدى. پاراڭلاشتۇق، مەلۇم بولدىكى، ئۇلار قاشتېشى قازغىلى كېلىپ بىرەر ئايچە ئىشلەپتۇ. تۇزۇكرەك بىر نەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئەمدى مانا ئاخىرقى قېتىم يانچۇقلىرىنى كولاپ، ئاپتوبۇس بېلىتى ئالماقچى بولۇۋېتىپتۇ. «بىزنىڭ رىزقىمىز دەريادا ئەمەسكەن. يەنىلا ئېتىزىمىزنى تىلغىساق بولغۇدەك» دېيىشتى. قاراڭ مانا...

6. زىيان تارتقۇچىمۇ ياكى تىلەمچىمۇ؟

2006 ـ يىلى 16 ـ ئاپرېل، ئاغىنىمىز xx نىڭ قاشتېشى سېتىشىنى كۆرگىلى چىقىپ، قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ، بىرقانچىمىز پاراڭلىشىپ تۇردۇق. شۇ يەرگە 50 ياشلاردا، بېجىرىم، چېلىشچىلاردەك تەمبەل بىر ئادەم يېقىنلىشىپ كەلدى. گەپ ـ سۆزىمىزگە خېلى ئۇزۇن قۇلاق تۇتتى. مەن، قاشتېشى سودىسىغا شېرىك بولغۇچىمۇ ياكى... دېگەن مەندە ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قويدۇم. ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان ئادەم ئاخىر ئېغىز ئاچتى: «ئائىئۆي» نىڭ ئۇدۇلىدا 50 كۈن قاشتېشى قازدىم. ھېچنېمە ئۇچرىمىدى. بۈگۈن ئايالىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. قايتاي دېسەم، ماشىنا كىراسىغىمۇ، بالىلارغا 3 ـ 4 دانە گۆشگىردە ئېلىۋېلىشقىمۇ پۇل يوق، بېشىمغا كۈن چۈشتى. ماڭا...» ئۇ كىشى سۆزلەۋاتقاندا ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ، تۆكۈلگەن مارجاندەك دومىلاپ چۈشتى...

قەييۇمجان بىر سوم پۇل بەردى، قالغانلىرىمىز پارچە پۇل يوقلۇقىنى ئېيتىپ، «خۇدايىم بىرەر» دېيىشتۇق. ئۇ كىشى

كەتكەندىن كېيىن، ئارىمىزدا، ئۇ كىشىنىڭ راستىنلا قاشتېشى قېزىپ زىيان تارتقۇچى ياكى ھېكايە توقۇپ تىلىگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن تالاش - تارتىش بولدى. مەن ئۇنىڭ ھېكايە توقۇپ تىلىگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىم. كەسپىي تىلەمچىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنداق كۆپ ياش ئېقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

يۇقىرىقىلىرى قاشتېشى قېزىپ زىيان تارتقۇچىلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر. قاشتېشى قېزىپ خاراب بولغانلار بارمۇ - يوق؟ مەن پاراڭلاشقان نۇرغۇن كىشى قاشتېشى قېزىش جەريانىدا قەرزگە بوغۇلۇپ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار توغرىسىدا پاراڭ قىلدى. ئەمما، ھېچكىم ئاشۇ ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ۋەقەنى يېزىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئېيتىشلىرىچە، ئۇ كىشى قېزىش ماشىنىسى ياللاپ ئۇزۇن مەزگىل قاشتېشى قېزىپتۇ. قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە پۇل كېرەك - تە. ئۇ دەسمايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قەرز ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئايدا ئۈنىڭدىن قەرز ئالسا، يەنە بىر ئايدا بۇنىڭدىن قەرز ئالىدىكەن. توختىماي قەرز ئېلىۋېرىپتۇ. ئەمما، قەرزلەرنى قايتۇرغۇدەك قاشتېشىغا ئېرىشەلمەپتۇ. قەرز دېگەننىڭ مۆھلىتى بولىدۇ - دە، قەرز بەرگۈچىلەر سۈيلەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى كەچتە، ئۇ ئۆزى قەرز ئالغان ھەممە كىشىگە تېلېفون بېرىپ، ئەتىسى ئەتىگەن ئۆزى قاشتېشى قېزىۋاتقان يەرگە كېلىشنى، قەرزلەرنى قايتۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن قەرز ئىگىلىرى ئۇ دېگەن يەرگە كەلسە، قەرزدار قېزىش ماشىنىسىنىڭ ئۇسكۈنىگە ئېسىلغان ھالەتتە تۇرغۇدەكمىش. بوينى ئۈزىراپ پۇتى يەرگە تېگىپ قالغانمىش. يۇمۇلمىغان كۆزلىرى چانقىدىن پولتىيىپ چىققانمىش...

يەنە بىر قەرزگە بوغۇلغۇچى توغرىسىدا: «ئۆزىنى قېزىش

ماشىنىسىنىڭ چاقى ئاستىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى ...» دېيىشتى.

ئەمدى نېمە دەيمىز؟ ئاپتور «قەرزدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇ» دېسە، تاش يۈرەكلىك بولار. ئادەم دېگەندە ئازراق ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئاشۇ خەۋەرلەرنىڭ راست - يالغانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىش ئەلۋەتتە بارزان تىكرىتنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بوينىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەندەكلا بىمەنىلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە قاشتېشى قېزىش جەريانىدا، ئىقتىسادىي جەھەتتە، جىسمانىي جەھەتتە، روھىي جەھەتتە خاراب بولغانلار بار. ئەمما، بەكلا جىق ئەمەس.

بۇ يەردە، خوتەنلىكلەر ھوسۇلى مۆلچەرلەنمىگەن ئىشقا نېمانچىۋالا ئېسىلىۋالىدۇ؟ ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى توختاپ قالسا بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

قاشتېشىغا شۇنچىۋالا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشنى 3 - باجام مۇنداق سۆيەتلىدى: «‹قاشتېشى قېزىش› دېگەن بىر قىمار ئىكەن ئاكا. قىمارۋاز مانا ئۇتارمەن، ئەنە ئۇتارمەن، دەپ گاڭسا - جىسسا بولغاندەك، قاشتېشى قازغۇچىمۇ، مانا چىقار، ئەنە چىقار، ئۇ يەردىن چىقار، بۇ يەردىن چىقار، ئەتە چىقار، ئۆگۈن ئۇچرار دەپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى، چىقىمنىڭ قانداق كۆپەيگىنىنى تۇيماي قالىدىكەن. ئاخىرىدا يا زىيان تارتىدىكەن، يا خاراب بولىدىكەن ...».

ئىلگىرى بىللە مىلتىق ئويناپ، بىللە ئوۋچىلىق قىلغان ئاغىنەم مۇنداق تەسۋىرلىدى: «ئاشۇ بىر يىلى قىشتا، ‹مانا پولكا› نى كۆتۈرۈپ، ‹يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى› غا ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى بارغىنىمىز يادىڭلاردىمۇ؟ يا ئۆردەك، يا توشقان ئاتالماي، ئۆستەڭ ياقىلاپ ‹ئۇزۇن شور› غىچە بارغانتۇق. ئەنە ئۇچرار، مانا ئاتارمىز دېگەن بىر ئۈمىد بىزنى يېتىلەپ ئېلىپ كەتكەنتى. قاشتېشى

قېزىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن. ئەنە، مانا دەپ، ئۈمىدنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالىدىغان گەپكەن. ھەي ئۈمىد، شۇ ئۈمىد ئادەمنى نىمە كويلارغا سالمايدۇ؟ ...»

ئىش مانا شۇنداق. بۇ يەردە شۈكۈر - قانائەتنى تەرغىب قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. خوتەنلىكلەردە ئوۋچىلارچە ئۈمىدنىڭ، قىمارۋازلارچە تەۋەككۇلچىلىكنىڭ بولغىنى ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس. ھايات ئۈچۈن، ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق تىركىشىش كېرەك. ھەرقانداق ئوقەتتە زىيان تارتقۇچىلار، خاراب بولغۇچىلارنىڭ چىقىشى تامامەن نورمال ئەھۋال. ھېلىغۇ زىيان تارتقۇچىلار جىق ئازكەن؛ پايدا تاپقۇچىلار بىلەن زىيان تارتقۇچىلار تەڭلىشىپ قالغان ئەھۋالدىمۇ قاشتېشى قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

## باي قىلدىڭ كىملەرنى خوتەن قاشتېشى

يۇقىرىقى بابلاردا قاشتېشى قېزىش ئارقىلىق باي بولغانلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇلار ھەرگىز ئاز ئەمەس. ئاپتور مۇشۇ يازمىسىنى ئاققا كۆچۈرۈۋاتقان كۈنلەردىمۇ، خوتەندىكى بىر داڭلىق كونا باي «ئۈچ ئوغلۇم قاشتېشى قازىمەن دەپ تۈرۈۋالدى. جاھاندارچىلىقنى ئۆگەنسۇن دەپ، بىر دانە قېزىش ماشىنىسى ئېلىپ بەرگەنتىم، قارىسىلا، بىر ئايدىلا 1.5 مىليون يۈەنلىك قاشتېشى ساتتى. يەنە خۇدايىم بەردى» دەپ سۆزلەپ بەردى. خېلى نامى بار بىر كارخانىچى: «مەنمۇ قاشتېشى قېزىشقا ئارىلىشىپ قالدىم. يۇرتتىن تۇغقانلار قاشتېشى قازىمىز دەپ كەپتۇ. قول بىلەن قازغۇدەك، بۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەبلەغ سېلىپ، قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم. قازىدىغان يەرنىمۇ تېپىپ بەردىم. ئۆزۈم ئۈستىدە تۇرمىسامۇ ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتتى. ھازىرغىچە



ئىككى ئايدا 300 مىڭ يۈەنلىك قاشتېشى ساتتۇق. تۇغقانلار قەددىنى رۇسلىۋالدى. مەنمۇ قۇرۇق قالمىدىم» دەپ سۆزلەپ بەردى. يۇقىرىقى ئىككى مىسال ئادەمنىڭ ئېسىگە «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا» دېگەن ماقالنى سالسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەقىقەتەنمۇ قاشتېشى قېزىش ئارقىلىق بېيىۋاتقانلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قاشتېشى قېزىۋاتقانلار راستىنلا ئەجرىگە، ئامەتكە يارىشا باي بولىدى. ۋاھالەنكى، قاشتېشى قېزىشقا بىۋاسىتە قول تىقماي، قىرغاقتا تۇرۇپ باي بولغانلارمۇ ھەرگىز ئاز ئەمەس. ئەمدى بىز تۆۋەندە شۇلار ھەققىدە توختىلىمىز. بۇلار ۋاستىلىك پايدا كۆرگەنلەر بولۇپ، باي بولۇش دەرىجىسى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ.

1. قاشتېشى قېزىش قوراللىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچىلار. بۇلارنى تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئادەتتىكى قېزىش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن تاش - توپا قېزىش ماشىنىلىرى توغرىسىدا توختىلايلى. ھازىر قاشتېشى قېزىشتا ئىشلىتىلىۋاتقان قېزىش ماشىنىلىرى ئۈچ خىل.

1 - خىل تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى (挖掘机) — زەنجىر تاپانلىق قېزىش ماشىنىسى. چەت ئەللەردە ۋە چەت ئەل شىرىكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان بولسا كېرەك. ھېچقانداق يېرىدە جۇڭگوچە خەت يوق. ئىنتايىن كۈچلۈك، كەتمەندەك چېپىپ قازىدۇ. قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا قېزىش زۆرۈر بولسا، شۇنچىلىك قازالايدۇ. قېزىش قىسمىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ياخشى. ھەربىرىنىڭ باھاسى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن 700 مىڭ يۈەنگىچە، ئاپتور بۇنداق قېزىش ماشىنىلىرىدىن «KOMATSU»، «KOBILCO»، «DOOSANDAEWOO»،

«CAT »، «VOLVO» قاتارلىق بەش خىل ماركىلىقنىڭ قاشـ ـتېشى قېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئېيتىشلىرىچە: «ھەربىر ماركـ ـلىقى يەنە بىرنەچچە ھەتتا ئون نەچچە تىپقا بۆلۈنەرمىش. » «KOMATRSU» نىڭ «220» لىك، «200» لىكلىرى بارمىش، «CAT» «360» لىك بولۇپ، ئەڭ كۈچلۈكمىش.

بۇ خىل قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى: باھاسى بەك قىممەت. توشۇش - تىرەش قىسمىنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى ناچار. ئاسفالت يوللاردا مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يىراقراق ئارىلىققا يۆتكەشكە توغرا كەلسە، مەخسۇس تۆز كوزۇپلۇق چوڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ يۆتكىمىسە بولمايدۇ.

2 ـ خىل تاش - توپا قېزىش ماشىنىسى (装载机). خەتمۇ - خەت تەرجىمە قىلغاندا، يۈك قاچىلاش ماشىنىسى بولىدۇ. ھەم قېزىش، ھەم قاچىلاش ئىقتىدارىغا ئىگە. چوڭ رېزىنكە چاقلىق. قېزىشتا، گۈرجەكتەك ئىتتىرىپ قازىدۇ. سەل كۈچسىزرەك، بەك چوڭقۇر، بەك قاتتىق يەرلەرنى قېزىشقا يارىمايدۇ. يىراق ئارىلىققا ئۆزى يۆتكىلەلەيدىغان بولسىمۇ، مۇقىملاشتۇرغۇچى تىرەپ تۇرغۇچى قىسىملىرى يېنىك بولغاچقا، ھەتتا بەزىدە ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى ھەم بولىدۇ. باھاسى 200 مىڭ يۈەندىن 270 مىڭ يۈەنگىچە.

ئاپتور بۇ خىل قېزىش ماشىنىلىرىدىن «شۈيگۇڭ» (شۈيجۇدا ئىشلەنگەن) «شياگۇڭ» (شيامىندا ئىشلەنگەن)، «ليۇگۇڭ» (ليۇجۇدا ئىشلەنگەن)، «جۇڭگۇڭ» (سەندۇڭدا ئىشلەنگەن)، «چىڭگۇڭ» (چېڭدۇدا ئىشلەنگەن)، «لوڭگۇڭ» (شاڭخەيدە ئىشلەنگەن)، «چاڭگۇڭ» (چاڭ لىڭدا ئىشلەنگەن) قاتارلىق يەتتە خىل ماركىلىقنىڭ قاشتېشى قېزىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەربىر ماركىلىقى يەنە ھەر خىل تىپلارغا بۆلۈنىدىكەن. بەزىلىرى 10 نەچچە تىپقا ئايرىلىدىكەن.

3 ـ خىل قاشتېشى قېزىش ماشىنىسى — توپا تۈرتۈش ماشىنىسى (推土机) بولۇپ، زەنجىر تاپانلىق. تۈرتۈپ قازالايدۇ. تۈزلەش ئىقتىدارى ياخشى، قاچىلاش ئىقتىدارى يوق. يىراق ئارىلىققا ئۆزى يۆتكىلەلمەيدۇ. باھاسى 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن. كونىلىرىنى 20 - 30 مىڭ يۈەنگىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ تۈرتۈپ بوشاتقان تاش - شېغىل ئارىسىدىن يەنىلا قاشتېشى ئىزدەشكە بولىدۇ. «سوغۇق قۇم» دەك تاش - شېغىل ئۈستىنى قۇم بېسىۋالغان قېزىش رايونلىرىدا تاش قاتلىمىنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىلەر، يۇقىرىقى ئۈچ خىل قېزىش ماشىنىلىرى توغرىسىدا، 2004 ـ يىلىدىلا 3000 ماشىنا قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ، دېيىشكەن. بۇ قېتىم ئەھۋال تونۇشتۇرغانلار 5000 ماشىنا قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ، دېيىشتى. بۇنداق ماشىنىلارنى ھېچقايسى ئورگان تولۇق تىزىمغا ئالمىغانلىقتىن ۋە ئالالمىغانلىقتىن (ھەر كۈنى كۆپىيىپ تۇرىدۇ)، ھەقىقىي سانىغا ئېرىشمەك بەك تەس. ئاپتور 3000 دىنمۇ كەم بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدى. ئەگەر بىز قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى 3000 دەپ، بۇنىڭ ئىچىدە «قېزىش ماشىنىسى» 1000، «قاچىلاش ماشىنىسى» 1500، «توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى» 500 دەپ پەرەز قىلساق ۋە 1 ـ خىلنىڭ باھاسىنى 1 مىليون، 2 ـ خىلنىڭ باھاسىنى 200 مىڭ، 3 ـ خىلنىڭ باھاسىنى 50 مىڭ دەپ خىيالىلا تۆۋەن چۈشۈرسەك، دېمەك، قېزىش ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار، قاشتېشى قېزىش ئىشلىرى ئۈچۈن 1 مىليارد 325 مىليون يۈەنلىك ماشىنا سېتىپتۇ. 1 مىليارد! 1 مىليارد سودا قىلغان زاۋۇتلارنى باي بولدى دېيىشكە بولماسمۇ؟

ئەگەر يۇقىرىقى سان - سېپىرلار قېزىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارنىڭ باي بولۇش دەرىجىسىنى تولۇق

سورەتلەپ بېرەلمىگەن بولسا، بىز تۆۋەندىكى ھېكايىگە قۇلاق سالايلى:

قاشتېشىچىلىققا ئارىلاشقىنىغا خېلى يىللار بولغان، قېزىش ماشىنىسىنىمۇ خېلى بۇرۇن سېتىۋالغان تونۇشۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 3 - 4 يىل بۇرۇنقى بىر كۈنى، ئۇ ئۆزىنى خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ رېستورانىغا زىياپەتكە چىللىغان تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋاپتۇ. كىمنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، چوڭ زىياپەت زالىدىكى ھەممە شىرەلەر توشۇپ كەتكەن، تونۇش ۋە ناتونۇش قاشتېشىچىلار قېتىپ ئولتۇرۇشقۇدەك. شۇ ئەسنادا بىر قانچە يولداش ئۆنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپلار ئىچىدە بىر شىرەگە باشلاپتۇ. نازۇ نېمەتلەر تارتىلىش ئالدىدا، ھېلىقى يولداشلاردىن بىرى ناخشا ئېيتىش سەھنىسىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ. تەرجىمە ئارقىلىق مەلۇم بوپتۇكى، ئۇ قېزىش ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان XX شەھەردىكى XX زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئىشلىرى ناھايىتى روناق تېپىپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ماشىنىلارنىڭ 50% نى خوتەن رايونى سېتىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز خېرىدارلىرىغا رەھمەت ئېيتىش، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، سېتىش بۆلۈمىدىكى خادىملارنى باشلاپ، 5000 كىلومېتىر يولنى يىراق كۆرمەي، ئالايىتەن خوتەنگە كېلىشى ئىكەن. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا: قېزىش ماشىنىسى سېتىۋالغۇچىلارغا قايتا - قايتا تەزىم قىلىپ، كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر كۈن راسا يەپ - ئىچىپ، كەڭ - كۇشادە ئويناشقا تەكلىپ قىلىپتۇ...

ئەگەر ئىنتايىن زور نەپكە ئېرىشمىسە، ئاشۇ كۇرەڭ باش دىرېكتورلار شۇنچىۋالا قىلىپ كېتەرمىدى؟ 5000 كىلومېتىر

يىراقتىن رەھمەت ئېيتقىلى كېلەرمىدى؟ ئۇنىڭ زىياپەت قىلىپ بەرگەنلىكى زور پايدا ئالدىدا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ 5000 كىلومېتىرلىق مۇساپىدىمۇ بىسلىمىغان ھاياجان ئەلۇەتتە ئەڭ زور نەپكە ئېرىشكەندىلا پەيدا بولىدۇ.

بىر قېزىش ماشىنىلىرىنى ۋاكالىتەن ساتقۇچى سودىگەر ئاپتورغا 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدىلا 13 دانە قېزىش ماشىنىسى (装载树) ساتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سېتىلغان باھانىڭ 10% ىنى ئالىدىكەن. بىر ئايدىلا 230 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكۈچى زور نەپ ئالغۇچى، تېز باي بولغۇچى ھېسابلانماسمۇ؟

قاشتېشى قېزىشتا، يۇقىرىقى كۈچلۈك قېزىش ماشىنىلىرى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە ئۇلار قېزىپ چىقارغان تاش ـ شېغىلنى مالتىلاپ قاشتېشى ئىزدەشكە بىۋاستە باش تىقىدىغان تۆمۈر گۈرجەك، ئۈچ چىشلىق تۆمۈر تاماق بولۇشى كېرەك. تۆمۈر تاماق شاڭخەيدىن كەلمەيدىكەن. خوتەنلىك تۆمۈرچىلەر سوقىدىكەن. ئەسلىدە باھاسى ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە بولۇپ، يېقىندا، بەش يۈەندىن ئون يۈەنگە ئۆرلەپتۇ. ئەگەر خوتەندىكى تۆمۈرچىلەر 100 مىڭ قاشتېشى قازغۇچىغا 50 مىڭ دانە تۆمۈر تاماق سوقۇپ بەردى، دەپ پەرەز قىلساق ... ئېنىقكى، ئۇلارمۇ باي بولغۇچىدۇر.

ئەمما، ئاپتورغا ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ۋاكالىتەن ساتقۇچىنىمۇ، تۆمۈر تاماق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىمۇ ئانچە كۆپ تىلغا ئالمىدى. ئۇلار ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغان باي بولغۇچى نېفىت شىركىتى ۋە ماي پونكىتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بولدى. ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ھېسابىچە، بىر قېزىش ماشىنىسى بىر كۈندە ئوتتۇرا ھېسابتا 500 سوملۇق سالياركا كۆيدۈرىدىكەن. 3000 دانە قېزىش ماشىنىسى شۇ كۈنى نېفىت شىركىتىگە 1 مىليون 500 مىڭ سوم ئوبوروت قىلىپ بېرىدىكەن. بۇ بىر ئايدا 45 مىليون دېگەن گەپ. قاشتېشى قېزىش ئەۋجىگە

چىقىدىغان قىشتىكى تۆت ئايدا 180 مىلىيون دېگەن گەپ. 180 مىلىيون ناھايىتى چوڭ سان، بىز باشتا كەلتۈرگەن: «نېفىت سەرپىياتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى تەكشۈرگىلى ئادەم كەلگەنمىش» دېگەن ئەپقاچتى گەپنىڭ ۋە خوتەن نېفىت شىركىتى ئوبوروت قىلىشتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولغانمىش دېگەن مىش - مىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغۇدەك چوڭ سان! شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ پەقەت قېزىش ماشىنىلىرى سەرپ قىلغان سالىياركىنىڭلا پۇلى.

ئاپتورنىڭ ئۇقۇشۇپ كۆرۈشىچە، ماي قاچىلاش پونكىتلىرى ھەر كىلولىتىر سالىياركىنى 4.47 سومدىن كىرگۈزىدىكەن. بىر توننا سالىياركا ساتسا، نېفىت شىركىتى ئايرىپ بېرىدىغان پايدا 120 يۈەن ئىكەن. ئەگەر بىز قاشتېشى قېزىش نۇقتىلىرى ئەتراپىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى ئايدا 30 - 40 توننا سالىياركا ساتالايدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇلارنىڭ شۇ ئايدىكى، پەقەت سالىياركىدىنلا قىلغان كىرىمى 3600 سومدىن تۆۋەن بولمايدۇ. يەنە تېخى بېنزىندىن، ھەر خىل سىلىقلاشتۇرغۇچى مايلاردىن قىلغان كىرىمچۇ؟

ئەگەر بىز، شۇنچىۋىلا كۆپ سالىياركا كۆيدۈرۈشنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ماي ئىستېمالىنى ئاشۇرۇۋېتىپ بارغانلىقىنى، ئومۇمىي بايلىقنى خورىتىۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، نېفىت شىركىتى ۋە ماي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىمۇ، قاشتېشى غوۋغاسىدا باي بولغۇچىلار قاتارىغا قېتىشىمىز مۇمكىن.

قىرغاقتا تۇرۇپ باي بولغۇچىلار قاتارىغا چېدىر (جاڭفاڭ) ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارنى، قونالغۇ ئۆي، سودا دۇكىنى ئىجارىگە بەرگۈچىلەرنى، قاشتېشى قېزىش نۇقتىلىرى ۋە قاشتېشى بازارلىرىدا ئاشخانا، ناۋايخانا ئاچقۇچىلارنى، قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرىنى ۋە قاشتېشى مارجانىغا تۆشۈك

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurix.com

ئاچقۇچىلارنى، قاشتېشى قېزىش نۇقتىلىرىغا قاتناۋاتقان ترانسپورتچىلارنى، يەر ئىگىلىرىنى ۋە باشقا ۋاستىلىك پايدا كۆرۈۋاتقانلارنى قېتىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى توغرىسىدا توختىلىپ يۈرۈش گەپنى بەكلا ئۇزارتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە پەقەت قاشتېشى قېزىلىدىغان زېمىن ۋە ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كىرىمى توغرىسىدىلا ئازراق توختىلايلى.

قاشتېشى قېزىلىدىغان يەرلەر دەريا قىنى ۋە قاچاندۇر بىر چاغلاردا دەريا ئاققان، تاشلىق يەرلەر بولۇپ، ئەسلىدە تاشلاندۇق يەر دېيىشمۇ بولاتتى. قاشتېشى قېزىش يېڭى باشلانغان چاغلاردا قاشتېشى قازغۇچىلار بۇنداق يەرلەردىن خالىغانچە ھەقسىز پايدىلانغانىدى. كېيىن قاشتېشى قازغۇچىلار كۆپىيىپ، يەر تالىشىش ماجىرالىرى چىقىۋاتقانلىقتىنمۇ ياكى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ دۆلەت زېمىنىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچىيىپ، تاشلاندۇق يەرلەرنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغانلىقتىنمۇ، قاشتېشى قازغۇچىلاردىن يەر ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنىدىغان بولدى. قايسى ناھىيە، قايسى يېزىغا تەۋە بولسا، شۇ ئورۇن ھەق ئالدى. قانچىلىك ئالدى؟ بىر باشتا، ساموۋلا يېزىلىق ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ 300 مىڭ يۈەنگە 300 مو قاشتېشى قازىدىغان يەر سېتىۋالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. ئۇنداقتا، بىر مو يەر 1000 يۈەن بولغان بولىدۇ. ئەمما بۇ 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن بۇرۇنقى گەپ. بەلكىم ئاشۇ چاغلاردا ئاشۇ باھادا سېتىلغان بولۇشى مۇمكىن. 2006 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغا ئۆتىدىغان قىشتا ئاپتور «سوغاق قۇمدا بىر مو يەر 3000 يۈەن ئىكەن»، «توزاقچىدا بىر مو يەر 3000 يۈەندىن ئۆرلەپ 7000 يۈەنگە چىقىپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. لېكىن ئېنىق تەكشۈرۈپ دەلىللىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ گەپلەر خېلىلا ئىشەنچلىك

يەردىن چىققان. ئەگەر يۇقىرىقىدەك بولسا، يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ ئاشۇ تاشلاندۇق يەرلەرگە تايىنىپ، يامان ئەمەس كىرىم قىلغان بولىدۇ. قاشتېشى چىقىدىغان ئاساسلىق يەر يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قىنى. دەريا ئىچىگە بەلكىم دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، دەريا ئىچىنى قانچىلىكنى قانچە پۇلغا ساتتى؟ بۇنى ئاڭلىمىدۇق. ئەمما، ئاپتورنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدىن بىرى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش دامبىسى ياساپ بېرىش شەرتى بىلەن 30 مېتىر (كەڭلىكى دەريانىڭ كەڭلىكى بويىچە) دەرياغا ئېرىشىپتۇ. ئاشۇ يەردىن قېزىپ قاشتېشى ئىلغىۋالسا، ئادەتتىكى تاشلاردا دامبا ياساپ بەرسە بولىدىكەن. لېكىن ئۇ 20 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇپتۇ. دامبىنى ئۆلچەملىك ياساپ ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ھېلىقى زاكالەت پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەرمىش...

قاشتېشى كولايدىغان يەرلەرگە يۇقىرىقىدەك سېتىۋېلىش، زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇشتىن باشقا يوللار ئارقىلىقمۇ ئېرىشكىلى، ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ: «ئاۋۇ پالانى يەردىن ماڭا 50 مو يەر ئايرىپ قويۇڭلار» دەپ تېلېفون ئۇرۇش ۋە يەر تەۋە ئورۇنلار باشلىقلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېچىلىرى سوۋغات كۆتۈرۈپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، بۇ بەكلا مەخپىي. كونكرېت ئىسىم مەلۇم بولغان ئەھۋالدىمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىماق تەس.

قانداقلا بولمىسۇن، قاشتېشى كولىنىدىغان زېمىنلار ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئېرىشىۋاتقىنى ناھايىتى چەكلىك. ھەتتا بۇنى سىمۋول خاراكتېرلىك ئېرىشىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھەقىقىي نەپكە ئېرىشكۈچىلەر ۋە باي بولغۇچىلار ئاشۇ يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش - قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچىلەر ئۇ يەرلەردىن ئۆزلىرى قېزىش، قاشتېشى قازغۇچىلارغا ئىجارىگە

بىرىش، قاشتېشى قازغۇچىلار قېزىپ چىقارغان قاشتېشى پۇلىنىڭ 20% ىگە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن باي بولالايدىكەن. ئاپتور ئاشۇ تونۇشتۇرۇشلارنى ئاڭلاۋېتىپ خاتىرىسىگە: « xx دەريا قىرغىقىدىكى 30 مو يېرىنى قاشتېشى قازغۇچىلارغا 30 مىڭ يۈەنگە ئىجارىگە بەردى. ئىجارىگە ئالغۇچىلار ئۇ يەرنى قېزىپ، قاشتېشىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ئەسكى تاشلارنىڭ ئورنىغا ئەت توپا يۆتكەپ، تۈزلەپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇپ بېرىشى شەرت ئىكەن، «XX نىڭ يېرىدىن قاشتېشى قازغۇچىلار تاپقان قاشتېشى 1 مىليون يۈەنگە سېتىلىپتۇ. 20% ى بويىچە XX كە 200 مىڭ يۈەن نەق بېرىلىپتۇ ...» دېگەنلەرنى يېزىپ قويىدى. 30 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكۈچىنى بىراقلا بېيىپ كەتتى دېگىلى بولمىسىمۇ، 200 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكۈچىنى بېيىپ كەتتى دېيىش ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس.

دېمەككى، قاشتېشى قېزىلىۋاتقان دەريا ۋە ئورەكلەرنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ باي بولغۇچىلار قاتارىدا، ئەلۋەتتە ئاشۇ زېمىن ئىگىلىرى بار. ئۇلار ھېچنېمىسىنى يوقاتمايدۇ. ھېچقاچان زىيان تارتمايدۇ. ئەمما، نەپكە ئېرىشىشى دائىملىق.

بىز يۇقىرىدا قاشتېشىچىلىقنىڭ پايدىسىنى ۋاستىلىك كۆرگەن ۋە بېيىپ كەتكەنلەر توغرىسىدا توختىلىپ، ئەڭ مۇھىم بىر پايدا كۆرگۈچىلەر تۈركۈمىنى، قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق باي بولغانلار تۈركۈمىنى ئۇنتۇپ - ئەستىن چىقىرىپ قويدۇق. بەلكىم ئەستىن چىقىرىپ قويمىغان بولۇشىمىز، كېيىنكى قىسىمدا ئايرىم توختىلىشقا ئايرىپ قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمدى شۇلار ھەققىدە قەلەم چاپتۇرايلى.

## باي قىلدىك كىملەرنى خوتەن قاشتېشى

خوتەن قاشتېشىدىن ئەڭ كۆپ نەپ ئالغان، خوتەن قاشتېشى

ئارقىلىق ئەڭ تېز، ئەڭ زور دەرىجىدە باي بولغانلار قاشتېشى سودىگەرلىرىدۇر.

ئىشلەپچىقارغۇچىلار — تەر تۆكۈپ جاپا تارتقۇچىلار — ئادەتتىكىچە قېلىپ، ئېلىپ ساتقۇچىلار باي بولۇش، ئۆز جايىدىن ئېلىپ، ئۆز جايىدا ساتقۇچىلار ئادەتتىكىچە باي بولۇپ، بىر جايدىن ئېلىپ ئىككىنچى جايغا يۆتكەپ ساتقۇچىلار زور دەرىجىدە باي بولۇش — جەمئىيەتلەشكەن دۇنيانىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ھەتتا بۇنى قانۇنىيەت دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش ۋە تا ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ، قانداق مال - مەھسۇلات بىلەن سودا قىلىشقا بېقىنمايدۇ. ئالايلۇق، دۇنيادا ئەڭ باي سانىلىدىغان، بۈگۈنكى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ 30% نى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزگە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىپ باي بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن كۆرە، سودا - تىجارەت ئارقىلىق باي بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار كۆپرەك يېتىپ كەلدى. بەلكىم ھەقىقىي ئەھۋالمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

دېمەككى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كۆرە سودا - تىجارەت قىلىش — باي بولۇشنىڭ ئەڭ ئاسان يولىدۇر. بۇ قېتىمقى خوتەن قاشتېشىچىلىقىدىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق بولدى. قاشتېشى قازغانلاردىن كۆرە، قاشتېشى ئېلىپ - ساتقانلار كۆپرەك ھەم تېز باي بولدى.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ نېمىشقا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بېيىشى ئاستا، ئېلىپ ساتقۇچىلارنىڭ بېيىشى تېز بولىدۇ؟ بۇنى ئاشۇ كەسىپ تۈرلىرىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. بىز بۇنى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قالدۇرۇپ، پەقەت سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەتنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن قارا كۈچنىڭ كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنىلا

ئەسكەرتىمىز. قارا كۈچىنىڭ ئۈنۈمىدىن ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۈنۈمى ئەلۋەتتە ئارتۇق بولۇشى كېرەك. سودا - تىجارەت ئۈچۈن دەسمايە قىلىنىدىغان بىلىم ۋە مەبلەغنىڭ قىممىتى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن دەسمايە قىلىنىدىغان بىلىم ۋە مەبلەغنىڭ قىممىتىدىن كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. سېلىنما ئارتۇق بولىدىكەن، ئەلۋەتتە ئېرىشىدىغان نەپمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ سودا - تىجارەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، سودا - تىجارەت ئۈچۈن پۇرسەت دېگەن بىر نەرسە يانتاياق بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ پۇرسەت زۆرۈر، لېكىن سودا ئۈچۈن پۇرسەت بولمىسا ئەسلا بولمايدۇ. كىمكى ئاشۇ پۇرسەتنى تۇتۇشنى، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىدىكەن، شۇ دەرھال بېيىپ كېتەلەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا پەيدا بولغان«پۇرسەت — بايلىق»،«پۇرسەت — ئۈنۈم» دېگەن گەپلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. سودا - تىجارەتتىكى پۇرسەتنى يارىتىدىغان نەرسە ماكانلار ۋە زامانلار ئارا ئېھتىياج پەرقى ۋە باھا پەرقى بولۇپ، بۇنى بىلىش ۋە توغرا مۆلچەرلەش — پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىش دېگەنلىكتۇر. ھىندىستانغا قارمۇچ يۆتكەش، تۇرپانغا ئۈزۈم يۆتكەش — ئېھتىياج پەرقىنى بىلمىگەنلىكنىڭ، 6 - ئايدا كورلىدىن پەمدۇر يۆتكەش، باھا پەرقىنى بىلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەلۋەتتە، سودا - تىجارەت ئۈچۈن يەنە ئازراق جۈرئەت ۋە تەۋەككۈلچىلىكمۇ زۆرۈر.

سودا - تىجارەت مەيلى ساماۋى ئەقىدىلەر نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت - ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنلىرى بويىچە بولسۇن، پاكىز ۋە قانۇنلۇق ھەرىكەت بولۇپ، موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغانلىقى سەۋەبلىك قەدىرلىنىدۇ. سودا ئارقىلىق ئېرىشكەن تاپاۋەتمۇ پاكىز ۋە قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا

ئېيتىپ يۈرگەن «سودا - تىجارەتتە ئالدامچىلىق قىلمىسا پۇل تاپقىلى بولمايدۇ»، «سودىگەرلەر — قىزىل كۆزلەر»، «سودا ئارقىلىق تاپقان پۇل پاكىز ئەمەس» دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. بۇنداق گەپلەر ئايرىم ئەخلاقسىز تىجارەتچىلەرگە قارىتىلغان بولسا، توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمىي سودىگەرلەرگە قارىتىلىدىكەن، ئەلۋەتتە خاتا ۋە كۆپلىرىگە ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ.

خوتەننىڭ كېيىنكى چارەك ئەسىرلىك قاشتېشىچىلىقىدىكى قاشتېشى سودىسىمۇ پاكىز ۋە قانۇنلۇق ھەرىكەت بولۇپ، قاشتېشى سودىگەرلىرى رايونلار ئارا باھا پەرقىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر، شياڭگاڭ، تەيۋەن، سىنگاپور، ياپونىيە، كورېيەلىكلەرنىڭ قاشتېشىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. پايدىلانغاندىمۇ راسا قاملاشتۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق قاشتېشىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، بېيىدى. خوتەننىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشتى. قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ بۇ تۆھپىسى ئەلۋەتتە ئالقىشلىنىشى كېرەك.

ئەمدى تۆۋەندە قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق باي بولۇش جەريانىدىكى كونكرېت گەپلەرگە ئۆتىمىز.

1. قاشتېشى بازىرى ھەم قاشتېشى سودىگەرلىرى.

ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى خوتەن شەھىرىنىڭ «جامئە» كوچىسىدا، قالغان كۈنلىرى، لوپ - خوتەن يولىنىڭ ئۈستىدىكى يۇرۇڭقاش كونا كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي بېشىدا ۋە «باش ئازما» دا بولۇپ، ئۈچ ئورۇندا چوڭ قاشتېشى بازىرى قىزىيدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدىكى قاشتېشى دۇكانلىرىدا، قاشتېشى قېزىلىۋاتقان ئورۇنلاردا، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قىرغاقتا چىقىدىغان ۋاقىتلاردا قاشتېشى سودىسى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈچ چوڭ قاشتېشى

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurweb.com

بازىرى شۇنداق ئوبدان قىزىيدۇكى، ئەگەر ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن، بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، دەپ سۈرەتلىسەك، بۇ ھېچقانچە ئارتۇق مۇبالىغە ئەمەس. قولىدا، يانچۇقىدا، سومكىسىدا، تاغىرىدا قاشتېشى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر ئورنى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك مىغىلدىشىدۇ. ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك گىژىلدىشىدۇ. ئېلىشىۋاتقان، سېتىۋاتقانلارنى ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ھېلى ئالغان بولسا، بىردەمدىن كېيىن ساتىدۇ. ئەمما، سامسېپەزلەردەك قەشقەرچە ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىدىغانلار بۇ يەردە يوق.

قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتقان ئادەم قانچىلىك؟

2007 - يىلى 16 - فېۋرال كۈنى ئاپتور ئاغىنىسى قەييۇمجان بىلەن بىللە «جامەئە كوچىسى» قاشتېشى بازىرىدىكى قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتقانلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلىدى. «4000 ئادەم!» قەييۇمجان رەت قىلدى: «ئەڭ كەم بولغاندىمۇ 7000 ئادەم چىقىدۇ!» شۇ كۈنى ئاپتور «جامەئە كوچىسى» دا شەرقتىن غەربكە 4 - 5 قېتىم، غەربتىن شەرققە يەنە شۇنچىلىك قاتناپ، قاشتېشى سېتىۋاتقان دۇكان - يايمىلارنى ساناپ چىقتى. 503 پارچە يايما! 13 دۇكان! يەنە شۇنچىلىك مارجان تاشلارغا تۆشۈك ئاچىدىغان ئىستانوك، يايمىلارنىڭ بەزىسى ياغلىق - داستىخانچىلىك، بەزىلىرى چوڭ كىگىزچىلىك يەرنى ئىگىلىگەن. بەزىسىدە 3 - 4 تال قاشتېشى بولسا، بەزىلىرىدە نەچچە مىڭ جىڭ قاشتېشى تۇراتتى ... شۇ كۈنى كەچتە ئاپتور كەچلىك سەيلە قىلغاچ، خوتەن ئەسكىري سېپىل ئىچىدىكى قاشتېشى دۇكانلىرىنى ساناپ چىقتى، 56 ۋۇۋسكا. «ئىتتىپاق مەيدانى» نىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە يېڭى سېلىنغان «مىللىي سودا كوچىسى» دىكى قاشتېشى دۇكانلىرىنىمۇ ساندى، 9 دۇكان. شەھەرنىڭ باشقا كوچىلىرىدىكى قاشتېشى دۇكانلىرى

تارقاق بولغاچقا، ساننى ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. سانىغانلىرى جەمئىي 600 دەك يايما ۋە دۇكان بولۇپ، ھەرگىز ئاز دېيىشكە بولمايتتى. ئاپتور 5 ـ مارت كۈنى يۈرۈگەقاش كونا كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي بېشىدىكى قاشتېشى بازىرىدا سودا قىلىۋاتقانلارنى 3000 ئادەم دەپ، 7 ـ مارت كۈنى «باش ئازما» قاشتېشى بازىرىدىكى سودىگەرلەرنى 1000 ئادەم دەپ مۆلچەرلىدى. 2007 ـ يىلى چاغاندىن بىرەر ئايچە ئۆتكەندە، ئاپتورنىڭ بىر ئاغىنىسى خېنەننىڭ جېڭجۇ شەھىرىدىلا 1000دەك قاشتېشى سودىگىرىنىڭ يىغىلىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. جېڭجۇدا 1000دەك بولسا، گۇاڭجۇدا، شاڭخەيدە، سۇجۇ، ياڭجۇدا، بېيجىڭدا، ئۈرۈمچىدە سودا قىلىۋاتقان قاشتېشى سودىگەرلىرى قانچىلىكتۇ؟ ھەممە قاشتېشى سودىگەرلىرى قانچىلىك؟ ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ئاپتورغا «10 مىڭدىن كەم ئەمەس» دەپ مۆلچەرلەپ بەردى. ئوقۇرمەنلەر بەلكىم «قاشتېشىنىڭ مىقدارىغا قارىغاندا، 10 مىڭ سودىگەر ئارتۇقلۇق قىلىدۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇ راست، خۇددى ھەممە ئادەم قاشتېشى بازىرىغا سىغدىلىپ، قاشتېشى سودىسى قىلىشنى تاللىشىۋاتقاندەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگىنى راست. ئەمەلىيەتتە ھەتتا 10 مىڭدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى قاشتېشى قازغۇچىلار بىلەن قاشتېشى سودىگەرلىرى ئاللىقاچان ئارىلىشىپ كەتتى. سودىگەرلەر ئونلاپ، يىگىرمىلەپ قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ قاشتېشى قېزىۋاتىدۇ. ئادەتتىكى قاشتېشى قازغۇچىلارمۇ ئېچكىرىگە تاش يۆتكەپ قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتىدۇ. نېمىشقا شۇنچىۋالا قىستىلىشىپ كېتىدۇ؟ ئاپتورغا ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار بۇ ھادىسىنى مۇنداق چۈشەندۇردى: باشقا مەھسۇلاتلار (مەسىلەن، گىلەم سودىسى، يىپەك - ئەتلەس سودىسى، قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلە - قاق سودىسى، يۇڭ - تېرە سودىسى) سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىليونېر بولۇش

ئۈچۈن، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاندا 8 - 10 يىل ۋاقىت كېتىدىكەن. دەللال سودىگەرچىلىكتىمۇ شۇنچىلىك ۋاقىت كېتىدىكەن. ئەمما، قاشتېشى سودىسى قىلغاندا، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولسا، 1 - 2 يىلدىلا مىليونېر بولغىلى بولىدىكەن. تەكرارلىنىشلا بولغاندىمۇ 4 - 5 يىلدىن نېرىسىغا قالمايدىكەن. باشقا سودىلارنى قىلغاندا، نۇرغۇن قوشۇمچە ھەقلەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن. قاشتېشى سودىسىدا ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايدىكەن. قاشتېشىنى كۆتۈرۈپ، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئالدىغا ئاپارسىلا ئىش پۈتىدىكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، قاشتېشى بازىرىغا نېمىشقا قىستىلىشمىسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، قاشتېشى بازىرىدا سودا قىلىۋاتقانلار، يايما ئاچقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپلىرى ئادەتتىكى دەسمايىسى ئاز كىچىك سودىگەرلەر. كاتتا قاشتېشى سودىگەرلىرى بولسا، سېتىۋېلىشنى ئېسىل قاشتېشى تېپىۋالغانلار ئۇيۇشتۇرىدىغان مەخسۇس سورۇنلاردا، ئۆيلەردە تاماملاپ، سېتىۋېتىشنى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئايرىمخانىلىرىدا ئاياغلاشتۇرىدۇ.

2. قاشتېشى سودىسى قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

قاشتېشى سودىسى قىلىپ زىيان تارتقانلار ئانچە - مۇنچە باركى، خاراب بولغانلار يوق. زىيان تارتقانلار 2 -، 3 - قېتىملىق سودىدىلا ھېلىقى زىياننى تولدۇرۇۋالايدۇ. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە باي بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت قاشتېشىنى تونۇشقا، سورتىنى ئايرىشقا، توغرا مۆلچەرلەپ مۇۋاپىق باھادا سېتىۋېلىشقا ۋە ساتىدىغان ياخشى پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىشقا دىت بولسىلا كۇپايە. سېتىۋېلىشتىمۇ، سېتىۋېتىشتىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئاپتور قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ سېتىۋېلىشتىكى ئاجايىپ چاققانلىقلىرى ۋە ئۇستىلىقلىرى توغرىسىدا تالاي پاراڭلارنى ئاڭلىدى. ئۇلار «پالانچىغا بىر ئېسىل قاشتېشى

چىقىپتۇ» دەپ ئاڭلىسا، دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىدىكەن. تۇشمۇتۇشتىن يىغىپ كېتىدىكەن. ئېسىل ماشىنىلىرى بولغاچقا، ھەرقانچە يىراق ئارىلىقتا قوغلاپ بېرىشتىن ئېرىنمەيدىكەن. ئاغىنىلىرىمدىن بىرىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، مەھەللىسىگە كەلسە، مەھەللە كوچىسىدا 30 - 40 ئېسىل ماشىنىنىڭ توختاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. توي بولغانمىكىن دەپ دېسە، ئەتىگەندە باغاق كۆرمىگەنىكەن. ئۇ، قوشنىلارنىڭ بىرەرسى تۇيۇقسىز ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغان بولسا، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ماشىنىلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. قەلبىنى قايغۇ ۋە ئەنسىزلىك چۇلغاپتۇ. ئەمما، ئۇ ئاق ياغلىق ئارتقان ئايالالارنى ۋە پەلتو، دوپپا كىيگەن ئەرلەرنى كۆرمەپتۇ. ئۇچرىغان بىر قوشنىدىن سۈرۈشتۈرگەندىلا، ئىش ئايان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ كوچىسىدا تويمۇ، ھازا - نامازمۇ بولمىغانىكەن. قوشنىلارنىڭ بىرىگە قاشتېشى چىققان بولۇپ، قاتار - قاتار تۇرۇپ كەتكەنلىرى ئاشۇ قاشتېشىنى سېتىۋېلىشقا كەلگەن قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ ماشىنىلىرى ئىكەن...

يەنە بىر ھېكايە مۇنداق: xx كە بىر دانە ئېسىل قاشتېشى چىقىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ تاشنى خوتەندە ساتقۇسى يوق ئىكەن. ئىچكىرىگە ئۆزى ئاپىرىپ سېتىپ باققۇسى بار ئىكەن. شۇنداق مەخپىي تۇتسىمۇ، خەۋەر يەنىلا قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ كەپتۇ. xx قاشتېشىنى ماشىنىسىغا سېلىپ قېچىپتۇ. چۈنكى، سودىگەرلەرگە تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ياغدەك يۇمشاق، ئەتىردەك خۇش پۇراق گەپلىرىنى قىلىپ، نەق مەيداندىلا سېتىشقا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ توختىماي قېچىپتۇ. 10 - 20 ماشىنىلىق سودىگەر قوغلاپتۇ. قاچقۇچى خوتەندىن چىقىپ قاراقاشقا، قارىقاشنى بىر ئايلىنىپ، «سايباغ» ئارقىلىق «كۇھمارىم» غا كەپتۇ. «لايقا» نىڭ كەنت كوچىلىرى ئارقىلىق قېچىپ،

ئاخىرىدا بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا يوشۇرۇنۇپ، دەرۋازىنى تاقىۋاپتۇ. سودىگەرلەر توختىماي دەرۋازىنى قاقىدىكەن. XX لەر شۇ ھويلىدا ماشىنىنى تاشلاپ، ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئارقىلىق، قوناقلىققا كىرىپ، پىيادە قېچىپ سودىگەرلەردىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ...

ئېيتىشلىرىچە، قاشتېشى قېزىۋالغانلار (ئەگەر ئۇ چوڭ ۋە ئېسىل راق قاشتېشى بولسا)، كۆپ ھاللاردا داڭلىق سودىگەرلەرگە خەۋەر بېرىپ، «پالانى چاغدا، پالانى يەردە قاشتېشى ساتىمىز» دەيدىكەن. سودىگەرلەر دېگەن چاغدا شۇ يەرگە بېرىپ سېتىۋالىدىكەن. قاراقاش بىلەن گۇما ئارىسىدىكى پىيالمىنىڭ چۆلىدە، لوپ بىلەن چىرا ئارىسىدىكى پاختىلىق سېيىدا، جىيا يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى «ئىمامى ئاسىم» مازىرى ۋە «ھېلىم ئاتامنىڭ قۇمى» دا سودا بولغان چاغلار بار ئىكەن. يىراقلارغا ئاپىرىپ سېتىشتىكى سەۋەب، بەك جىق سودىگەرلەرنىڭ يېپىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىش بولۇشىمۇ، داغدۇغا پەيدا قىلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمىسىمۇ قاشتېشى سودىگەرلىرى ئېسىل ۋە چوڭراق قاشتېشى سېتىۋېلىشتا تولىمۇ ئەستايىدىل.

ھېكايە: XX ھاجىم 2006 ـ يىلى كۈزدە بېيجىڭدا ئىكەن. ئۇياقتىكى ئىشلىرى تېخى تۈگىمىگەنىكەن. تېلېفوندا ئۇنىڭغا «تۇزاقچى» دىن بىر ئېسىل قاشتېشى چىققانلىقى، ئەتە سېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپتۇ. بۇنداق ياخشى سودا پۇرسىتىنى ئاڭلىغان XX ھاجىم شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، كەچتە خوتەنگە يېتىپ كەپتۇ. ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا «تۇزاقچى» دا ئۇنۇپتۇ ۋە ھېلىقى تاشنى باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ ئېلىپ، شۇ كۈنىلا يەنە باشقىلارغا سېتىۋېتىپتۇ. ئارىدىن چىققان پايدىدىن XX ھاجىمغا 110 مىڭ يۈەن تېگىپتۇ. XX ھاجىم 110 مىڭ يۈەننى سومكىغا سېلىپ، يەنە شۇ كۈنى كەچلىك ئايروپىلاندا بېيجىڭغا يېنىپ كەپتۇ...

ئاپتورنىڭ قارىشىچىمۇ 110 مىڭ يۈەن ئەلۋەتتە بېيىگەندىن بىر كېيىن، كېيىنكىدە ئەرزىيدۇ. XX ھاجىم ھەقىقەتەن پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىدىكەن! چوڭ، ئېسىل، يۇقىرى باھالىق تاشلارنىڭ سودىسى قانداق بولىدۇ؟ تالاشتۇرۇپ، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇسۇلى قوللىنىدىكەن. شېرىكلىشىپ ئېلىش ۋە شېرىكلىشىپ سېتىش ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەن. بىر قاشتېشىغا 5 - 6 كىشى شېرىك بولسىمۇ، 20 - 30 كىشى شېرىك بولسىمۇ بولىدىكەن. تېخى شېرىكچىلىك ئوق شېرىك، يانداقچى شېرىك، شاخچى شېرىك دېگەنلەرگە بۆلۈنىدىكەن. شېرىكلەر قاتقان پېيىغا ئاساسەن پايدا - زىياننى بۆلۈشىدىكەن. پاي تەڭ بولسا، پايدا - زىيانمۇ تەڭ بولىدىكەن.

ھېكايە:

6 - ئاپرېل قاشتېشى سودىسىغا ئارىلىشىدىغان XX مۇنداق پاراڭ قىلدى: «تۆت كۈننىڭ ئالدىدا توساللىق دېھقانلارغا بىر قاشتېشى چىقىپتۇ ۋە سودىگەرلەرگە خەۋەر بېرىلىپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلاپ بىزمۇ چىقتۇق. كىمئارتۇق سودىسى بولدى. دەسلەپ 35 مىڭ باھا قويۇلدى. ئاستا - ئاستا ئۆرلىدى. نۆۋەت بىزگە كەلگەندە، بىز 39 مىڭ باھا قويدۇق. تاش تازا ئېسىل ئەمەس ئىدى. ئالغۇمىز يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر نېمە دېمىسەك بولمايتتى. باشقىلار بىزدىن ئېشىپ كېتەر دەپ ئويلاپ، 38 يېرىم مىڭدىن 39 مىڭغا چىقىپ قويغانىدۇق. ئەمما، كېيىن ئۇنىڭ نېرىسىغا ھېچكىم ئۆتمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تاشنى بىز ئالىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئالتىمىز شېرىك ئىدۇق. يىغىشىپ تاشنى ئالدۇق. ئەمما، يۈرەكلەر ئەنسىز. ئالغان پۇلغا ساتقىلى بولارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە قىيناپ تۇرىدۇ. چۈشتىن كېيىن ‹XX 500 يۈەن پايدا بېرەي. ھېلىقى تاشنى ماڭا 39 يېرىم مىڭغا بېرىڭلار› دەپ كەپتۇ. دەرھال بېرىۋەتتۇق. شېرىكلەرنىڭ ھەربىرىمىزگە 80 نەچچە يۈەندىن پايدا قىلدى. خۇداغا شۈكۈر

دېدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە XX يەنە تېلېفون قىپتۇ: «تاشنى ھېچكىم ئالمىغاندەك ئەمەس. ماڭا توققۇز يېرىم مىڭ زىيان بولغان بولسۇن، تاشنى 30 مىڭغا ياندۇرۇۋالغان بولساڭلار.» رەت قىلدۇق. تاش سودىسىدا يېنىۋالمىغان ئىش نەدىكەن؟ ئۇنىڭغا راستىمىزلا زىيان بولمىغاندەك تۇراتتى. ئۆزىنىڭ شورى... ئەمما، چۈشتىن كېيىن قارىساق، ھېلىقى تاشنى باشقا بىرى بازاردا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. سوراشتۇرساق 60 مىڭغا ئاپتۇ... مانا قارىسىلا، تاش سودىسى دېگەن مانا شۇ، ھېلى زىيان چىقمىغاندەك تۇرسا، بىردەمدىن كېيىن پايدا چىقىدۇ...»

قاشتېشى سودىسىدا، كۆپ چاغلاردا بىرەر داڭلىق ياكى سالاھىيەتلىكرەك بىر قاشتېشى سودىگىرى تاشنى كۆرگەندىن باشقا، ياندىقچى شېرىكلەر تاشنى كۆرمەيلا شېرىك بولىدىكەن. شاخچى شېرىكلەر تېخىمۇ كۆرمەيدىكەن. «كۆپ كىشى كۆرسە، تاشنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ قارىلىدىكەن. كۆرمىسىمۇ، كۆرگەن كىشىگە ئىشىنىپ شېرىك بولۇۋېرىدىكەن. بەزىلەر ئاپتورغا « قاشتېشى بازىرىدا تاشنى ئەمەس، ئادەمنىڭ نامىنى پۇلغا ئالىدۇ. داڭلىق بىرىنىڭ قولىدىكى ئاددىي قاشتېشى قىممەت باھاغا يارايدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ...» دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن ئىش. ھازىرقى زامان سودىگەرلىرىنىڭ ئېسىل ماركا ئوبرازى يارىتىشقا كۈچىشىدىكى سەۋەبمۇ شۇ. ئەمما، قاشتېشى بازىرىدىكى شېرىكچىلىك ۋە شېرىكلەر ئارا ئىشەنچ ئادەمنى خېلى سۆيۈندۈرىدۇ.

قاشتېشى سودىسىمۇ سودا، سودا دېگەندە رىقابەت بولۇپ تۇرىدۇ. ناتوغرا رىقابەتمۇ شۇ جۈملىدىن، ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ئاپتورغا ناتوغرا رىقابەتكە دائىر نۇرغۇن ۋەقە - ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما، ئاپتور ئويلاپ كۆرۈپ، گۈزەل، پاك، سۈزۈك قاشتېشى توغرىسىدا گەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنداق سەتچىلىكلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى

غەش قىلىشنى خالىمىدى. ئاپتورنىڭ ۋەزىپىسى قاچىدىكى ئاشنىڭ تەمىنى ماختاش. ئۇنىڭغا چۈشكەن چىۋىننى كۆرسىتىش ئەمەس. ھېچبولمىغاندىمۇ مۇشۇ يازمىدا شۇنداق.

قاشتېشى سودىسى، قېزىلغان يەردىن سېتىۋېلىپ «باش ئازما» دىكى بازاردا، ئۇ يەردىن سېتىۋېلىپ يۆرۈڭقاش كۆۋرۈكى بويىدىكى بازاردا، ئۇ يەردىنمۇ سېتىۋېلىپ «جامەئە» كوچىسىدىكى بازاردا سېتىش ئارقىلىق داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىچكىرىدىكى بازارلارغا كىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق باھا پەرقى بار.

3. قاشتېشى سودىگەرلىرى قانداق باي بولىدۇ ۋە قانچىلىك باي بولىدى؟

XX ھاجىم بىر تاشنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ «جامەئە» كوچىسىدىكى بازاردا. «40 مىڭغا ئالسىلا» دەپتۇ ساتقۇچى خېلى ئىشەنچ بىلەن. XX ھاجىم شۇ يەردىلا چاپىنىنى سېلىپ تاشنى يۆگەپتۇ ۋە دەرھال 40 مىڭنى ساناپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۇ تاش 5 مىليونغا ياراپتۇ. XX ھاجىم شۇنىڭ بىلەن بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ...

شورباغلىق يەتتە نەپەر قاشتېشى قازغۇچى شېرىكلەرگە بىر قاشتېشى چىققانىكەن، تاش سودىگەرلىرى قىلچە خىجىللىق ھېس قىلماي 3000 يۈەن باھا قويۇپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ 130 مىڭ يۈەنگە چىقىپتۇ. پۇل كۆرمىگەن بىچارە دېھقانلارغا 130 مىڭ يۈەن بەك جىق كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغى، بېرىۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇ تاش ئىچكىرىدە 1 مىليون 700 مىڭغا سېتىلىپتۇ...

XX ئورۇندىكى XX قاتارلىق بەش كىشىگە بىر تاش چىققانىكەن، XX ھاجىم ئۇ تاشنى 50 مىڭ يۈەنگە ئاپتو ۋە خوتەننىڭ ئۆزىدىلا 300 مىڭ يۈەنگە سېتىپتۇ...

بۇنداق پاراڭلار بەك جىق. 1000 يۈەنگە ئېلىپ 2000 يۈەنگە، 5000 يۈەنگە ئېلىپ 10 مىڭ يۈەنگە، 20 مىڭ يۈەنگە ئېلىپ 40 مىڭ يۈەنگە ساتقانلىق توغرىسىدا ھەر قەدەمدە ئاڭلىغىلى

بولىدۇ. بەش ھەسسە، ئون ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە پايدا توغرىسىدا گەپلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ بەلكىم قاشتېشى سودىسى يېڭى ئەۋجىگە چىقىۋاتقاندىكى ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ھازىر كۆپ ئادەملەر بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قاشتېشىنى تونۇش ۋە باھالاش سەۋىيەسى ئۆسۈپ قالغانلىقتىن، ئەمدى ئۇنداق بىراقلا ئەرزان سېتىۋېلىش تەسلىشىپ كەتكەن بولۇشى، سودىگەرلەر، ئالىدىغان پايدا نىسبىتىمۇ كۆپ تۆۋەنلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭمۇ ئامالى كۆپىيىپ بارىدۇ.

ھېكايە: XX لەرگە بىر ئېسىل ھەم چوڭ قاشتېشى چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئازراق تۇغقان كېلىدىغان yy كە باھالاتماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە تېلېفون قىپتۇ. xx لەر yy نىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندا، نەدىن ئاڭلىدى، قاشتېشى سودىگەرلىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. xx لەر مەلۇم بىرىگە باھالاتماقچى ئىكەنلىكىنى، باھالىتىپ بولۇپ ساتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر - ئىككى كۈن ئۆتمەي yy مۇ كەپتۇ. قاشتېشىنى 700 مىڭ يۈەن باھالاپ بېرىپتۇ... ئەمما، بۇ قاشتېشى توغرىسىدىكى گەپ بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق. قاشتېشى سودىگەرلىرىگە تاشنى بېرىپ، 700 مىڭ يۈەننى چۆنتىكىگە سالغان xx لەر بىرەر ئايلاردىن كېيىن، ھېلىقى ئۆزلىرى ساتقان تاشنىڭ ئىچكىرىدە 1 مىليون 300 مىڭغا سېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇغۇ مەيلىغۇ، ئەمما xx لەرگە ئەڭ ئەلەم بولغىنى، ئۆزلىرىگە تۇغقان بولمىش yy نىڭ سودىگەرلەردىن 50 مىڭ يۈەن ئېلىپ، قاشتېشىنى بىر ھەسسە ئەرزان باھالاپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ ئىكەن. بۇ ئالەمدە ئۆزۈڭدىن ئۆزگە كىمگە ئىشەنگىلى بولسۇن؟ ئەمما، قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ ئامالى باھالىغۇچىنى سېتىۋېلىشلا ئەمەس، ئۆزلىرى قويغان باھاغا بەرگىلى ئۇنىمىغان تاشنى باشقىلارنىڭمۇ سېتىۋېلىشىغا يول

قويماي ئورۇنسىز ئارىلىشىۋېلىش، ئۇ تاش ھەققىدە بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىش. شۇنداقتىمۇ سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلغانلارنى يەكلەش، ھەتتا ئۇرۇپ - سوقۇشمۇ ئۇلارنىڭ ئامالى ئىكەن. ئەھۋال تونۇشتۇرغۇچىلار ئاپتورغا بەزىلەرنىڭ قىلىقلىرىدا خېلىلا زومىگەرلىك گەۋدىلىنىپ قالغانلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرىشتى. شۇنداقتىمۇ بۇ، گۈزەل ۋە نازاكەتلىك قاشتېشى ئۈستىدە كېتىپ بارغان پەزىلەتلىك سودا ئىشلىرىدىكى كىچىككىنە بىر داغدىنلا ئىبارەت. بۇ ھەققەتە ئالايىتەن ھېكايىلەرنى كەلتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ بېيىش يولى ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىشلا ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى باشقىلاردىن بۇرۇنراق پۇل تاپقانلىقتىن ۋە قولى ئۇزۇن بولغانلىقتىن. قاشتېشى قازىدىغان يەرلەرنىڭ، ھەربىرى 4 ـ 5، 8 ـ 10 دىن قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ (بەزىلەرنىڭ 20 دىن ئارتۇق قېزىش ماشىنىسى بارمىش) ئىگىسى بولۇپ ئۆلگۈرگەن. ئۇلار ئاشۇ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەردىن ئۆزلىرى قاشتېشى قېزىش، يەر ۋە ماشىنىسىنى ئىجارىگە سېتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىقمۇ توختاۋسىز پۇل تېپىپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرى قاشتېشى قېزىپ، ئۆزلىرى سېتىش ـــ ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇل. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەكلا قاشتېشى قېزىش بىلەن قاشتېشى سودىسى قىلىش ئاللىقاچان ئارىلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئايرىم ئىش تۈرى بولماي قالدى. ئەگەر قاشتېشى سودىگەرلىرى قاشتېشى قازسا، تېخىمۇ ئېسىل تاشلارنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا» ئەمەسمۇ.

## ئۇلار قانچىلىك باي بولدى؟

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ پۇل تېپىش

يوللىرى ۋە پايدا ئېلىش نىسبىتى توغرىسىدىكى ھېكايە ـ مۇلاھىزىلىرىمىز، ئۇلارنىڭ قانچىلىك تېز ۋە قانچىلىك دەرىجىدە باي بولالايدىغانلىقى ۋە بولىدىغانلىقىنى خېلى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇلارنىڭ قايسى دەرىجىدە باي بولغانلىقى توغرىسىدىكى باشقا پاكىتلارغا قاراپ باقايلى.

2006 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر. ئاغىنەم قەييۇمجاننىڭ كېلىشىپ قويغىنى بويىچە، بىرقانچە قاشتېشى سودىسى قىلىدىغان يىگىتلەر بىزنى ئۆز ماشىنىسى بىلەن شەھەرنىڭ سەل چېتىگىرەك جايلاشقان «ئابرال» رېستورانىغا ئېلىپ چىقتى. ئەسلىي بۇ ئاپتور ئۇچۇن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەت يىغىنى بولۇپ، ئاپتور ئۇلاردىن قاشتېشىچىلىقنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئۇقۇشماقچى ئىدى. ماشىنا خېلى ئېسىل ئىدى. ئاپتور سوراشتۇردى: «قاچان ۋە قانچىگە ئالدىڭلار؟»، «بىرەر ئايچە بولدى، 400 مىڭغا يولغا چىقتى.» ئاپتور شۇ كۈنى سورايدىغان سوئاللىرىنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ « 400 مىڭ يۈەنلىك ماشىنا سېتىۋالغان قاشتېشى سودىگەرلىرىدىن قانچىسى بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «200 ـ 300 چە چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، يىراقىراق بىر تۇغقانلىرىمنىڭ ئاشخانا ـ رېستوران ئاچىدىغان ئوغلىنىڭ تويى بولدى. قىزنى يۆتكەپ كېلىشكە ماڭىدىغان چاغدا نۇرغۇن ئېسىل ماشىنىلار قاتار ـ قاتار سەپ بولدى، مەن ۋە بىرقانچە پېشقەدەملەر بىر ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنا ئېسىل، ئىچى ئازادە ۋە تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق ئىدى. سوراشتۇردۇم: «نەنىڭ ماشىنىسى؟»، «گېرمانىيەنىڭ»، «نەچچە پۇللۇق ماشىنا؟»، «1 مىليون 400 مىڭ يۈەنلىك»، «گېرمانىيەدىن ئەكەلدىڭىزمۇ؟»، «ياق، ئىچكىرىدە قاشتېشىغا تېگىشكەن. 60 مىڭ كىلومېتىردەك ماڭغان ماشىنا ئىكەن، باھاسى 650 مىڭ بولدى. بىز بىر پارچە قاشتېشى بەردۇق.»

ئەمدى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى. قاشتېشى سودىگەرلىرى 400 مىڭ يۈەنلىكتىن قىممەت ماشىنىلاردىن 200 ـ 300 نى سېتىۋالىغانىكەن، 400 مىڭلىقتىن تۆۋەن 300 مىڭلىقتىن يۇقىرى باھالىق، 300 مىڭدىن تۆۋەن 200 مىڭدىن يۇقىرى باھالىق، 200 مىڭلىقتىن تۆۋەن 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى باھالىق ماشىنىلاردىن قانچىلىك سېتىۋالغاندۇ؟ ئەھۋال تونۇشتۇرغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، قاشتېشى سودىگەرلىرى سېتىۋالغان ھەر خىل ماشىنىلار 5000 ـ 6000 دىن كەم ئەمەس ئىكەن. قاشتېشى بازارلىرىنىڭ ئەتراپىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارغا قاراپلا بۇنى پەرەز قىلغىلى بولىدىكەن... ئۇلارنىڭ: «بىز قاشتېشى سودىسى قىلىدىغان خەق ئازراق پۇل تاپساقلا، ئېسىل ماشىنا سېتىۋېلىشقا چاپىدىكەنمىز، بۇ بىزنىڭ بەكلا باي بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ» دېگەن تەكەللۇپ سۆزىنىڭ ئاساسى كەمچىل. 400 مىڭ يۈەنگە ماشىنا سېتىۋالىغان ئادەم ئالدى بىلەن 200 ـ 300 مىڭ يۈەنلىك ئۆي سالىدۇ ياكى سېتىۋالىدۇ. 600 ـ 700 مىڭ يۈەننى ئىستېمالغا ئىشلىتەلىگەن ئادەمنىڭ مەبلىغى قانچىلىك بولىدۇ؟ يەنە شۇنچىلىك ئايلانما مەبلەغ ئوبوروتقا تەييار تۇرۇشى ۋە يەنە شۇنچىلىك ئېھتىيات مەبلىغى بولۇشى كېرەك. بۇ ئىختىساسشۇناسلىقتىكى ئەقەللىي ساۋات، شۇنداقكەن، ئاشۇ 400 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىچىك ماشىنا سېتىۋالىغان قاشتېشى سودىگىرىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى ھەرگىزمۇ 2 ـ 3 مىليوندىن كەم ئەمەس. باشقىلار ئاپتورغا 50 مىليوندىن يۇقىرى مەبلىغى بار قاشتېشى سودىگەرلىرىدىن 30 ـ 40 نى، 100 مىليوندىن يۇقىرى مەبلىغى بار قاشتېشى سودىگىرىدىن 6 ـ 7 نى ساناپ بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت پەرەز. يۇرۇشتۇرۇشى، سودا ئەھۋالى ۋە داڭقىغا قاراپلا قىلىنغان قىياستىنلا ئىبارەت. ئاپتورنىڭ «مىليادىر بولالىغان قاشتېشى سودىگەرلىرى بارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئۇلار

بىردەك باش چايقىدى. قارىغاندا مىليادىر بولۇش ئانچە ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مىليارد دېگەن شۇنداق چوڭ سانكى؛ «1، 2، 3 » دەپ مىلياردقىچە ساناش ئۈچۈن ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت كېتىدۇ. مىليارد ۋاراق قەغەز 150 ۋاگون چىقىدۇ ... دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇغانلىقىم يادىمدا. خوتەنلىك قاشتېشى سودىگەرلىرىدىن تېخى مىليادىر چىقماپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈكۈنۈش تېخى بالدۇر. بەختىمىزگە قاشتېشى ھازىرقىدەك چىقىپ بەرسە، قاشتېشى سودىسى ھازىرقىدەك بولۇپ بەرسە، ئەلۋەتتە پات ئارىدا مىليادىرلارمۇ پەيدا بولىدۇ. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس».

ھەقىقەتەنمۇ قاشتېشىنىڭ نۇرغۇن ئادەمنى بايغا ئايلاندۇرغىنى راست. ئاھ، سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى! سۈزۈك، نۇرانە، جۇلالىق، گۈزەل، پاك خوتەن قاشتېشى ...

## قاشتېشىغا ئايرىباشلانغان پۇل پۇل قانداق خەجلەندى؟

خوتەن قاشتېشى تارىختا تۇنجى قېتىم تالاي ئاددىي ئادەملەرنى باي قىلدى. قاشتېشى قازغان، قاشتېشى سودىسى قىلغان، قاشتېشىچىلىقتا مۇلازىمەت قىلغان تالاي خوتەنلىكلەرمۇ باي بولدى. ئون مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ خەلق پۇلى شىرىقلاپ ساناقتىن، شىرىلداپ پۇل ساناش ماشىنىسىدىن ئۆتۈپ، خوتەندىكىلەرنىڭ يانچۇقىغا كىردى. پۇل دېگەن يانچۇقتا، سومكىدا، چامادانىدا تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەسقۇ. ئۇ جىم تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز ئىگىسىنى زادىلا جىم تۇرغۇزمايدۇ. ئۆزىنى خەجلەشكە، ئىشلىتىشكە قىزىقتۇرۇش بۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى. ئەمدى بىز قاشتېشىغا تېگىشكەن پۇللارنىڭ قانداق خەجلەنگەنلىكىگە، نېمىلەرگە ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

1. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ئىستېمالىغا ئىشلىتىش.

ھېكايەت:

xx جان ئاددىي، ئەخلاقلىق، ئىمتىيازسىز شەھەر پۇقراسى. تۇنىكىسازلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قەدىر ـ ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرەتتى قەدىر ـ ئەھۋال دېگەن نېمە؟ تاپقان ـ تەرگىنى قورساق تويغۇزۇشقا، يۆگىنىشكە يېتىدۇ دېگەنلىك. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى كەملەپمۇ قالماسلىق، ئېشىپمۇ قالماسلىق. 2002 ـ يىلى ئۇ ھەقەمسايىلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ قاشتېشى قېزىشقا ئاتلاندى. تۇنجى سېلىنغان تاشتىنلا ئۇنىڭغا 120 مىڭ يۈەن نېسىۋە تەگدى. «پۇل دېگەن سەنمۇ» دەپ خىتاب قىلدى ئۇ كۆڭلىدە ۋە بالىچاقىلىرىنى باشلاپ بازارغا چىقتى. ئەڭ ئېسىل رېستورانغا كىرىپ تاماقلاندى. بالىلىرى نېمە يەيمەن دېسە شۇنى ئېلىپ بەردى. ئۆزىگە، ئىككى ئوغلىغا، ئايالىغا ئېسىل دەپ قارىغان كىيىملەردىن 3 ـ 4 قۇردىن سېتىۋالدى. ئۆي ـ ئائىلىگىمۇ كېرەكلىك جاھاز ـ مەنقۇلاتلارنى سېتىۋالدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كونا كىيىم، كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھويلىغا دۆۋىلەپ، بېنزىن چېچىپ ئوت ياقتى. ئايالىنىڭ: «ماۋۇ تېخى يېڭى ئىدى. ئاۋۇنى كىيگىلى، ئىشلەتكىلى بولاتتى. كۆيدۈرۈۋەتمەيلى، تۇرۇپ تۇرسۇن» دېگەنلىرىگە ئۇنىمىدى. ئاشۇ چاغدا XX جان بەلكىم «نامراتلىق كۆيۈپ كۈل بولسۇن، مەينەتچىلىك مەڭگۇ يوقالسۇن» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە «قول ـ قولاقلىرىڭغا نېمە ئالغۇڭ كەلسە ئال» دەپ، ئايالىغا 20 مىڭ يۈەن تۇتقۇزدى. ئۆزى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر ئاي ئىچىدىلا 120 مىڭ يۈەننى خەجلەپ تۈگەتتى ۋە پۇل خەجلىگەندىكى لەززەتنى راسا تېتىدى...

مۇھاكىمە: بۇ بۇزۇپ ـ چاچقانلىقمۇ؟ كۆپ كىشىلەر شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن. XX جاننىڭ ئايالى ئاشۇ گەپلەرنى «ھېچكىمگە دېمىسىلە» دەپ مومايغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئاشۇ

گەپلەرگە يان ئۆيدە ئولتۇرۇپ قۇلاق سېلىۋاتقان ئاپتورمۇ، ئەينى چاغدا خۇددى شۇنداق ئويلاردا بولغان. ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سېلىش كېرەك ئىدىيەي، باللارنىڭ كېيىنكى ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئامانەت قويۇش كېرەك ئىدىيەي دەپ ئويلىغان، ئەمما، ھازىر چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، XX جاننىڭ ئاشۇ پۇل خەجلىشىنى تامامەن چۈشىنىشكە ۋە كەچۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئاشۇنداق راسا كېلىشتۈرۈپ قەنتىنى چېقىشقا تاپمىسا، نېمىشقا تاپىدۇ ئۇ پۇل دېگەننى؟ مۇشۇ قۇرلارغا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان كۈنلەردە ئاپتور خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاسىم ياسىننىڭ ئىشخانىسىدا بولۇپ قالدى. ئاشۇ ئىشخانا تاملىرىغا ئېسىۋېتىلگەن چىرايلىق خۇش خەتلىك قاتار - قاتار ئەقلىيە سۆزلەر ئارىسىدا: «ئىنسانلارنىڭ ياشاش مەقسىتى پەقەت ئىككى ئىش ئۈچۈن، بىرى، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشىش، ئىككىنچىسى، ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش. پەقەت ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرلا ئىككىنچى نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئوقۇدى. ئەمدى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، XX جان ئاشۇ ئىككىنچى نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەقىللىق ئادەم. ئەگەر ئۇ پېخسىقلىق قىلىپ، ئاشۇ پۇللارنى چاشقانغا چاقتۇرۇپ قويغان بولسا، ئەلۋەتتە ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالاتتى. XX جان قاشتېشى ئارقىلىق تاپقان پۇلىنى ئاددىي ئىستېمالغا ئىشلەتكەن ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ پەقەت بىرى، خالاس.

2. مېھىر ـ شەپقەتكە ئىشلىتىش.

ھېكايەت:

مەن ئولتۇرۇۋاتقان غەربىي بېيجىڭ يولى 29 ـ قورۇنىڭ ھويلىسىدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىكى مەكتەپ مۇدىرىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. قىزغىنلىق بىلەن سالام قىلدىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. مويسىپىت 45 يىل بۇرۇنقى

كەپسىز ئوقۇغۇچىسىنى ئەسكە ئالدى. خېلى ئۇزاق مۇڭداشتۇق. مەلۇم بولدىكى، باغباراڭلىق شەخسىي قورۇ ـ جاينىڭ ئىسسىتىش شارائىتى ياخشى ئەمەس دەپ قارىغان ئىككىنچى ئوغۇل 160 نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ، دادىسىغا بىنادىن ئۆي ئېلىپ بېرىپتۇ. بىرىنچى ئوغۇل 60 نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ، ئۆينى زىننەتلەپ بېرىپتۇ. قىزلار ئۆينى ياساپ ـ جابدۇپ بېرىپتۇ. مويسىپىتنىڭ «تەييار ئۆي تۇرسا، يەنە ئۆي ئېلىپ نېمە قىلىمىز؟» دېگەنلىرىگە: «يازدا، سىز باغباراڭلىق هويلىدا يازلايسىز، قىشتا، ئىسسىق بىنا ئۆيدە قىشلايسىز» دەپ جاۋاب بېرىشىپ 2006 ـ يىلى كۈزدىلا بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ... 90% ئاتا ـ ئانا ئوغۇللىرىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىدىغۇ، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىشى كەم كۆرۈلىدىغان ئىش. ئاشۇ ۋاپادار ئوغۇل ـ قىزلارغا مەستلىكىم كېلىپ، ئاپىرىن تۇيغۇسى ئىچىدە سوراشتۇردۇم: «بالىلار نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟»، «نېمە ئىش قىلاتتى، قاشتېشى سودىسى قىلىدۇ. ئىككىنچى ئوغۇل ئاۋۋال باشلىدى. كېيىن ئاكىسى ئەگەشتى. قاشتېشى بالىلارغا قانات چىقاردى.» جاۋاب بەردى مويسىپىت ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ.

مۇهاكىمە:

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى رازى ۋە خۇشال قىلىشىدىنمۇ ئارتۇق ساۋابلىق ئىش يوق. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلارغا مېهىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشتىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىش يوق. پەرزەنتلەرنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىشتىنمۇ ئارتۇق مېهىر ـ شەپقەت يوق. قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق تاپقان پۇلغا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئۈچۈن، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆي سېتىۋالغانلار هەققىدىكى هېكايىلەر، ئانىسىغا ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت ئېلىپ بەرگەنلەر توغرىسىدىكى هېكايىلەر، هەدىسىگە تۈمەن سوملۇق

پەلتو ئېلىپ بەرگەنلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر تالاي - تالاي، ھەممىسى مېھىر - شەپقەت، مېھىر - شەپقەت ئۈچۈن پۇل خەجلەش — ئەلۋەتتە ئالقىشلىنىدۇ.

3. يۇقىرى ئىستېمال ئۈچۈن ئىشلىتىش

پۇل تاپقۇچىنىڭ ئۆزى ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۈچۈن كاتتا ئۆي - داچىلارنى سالدۇرۇشى، بىنالاردىن چوڭ كۆلەملىك ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشى يۇقىرى ئىستېمال ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئاپتور بۇ سەرلەۋھەدە كۆپرەك كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشنى نەزەردە تۇتتى. بۇ ھەقتە يۇقىرىقى بابلاردا كەڭرەك توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا سان - سىپىر كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاپتور مۇشۇ يازمىغا قەلەم تەۋرىتىش ئالدىدا، بىر ئاغىنىلەر ساياھەت كامپانىيەسىگە ئەگىشىپ، چەرچەن - چاقىلىق، يەكەن - قاغىلىقلارنى ئايلىنىپ، قەدىمكى «ئالتە شەھەر» دائىرىسىدە، بىر قېتىم چەمبەرسىمان ساياھەتتە بولدى. تەسىراتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، مەيلى ناھىيە شەھەرلىرىنىڭ، مەيلى ۋىلايەت - ئوبلاست شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا، خوتەن كوچىلىرىدىكىدەك كۆپ كىچىك ماشىنا كۆرمىدى. شەكسىزكى، خوتەن كوچىلىرىدا سەلدەك دەۋرەپ، ئېقىپ يۈرگەن ئېسىل پىكاپ - پاپىدالارنىڭ 50 - 60 پىرسەنتى قاشتېشى ساتقان پۇلغا كەلگەن ماشىنىلار.

4. ئالاھىدە ئىستېماللارغا ئىشلىتىش.

ئالاھىدە ئىستېمال دېگىنىمىز — داۋالىنىش، سەيلە - تاۋاپ، توقال ئېلىش، مەنسەپ سېتىۋېلىش... دېگەندەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاشتېشى ساتقان پۇللارنى ئىشلىتىش كېرەك. داۋالىنىشقا خەجلىگەن پۇل، سەيلە - ساياھەت، ھەج - تاۋاپقا خەجلىگەن پۇل ئورۇنلۇقتەك، كېيىنكى ئىككىسىگە خەجلىگەن پۇل ئاسانلا ئورۇنسىز، قالايمىقان، ناتوغرا خەجلىگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلاردىن توقال ئالغانلار ھەققىدىكى گەپلەر خېلى جىق.

ھەتتا «تۆت خوتۈننى بىر قېتىمدىلا ھەج قىلدۇرۇپ كەلگەنلەر» ھەققىدىمۇ، ئەسلىدىكى كونا خوتۇندىن باشقا «خوتەندە، ئۇرۇمچىدە، ئىچكىرىدە توقال خوتۇنلىرى بار» لار ھەققىدىمۇ سۆزلىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇ، سۆزلىشىپ يۈرگۈدەك ئاشكارا ئىش ئەمەس. سۇننەت دەپ قارالغاندىمۇ، قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كۆڭۈل دېگەن نەرسىنى باغلاپ قويغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ يانچۇقتا پۇل كۆپەيگەندە ئۇ بەكلا شوخلىشىپ كېتىدۇ. توقال ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى ئەيىبلىگىلى بولغان بىلەن چەكلىگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۇگۈنكىدەك ئېچىۋېتىلگەن زاماندا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا بۇ ئىشنى ئارتۇق زىغىرلاپ كەتمەسلىك كېرەك. قاشتېشى تاپقان پۇلغا مەنسەپ سېتىۋالغانلىق توغرىسىدىكى مىش - مىشلار ناھايىتى كۆپ. ئەمما، بۇ گەپلەرنىڭ تولىسى پارتىيە - ھۆكۈمەتىمىزنىڭ ئوبرازىغا داغ يەتكۈزۈش نىيىتىدە، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تاپقان يالغان - ياۋىدىقى بولۇش ئېھتىمالى چوڭ. بۇنداق گەپلەرنى رەت قىلىش كېرەك.

5. ئەل - جامائەت ئۈچۈن ئىشلىتىش.

شەخسىي ئىستېمالغا پۇل خەجلەشنىڭ ئەھمىيىتى بولغان يەردە، جەمئىيەت ئومۇمىي پاراۋانلىقى ئۈچۈن، يوقسۇز - موھتاجلار ئۈچۈن، زۆرۈر ۋە مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن پۇل خەجلەشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ، ئۇ چوقۇم قەدىرلىنىشى، ئالقىشلىنىشى كېرەك.

«خوتەن گېزىتى» 2004 - يىلى 24 -، 27 -، 29 - ئىيۇل سانلىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى خەۋەر قىلدى:

«لوپ ناھىيە سامپۇلا يېزا قارايانتاق كەنتىدىن سىراجىدىن ھاجىم قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغاندىن كېيىن... مەكتەپكە 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى. نامرات قوشنىسى گۈلسۈمخانغا 4500 يۈەن خەجلەپ ئۆي سېلىپ بەردى. باشقىلارغا بىر قېتىمدا 4800 يۈەن، يەنە بىر قېتىمدا 3500

يۈەن ياردەم قىلدى... قاشتېشى بايرىمىغا 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى...»

«سامپۇلا يېزىسىدىن ئۆمەر قارىھاجىم قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغاندىن كېيىن ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپكە 60 مىڭ يۈەن، مېيىپلەرگە 3800 يۈەن، قاشتېشى بايرىمىغا 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى. قارايانتاق كەنتىدىن مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، 36 ئائىلىلىك ئۆي سېلىپ، 36 ئائىلە نامراتنى ئورۇنلاشتۇرماقچى...»

«خوتەن شەھىرىدىكى قاشتېشى سودىسى قىلىپ بېيىغان تىجارەتچى ئېلى ئابدۇللا 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچقان 2004 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا، ئۆز يېنىدىن 6000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، 500 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچىنى مۇكاپاتلىدى.»

يۇقىرىقى خەۋەرلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، سىراجىدىن ھاجىم قاشتېشى سېتىپ تاپقان پۇلىدىن 21 مىڭ 800 يۈەننى، ئۆمەر قارىھاجىم 68 مىڭ 800 يۈەننى، ئېلى ئابدۇللا 6000 يۈەننى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇمەن ھەشقاللا ئېيتىش كېرەك. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە «خوتەن گېزىتى»گە بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ ۋە مۇخبىر ئېرىشكەن سان ـ سىپىرلارنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلمىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ بۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە ساخاۋەتكە خەجلىگەن پۇلىمۇ ناھايىتى جىق، يۇقىرىقىدەك ئاز بولۇپ قېلىشىنى، ئاشۇ بايلارنىڭ زىيارەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلىقى ۋە ساخاۋەتلىرىنى جاكارلاپ يۈرۈشتىن قاچقان كەمتەرلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دەستۇرىدا: «ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشى ئىشنى سول قولۇڭمۇ تۇيمىسۇن» دېيىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان

ياخشى ئىشلارنى داۋراڭ قىلىشنى خالىمايدۇ. ماختانچاقلىقتا، مىننەتكە ئايلىنىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ئاپتور قاشتېشى ئارقىلىق تېپىلغان پۇللارنىڭ ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنلىكىگە، چوقۇم ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. نېمىشقا ئىشىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ دەستۇرىدا يەنە «قولۇڭ ماي بولسا، قونچۇڭغا سۈۋا، قازىنىڭ ماي بولسا قوشناڭغا» دېيىلىدۇ. شۇنچە كۆپ نامرات قوشنىلار ئۈمچىيىپ تۇرسا، بۇرۇتىدىن ماي ساقىتىپ يۈرۈشكە قايسى ۋىجدان ئىگىسى چىدىسۇن؟ خوتەندىن، ئەزەلدىن مەرد ـ مەردانە بايلار كۆپ چىققانكى، پىخسىق بايلار ئاز كۆرۈلگەن!

6. كەسىپ يۆتكەشكە ئىشلىتىش

ھەرقانداق ماددىي بايلىقنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكىدەك زور كۆلەملىك قېزىشتا، پۈتكۈل قارا ـ قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ھەممىسى قاشتېشى بولغان ھالەتتىمۇ، بەربىر بىركۈنى تۈگەيدۇ. شۇڭا قاشتېشىچىلىقتا تايىنىپ تاپقان پۇلنى دەسمايە قىلىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى تىجارەت تۈرلىرىنى ئېچىش — ئەڭ ئاقىلانىلىك. ئەمەلىيەتتە، قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغانلار ئاللىقاچان يېڭى كەسىپلەرگە يۈرۈش قىلىشنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭغا ياش يىگىت ئېلى ھاجىم (خوراز) نى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىغان «تىجارەتچى ئېلى ئابدۇللا»مۇ ئېلى ھاجىم بولۇشى مۇمكىن. ئاپتور ئۇ كىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا پۇرسەت تاپالمىغانلىقتىن باشقا ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئالمىدى. ئېلى ھاجىم قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغاندىن كېيىن، يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدىلا، ئۆي ـ مۈلۈك، بىناكارلىققا قاراپ كېڭىيىشنى باشلىغان. بۇ ھەممە كىشى بىلىدىغان پاكىت. ئۇ دەسلەپتە «ئانا دەريا» نامدىكى ئۈنۈۋېرسال تىجارەت بىناسىنى سالدۇردى. تېخى يېقىندىلا

پۈتكەن، ئىنتىپاق مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە سودا كوچىسى ھاسىل قىلغان، نەچچە ئون مىڭ كىۋادرات مېتىرلىق، ئېگىز، ئېسىل گۈمبەزلىك بىنالارنىمۇ ئېلى ھاجىم سالدۇردى. ئۇنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەت مىساللىرى يەنە بولۇشى مۇمكىن. ئېلى ھاجىمنىڭ قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغاندىن كېيىن دەرھال بىناكارلىق كەسپىگە يۈرۈش قىلىشتەك بۇ ئاقىلانىلىكى ئەلۋەتتە ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق بېيىغانلاردىن باشقا ساھەلەرگە مەبلەغ سالغانلار يالغۇز ئېلى ھاجىملا ئەمەس. يەنە باشقىلارمۇ بىناكارلىق ساھەسىگە، ياساش - پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ساھەسىگە، قاتناش - تىرانسپورت ساھەسىگە ۋە باشقا كەسپىي ساھەلەرگە مەبلەغ سالدى ۋە سېلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ يەر - زېمىن سېتىۋېلىشى خېلى گەۋدىلىك ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن ئەھۋاللاشقان كىشىلەر قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ يەر - زېمىن سېتىۋالغانلىقىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى. ئۇلار شەھەر ئىچىدىن، يۇرۇڭقاشنىڭ بويلىرىدىن، يىراقراق يېزىلاردىن، يېڭى ئېچىلغان بوز يەرلەردىن يەر - زېمىن سېتىۋاپتۇ. بۇنى بىز، بىناكارلىقتا، باغۋەنچىلىككە، باقمىچىلىقتا، دېھقانچىلىقتا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى دەپ قارىشىمىز كېرەك. بۇمۇ ئەلۋەتتە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش.

7. ئالقىشلاشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش

قاشتېشى ئارقىلىق تاپقان پۇللارنى بانكىغا قويۇپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تىقىشتۇرۇپ، ئالتۇن سېتىۋېلىپ، دوللارغا ئايرىباشلاپ، بېسىپ ياتقانلارمۇ يوق ئەمەس. پۇلنى پۇل پېتى ساقلاشتەك بۇنداق قىلمىشنى قانۇن جەھەتتىن ئەيىبلىگىلى بولمىغان بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتە ئۇ، پىسخىكىلىق ۋە نادانلىق كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئوبوروتقا قاتناشمىغان پۇل ئەلۋەتتە

قىممەتسىز، قىممەت يارىتالمىغان پۇل ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم ساندىكى ئېھتىيات مەبلىغىنى بانكىغا قويۇش ئاقىلانىلىك بولسىمۇ، كۆپ سانلىق پۇلنى تىقىشتۇرۇپ ساقلاش ياكى چاشقانغا چاقتۇرۇش پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىش بىلەن نەتىجىلەنمەي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە يەنە بىخەتەرلىك مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. باشقىلار ماڭا، خوتەن شەھرىدە ھەر كۈنى بىر كىلوگىرامدىن ئارتۇق ئالتۇن ۋە ئالتۇن زىبۇ - زىنەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئەلۋەتتە قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلىقنىڭ نەتىجىسى. ۋاھالەنكى، ئالتۇن ساقلاش — ئەنسىز يىللارغا باب كېلىدىغان ئەنئەنىۋى پۇل ساقلاش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانغا ماس كەلمەيدۇ. ھازىرقى زامان ھەرقانداق پۇلنىڭ ئاكتىپ ئوبوروتقا قاتنىشىشىنى، ئۈزلۈكسىز قىممەت يارىتىپ بارغانسېرى كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قاشتېشى ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇلغا ئالتۇن سېتىۋېلىش، ھەرگىز ئاقىلانىلىك ھېسابلانمايدۇ. ئۇ پۇلنى پۇل پېتى ساقلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس.

ئاپتورنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغان ئىش شۇكى، قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلار نەپسى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپتۇ - يۇ، ئەمما ئەقلى ئۈچۈن پۇل خەجلەپ باقماپتۇ. ئاپتور قايتا - قايتا سۈرۈشتۈرۈپمۇ، قاشتېشى ئارقىلىق پۇل تاپقاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە ئۇرۇنغان، ھېچبولمىغاندىمۇ تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتناشقان، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلغان قاشتېشى بېيىنى تاپالمىدى. تىل دېگەن مەيلى ئۇ خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، ئەرەب تىلى ۋە باشقا تىللار بولسۇن، سودا - تىجارەتتە ئىنتايىن مۇھىم قورال ئىدى. مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە مەبلەغ سالمىغان ھالەتتىمۇ، تىل ئۆگىنىشكە مەبلەغ سېلىش كېرەك ئىدى.

ئەپسۇسكى، قاشتېشى ئارقىلىق بېيىپ پۇل تاپقانلار بۇ ئىش ئۈچۈن پۇل خەجلەپ باقماپتۇ. ئۇلارنىڭ نەچچە تۈمەن پۇل خەجلەپ بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرگۈزۈشى ئەلۋەتتە باشقا ئىش. بۇ ئەۋلادلار تەربىيەسىگە مەبلەغ سېلىش بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش قوشۇلغان بولسا، تېخىمۇ ياخشى ئىش بولغان، گۈل گۈلىگە كەلگەن بولاتتى. بىز ئۇلارنىڭ نەپسىگە پۇل خەجلىشىنى ئەيىبلەپ كەتمىدۇق. ئەمما، ئۆزىنى تەربىيەلەشكە، ئەقلىنى كامالەت تاپقۇزۇشقا پۇل خەجلىمىگەنلىك ئەلۋەتتە زامانىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ.

قاشتېشى ئارقىلىق پۇل تېپىپ بېيىغانلاردا ھەمكارلىق روھى قانچىلىك؟ بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش. ئاپتور، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىپ يېڭى كەسىپ، يېڭى تىجارەت تۈرلىرىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىمىدى. ئەگەر ئۇلار خۇددى قاشتېشى سېتىۋالغان ۋە ساتقان چاغدىكىدەك شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، زاۋۇت - شىركەتلەرنى قۇرغان، يېڭى - يېڭى ئىش ئورنى ياراتقان بولسا، يۇرتداشلىرىغا تېخىمۇ زور پايدا يەتكۈزگەن بولاتتى. بىلىش كېرەككى، ساخاۋەت قىلىنغان پۇل ئېرىشكۈچى ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇل ئەمەس. ئارتۇق قەدىرلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ساخاۋەت قىلىش ئورنىغا، ساخاۋەت قوبۇل قىلغۇچىنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىسەك، ئۇ ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇلنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ بەكرەك يەتكەن بولاتتى. ھايات ئىشەنچىسى كۈچەيگەن بولاتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئىش ئورنى ۋە ئىشلەشنىڭمۇ ھوقۇققا ئايلانغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك. ئادەم قانچە باي بولسا، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، خوتەنلىكلەر قاشتېشى ئارقىلىق تاپقان پۇللىرىنى ئومۇمەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا خەجلىدى ۋە خەجلەۋاتىدۇ. ئاشۇ پۇللارنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ

ئاشۇرۇش ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە، ئەمدىكىسى كىمنىڭ قايسى ئىشنى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك دەپ قارىشىدا.

## قاشتېشىچىلىقتا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ۋە سودا ئۇسۇلى

يۇز مىڭلاپ ئادەم، نەچچە مىڭلاپ قېزىش ماشىنىسى قاشتېشى قېزىۋاتقان ۋە قاشتېشى سودىسى قىلىۋاتقان يۇرۇڭقاش بويلىرىنى، بىر ھەيۋەتلىك جەڭ مەيدانى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ھەربىر ئوقۇرمەن ئۈچۈن تۇنجى ھاسىلات، ۋاھالەنكى، بۇ يەرلەردە، ئاتىللا، چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭ، بابۇرخان يۇرۇشلىرىدىكىدەك ئارغىماقلار كىشنەپ، قىر - چاپ سادالىرى ياڭراۋاتقان، موسكۋا ۋە كورسكى ئۇرۇشلىرىدىكىدەك تانكىلار گۈرۈلدەپ، شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، نورمانديەدە قۇرۇقلۇققا چىققان چاغدىكىدەك قىيقاس - چۇقان جاھاننى بىر ئالغان، ئىراق ئۇرۇشىدىكىدەك چاڭ - توزان ئۆرلەپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقان ئىش يوق. بۇ يەر ناھايىتى جىمجىت. قېزىش ماشىنىلىرىنىڭ گۈرۈلدىشى، چوڭ - كىچىك تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ شىرىقلىشىمۇ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزالمايدۇ. تاش سودىسى قىلىۋاتقانلارمۇ گويا ئاشۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورققاندەك ناھايىتى پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىدۇ. پىچىرلاشقاندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئاشۇ جىمجىتلىق ۋە پىچىرلىشىشلارغا ئارزۇ - ئۈمىد، ئارمان - تىلەك، پايدا ئىنتىلىشى ۋە چاققانلىق يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئارزۇ - ئۈمىد، ئارمان - تىلەك، ئىنتىلىش ۋە چاققانلىق مەخپىي، ئۈنسىز جەڭ قىلىدۇ. قەلبلەردە ئاڭلانماس ھۆررا ۋە كۆرۈنمەس ئېلىشىش داۋام قىلىدۇ. ئېلىشىش دېگەن شەپقەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسى. لېكىن بۇ يەردە ئۇنداق شەپقەتسىزلىكنى ئاق قاشتېشىنىڭ

تاتلىق كۆلۈمسىرىشى، يېشىل قاشتېشىنىڭ مەسۇمانە مۆلايىملىقى، كۆك قاشتېشىنىڭ ساماۋى سالاپىتى، سەيۋەرەڭ قاشتېشىنىڭ چاقچاقتەك شوخلۇقى، قارا قاشتېشىنىڭ ھىجراندەك مۇڭى بېسىپ قويغان. ئۇنىڭ ئورنىدا قاشتېشىدەك ئېسىل، قاشتېشىدەك پاك، قاشتېشىدەك سۈزۈك، قاشتېشىدەك مۆلايىم، قاشتېشىدەك لەۋەن بىر مەدەنىيەت شەكىللەنگەن...

سىز قاشتېشى قېزىلىۋاتقان يەرلەردە «قاشتېشى چىقتىمۇ؟»، «قاشتېشى ئۇچرىدىمۇ؟» دېگەندەك قوپال سوئاللارنى ۋە «ماڭا بىر دانە قاشتېشى چىقتى»، «پالانچىغا بىر چوڭ قاشتېشى ئۇچراپتۇ» دېگەندەك سۆلكەتسىز جاۋابلارنى زادىلا ئاڭلىيالمايسىز. ئۇ يەرلەردە سوئال ئەدەپ ۋە نازاكەت بىلەن سورىلىدۇ. جاۋابمۇ تەۋەززۇ ۋە مۆلايىملىق بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. نام ـ ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىل تەگداش، ئۇلۇغۋار مەنىلەرگە ئالماشتۇرۇلىدۇ. سوئال ۋە جاۋابلار ئىمزگۇ تىلەكلەر بىلەن رەڭلىنىدۇ... قاشتېشى بازىرىدىمۇ مۇئامىلىلەر ئەنە شۇنداق سۆلكەت بىلەن داۋاملىشىدۇ. ھېچكىم قوپال ۋە ئۇنلۇك سۆزلىمەيدۇ. ھۆپىگەرلەردەك، ناۋاي ـ مانتىپەزلەردەك قەشقەرچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، خېرىدار چاقىرىدىغان ئىش ئەسلا يوق. خېرىدار ئۆزى كېلىدۇ. سودا ـ سېتىق سوئال ـ جاۋابلىرى ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن، خۇش چىراي ۋە مۆلايىملىق بىلەن بولىدۇ.

قاشتېشىچىلىقتىكى ئېسىل مەدەنىيەت راستچىللىق ۋە بىر سۆزلۈكتە بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ يەرلەردە «مال» نى ماختايدىغان، كەمچىلىكنى يوشۇرىدىغان ۋە ياكى «مال» نى كەم سۇندۇرىدىغان قىلىقلار ئەسلا يوق. ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى گويا باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەردەك، «مال» نىڭ سۈپىتىنى لىللا باھالايدۇ. ئوبيېكتىپ باھا قويىدۇ ۋە نەرخىنى بېكىتىدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، زور دەرىجىدە باي بولغان قاشتېشى سودىگەرلىرى پايدىنى نەدىن ئالدى؟ كۆپ كىشى بۇ

سوئالغا «ماكانلار ئارا باها پەرقىدىن ئالدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، خوتەننىڭ ئۆزىدىكى بازارلاردىمۇ باھا ئوخشىمايدۇ. «باش ئازما قاشتېشى بازىرى» بىلەن «يۇرۇڭقاش قاشتېشى بازىرى» ئارىسىدا، «يۇرۇڭقاش قاشتېشى بازىرى» بىلەن «جامەئە كوچىسى قاشتېشى بازىرى» ئارىسىدا، «جامەئە كوچىسى قاشتېشى بازىرى» بىلەن «ئەسكىرىي سېپىل ئىچىدىكى قاشتېشى بازىرى» ئارىسىدا باھا پەرقى مەۋجۇت. يەكەن ـ قاغىلىق، چەرچەن ـ چاقىلىقتىكى قاشتېشى بازارلىرى بىلەن خوتەندىكى قاشتېشى بازارلىرى ئارىسىدىمۇ باھا پەرقى مەۋجۇت. خوتەن قاشتېشى بازارلىرى بىلەن ئىچكى جۇڭگو ۋە خەلقئارادىكى قاشتېشى بازارلىرى ئارىسىدىكى باھا پەرقى بولسا، تېخىمۇ چوڭ. ئەمەلىيەتتە، قاشتېشى سودىسىدا «مال» نى تونۇش، ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە ھەرقايسى بازارلاردىكى باھاسىنى مۆلچەرلەش ئىنتايىن مۇھىم. ساتقۇچى (بۇ كۆپ ھاللاردا قاشتېشى قازغۇچى بولىدۇ) ئۆز قولىدىكى «مال» نىڭ قىممىتىنى توغرا تونۇيالمايدىغان، باھاسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ تۆككەن تەرى ۋە سەرپ قىلغان ۋاقتىغا قاراپلا باھا قويۇپ سالىدىغان ئىشلارمۇ مەۋجۇت. (ئەمەلىيەتتە قاشتېشىنىڭ باھاسى بىلەن ئۇنى قېزىش جەريانىدىكى ئەمگەكنىڭ ۋە سېلىنمىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. قاشتېشىنىڭ باھاسىنى ئۇنىڭ ئەسلىي سۈپىتى ۋە ئالغۇچىنىڭ قىزىقىش دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ) بۇنداق ئەھۋالدا، سېتىۋالغۇچى زور پايدىغا ئېرىشىدۇ. بۇنى ئۆز تەلىيىم دەپ ھېسابلىغۇچىلارمۇ، ساتقۇچىغا ئۇۋال بولدى دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ئۇۋال بولدى دەپ قارىسا قانداق بولىدۇ؟

ھېكايەت:

قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى يىگىت بىر دېھقان بوۋايدىن 8000 يۈەنگە بىر پارچە قاشتېشى

سېتىۋاپتۇ. كېيىن بازارغا سالغاندا ھېلىقى قاشتېشى 138 مىڭ يۈەنگە ياراپتۇ. ئىككى يىگىت پۇلنى ئېلىپ ھېلىقى دېھقان بوۋاينى يەنە ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە پۇلنى ئالدىغا قويۇپ: «ئۆزلىرىدىن ئالغان مال مۇشۇ پۇلغا يارىدى. ھەممىنى بىز ئىگىلىۋالساق، نائىنسابلىق بولغۇدەك، پۇلنى ئالدىلىرىغا قويدۇق، ئۆزلىرىگە تېگىشلىكىنى ئېلىۋالسىلا» دەپتۇ. بوۋايمۇ جاھان كۆرگەن ئادەم ئىكەن: «مېنىڭ تاپقىنىم قاشتېشىنى 8000 يۈەن ئالىدىغان بازار، سىلەرنىڭ تاپقىنىڭلار ئۇنى 138 مىڭغا ئالىدىغان بازاركەن. سودا دېگەن ھالال، ئادەمنىڭ لەۋزىمۇ ھالال بولۇشى كېرەك. بۇ پۇل سىلەرنىڭ رىزقىڭلار» دەپتۇ. پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئارىدا تەكەللۇپلۇق تالاش ـ تارتىش بولۇپ ئۆتۈپتۇ. يىگىتلەر پۇلنى بوۋايغا، بوۋاي يىگىتلەرگە ئىتتىرىدىكەن. ئاخىرىدا يىگىتلەر بوۋايغا تېگىپ دېگۈدەك 50 مىڭ يۈەننى تۇتقۇزۇپتۇ. لېكىن بوۋاي «كۆڭلۈڭلەرنى قايتۇرسام بولمىغۇدەك» دەپ 30 مىڭ يۈەننى ئېلىپ، 20 مىڭ يۈەننى يەنىلا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ بىر پارچە قاشتېشى ئارقىلىق بوۋاي 38 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكەن بوپتۇ. يىگىتلەر 50 مىڭدىن ئېرىشىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ رازى بوپتۇ. كۆڭۈلدە غۇم ـ كىر قالماپتۇ...

نېمىدېگەن ئېسىل سودا ئەخلاقى ـ ھە؟ بۇ پەقەت پاكىز، پاكىز نەسەبلىك، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەردىلا تېپىلىدۇ...

ئاپتور بۇ ھېكايىنى باشقا ـ باشقا ئېغىزلاردىن قايتا ـ قايتا ئاڭلىدى. بەزىلەر بۇ ئىشنى «چاھارباغ» يېزىسىنىڭ «سوغاق قۇم» دېگەن يېرىدە بولغان دېسە، يەنە بەزىلەر يۇرۇڭقاش دەرياسىدا بولغان دېيىشتى. خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئېگەرچى كەنتىدە بولغان دېگۈچىلەرمۇ بولدى. قاشتېشىنى سېتىۋالغان، سېتىلغان، بوۋايغا قايتۇرغان پۇل سانلىرىمۇ ئوخشىمىدى. قارىغاندا بۇ ئىنساب ۋە دىيانەت ھېكايىسى بىر قېتىم بىر

يەردىلا يۈز بەرمىگەندەك قىلىدۇ. كۆپ قېتىم ۋە باشقا - باشقا جايلاردا يۈز بەرگەچكە، ھەر كىم ھەرخىل بايان قىلىشۋاتقان بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، ئاپتور ئىنسابلىق سودىگەر يىگىتلەر بىلەنمۇ، بوۋاي بىلەنمۇ ئۇچرىشالمىدى. خېلى سۈرۈشتۈرۈپ، خېلى يېقىنلاپ بېرىپمۇ ئۇچرىشالمىدى. بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقىنى يەنىلا ھېلىقى كونا گەپتە دېيىلگەندەكلا ئىش ئىدى: «ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشىلىقنى سول قولۇڭمۇ تۇيمىسۇن!»

قاشتېشى سودىسىدىكى ئېسىل ئەخلاق ۋە گۈزەل مەدەنىيلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى، سودا كېلىشىمىدىن قەتئىي يېنىۋالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇغۇ خوتەنلىكلەرنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى. خوتەنلىكلەرنىڭ «بىرنى بىر دەيدۇ» غانلىقى، سودا، گەپ - سۆز ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە قەتئىي بىر سۆزلۈك، بىر مەيدانلىق ئىكەنلىكى تالاي تارىخ - تەزكىرىلەردە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇسكى، كېيىنكى زامانلاردىكى قان ئارىلىشىش نەتىجىسىدە، بۇ خىل ئېسىل تەبىئەتتە ئازراق ئۆزگىرىش بولماي قالمىغان. ئەمدى بۇ قېتىمقى چارەك ئەسىرلىك قاشتېشى گۈللىنىشى جەريانىدا، يوقىلىۋاتقان قەتئىي بىر سۆزلۈك بولۇش، باسقان ئىزىدىن قايتماسلىق ئەنئەنىسى يەنە قايتا ئەسلىگە كەلدى. قاشتېشى سودىسىدا قەتئىي يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. مەيلى غايەت زور پايدا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، مەيلى غايەت زور زىيان كۆرۈلگەن ھالەتتىمۇ يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ھېچكىم يېنىۋېلىپمۇ باقمىدى. ئاپتور بۇ قېتىم قاشتېشىچىلىققا دائىر ھېكايە - پاراڭلارنى يىغىۋاتقاندا، سودىدىن يېنىۋالغانلىق توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئاڭلىمىدى. ئۆزى سوراپ - سۈرۈشتۈرگەندىمۇ، قاشتېشى سودىسىدا يېنىۋېلىش ئادىتىنىڭ قەتئىي يوقلۇقى قايتا دەلىللەندى.

بۇ قېتىمقى قاشتېشىچىلىقتا شەكىللەنگەن ھەمكارلىق روھىنى يەنە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى دەرىجىسىدە چۈشىنىش

كىرەك. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى باشلىنىپ 80 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان مەجبۇرىي ھەمكارلاشتۇرۇش، كوللىكتىپلاشتۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىش ـ كوللېكتىپلىشىشتىن يەتكۈچە بىزار بولغان، خۇسۇسىي ـ يەككە ئىگىلىككە كاندىدەك يېپىشقان خوتەنلىكلەرنى ھەمكارلاشتۇرۇش بەسىي مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. خەلق ھەمكارلىشىشتىن گويا «سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ» دېگەندەك ئۈركۈپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى، قاشتېشى كولاش ۋە قاشتېشى سودىسى جەريانىدىكى زۆرۈرىيەت يەنىلا ھەمكارلىشىش ـ كوللېكتىپلىشىشنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇنىڭ بىر پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى قايتا تونۇتتى. ئاددىي قوراللار بىلەن ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قاشتېشى قېزىشتا بولسۇن ياكى قېزىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ قاشتېشى قېزىشتا بولسۇن ۋە ياكى زور سوممىلىق قاشتېشى سودىسىدا بولسۇن، ھەمكارلاشماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەمكارلاشمىسا، شېرىكلەشمىسە، ئەمگەك كۈچى ۋە مەبلەغ يېتىشمەيتتى. مانا شۇ زۆرۈرىيەت ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى. ھەمكارلىشىش روھىغا قايتا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئاپتور تەكشۈرۈش جەريانىدا، كان ـ ئورەك ئېچىپ قاشتېشى قازىدىغانلارنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا بەش كىشىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 16 كىشىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەنگەنلىكىنى ئۇقتى. قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ قازىدىغانلار مەبلەغ چىقىرىدىغانلىقتىن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا پاي قاتىدىغانلارنىڭ سانى تېخىمۇ چەكلەنمەيدىكەن. 40 تىن ئارتۇق كىشى پاي قاتقان گۇرۇپپىلارمۇ بار ئىكەن. پاي قاتقان مەبلىغى قانچىلىك بولسىمۇ بولىۋېرىدىكەن. تېپىلغان ۋە سېتىلغان قاشتېشىنىڭ پۇلى قوشقان پاي ـ مەبلىغىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىدىكەن. زىيانىمۇ شۇنداق تەقسىملىنىدىكەن. قاشتېشى سودىسى جەريانىدىمۇ،

نەرخ ـ ھاۋاسى بەك ئۆرە «مال» لارنى سېتىۋېلىشتا، شېرىكلىشىپ سېتىۋېلىش ئېلىپ بېرىلىدىكەن. شېرىكلەرنىڭ سانى ئانچە چەكلەنمەيدىكەن. قاتقان پېيىغا قاراپ «پالانى ئانچە شېرىك بولدى»، «پۇستانى مانچە شېرىك بولدى» دەپ خاتىرىلىنىدىكەن ۋە ئاشۇ قاشتېشى قايتا سېتىلغاندا، چىققان پايدا ـ زىيان ئاشۇ قاتقان پايغا قاراپ تەقسىملىنىدىكەن. قاشتېشى سودىسىدا ئۈچ كىشىلىكتىن 6 ـ 7 كىشىلىككىچە بولغان مۇقىم، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىمۇ بولىدىكەن (ئۈچ كىشىنىڭ بىرى خوتەندىن سېتىۋېلىش، بىرى ئىچكىرىدە سېتىپ چىقىرىش، يەنە بىرى ئوتتۇرىدا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئالىدىكەن). بۇنداق گۇرۇپپىلار ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە يېقىن دوست - يارانلەردىن تەشكىللىنىپ، ۋەزىپىلەر ئېنىق تەقسىملىنىپ، ئۇزۇن مەزگىل ھەمكارلىشىدىكەن. ئاشۇ بارلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدا ئېنىق تۈزۈملەر ۋە ئىش تەقسىماتى بولۇپ، يېشى چوڭراق، تەجرىبىسى مولراق بىرى ئاتامان، تەبئىي باشلامچى بولىدىكەن. مەبلىغى جىقراقلىرى باشلامچى بولىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن. باشقۇرۇش دېموكراتىك ۋە ئادىللىق بىلەن، بار مەسلىھەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. قىلغان ئىشىغا، قاتقان مەبلىغىگە ئاساسەن ئادىل تەقسىمات يۈرگۈزۈلىدىكەن. بىرىنىڭ رىزقىنى بىرى يەۋالىدىغان، كۆپ ئىگىلىۋالىدىغان، بىر - بىرىگە قارا سانايدىغان قىلمىشلار سادىر بولمايدىكەن. ئىشنىڭ يېنىكىنى تاللاپ، ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىدىغان، ئىشتىن قېچىپ رۇخسەت سورايدىغان، كېسەل بولۇۋالىدىغان كوممۇناچە قىلىقلار تېخىمۇ كۆرۈلمەيدىكەن. چۈنكى، ئىشتىن قېچىقالسا، شۇ كۈنى چىققان ئامەتتە ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولمايدىكەن. قېيىنسىڭلىم قاشتېشى قازىدىغان باللىرى توغرىسىدا: «زۇكامداپ قالسىمۇ ئىشتىن قېلىشنى خالىمايدۇ. بەك ئېغىر بولغاندا، ئورنىغا ئىنىسى ياكى

كىتاب تور بېكىتى

باشقا بىرسى چىقمىدۇ» دەپ سۆزلەپ بەردى. ھەتتا باجامۇ بىر قانچە كۈن ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىغا قاشتېشى قېزىشقا چىقىپتۇ. بۇ ئاددىي، ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قاشتېشى قازىدىغانلار توغرىسىدىكى گەپ. قېزىش ماشىنىسى ئىجارىگە ئېلىپ قېزىشتا، مەبلەغ پاي قېتىپ، قېزىش مەيدانىغا بارمىسىمۇ بولىۋېرىدىكەن. چىققان ئامەتتىن نېسىۋىسىنى ئېلىۋېرىدىكەن. قاشتېشى سودىسىدىمۇ شېرىك بولۇپ قويۇپ، سودا جەريانىغا ئىشتىراك قىلمىسىمۇ، يەنىلا پايدا ـ زىيانغا تەڭ ئىگە بولىدىكەن. بىز ئەمدى بۇ يەردە شېرىكلەر ئارا سەممىي ئىشەنچنى بايقايمىز. قەيەردە بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىشىنىش مەيدانغا كېلىدۇ؟ قاشتېشىدەك گۈزەل، پاكلىق بولغان يەردىلا ئاندىن مۇشۇنداق ئىشىنىش پەيدا بولىدۇ. قاشتېشىچىلىقتىكى ئامەت ـ تەلەي مەسىلىسى يۈكسەك دەرىجىدىكى پاكلىقنى، دۇرۇسلۇقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش كۆكلەپ ـ باراقسانلاپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش يۇقىرى مەدەنىيلىكنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە ھەرقانداق ھەمكارلىقنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسىي ئامىلدۇر. ئىتتىپاقلىقنىڭ، ئۆملۈكنىڭ ئاساسىدۇر.

قارىغاندا، گۈللەنگەن قاشتېشىچىلىق خوتەن تۇپرىقىدا، ئېسىل گەپ ـ سۆز مەدەنىيىتى، راستچىللىق، سەممىيلىك مەدەنىيىتى، ئېسىل سودا ئەخلاقى، ھەمكارلىق روھى ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتلەرنى، يۇقىرى مەدەنىيلىكنى راسا ئىلگىرى سۈرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئەمدىكى مۇھىم ۋەزىپە.

# قاشتېشىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

قاشتېشىچىلىق ـــ تەبىئىي بايلىقنى ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندۇرۇش، مەبلەغ جۇغلاش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرىلىتىش، ھەمكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپلا قالماستىن، ھاشار بولمىغان قىش كۈنلىرى خوتەن دېھقانلىرىنى ئىش ـ كىرىم بىلەن تەمىنلەش، «ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار» نى ئىشقا ئىگە قىلىش، ھۇرۇن، بىكار تەلەپلەرنى يوق قىلىش جەھەتتىمۇ زور ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. ئاپتورغا ئەھۋال تونۇشتۇرغانلار «دۇكان ـ ئاشخانىلارغا ئىمكار تاپماق تەس بولدى»، «دوقمۇشلاردا ئولتۇرۇپ قارتا ئويناىدىغانلار، بىليارت تاختىلىرىدا تاش سوقىدىغانلار ئازايدى»، «ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ جېدەل قىلىدىغانلار يوقالدى» دەپ سۆزلەپ بەردى. دېمىسىمۇ، بۇنداق ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى كوچىلارغا بىر قاراپلا ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئاپتورمۇ بازار ئارىلاپ، قارتا قىزىيدىغان دوقمۇشلارنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى، بىليارت تاختىلىرىنىڭ ئازايغانلىقىنى، ئاشۇ ئانچە ـ مۇنچە ساقلىنىپ قالغان تاختىلار يېنىدىمۇ ئويۇنچىلارنىڭ بەك ئازلىقىنى كۆردى. بىليارت ئويناۋاتقانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىكى، ئۇلار ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ، ئاق ئىشنى تاپالماي، قارا ئىشنى ياراتماي يۈرگەن ئاق نانچى باللىرى ئىكەن. ھەقىقىي ئىشسىزلار بولسا، قاشتېشى قېزىش ئۈچۈن دەرياغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەسلىدە، خوتەن شەھىرىنىڭ «قىزىق دەرۋازىسى» دېگەن يېرىدە، مەدىكار بازىرى بار ئىدى (مەدىكار ئۇششاق، پارچە ئىش قىلغۇچى دېگەن مەنىدە، بۇ سۆزنى قوپال ھېس قىلغانلار ئەمگەك

كوچى بازىرى دەيمۇ ئاتايدۇ). بۇرۇن يوزلەپ مەدىكار ئىلچى بازارلىق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىناسى ئالدىدا ياللىنغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئاپتور كۆردىكى، ھازىر ئۇ يەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار كۆرۈنەرلىك ئازىيىپتۇ. مەدىكارلىقنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ، كۆپلىگەن ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىنىڭ قاشتېشى قېزىش ئۈچۈن دەرياغا چىقىپ كەتكەنلىكىدە ئىكەن. ئاپتور ئۆزى دائىم بارىدىغان ساتىراشخانىدا، بىرقانچە تونۇش شاگىرت بالىلارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. سۈرۈشتۈرۈۋىدى، ئۇلارنىڭمۇ قاشتېشى چۈشى كۆرۈپ، دەرياغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتى. قېپقالغان شاگىرتلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەنلا بۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ. بولمىسا، ئۇلارنىمۇ بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كېتىش خىيالى جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن. ئاپتور ئۇ يەردە، تونۇش ئۇستا ـ دۇكان غوجايىنىنىڭ پەيلاسوپلارچە قاقشاشلىرىغىمۇ قۇلاق سالدى.

بۇنداق گەپلەر بەك جىق، قانداقلا بولمىسۇن، قاشتېشىچىلىقنىڭ نۇرغۇن ئادەمنى جەلپ قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ئىش تالىشىش بېسىمىنى تۆۋەنلەتكەنلىكى، مىڭلاپ ـ ئونمىڭلاپ ئادەمنىڭ شۇ ئارقىلىق كىرىمگە ئېرىشىۋاتقانلىقى پاكىت. بۇنى ئەلۋەتتە قاشتېشىچىلىقنىڭ ئىجابىي ئىجتىمائىي تەسىرى ھېسابلىماي مۇمكىن ئەمەس.

باشقىلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، قاشتېشىچىلىق ئەۋجىگە چىققانسېرى، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدىغان سەلبىي ۋەقەلەر شۇنچە ئازىيىپ كەپتۇ. مۇقىملىق شۇنچە كۈچىيىپتۇ...

بۇ گەپنىڭ خېلى ئاساسى بار، تارىختىن بېرى ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل بولۇپ كەلدى. بايلاردىن ئوغرى، بۇلاڭچى چىققانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باققان

ئەمەس. ئۇلار جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئارزۇ قىلغۇچى، قوغدىغۇچى كۈچتۇر. ئىشسىزلار ۋە نامراتلار بولسا، ئۆزىنى نامراتلىقتا قويغان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ھەرىكىتى ئەلۋەتتە مۇقىملىقنى بۇزىدۇ. بۇلارنى بىز ئىنقىلابىي كۈرەشلەر تارىخىدىن بىلىمىز. ئەمدى بۇگۈنكى خوتەننىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، قاشتېشىچىلىق گۈللىنىپ، ئىشسىزلىق ئازايغان، كىشىلەرنىڭ كىرىمى ئاشقان، ھەتتا بېيىشقا يۈزلەنگەنىكەن، ئامانلىقتا، مۇقىملىقتا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەر نېمىشقا ئازايمىسۇن؟ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قاشتېشىچىلىق بارلىق خوتەنلىكلەرنى باي قىلىۋېتەلەيدىكەن، خوتەننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى مەڭگۈ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، يۇرۇڭقاش ۋە باشقا قېزىش نۇقتىلىرىغا ئون مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ ئادەملەر توپلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بەزى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ يەرلەردە مۇقىمسىزلىق ۋەقەلىرى چىقىشتىن بەك ئەنسىرىگەنىكەن. ھەتتا مەلۇم بىر ناھىيە ئۆز ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ ۋىلكومغا دوكلاتمۇ يوللىغانىكەن. لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت تامامەن بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ئەكسىچە بوپتۇ. قېزىش نۇقتىلىرى ئەتراپىدا ئانچە - مۇنچە قاتناش ئاۋارىيەلىرى، يەر تالىشىش ماجىرالىرىدەك ئامانلىقتا ئائىت مەسىلىلەر كۆرۈلگەندىن باشقا، مۇقىملىققا ئائىت بىرەر چوڭ ئىش سادىر بولماپتۇ. بۇ يەردە، قاشتېشى ئارقىلىق بېيىغانلارنى بۇلايدىغان، ئوغرىلايدىغان ۋەقەلەرنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىنىمۇ (باش ئازما ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق مېھماننىياز ئاخۇننىڭ بۇلاڭچىلار قولىدا ئۆلۈپ كەتكىنى خېلى يىللار بۇرۇنقى ئىش) ئەستە تۇتۇش لازىم.

قاشتېشىچىلىقنىڭ مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارا ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۇنىڭ زور بىر ئىجتىمائىي تەسىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش

كېرەك. بۇنداق بولۇشنى، ئالدىن بېيىغان دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ياپونىيە، كورېيە، سىنگاپور، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن خەلقلىرىنىڭ قاشتېشىنىڭ ئاساسىي خېرىدارى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىك بەلگىلىگەن. خوتەن قاشتېشىنى ئۇلار سېتىۋالىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالاقە بولغانىكەن، ئۆز ئارا چۈشىنىش ئېلىگىرى سۈرۈلىدۇ. چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلگەنىكەن، دوستلىشىش — ئىتتىپاقلىشىش ئىشقا ئاشىدۇ.

خوتەنلىك قاشتېشى سودىگەرلىرى قاشتېشىنى قولدىن چىقىرىشتا، بىرى قاشتېشى ئىستېمالچىلىرىنىڭ قولىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈش، يەنە بىرى، ئىچكىرىدىكى قاشتېشى سودىگەرلىرىگە ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. كېيىنكىسى ئاساسلىق يول ئىكەن. خوتەنلىك قاشتېشى سودىگەرلىرىدىن ئالاھىدە بېيىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىدىكى قاشتېشى سودىگەرلىرى ۋە قاشتېشى سودىسى قىلىدىغان شىركەت ـ كارخانا، دۇكانلار بىلەن بىۋاسىتە ۋە دائىملىق ئالاقە ئورناتقان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا بازار ئەھۋالى، ئېھتىياج، نەرخ ـ ھاۋا، بۇيرۇتما ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن راۋان يۈرۈشۈپ تۇرىدىكەن. خوتەندىن قاشتېشى ئېلىپ ماڭغانلارنى ۋوگزال، ئايرودرومالارغا چىقىپ كۈتۈۋالىدىغانلار بولىدىكەن. ئۇلار بۇياقلارغا كەلسىمۇ كۈتۈۋېلىش ۋە سودىسىغا ئاسانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئالاقە نۇقتىلىرىنى قىزغىنىش ھېسسىياتىدا خېلى مەخپىي تۇتىدىكەن. ئىچكىرىدىكى قاشتېشى سودىگەرلىرى بىلەن دائىملىق ئالاقە ئورنىتالمىغان خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىشلىرى ئانچە راۋان يۈرۈشمەيدىكەن. ئېلىپ بارغان قاشتېشىنى ۋاقتىدا ساتالماي، ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىپ چىقىمى ئارتىپ كېتىدىغان، ياخشى باھادا ساتالمايدىغان، ھەتتا زىيان تارتىدىغان ئىشلار كۆرۈلىدىكەن.

بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دائىملىق ئالاقە ئورنىتىش ۋە دوستلىشىش ئىكەن. بۇنداق دائىملىق ئالاقە ـ دوستلۇق توغرىسىدا ئاپتور نۇرغۇن پاراكەندىلارنى ئاڭلىدى. جۈملىدىن بۇ ھەقتە «خوتەن گېزىتى» دىن قاشتېشى سودىگىرى ئۆمەر قارىھاجىم توغرىسىدا: «شىاڭگاڭلىق قاشتېشى سودىگىرى جىڭ جى، تەيۋەنلىك قاشتېشى سودىگىرى لىڭ زىچۈەن قاتارلىقلار بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتتى، بۇ قېتىمقى ‹قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت› بايرىمىنى غەنىيمەت بىلىپ، بېيجىڭ، گۇاڭدۇڭ، شىاڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەردىن كەلگەن بىر قىسىم قاشتېشى سودىگەرلىرىنى ئائىلىسىگە تەكلىپ قىلىپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى» دېگەنلەرنى ئوقۇدى. باشقا سودىگەرلەرنىڭ ئېچكىرىدىكى دوست ـ ئاغىنىلىرى توغرىسىدىمۇ ئاڭلىدى. خوتەنلىك قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەتتا شىاڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەردىن دوست ـ ئاغىنە تۇتۇشى مودىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا، كىمنىڭ دوستىنىڭ سادىق ـ ۋاپادار، كىمنىڭ دوستىنىڭ ئىقتىدارلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكلىرى توغرىسىدا پاراڭلارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. بەزىلەر ئۆز دوستىدىن پەخىرلىنىپ ماختىنىپمۇ قويىدىكەن...

بۇنداق تەبىئىي دوستلىشىش ھادىسىسىنى نېمىشقا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشى دېگىلى بولمىسۇن؟ ھەقىقەتەنمۇ بۇ، قاشتېشىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرلىرى ئىچىدە، ئەڭ ئىجابىي تەسىرلەرنىڭ بىرىدۇر.

قاشتېشىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرلىرى ئىچىدە سەلبىي تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇ قاشتېشى قازغۇچىلار قاتنايدىغان يوللاردىكى قاتناش قىستاڭچىلىقى، يۈز بېرىۋاتقان قاتناش ھادىسىلىرى، كىشىلەر ئېغىزىدا باش كۆتۈرۈپ قالغان ئامەت

ئىزدەش، خام خىيالغا بېرىلىش پىسخىكىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپرەك ئەكس ئېتىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇلار قاشتېشىچىلىق كۆتۈرگەن باھار شامىلىدا ئۇچقان ئانچە ـ مۇنچە چاڭ ـ توزانلار بولۇپ، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.

## پارتىيە ـ ھۆكۈمەت قاشتېشىچىلىقنى قوللىدى

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. بۇنداق قوللاشنى سۈكۈت ئارقىلىق قوللاش ۋە ئاكتىپ قوللاش دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

سۈكۈت ئارقىلىق قوللاش ـــ ھۆكۈمەتنىڭ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى قىلىشنى توسۇپ قويماي، ئۇنى ئەركىنلىككە قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانتىنى بۇغۇچلاپ قويسا ياكى يۇڭداپ تۇرسا، قايسى بۈركۈت پەرۋاز قىلالىسۇن؟ قايسى بۇلبۇل قەپەستە ئەركىن سايرىيالايدۇ؟ قاشتېشىچىلىققا نىسبەتەن، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇنى توسۇۋالماي، ئۇنىڭغا چەك قويماي، ئۇنى رامكا ـ بەلگىلىمىلەر ئىچىگە سولىۋالماي، ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بىر خىل چوڭ قوللاش. ئەگەر بىز بۇ يەردە، شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى نەچچە مىڭ يىلدا ئۆتكەن پادىشاھلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ قاشتېشى قېزىشنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغانلىقىنى، ئۇنى ئالۋان ۋە زۇلۇمغا ئايلاندۇرغانلىقىنى، قاشتېشىنى ئەركىن ئېلىپ ـ سېتىشقا قويمىغانلىقىنى ئەسكە ئالساقلا، بۇ قېتىمقى سۈكۈت ئارقىلىق قوللاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ھەقىقەتەنمۇ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خوتەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇرۇنقى رودۇپاي

ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى ئىشلىرىغا قەتئىي ئارىلاشمىدى. يەرلىك تۈزۈم – بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ قانىتىنى بوغمىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر «دەرياني ئوڭتەي – توڭتەي قىلىۋەتتى» يەي، «تەشكىلسىز، پىلانسىز قازدى» يەي، «تەبىئىي بايلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلدى » يەي ... دېگەندەك تۈتۈرۈقسىز گەپلەر بىلەن قاشتېشچىلىققا قارا چاپلاپ، ئۇنى توسۇشنى تەلەپ قىلغاندىمۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە – ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇنداق گەپلەرگە ئەگىشىپ كەتمىدى. باشتىن – ئاخىر سۈكۈت قىلدى. ئەنە شۇ سۈكۈت قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسىنىڭ كېيىنكى گۈللىنىشىنى ياخشى سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ، ئەلۋەتتە ئىنتايىن چوڭ قوللاش. ئەگەر تۈزۈم – بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنىپ، قاشتېشى قېزىش رامكا ئىچىگە سولانغان بولسا، ئاشۇ يىللىقى پىلە غوزىكى سودىسىدىكىدەك باھاسى ۋە ساتىدىغان ئورۇن بەلگىلەپ بېرىلگەن بولسا، قاشتېشچىلىق بۈگۈنكىدەك روناق تاپارمىدى؟ خەلق نەپ ئالالارمىدى؟ بىز بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە – ھۆكۈمەتكە ئەلۋەتتە ھەشقاللا ئېيتىشىمىز كېرەك.

قاشتېشچىلىقنى ئاكتىپ قوللاش دېگىنىمىز، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە – ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قاشتېشى قېزىش ۋە قاشتېشى سودىسى ئۈچۈن قولاي مۇھىت يارىتىش يولىدىكى ئاكتىپ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى، ئىلھام – مەدەت بېرىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە، تۈنجى قىلىپ تىلغا ئالىدىغىنىمىز، خوتەن ۋىلايەتلىك ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھەر يىلى «قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەممىگە مەلۇم پاكىتتۇر. ئۇزاق تەييارلىق قىلىش، نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىش ئارقىلىق 2004 – يىلى 22 – ئىيۇل كۈنى، خوتەندە تۇنجى نۆۋەتلىك «قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر يىلى شۇ چاغدا ئۆتكۈزۈپ

uyghurkitab.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېلىنمەكتە. ھەر يىلىلىق «قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» غا نەچچە يۈز مىڭ سوم پۇل خەجلەندى. داڭلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەكلىپ قىلىنىپ، خوتەن قاشتېشى ۋە قاشتېشى مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. داڭلىق سەنئەت چولپانلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، كاتتا ۋە داغدۇغىلىق سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. داڭلىق قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى، قاشتېشى سودىسى شىركەتلىرى، قاشتېشى سودىگەرلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، قاشتېشى بازىرى جانلاندۇرۇلدى ... «قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» نىڭ نەتىجىلىرى ئىچىدە، قاشتېشى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر. بولۇپمۇ ئاشۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى چىقارغان «خوتەن قاشتېشى 10 مىڭ يىللار بۇرۇن قېزىلىشقا باشلاپ، 7000 يىللار بۇرۇن سىرتقى جايلارغا توشۇلۇشقا باشلىغان»، «قاشتېشى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن تەڭ»، «دۇنيادا قېزىلىۋاتقان قاشتېشىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى خوتەن قاشتېشى» دېگەن ئىلمىي يەكۈنلەر ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. جۇڭگودىكى چوڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ «خوتەن قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» ۋە قاشتېشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى توغرىسىدا بەرگەن داغدۇغىلىق خەۋەرلىرى، خوتەن قاشتېشىنى «دۆلەت تېشى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ شەرەپلەندۈرگەنلىكىمۇ سىر ئەمەس. خوتەن ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئورۇنلانغان بۇنداق داغدۇغىلىق تەشۋىقاتلار، 2008 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت تامغىسىنى خوتەن قاشتېشىدىن ئويۇشقىچە، ئاشۇ تەنھەرىكەت يىغىنىدا تارقىتىلىدىغان يۇقىرى قىممەتلىك ئولىمپىك

مېداللىرىنىڭ تەركىبىگە خوتەن قاشتېشى قوشۇلۇشقىچە ئېلىپ بارغانلىقىمۇ ئاللىقاچان ئېلان قىلىندى. شەكسىزكى، «خوتەن قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» خوتەن قاشتېشىنىڭ ئىناۋەت - قىممىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتە، سېتىلىۋاتقان قاشتېشىنىڭ نەرخ - ھاۋاسىنى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بەزىلەرنىڭ ئاشۇ بايرام توغرىسىدا تاپقان «ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى» يەي، «ھېچقانچە سودا كېلىشىمى ئىمزالانمىدى» يەي، «كۆپلىگەن قاشتېشى كۆرگەزمە قىلىنغانلىقتىن، قاشتېشى سېتىۋالغۇچىلاردا، بۇ مىقدارى كۆپ نەرسىكەن، دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ، قاشتېشىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى» يەي ... دېگەندەك ئۆسەكلىرىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ھېچبولمىغاندىمۇ بۇنداق گەپلەرنىڭ ئاساسى كەمچىل. ھەرقانداق سودا - تىجارەت ئالدىدىكى مال تونۇشتۇرۇش، سودىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ۋە باھانىڭ ئۆرە بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «خوتەن قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى» نىڭ قاشتېشى سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. تونۇشتۇرسىلا تونۇيدىغانلار پەيدا بولىدۇ. تونۇسىلا قىزىقىدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خوتەن ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە خوتەننى، خوتەننىڭ «ئۈچ ئەڭگۈشتەرى» نى پۈتكۈل جۇڭگوغا، ھەتتا پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتۇشقا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. خوتەنگە ھەر يىلى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردىن، باشقا دۆلەتلەردىن نۇرغۇن ساياھەت ئۆمەكلىرى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل تارماقلار، ئۇلارنى يالغۇز خوتەندىكى «ئۈچ تۈپ دەرەخ» تۈۋىگىلا باشلىمايدۇ. شەھەر ئىچىدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىسى، يۇرۇڭقاشتىكى گىلەمچىلىك كارخانىسى، جىيا يېزىسىدىكى

مەشۇت ـ ئەتلەسچىلىك كارخانىسىمۇ ئۇلارنى باشلاپ بارىدىغان مۇقىم نۇقتا. بۇ ئەلۋەتتە خوتەننى تونۇشتۇرۇش ـ تونۇتۇش ئۈچۈن، ئاشۇ تونۇتۇشلارمۇ خوتەن قاشتېشىنىڭ داڭقىنى چىقىرىشتا ياخشى روللارنى ئوينىدى. قاشتېشىچىلىقنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشتى.

خوتەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى مەسئۇل كادىرلارنىڭمۇ قاشتېشىچىلىققا قاتقان ھەسسىسى زور بولدى. بۇ جەھەتتە ئالدىنقى نۆۋەتلىك خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ جىڭچەننى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك. قاشتېشىنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان، قاشتېشىنى چۈشىنىدىغان، قاشتېشىنى ياخشى كۆرىدىغان يولداش ۋاڭ جىڭچەن ئىشتىن سىرتقى شائىرلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، خوتەن ۋە خوتەن قاشتېشى توغرىسىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى ۋە ئېلان قىلدى. مۇزىكانتلارنى تەكلىپ قىلىپ، ناخشىلار ئىشلەتتى. ئۇنىڭغۇ لېنتىلىرىنى تارقاتتى. بۇ ئارقىلىق خوتەن قاشتېشىنى راسا تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى خوتەن قاشتېشىچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى دېيىشكە بولىدۇ. خوتەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلقنى قاشتېشى قېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتىمۇ زۆرۈر خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ جەھەتتە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ كېيىنكى يىللاردا خەلقنى ھاشار ـ ئالۋانغا تۇتۇۋالماي، قاشتېشى قېزىشقا پۇرسەت چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلار بولسا، ئىلھاملاندۇرۇشتىن ھالقىپ، قاشتېشى قېزىشقا تەشكىللەشكىچە قەدەم قويدى. 2007 ـ يىلى يانۋارنىڭ 9 ـ ، 10 ـ كۈنلىرى، نەچچە يۈز ماشىنا ئادەم كېرىيە، چىرا تەرەپتىن كېلىپ يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا چۈشتى. ئۇقۇشساق، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىكى تەشكىلىي ئورگانلار تەشكىللەپ، ھەيدەكچىلىك

قىلىپ قاشتېشى قېزىشقا ئەۋەتىپتۇ. يول راسخوتى چىقىرالمايدىغانلارغا يول راسخوتىمۇ بېرىپتۇ. تېخى 3 ـ ئايغىچە قاشتېشى قېزىش مەيدانلىرىدىن قايتىپ كەلگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىمۇ ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. كېيىنكى گەپ بەلكىم ھەيۋە قىلىشقا ئامىراقلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئالا مۇشۇك بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بىز يېرىم چاقچاق، يېرىم ھەيۋە دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەمما، ئۇلارنىڭ دېھقانلارنى قاشتېشى قېزىشقا ئۈندىشى ۋە تەشكىللىشى يەنىلا ئاشۇ دېھقاننى ئازراق بولسىمۇ نەپكە ئىگە بولسۇن دېگەن تولىمۇ چوڭ ياخشى نىيەت. بۇنداق ھەيدەكچىلىك ئەلۋەتتە ئالقىشلىنىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خوتەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت قاشتېشىچىلىقنى ئىزچىل قوللىدى ۋە ئىلھام بەردى. شۇنىڭغا يارىشا، قاشتېشىچىلىقمۇ خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. بەزىلەر ئىنكاس قىلغان «ھېلى توختات دەيدۇ، ھېلى قاز دەيدۇ، تىكىشى بىر يەردە ئەمەس» دېگەن گەپلەر باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ قىلمىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۇنى ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەت ھەرىكىتى دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك.

قاشتېشىچىلىقنى قوللاش جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ، كۆپرەك ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش، قولايلىق يارىتىشنىڭ يېتەرسىزلىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردىن قېزىلغان سۈپەتسىز، ساختا قاشتېشىلىرىنىڭ خوتەن قاشتېشىنىڭ ئوبرازىغا يەتكۈزۈۋاتقان ناچار تەسىرىنى ئۈنۈملۈك توسماسلىقتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىلگىرى خوتەن بازارلىرىغا باشقا يۇرتلارنىڭ ساختا گىلەم ۋە ساختا يىپەك مەھسۇلاتلىرى كىرگەندەك، بۇ قېتىمقى قاشتېشى كۆللىنىشى جەريانىدىمۇ باشقا يەرلەردىن كىرگەن ناچار، ئويمىچىلىقتا راسا يارىمايدىغان قاشتېشىلىرىمۇ خوتەن قاشتېشىغا ئارىلىشىپ

كەتتى. بۇ، ئەسلىدە ۋاقتىدا، ئۇنۇملۇك توسۇلۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. بەزىلەر ئاپتورغا، قاشتېشىغا رەڭ بېرىپ، «چاپان» پەيدا قىلىدىغان، قاشتېشىنى سۇرۇپ ـ سۇركەپ سىلىقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنىمۇ توسۇلۇشقا تېگىشلىك ئىشلار قاتارىدا سۆزلەپ بەردى. ۋاھالەنكى، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، قاشتېشىغا ئىش قوشقاننىڭ بەك چوڭ زىيىنى يوق. ئۇ ئەسلىي خوتەن قاشتېشى بولسىلا، ئىش قوشۇش ئارقىلىق تېخىمۇ جۇلالىققا ئىگە بولالايدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ قاشتېشىچىلىقنى قوللاش جەھەتتە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرى قاشتېشى قېزىلىۋاتقان يەرلەرنىڭ كونكرېت خەرىتىسىنى ئىشلەش بولۇشى كېرەك ئىدى. قەيەرلەر قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا قېزىلىپ بولدى؟ قەيەرلەر تېخى قېزىلمىدى؟ خەرىتىدە بۇ تەرەپلەر ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلسە، كېيىنكى قېزىشلاردا ئادەم ۋە مالىيە كۈچى بىھۇدە ئىسراپ بولۇشنىڭ، زىيان تارتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. «سوغاق قۇم» دېكى «چوڭ قۇمات»، «كىچىك قۇمات» دېگەن يەرلەر ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسى قىرغاقلىرى تارىختا قېزىلىپ بولغان بولغاچقا، بۇ قېتىمقى قېزىشتا بەزى قازغۇچىلارنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى قېزىلغان ـ قېزىلمىغان يەرلەرنىڭ ئېنىق خەرىتىسىنى ئىشلەش شەخسلەرنىڭ ۋە تېخنىكا ئىقتىدارى تۆۋەن كوللېكتىپلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. پەقەت ھۆكۈمەتلا بۇنداق نازۇك ئىشنى ئورۇنلىيالايدۇ. قېزىلغان ـ قېزىلمىغان يەرلەرنى خەرىتىگە ئېلىپ، كېيىن قازغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىنسا، بۇ تېخىمۇ ئېسىل مۇلازىمەت ۋە قوللاش بولغان بولاتتى.

2008 ـ يىلى 16 ـ يانۋار.

مەجمۇئە نامى:  نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرى ـ 6
كىتاب نامى:  سەن بىزنى باي قىلدىڭ خوتەن قاشتېشى
پىلانلىغۇچى:  ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى:  نۇرمۇھەممەت توختى
مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئەنۋەر قۇتلۇق، غەيرەت ئابىت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى:  ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى:  مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك كوررېكتورى:  ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:  نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات:  شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى:  830011
تارقاتقۇچى:  شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت:  شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى:  880×1230  مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى:  15.25
نەشرى:  2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى:  2014 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى:  ISBN  978 − 7 − 80744 − 500 − 5
باھاسى:  48.00  يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)